سىدىقھاجى روزى

# ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان دۆلەتنى

## ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ تارىخ ۋە سىياسەت ئاساسلىرى



ئۇيغۇر باھارى
Uyghur Bahari

سىدىقھاجى روزى

# ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان دۆلىتىنى

## ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ تارىخ ۋە خەلقئارا سىياسەت ئاساسلىرى

ئۇيغۇر باھارى
Uyghur Bahari

ھەربىر دەۋر تارىخنىڭ ئۆزىگە خاس سەۋىيىسى بولىدۇ، ھەقىقىي تارىخچىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇ يەردىكى، ئۇ ئۆز دەۋرى تەلەپ قىلغان تارىخنىڭ مەنزىرىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ھەر بىر مەدەنىيەت بىلەن ھەر بىر دەۋر ھەر قايسىسىنىڭ تارىخنى ئۆزىگە خاس بىلىش يولى بولىدۇ.

—— ئوسۋات شپېڭگېلر ـ گېرمانىيە

ئاپتورى: سىدىقھاجى روزى

تۈزىتىپ تەھرىرلىگۈچى: سىدىقھاجى روزى

مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرغۇنجان ئابدۇلئەھەد

مۇقاۋا، بەتچىك، تەھرىر: مەمەتنىياز بۇلاق

2016 ـ يىلى 11 ـ يىلى

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: تۇرغۇنجان ئابدۇلئەھەد

**www.uyghurbahari.org**

**Email: info@uyghurbahari.org**

ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى



رابىيە خانىمنىڭ ئاتىسى،
ئانىسى ۋە ھەدىسى



رابىيە خانىمنىڭ ئاتىسى
مەرھۇم قادىر ھاجىم ۋە
بالىلىرى بىلەن بىللە يىل
1995

رابىيە خانىم شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇئاۋىن
رەئىسى خەلچەم ئىسلام بىلەن بىللە 1993
- يىل





رابىيە خانىم ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
ئوپېرا سەنئەت ئۆمىكى ئەزالىرى
بىلەن بىللە 1985 - يىل

رابىيــە خانــم يولدىشى سـىدىقهاجى روزى بىلـەن






رابىيــە خانــم يولدىشى سـىدىقهاجى روزى بىلـەن



رابىيــە خانــم "رابىيــە سـودا سـارىيى" دىكـى 5. قـەۋەت ئىشخانىسـىدا داڭلىق يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن



رابىيە خانىم 1985 - يىلى 12 - ئاي



رابىيە خانىم مەشھۇر تارىخ يازغۇچى
تۇرغۇن ئالماس بىلەن بىللە



رابىيە خانىم قازاقىستاندا ئىستىقامەت
قىلىۋاتقان مەرھۇم شائىر ئابدىخالىق
سەپەرى بىلەن بىللە 1994 - يىلى
ئالمۇتا



رابىيە خانىم يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر
بىلەن زوردىن سابىر ئىجادىيەت
مۇھاكىمە يىغىنىدا



رابىيە خانىم ۋە غۇلامدىن پاختا،
ئەدھەم زاكىر بىلەن بىللە 2006 يىل



رابىيە خانىم ئوغلى قاھار
بىلەن بىللە 1990 - يىل



رابىيە خانىم داڭلىق ناخشىچى
رابىيە مەمەت بىلەن ”رابىيە
قادىر سودا سارىيى“ 6 -
قەۋىتىدە بىرلىكتە



رابىيە خانىم سىياسىي
كېيڭەيش يىغىنىدا
1985 - يىل



رابىيە خانىم قازاقىستانلىق تىجارەتچى ئامانگۈل ۋە دوستلىرى بىلەن بىللە 1994 - يىل



رابىيە خانىم غۇلجىلىق ئۆزبېك خانىم تۆرەم پاشا ۋە دوستلىرى بىلەن ۋاشىنگتوندىكى ئۆيىدە 2006 - يىل



رابىيە خانىم ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئايالى ماينۇر قاسىم بىلەن بىللە 1985 - يىل



رابىيە خانىم مەرھۇم سىياسىي ئەرباب ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئابلىمىت ياقۇپ ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سەنئەتچىسى زۇنۇن سابىرھاجى ۋە دوستلىرى بىلەن بىللە 1995 - يىل





رابىيە خانىم داڭلىق يازغۇچى زوردىن سابىر ئەپەندىم بىلەن بىللە



رابىيە خانىمنىڭ يولدىشى
سىدىقھاجى روزى مەشھۇر
يازغۇچى ئوسمانجان
ساۋۇت ۋە ئايالى مەرھۇمە
نۇرىيە خانىم بىلەن بىللە
22/04/1992



رابىيە خانىم يولدىشى سىدىق ھاجى روزى مەرھۇم دوستى شەرقى تۈركىستان گېزىتى باش
تەھرىرى يۇسۇپجان ئەھمەدى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىدە قۇربان ھېيتنى كۈتتۈۋېلىش پائالىيتىدە



رابىيە خانىم شەرقى تۈركىستاننىڭ سابىق
رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن بىللە



رابىيە خانىم ئەنگلىيە پايتەختى لوندوندا
تىجارەت ئىشلىرى بىلەن 94 -يىل 4 -ئاي



رابىيە خانىم شەرقى تۈركىستاندىكى سودا ساراي ئىشخانىسىدا



رابىيە خانىم شەرقى تۈركىستاندىكى ئاتاقلىق
سەنئەتچىلەر بىلەن بىللە 97 - يىل

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بۇلاق بېشى كوچىسىغا جايلاشقان رابىيە قادىر سودا سارىيى 1992 - يىل





رابىيە خانىم شەرقى تۈركىستاندىكى ئاتاقلىق سەنئەتكار رەيھان ئابلىز بىلەن

رابىيە خانىم شەرقى تۈركىستاندا دوستلىرى بىلەن بىللە





رابىيە خانىمنىڭ "مىڭ ئانا شىركىتى" قۇرۇلۇش سەپەرۋەرلىكى يىغىنىدا سۆز قىلماقتا 1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى




رابىيە خانىم ”مىڭ ئانا شىرىكتى“ قۇرۇش يىغىنىدا شەرقى تۈركىستاننىڭ سابىق رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت ۋە ماينۇر قاسىم بىلەن بىللە 1997 - يىلى 12 -ئاينىڭ 15 - كۈنى



رابىيە خانىم جۇڭگونىڭ سابىق رەئىسى جاڭزېمىن ۋە ماينۇر قاسىم بىلەن بىللە



ئىككى ئۆسمۈر رابىيە خانىمغا سوۋغا تەقدىم قىلماقتا 1991 /06/01

رابىيە خانىم سودا سارىيىدىكى تىجارەتچى ئاياللار بىلەن بىللە 96 - يىل





رابىيە خانىم نەۋرىسى بىلەن بىللە تۈرمىغا
كىرىشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچى

رابىيە خانىم ئۈرۈمچىدىكى خىتاينىڭ تۈرمىسىدا





رابىيە خانىمنىڭ پەرزەنتلىرى تۈرمىغا كىرىشتىن بۇرۇنقى سۈرىتى ئۈرۈمچى



رابىيە خانىمنىڭ ئوغلى ئابلىكىم مەكتەپكە ئوقۇشقا
كىرەلمىگەن بالىلارنىڭ رەسمىنى تارتىپ 2006
- يىلى ئامېرىكىغا يوللىغانلىق سەۋەبلىك 9 يىل
كېسىلگەن

رابىيە خانىم سەۋەبلىك تۈرمىگە
كىرگەن 4 ئوغلىنىڭ سۈرىتى





رابىيە خانىمنى تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ۋاشىنگىتونغا نامايىشقا كەلگەن قىز ئەقىدە 2002 - يىل

رابىيە خانىم تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېلىۋېلىنغان ھالىتى






رابىيە خانىمنىڭ قىزلىرى ئانىسىنى تۈرمىدىن چىقىرىش ئۈچۈن مۇراجەت ئېلان قىلماقتا



رابىيە خانىم ۋاشىنگىتوندىكى ئائىلىسى بىلەن بىرگە 2006 - يىلى



رابىيە خانىم ۋاشىنگىتوندىكى ئائىلىسىدە باللىرى بىلەن بىللە




رابىيە خانىم يولدىشى سىدىق ھاجى روزى بىلەن شۋىتسىيەنىڭ پايتەختى 14/ 2005/11 جەنۋەدە



رابىيە خانىم ئامېرىكا سابىق پرېزىدېنتى
جورج بوش بىلەن 26/ 2006/06

رابىيە خانىمنىڭ يولدىشى سىدىق ھاجى
روزى تۈرمىگە كىرىپ كەتكەن ئوغۇللىرى
ئۈچۈن مۇراجەت سۆزلىمەكتە





رابىيە خانىم ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى
ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى جون
مېكايىن بىلەن بىللە 2008 - يىل



رابىيە خانىم ئامېرىكا سابىق
پرېزىدېنتى خانىمى لورا بوش ۋە
روشەن ئاباس خانىملار بىلەن بىللە



رابىيە خانىم ب د ت سابىق باش كاتىپى
كوفى ئەننا بىلەن بىللە 2005 -يىل



رابىيە خانىم ئامېرىكا سابىق تاشقى ئىشلار
مىنىستىرى رايىس خانىم بىلەن بىللە



ئامېرىكا تاشقى مىنىستىرلىقى كىشىلىك هوقۇق كومىتېتى باشلىقى سۇزان خانىم خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىگە ئۇچرىغان رابىيە خانىمدىن هال سورىدى
2006/01/07

رابىيە خانىم يولدىشى سىدىقهاجى
روزى بىلەن





رابىيە خانىم نيۇركتا ئېچىلغان
هەق - هوقۇق يىغىنىدا

رابىيە خانىم ئامېرىكا قوشما شتاتى دۆلەت
ئىشلار باش كاتىپى ئالبېرت خانىم بىلەن



رابىيە خانىم ياردەمچىسى ئۆمەر قانات ئەپەندىم ”دۇنيا ئىسلام ئىش بىرلىك تەشكىلاتى“ باش كاتىپى ئەكمەلىدىن ئىهسان ئوغلۇ بىلەن بىللە





رابىيە خانىم
ئامېرىكا قوشما
شتاتلىنىڭ سابىق
پرېزىدېنتى جورج
بۇش بىلەن بىللە




رابىيە خانىم لەنتوس
كىشىلىك هوقۇق
مۇكاپاتىنى تاپشۇرۇۋېلىش
يىغىنىدا سۆز قىلماقتا
2015/12/10



رابىيە خانىم خىتاي تۈرمىسىدىن
چىقىپ ۋاشىنگتونغا كەلگەن
ۋاقتى 17 مارت 2005



رابىيە خانىم ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇرچە بۆلۈم خىزمەتچىلىرى بىلەن بىللە




رابىيە قادىر خانىم ئەلمۇنىر "ئۆمۈرلۈك نەتىجە" فوندىنىڭ مۇكاپاتىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. 2016 - يىلى 1 - ئاپرېل، ۋاشىنگتون



رابىيە قادىر خانىم نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى نامزاتلىرى بىلەن بىرگە



رابىيە خانىم خەلقئارالىق دىنى ئەركىنلىك كومىتېتى باشلىقى ۋە كومىتېت ئەزالىرى بىلەن بىللە



رابىيە خانىم تىبەتنىڭ دىنى داھىسى دالاي لاما بىلەن كۆرۈشمەكتە



رابىيە خانىم ياۋرۇپا پارلامەنتوسىدا سۆز قىلماقتا



شۋىتسارىيەنىڭ پايتەختى جەنۋەدىكى ب د ت يىغىن زالىدا ئېچىلغان 2009 - يىل 5 - ئىيۇل
ۋەقەسىدە غايىپ بولغانلار نامىلىق يىغىندىن خاتىرە رابىيە خانىم




رابىيە خانىم شۋىتسارىيەنىڭ جەنۋەدە ئېچىلغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشمە نامايىشتا سۆز قىلماقتا 2016/09/16



رابىيە خانىم فرانسىيەنىڭ پارىژ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 5 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇر قۇرۇلتايى ۋەكىللىرى بىلەن بىللە 14/07/2016



رابىيە خانىم يولدىشى سىدىق
هاجى روزى ياپونىيە باش ۋەزىرى
شىنزۇ ئابى ئەپەندىم بىلەن بىللە
2007 - يىلى 11 - ئاي



رابىيە خانىم ياپونىيە 4. نۆۋەتلىك
د ئۇ ق قۇرۇلتىيىدا ياپونىيە سابىق
هاۋا ئارمىيە باش
قوماندانى تاشىيۇ توماگويا
ئەپەندىمگە سوۋغا قىلماقتا
2012/05/12



رابىيە خانىم ياپونىيە پارلامىنتىدا
4. نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر
قۇرۇلتىيى يىغىنىدا 2012/05/12



رابىيە خانىم ياپۇنىيەنىڭ توكيو
شەھىرىدە نامايىشتىن كېيىن
مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى
ئاچماقتا 2016/05/14



رابىيە خانىم ياپونىيە پارلامېنتىدا باش مىنىستىر ياردەمچىسى ئىتو سى ئېجى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرى ئىچىدە 40 تىن ئارتۇق خەلق ۋەكىللىرىگە سۆز قىلماقتا




رابىيە خانىم 4. نۆۋەتلىك د ئۇ ق يىغىنىدا قۇرۇلتايغا قاتناشقۇچىلار بىلەن بىللە 2012/05/14




رابىيە خانىم ياپونىيە پايتەختى توكيودا مۇخبىرلار كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا سۆز قىلماقتا

## مۇندەرىجە


ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى ........................ 25

سۆز بېشى .................................. 49

بىرىنچى بۆلۈم .................................. 67

بىرىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى .............. 69

ئىككىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرۇش تارىخى .............. 75

ئۈچىنچى باب ئۇيغۇر مەدەنىيىتى .......................... 79

بەشىنچى باب ساياھەت رايونلىرى ۋە ئاسارە ـ ئەتىقىلىرى ........... 87

قىيا تاش رەسىملىرى .............................. 91

ئالتىنچى باب ئۇيغۇرلار ياشىغان زېمىن ـ تۇپراقلار................ 92

يەتتىنچى باب ئۇيغۇرىستاننىڭ جۇغراپىيەلىك تېررىتورىيىسى ........... 93

سەككىزىنچى باب ئۇيغۇرلار تارىختا ئىشەنگەن دىنلار ............... 96

توققۇزىنچى باب ئۇيغۇرىستاننىڭ قىسقىچە 19 ـ ئەسىر تارىخى ........ 99

ئونىنچى باب بەدۆلەت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ياقۇپ بەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقى .............................. 105

ئون بىرىنچى باب ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى .............................. 120

ئون ئىككىنچى باب جاھانگىر دۆلەت چار روسىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن يىراق شەرققە يۆتكەلدى.................. 126

ئون ئۈچىنچى باب زوزۇڭتاڭنىڭ ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىشى ........ 129

ئون بەشىنچى باب چار روسىيە بىلەن ئۇيغۇرىستان ئوتتۇرىسىدا چىگرا مۇناسىۋەتلىرى ۋە سودا مۇناسىۋەتلىرى.................... 145

ئون ئالتىنچى باب چار روسىيە بىلەن مانجۇ ـ خىتاي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا، لېنىن، ستالىن روسىيىسى بىلەن خىتاي گومىنداڭى ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرى ئوتتۇرىسىدا، ئۇيغۇر دۆلىتىگە مۇناسىۋەتلىك تۈزۈلگەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي شەرتنامىلار .................. 153

ئون يەتتىنچى باب ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر دۆلىتى توغرىسىدا روسىيە ئالىملىرىنىڭ ئېيتقانلىرى ....................... 158

ئون سەككىزىنچى باب روس - ياپون ئۇرۇشى ۋە بۇ ئۇرۇشنىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى ........................164

ئون توققۇزىنچى باب ئۇيغۇر مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ........................170

ئىككىنچى بۆلۈم ........................179

يىگىرمىنچى باب مۇستەملىكە خىتايدا شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى ........................179

يىگىرمە بىرىنچى باب گومىنداڭ خىتايلىرىنىڭ قانۇنىدا نېمە دېيىلدى؟ ........................187

يىگىرمە ئىككىنچى باب ئۇيغۇرىستاندا ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلىشى ........................195

يىگىرمە ئۈچىنچى باب ئۇيغۇرىستاندا ئۈچىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلىشى ........................218

يىگىرمە تۆتىنچى باب ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە يالتا سىتېمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ........................226

يىگىرمە بەشىنچى باب بىرىنچى قېتىملىق «جۇڭگو - سوۋېت شەرتنامىسى» نىڭ ئىمزالىنىشى ........................236

يىگىرمە ئالتىنچى باب ئىككىنچى قېتىملىق «جۇڭگو، سوۋېت شەرتنامىسى»نىڭ ئىمزالىنىشى ........................286

يىگىرمە سەككىزىنچى باب ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرۇلغان دۆلەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى لازىم........................308

پايدىلانغان كىتابلار ۋە ماتېرىياللار........................317

## ئاپتورنىڭ تەرجىمھالى

يېقىنىدا "ئازادلىق" تور بېتىگە بىر نەپەر يېڭى كىشى ئىنكاس يېزىپ مېنىڭ يەنى سىدىقھاجى روزىنىڭ سالا ھىيتى نېمە دەپ سوراپتۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن تۆۋەندە سالاھىيىتىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى شۇ كىشىگە سۆزلەپ بەر گۇچە ئوقۇرمەنلەرنىڭمۇ مېنىڭ سالھىيىتىمگە نەزەر ئاغدۇرۇپ قويىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. قارىغاندا مېنىڭ سالاھىيىتىمنى سورىغان بۇ كىشى، ھازىرغىچە 32 ھەرپىنىمۇ ئۆگەنمىگەن كىشى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم.

بىلەلمىدىم. بۇ كىشىگە قانداق سالاھىيەت كېرەك، ئىكىنە؟ مېنىڭ سالاھىيىتىمنى سورايدىغان بۇ كىشىنىڭ ئەسلى سالاھىيتى نېمە ئىكىنە؟! بۇ كىشىنىڭ مېنىڭ سالاھىيىتىمنى سوراپ يازغان ئىنكاسىغا تولۇق جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئاۋۋال يۇقىرىدا ئىككى كەلىمە كەلتۈرۈپ قويدۇم.

### 1

سىدىقھاجى رۇزى 1944 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاتۇش ناھيە ـ ئازاق يېزا ـ مەيى كەنتىدە قارى قۇرئان، ئىقتىسادى ھاللىق بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. خىتاي مۇستەملىكچىلىرى 1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ھەرخىل ۋەھشىيانە سياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، 1952 ـ يىلدىن باشلاپ يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى تەركىبلەرگە ئايرىش ئارقىلىق مىللەتنىڭ جامائە بولۇپ ئۇيۇشۇش كۈچىنى پارچىلاپ قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈردى. ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىشت بىلەن ئىشتىنىڭ ياكى ئىشت بىلەن بۆرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

دادىسى رۇزى قاري 1952 ـ يىلى پومېشچىك تەركىبكە ئايرىلدى. ئائىلىۋى مال ـ بىسات، ئىسكىلات ـ قازناق، ئېغىلدىكى ئات ـ ئۇلاقلارنى مۇسادىرە قىلىشقا باشلىدى. سىدىقھاجى رۇزى كىچىك ئىدى.ئانىسىنى بىر تەرەپكە، دادىسىنى بىر تەرەپكە تۇرغۇزۇپ قويدى زامان زورىۋانلىرى. "قەلەندەرلەر"

ئىسكىلاتتىن بوْغداي قاچىلىغان تاغارنى ژوْدوْپ مىڭىشاتتى، ئىغىلدىن ئات ـ كالىنى يېتىلەپ چىقىپ كېتىشتى. موْسادىرە قىلىش خىزمەت گوْروْپپىسىغا باشلىق بوْلوْپ كەلگەن ختاي ھەڭگاڭ چىشلىرىنى چىقىرىپ تاماكا شوراپ چەتتە قاراپ توْراتتى، ئوْيغوْر ـ ئوْيغوْرنى بوْلاۋاتاتتى. دادام قولوْمنى توْتوْپ ئالغان ئىدى دەيدوْ، سىدىقھاجى روْزى ـ قورقوْشتىنموْ ياكى غەزەپتىنموْ دادامنىڭ قولى تىترەيتى. 1952 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا دادىسى روْزى قارىغا زومگەر پومېشچىك قالپىقى كەيدوْروْلوْپ توْرمىگە تاشلاندى. 1955 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ختاي موْستەملىكىچىلىرىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيتى سىدىقھاجى روْزى ئائىلىسىگە دادىسى روْزى قارىنىڭ جەسىتىنى تاپشوْروْپ بەردى.

سىدىقھاجى روْزى 1961 ـ يىلى توْلوْق ئوتتوْرا مەكتەپنى ئاتوْش شەھرىدە توْلوْق پوْتتوْروْپ، شوْ يىلى 9 ـ ئايدا ئوْروْمچىگە كېلىپ شىنجاڭ ئوْنىۋىرسىتىتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتىتىغا ئوقوْشقا كىردى. 1966 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئالى مەكتەپنى تاماملىشى كېرەك ئىدى. بىراق،شوْ يىلى 5 ـ ئايدا ختاينىڭ ئاتالمىش مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلاندى. دەسلەپ قىلىپ ئوْقوْغوْچىلار ئىچىدىن مەكتەپ بوْيىچە ئىككى نەپەر ئوقوْغوْچى ـ ئىسمايىل ئابدوْراخمان، سىدىقھاجى روْزى ئەكسىيەتچى،مىللەتچى ئوْقوْغوْچىلار دېيىلىپ، تارتىپ چىقىرىپ كوْرەش قىلىندى. كېيىن تامغا چاپلانغان "چوڭ خەتلىك گېزىت" نى يىرتىپ تاشلىغانلىقى ئوْچوْن رەھمەتلىك ئىسمايىل ئابدوْراخمان ساقچىنىڭ توْرمىسىگە 6 ئاي قامالدى. سىدىقھاجى روْزى مەكتەپتە توْت يېرىم قەۋەتلىك ئوْقوْغوْچىلار ياتىقىغا نەزەربەنت قىلىندى. ئىبراھىم سوْلايمان [ قازاق] ،ئالىمبېك [قازاق]، نىزامەت قاتارلىق ساۋاقداشلىرى ئىككى سائەتتىن ئالمىشىپ سىدىقھاجى روزىنى نازارەت قىلاتتى. تاماقنى ئەكىلىپ بېرەتتى، تەرەتخانىغا نازارەت ئاستىدا چىقىپ كىرەتتى.

1966 ـ يىلى 11 ـ ئايغا كەلگەندە "ئوقوْغوْچىلارغا زەربە بېرىش"، "ئوقوْغوْچىلارنى تارتىپ چىقىرىش"، "ئەكسىيەتچىل سىياسى يول" دېيىلىپ تەنقىدلىنىپ سىدىقھاجى روْزى نەزەربەنتتىن بو شوْتوْلدى. تارتىپ چىقىرىلغان باشقا ئو قوْغوْچىلار ھەم ئەسلىگە كەلتوْروْلدى. 1966 ـ يىلى11 ـ ئايدا

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ”قىزىل 3 ـ باتالىيون « مىللى ئۇقۇغۇچىلار تەشكىلاتى قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتنى ئاۋۋال قۇرغان كىشى كىم؟ سىقھاجى رۇزىنىڭ قازاق ساۋاقدىشى ئالىمبېك ئىدى. [بۇ چاغدا ماۋزېدۇڭ ئوقۇغۇچىلارغا «4چوڭ ئەركىنلىك» بېرىۋەتكەن، ئۇقۇغۇچىلار نېمە تەشكىلات قۇرىمەن دېسە ئەركىن ئىدى]. ساۋاقدىشى ئالىمبېك بىلەن سىدىقھاجى رۇزى ئوتتۇرىسىدا دېئالوگ مۇنداق باشلاندى :

ـ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى سىنىپى كۆرەش بىلەن باشلاندى، شۇنداقمۇ؟

ـ شۇنداق.

ـ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدارلار تارتىپ چىقىرىلدى، شۇنداقمۇ؟

ـ ئەلۋەتتە شۇنداق.

ـ بۇ هوقۇقدارلار ماۋزېدۇڭ بەلگىلەپ بەرگەن سىياسەتلەرگە قارشى يول تۇتقان ئىكەن، ئەجبا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىقلار، ماۋزېدوڭ ئاساسى قانۇن ئارقىلىق بەلگىلەپ بەرگەن مىللى سىياسەتنى توغرا ئىجرا قىلغانمۇ؟

ـ بۇ، ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر ئىش ئىكەنغۇ؟

ـ «ئۇلۇغ داهىيمىز ماۋزېدۇڭ»، «مىللى كۆرەش تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا سىنىپى كۆرەش مەسىلىسى»، دېگەن ئىدىغۇ؟

ـ راست شۇنداق دېگەن. بۇگۇن بۇ سۆز «ئەڭ ئالى يوليورۇق « بولۇپ قالدى.

ـ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا سىنىپى كۆرەشنى تۇتقا قىلىۋاتىدۇ، نېمىشقا مىللى مەسىلىنى تىلغا ئالمايدۇ. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سېكرتار خىتايلىرى چوڭ ـ چوڭ سىياسەتلەردە خاتالىق سادىر قىلىپ، مىللى سىياسەتتە پەقەت خاتالىق ئۆتكۈزمىگەنمۇ؟

نېمە قىلىمىز، دېمەكچىسەن؟

ـ قېنى ساۋاقدىشىم ئالمىبېك، نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ ـ مەن ئەكسىيەتچى، مىللەتچى ئوقۇغۇچى ئايرىلدىم. ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىپ تەشكىلات قۇرالمايمەن، سەن تەشكىلات قۇرۇپ چىق. مەن ئارقاڭدا تۇرۇپ ساڭا ياردەم قىلىمەن دېدىم.

«قىزىل 3 ـ لىيەن» مىللىي ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى ئەنە شۇنداق ئەھۋالدا 1966 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قۇرۇلۇپ چىقتى. دەسلەپتە بۇ تەشكىلاتقا ساۋاقداشلاردىن 9 نەپەر كىشى قاتناشتى. 1968 ـ يىلى بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ سانى 2 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئايتان رەئىس بولدى.

”قىزىل 3 ـ باتالىيون“ ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى بىر يىل دېگۈدەك ئۈرۈمچىدە ئانسامبىلنىڭ تېمىغا ”چوڭ خەتلىك گېزىت“ چاپلاپ، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ مىللىي سىياسەتتە ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن ئىمىنوپ يازغان ”مېنىڭ باياناتىم“، ماۋزۇلۇق بىر پارچە ماقالە ”چوڭ خەتلىك گېزىت“كە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولى ئارقىلىق كۆچۈرۈلۈپ، ئانسامبىلنىڭ تېمىغا چاپلانغاندا ئۈرۈمچىدە كاتتا غۇلغۇلا باشلاندى. مەمتىمىن ئىمىنوپ 1967 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ”ئىسيان“ كۆتۈرۈپ، ”قىزىل 3 ـ باتالىيون“ مىللىي ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنى قوللاپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ كادىرلار ياتىقىدا يالغۇز ياتاقتا يېتىپ قوپاتتى. مىللىي ئوقۇغۇچىلار نۆۋەت بىلەن كېچىسى ھەمرا بولۇپ قوغدايتتى. رەھمەتلىك مەمتىمىن ئىمىنوپ يازغان ماقالىسىدا 1962 ـ يىلى باي ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن، 20 مىڭ ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلگەن، خىتاي ھاكىم خەيرۇي پەيدا قىلغان ئاچارچىلىق ۋەقەسىنى پاش قىلغان ئىدى.

مۇشۇ يەردە قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەي. 1966 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە تېگىشلىك ئوقۇغۇچىلارغا خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ھاكىمىيىتى 1967 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن باشلاپ ئاساسلىق مائاشىنى 60 يۈەندىن بېكىتىپ مۇئاش تارقاتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولى پۇل كۆردى. بۇ چاغدا بىر كىلوگرام گۆشنىڭ پۇلى 7 ـ 8 تەڭگە ئىدى، بىر قاپ تاماكىنىڭ پۇلى بىر تەڭگە ياكى ئىككى موچەن، ئاچارچىلىق ئۆتۈپ كەتكەن چاغلار ئىدى.

مەن بويتاق ئوقۇتقۇچىلار بىناسىغا مېھمان چاقىردىم. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى رەھمەتلىك مەمتىمىن ئىمىنوپ، ئۇيغۇرنىڭ مۇزىكانتى رەھمەتلىك زىكرى ئەلپەتتا، يازغۇچى رەھمەتلىك ئەرشىدىن تاتلىق، تىلشۇناس مىر سۇلتان ئوسمانوپ ( ھازىر ھايات. لىيۇداۋەن تۈرمىسىدە 7يىل ياتقان، سىياسى مەھبۇس، مىنىڭ ئوقۇتقۇچۇم ئىدى، مىر سۇلتان ئەپەندى «ئۇيغۇرنامە»نىڭ ئاپتورى سابىت ئۇيغۇرىنىڭ تەشكىلاتىغا قاتناشقان ئىكەن.) يەنە ئىككى نەپەر ساۋاقدىشىم مىنىڭ مېھمانلىرىم ئىدى.

مۇئاۋىن رەئىس رەھمەتلىك مەمتىمىن ئىمىنوپ بىر ئوھ تارتىپ :

- -زىكرى، چالساڭچۇ! فېئۇنېر ۋاخلىرىڭدا چالغان ناخشىلارغا (فېئۇنېر ۋاخلىرىڭ دېگىنى قاپاقنىڭ بوينىغا قىزىل لاتا باغلاپ دۇكانغا ئېسىپ قويۇپ ساتىراشلىق قىلىدىغان دۇكانلاردا چالغان ناخشا- مۇزىكىلارغا چالساڭچۇ دېگىنى ئىكەن. بۇ بىر خىل ئۆز ئارا قىلىشىدىغان چاقچاقلىرى بولسا كېرەك) چال! زىكرى ئەلپەتتا رەھمەتلىك دۇتارنى قولىغا ئېلىپ شۇنداق چالدىكى، مەمتىمىن ئىمىنوپ كۆزىنى ژۇمدى ئىككى تامچە ياش ئىككى مەڭزىگە ساقىپ چۈشتى. ھەممىمىز مىشىلداپ كەتتۇق. ئىمىنوپ:

-چال، زىكرى چال! ئۆستەڭ ناخشىلىرىغا چال! چال! ئەرشىدىن تاتلىق رەھمەتلىك بىر مەيدان ئاخىرلاشقىچە يىغلاپ توختىمىدى...

## 2

«قىزىل 3- باتالىيون» مىللى ئۇقۇغۇچىلار تەشكىلاتى ئۇقۇغۇچىلىرى، «چوڭ خەتلىك گېزىت» كە ماقالە يېزىپ ئانسامبىلنىڭ تېمىغا چاپلاپ تۇراتتى. «بىڭتۈەننىڭ ئاپشاركىلىرى 80 يۈەندىن پۇل خەجلىگەندە ،ئالتايدا قازاقلارنىڭ ئىرىمچىكىكە قوسۇغى تويمىدى» ، «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ،جۇڭخۇۋا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسى قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى قەيەردىن- قەيەرگىچە» ، «ئۇيغۇرلار كۆچمەنلەرنى بېقىپ كېتەلمەيدۇ» ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرغاق ، تاغلىق ،چۆللۈك رايون ،سۇ مەنبەسى كەمچىل ئارتۇق كۆچمەن قوبۇل قىلالمايدۇ» ، «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونغا

ۋاڭ ئېنىماۋ سېكرېتار بولىشى كېرەكمۇ ياكى ئۇيغۇر سېكرېتار بولىشى كېرەكمۇ؟»،،، خىلمۇ خىل پىكىرلەر «چوڭ خەتلىك گېزىت» ئارقىلىق ئانسامبىلنىڭ تېمىغا چاپلىنىپ تۇراتتى. خەلق ئاممىسى بۇ تامنى كىچە ـ كۈندۈز ئاڭلىق ياكى ستىخىيىلىك ھالدا قوغدايتتى، «چوڭ خەتلىك گېزىت» نىڭ ئۈستىگە «قىزىل 3 ـ باتالىيۇن» ئوقۇغۇچىلىرىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ قەغەز چاپلىشىغا يول قويۇلمايتتى. بولۇپمۇ ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئاكىمىز تۆمۈر ئەپەندى، ئاپشاركا ئىشتىنى يېتىلەپ كىلىپ. «چوڭ خەتلىك گېزىت»چاپلانغان تامنى قوغدايتتى.[ رەھمەتلىكنىڭ ياتار جايى جەننەت بولسۇن]

سىياسى نەزەرىيىلەرگە ۋە ماركسىزمغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلەن، ماركسىنىڭ مىللەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرى ياكى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بۇ نەزەرىيىلەرنى مىللەتلەر مەسىلىسىگە قانداق تەتبىق قىلغانلىقى توغرىسىدا يېزىلغان سىلىشتۇرما ئۇقۇملۇقلاشقان ماقالىلارنى رەھمەتلىك ئەرشىدىن تاتلىق بىلەن يازغۇچى ئۆمەر غازى(قازاق) قاتارلىق زىيالىيلار يېزىپ بېرەتتى. ئوقۇغۇچىلار بۇ سەۋىيىلىك يېزىلىدىغان ماقالىلارنى يازالىغۇدەك سەۋىيىگە تېخى يەتمىگەن.ھەر شەنبە ياكى يەكشەنبە كۈندە ئىككى سائەت بەزىدە 4 سائەت ۋاقىت چىقىرىپ مەخپى يىغىن ئاچاتتۇق، شۇ ھەپتىلىك قىلىدىغان ئىشلىرىمىزنى بەلگىلەيتۇق، يىغىنغا رەھمەتلىك ساۋاقدىشىم ئايتان ئوسمانوپ، ئوسمانجان ساۋۇت (يېقىندا ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسمىنى ئاشكارە ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر.... دوستۇممۇ رىياسەتچىلىك قىلاتتى). (بۇكىشى ھازىر ۋەتەندە ئىسمىنى ئاشكارىيالمايمەن) (يەنە بىر ساۋاقدىشىممۇ.......) بۇ كىشى ھەم ۋەتەندە ئىسمىنى ئاتىيالمايمەن (شۇ دەرىجىدە يەنى ئايتان دەرىجىلىك رىياسەتچىلىك قىلاتتى. ساۋاقداشلار ئۆيۈلتاشتەك ئىناق ئىدۇق. بىر ـ بىرىمىزدىن نام ئاتاق، شان ـ شەرەپ تالاشمايتۇق، لىدىرلىك، رەئىسلىك تالاشمايتۇق. ئۇ بەشكىرەملىك بۇ قورغاسلىق، ئۇ تارانچى، بۇ قاراقچى، دەپ يۇرتۋازلىق قىلىشمايتۇق. ئەسلىدە يۇرتۋازلىق ئىپتىدايى ئايۋاننىڭ شەرتلىك رىپلىكىس ئارقىلىق رول

ئوينايدىغان ئىپتىدائىي قىزغانچۇقلىقىدىن پەيدا بولىدىغان، ئادەملەردە بولسا تۇغما ھەسەتخورلۇق بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل يىلىنجاپ تۇرىدىغان رەشىك ئوتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇنداق رەشىك ئوتى ساۋاتسىز، قارا قورساق، ئىلىم ـ بىلىمسىز ئادەملەردە تېخىمۇ ئۆتكۈر بولاتتى. لېكىن يەنە بۇ يەردە باشقا بىر ساۋاقدېشىمنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاشكارىلىيالمايمەن. (بۇ كىشى ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادا مەلۇم دۆلەتتە ئىستىقامەت قىلىۋاتىدۇ)

1968 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ياكى بۇ كۈندىن باشقا بىر كۈنى بولسا كېرەك، ئېسىمدە قالماپتۇ. لېكىن 5 ـ ئاي ئىكەنلىكىگە سۆز كەتمەيدۇ. 2000 دىن كۆپرەك، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر ـ قازاق ئوقۇغۇچىلىرى دەرۋازىدىن نامايىش قىلىپ چىقىپ، ئۈرۈمچى شەھەر ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا توپلاندى. (1962 ـ يىلى يۈز بەرگەن 29 ـ ماي ۋەقەسىنى خاتىرىلەش نامايىش قىلغۇچىلارنىڭ مەقسىتى ئىدى.) بۇ كۈنى بۇ جەددى يىغىنغا بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۈرۈمچى خەلقى، ھەتتا 20مىليون ئۇيغۇرىستان خەلقى ئارىلاشتى، قاتناشتى دېسەك، ھەر گىز مۇبالىغە بولمايدۇ. (بۇ يىللاردا ئاپتونوم رايون دېگەن يەردە ھۆكۈمەت يوق، پۈتۈن ئۇيغۇرنىڭ كۆزى "3 ـ باتالىيون " ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى"غا قارىتىلغان. كىمدۇ بىرسى تور بېتىگە خەتچەك يېزىپ، بىردەم 2000 دەيدۇ، بىر دەم 15000 دەيدۇ، قايسى راست ؟دەپتۇ. ھەممىسى راست. چۈنكى، بۇ نامايىشنى تەشكىللىگەن، ئۇيۇشتۇرغان ۋە بۇ نامايىش ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ تۈرمىدە ياتقان ئادەملەر ئۈچۈن بۇ ئىش راست ئىش، بۇ تارىخ ئۇلار ئۈچۈن ئۆزى ياراتقان راست تارىخ ھېسابلىنىدۇ. بۇگۈنكى قويمچى، قورساق باقتىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ ئەلۋەتتە يالغان بولىدۇ. چۈنكى خىتايغا قارشى نامايىشتىن ئۇلارغا ھېچ قانداق نەپ پايدا تەگمەيدۇ. شۇ ڭا ئۇلارنىڭ جان بېقىش پەلسەپىسىگە ئاساسلانغاندا "ئىشسىزلار نامايىش قىلىدۇ، ئىشى بارلار نامايىش قىلمايدۇ). تەشكىلاتنىڭ رەئىسى ئايتان ئوسمانوپ نوتۇق سۆزلىدى:

« ـ مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەت تەڭلىكىنىڭ سىياسەت ساھەسىدە ئوقۇملاشقان مەنىسى نېمە ۋە بۇ نە زەرىيىنىڭ ئىجرائىيەتتىكى ئەمەلىيىتى،

مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دىگەن بۇ مەمۇرىي بىرلىكنىڭ ھوقۇق شەكىللىرى نىمە؟ ، ، ، ، «ئۇ كۈنى ساۋاقداشىمىز ئايتاننىڭ سۆزلىگەن نۇتقى بەك دەبدەبىلىك، بەك جۇشقۇن ،مەزمۇنلۇق، بىۋاستە قاراتمىلىققا ئىگە بولغان نۇتۇق ئىدى. ئەتىراپقا توپلانغان بىر نەچچە مىڭ ئامما قۇلاق بىرىپ ئاڭلاپ تۇراتتى، كۆز يىشى قىلاتتى.ھىسداشلىق قىلغۇچىلار، ئۇقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى قوللىغۇچىلار، ئەگىشىپ يولنىڭ چىتىدە ماڭغۇچىلار، نامايىشقا ئۇزۇتۇپ قويۇپ مەكتەپ دارۋازىسىنىڭ ئىچىدە قالغۇچىلار، ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسى، شۇ قاتاردا ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، «ئىنقىلابى ئالاقە باغلاش» ئۈچۈن ئۇيغۇرىستاننىڭ جاي ـ جايلىرىدىن ئۈرۈمچىگە يىتىپ كەلگەن تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ تەخمىنەن **15**مىڭ **20**مىڭدىن ئارتۇق كىشى شۇ كۈنى ئۈرۈمچىدە «تاماشا» كۆرۈۋاتاتتى ياكى شۇ كۈنكى نامايىشقا ھەر خىل يوللار بىلەن ئىشتىراك قىلغان ئىدى.شۇئار توۋلايتتى، ئارزۇلىرىنى ھەرىكەت ۋە شۇئار ئارقىلىق ئىپادە قىلاتتى. ھەقىقى ئىنقىلاب قانداق ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ؟ ھىسداشلىق قىلغۇچىلارمۇ سەپكە قوشۇلغاندا، قورقۇنچاقلارمۇ سەپكە قوشۇلغاندا ،يول ياقىلاپ ئەگىشىپ ماڭغانلارمۇ نامايىشچىلار قاتارىغا قوشۇلغاندا ئاندىن ھەقىقى ئىنقىلاب ئوتتورىغا چىقاتتى. (قانداق قىلمىز زامانداشلىرىم،ئۇيغۇر خەلقى ئوقنىمۇ چالا ئاتىدىغان، نامايىشنىمۇ چالا قىلىدىغان بىر خەلق ئىكەن.)

شۇ كۈنى ئوقۇغۇچى ساۋاقداشلىرىم ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدىن جەنۇبى قوۋۇق ئايلانمىسىغىچە نامايىش قىلىپ بىرىپ قايتىپ كەلگەندىن كىيىن ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدا يەنە يىغىن تەشكىللىدى.بۇنداق قىلىش ـ ھەرىكەت ئارقىلىق جامائەت پىكرى توپلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى ئىدى.

مەن ئانسامبىلنىڭ ئۇدۇلىدا يەنى يولنىڭ شەرىق تەرىپىدە قىردا ئولتۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نامايىشىغا رەھبەرلىك قىلدىم. ئايتان بىلەن مىنىڭ ئوتتۇرامىدا ساۋاقداشىم (ئەمەت...) ئالاقچىلىك قىلاتتى.مىنىڭ قولۇمدا بىر جىڭدەك خام گۆش بار ئىدى، قەيەردىن ئالدىم بىلمەيمەن، ياكى بىرسى

مېنىڭ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدىمۇ بىلمەيمەن ياكى بىر خىل نىقاپلىنىشمۇ

بىلمەيمەن.نامايىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ قورقۇپ كېتىپ بىر ھەرىكەت قىلىپ ـ گۆش سېتىپ ئېلىپ ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق جىددىيلىكنى پەسەيتمەكچى بولدۇممۇ بىلمەيمەن. (كىچىرىڭلار ۋەتەنداشلىرىم! مەن شۇ چاغدا 22 ياشلىق بالا، نامايىشقا قاتناشقان ساۋاقداشلىرىممۇ ـ 20 22 ياشلىق بالىلار ئىدى.)

ئەمەت... يۈگۈرۈپ كەلدى، ـ مەركەزدىن جۇئېنلەي تېلېفون قىلىپتۇ... (تېلېفون «ئۈچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ» ناملىق خىتاي ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئىشخانىسىغا كەلگەن)

ـ نېمە گەپ ئىكەن؟

ـ ئايتاننىڭ ياكى باشقا بىرسىنىڭ مەكتەپكە بېرىپ تېلېفون ئېلىشىنى تەلەپ قىلىدىكەن.

ـ ئايتان بارالمايدۇ، نامايىشقا رەھبەرلىك قىلىدۇ، باشقا بىرسىنى ئەۋەتىڭلار. دوستۇم ھەم ساۋاقدىشىم ئوسمانجان ساۋۇت تېلېفون ئېلىشقا يۈگۈرۈپ كەتتى. جۇئېنلەي:

ـ ساۋاقداشلىرىم !ھەر قانداق گېپىڭلار بولسا،شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقىلىق ماڭا يەتكۈزۈڭلار، مەن سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئاڭلايمەن، ـ نامايىش قىلىپ سوۋېت رېۋىزىونىستلىرىنىڭ ئالدىدا مېنىڭ يۈزۈمگە قارا سۈركىمەڭلار! سىلەرگە ئىشىنىمەن،ئۆزۈم ئالدىراش، كاتىبىم گو كاتىپنى تېلېفوننىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم، گېپىڭلار بولسا گو كاتىپقا يەتكۈزۈڭلار!

جۇئېنلەينىڭ تېلېفون ئارقىلىق قىلغان باياناتى نامايىشچى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈلدى، جىددىيلىك پەسەيدى، (ئەسلىدە جۇئېنلەينىڭ دېگەنلىرى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈلمەيدىغان ئىش ئىدى. بالىلىق قىلدۇق.) ئوقۇغۇچىلار تارقىلىشقا باشلىدى.(شۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېنىدا كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئىچىگە يۈشۈرۈۋالغان قوراللىرى بار ئىدى دەپ كېيىن ئاڭلىدىم.لېكىن ئۆزۈم ئىسپاتلاپ بېرەلمەيمەن) ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدىكى يولنىڭ شەرىق

تـەرەپ قىرغىقىدىكـى رېسـتوران ۋە پوچتـا خانىسـىنىڭ ئۆگزىلىرىگـە چىقىـپ ئالغـان ئاپتونـوم رايونلـۇق سـاقچى نازارىتىنىـڭ سـاقچىلىرى بىـر تەرەپتىـن سـۇرەتكە تارتىـپ تۇراتتـى بىـر تەرەپتىـن فىلىمۇتىنـى بەتلـەپ نامايىـش مەيدانىغـا قارىتىپ قويغـان ئىـدى. . .

**3**

ئـو قۇغۇچىـلار مەكتەپكـە قايتىـپ كەتتـى. شـۇ كۈنـى كەچتـە خىتايىنىـڭ هەربـى رايونـى كىچىـدە شـىنجاڭ ئۇنىۋېرسـتىتىغا ئەسـكەر ئەۋەتىـپ، خىتـاي ئـو قۇغۇچىـلار تەشـكىلاتى «ئۇچقۇنىدىـن يانغىـن چىقىـدۇ» تەشـكىلاتىنىڭ رەهبەرلىرىنـى يارىدەمگـە چاقىرىـپ، مىللـى مۇناپىـق تـۆردى ئابدىرېهمنـى (يەنـە بىـر ئىسـمى تـۆردى شـىگلى) ئالدىغـا سـېلىپ، ئوخلاۋاتقـان ياتاققـا باسـتۇرۇپ كىرىـپ، مەتىمىـن ئىمىنوپىنـى قوغـداپ ياتاقتـا بىللە ياتقـان ساۋاقداشـىمىز غوپۇر قادىرنـى ئـۇرۇپ زەخىملەندۈرۈپ،ئاپتونـوم رايونىنىـڭ مۇئاۋىـن رەئىسـى مەتىمىـن ئىمىنوپىنـى قولغـا ئېلىـپ كەتتـى. ئەتىسـى بۇ ئىشـتىن خـەۋەردار بولغـان ئۇيغۇر، قـازاق ئوقۇغۇچىـلار يەنـە نامايىشـقا تەييارلانغانـدا، "شـىنجاڭ" ئۇنىۋېرسـتېتى ئاللىقاچـان هەربـى رايونىنىـڭ نازارىتـى ئاسـتىغا ئېلىنغـان. هەربـى رايونىنىـڭ مۇئاۋىـن قوماندانـى ئولاتايىـپ بىـر باتالىيـون ئەسـكەر باشـلاپ كېلىپ،مەكتـەپ ئىچىدە ئىشـخانا قۇرۇشـقىمۇ ئۈلگۈرگەن. (كېيىن كېسـەلگە باهانىداپ رەهمەتلىك ئىمىنوپىنـى باجىياخـۇ تۈرمىسـىدىن ئېلىـپ چىقىپ ئاپتونـوم رايونلـۇق 2 ـ دوختۇر خانىغـا ئېلىـپ كىلىـپ قـان قاتـۇرۇش هوكۇلـى ئـۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ،1970 ـ يىلـى 5 ـ ئاينىـڭ 29 ـ كۈنـى ئۆلـۈم جازاسـى بېرىلگـەن 9 نەپـەر ئۇيغۇرنىـڭ قاتارىـدا تـاغ بـۇلاق جـازا مەيدانىغـا دەپنـى قىلىنغـان. قـان قاتـۇرۇش هوكۇلـى ئـۇرۇپ مەتىمىـن ئىمىنوپىنـى ئۆلتۈرگـەن ئۇيغـۇر دوختـۇر هازىـر هايـات، شـۇ كۈندىـن باشـلاپ بىـر دوختـۇر خانىغا باشـلىق بولـۇپ ئىشـلەۋاتىدۇ. . . . . . (بـۇ هېكايىلار مـەن تۈرمىدىـن چىققاندىـن كېيىـن ئاڭلىغـان هېكايىـلاردۇر)

ئوقـۇش پۈتتۈرگـەن، لېكىـن مەدەنىيـەت زور ئىنقىلابـى تۈپەيلـى خىزمەتكـە تەقسـىم قىلىنمىغـان ئوقۇغۇچىلارنـى 1968 ـ يىلىنىـڭ ئاخىرىـدا جـاي ـ جايلارغـا تەقسـىم قىلىشـقا باشـلىدى.مەن شـۇ چاغدىكـى ئايالـىم بىلـەن بىللـە ئاقسـۇ

ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە تەقسىم قىلىندىم. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا قېچىش توغرۇلۇق تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. بۇ تېلېگراممىنى ماڭا كىمنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى ھازىرغىچە بىلمەيمەن... ھەم ئەسلىيەلمەيمەن. 1969 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بۆرتالا ـ ئۈتەيدە قولغا ئېلىندىم. ئاۋۋال ئوبلاستلىق تۈرمىگە كېيىن بىڭتۇەننىڭ تۈرمىسىگە 15كۈن قاماپ قويدى. 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەتراپىدا ئۈرۈمچى ـ ليۇ داۋەن تۈرمىسىگە يۆتكەپ كەلدى. شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئايتان باشلىق 9 نەپەر ئىنقىلابچى ساۋاقدىشىم، بىر نەپەر قازاق چارۋىچىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بۆرتالا ئارشاڭ ئارقىلىق قېچىپ ھازىرقى قازاقىستانغا ئۆتۈپ كەتتى. (بۇ ھېكايىلارنىڭ بىر قىسمىنى تۈرمىنىڭ ئىچىدە، بىر قىسمىنى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئاڭلىدىم)

1969 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى دوستۇم ساۋاقدىشىم ئېركى ـ ئەركىن، (موڭغۇل)، رەھمەتلىك ساۋاقدىشىم ئابىت، ئالتاي تاغلىرى ئارقىلىق ھازىرقى قازاقىستاندىن ئۆيغۇرىستان ۋەتىنىگە كىرىپ كەلدى. تۇيۇپ قالغان خىتاينىڭ رازۋېت ئورگانلىرى شۇ كۈنى 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى پۈتۈن «شىنجاڭ» مىقياسىدا ھەربى ھالەت ئېلان قىلىپ، ئاختۇرۇشقا، تىنتىشقا باشلىدى. بۇ يىگىتلەرنى مەقسۇس بىر ئاپتۇ بۇسنى ئىشلىتىپ، ئۈرۈمچىدە رېمۇنت قىلدۇرىمەن دەپ، باھانە تېپىپ ئالتايدىن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلگەن شوپۇر ئىسمايىل ئەپەندى، ئاپتۇ بۇسنى يىقىلغان تاشتا توختىتىپ، ئىككى ساۋاقدىشىمنى شەھەرگە ئۈرۈمچىگە كىرگۈزۈۋەتكەن. ئۇلار تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە بويىچە سايۋاغ رايونلۇق ئەدلىيە باشلىقى باقى ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەن. تىنتىش، ئاختۇرۇش تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان. ھەتتا خىتاينىڭ كاماندوروپكىغا چىققان ھەربىلىرىنىمۇ تۈتۈپ كەتكەن، ئۈرۈمچىدە پۈتۈن مەكتەپلەر تۈرمىگە ئايلاندۇرۇلغان. ئىككى نەپەر ساۋاقدىشىم ئىشنى تاماملاپ قېچىپ يېزا ئىگىلىك ئۇنۋېرستېتىغا يېتىپ كەلگەندە ئۆيەردە كۈتۈپ تۇرغان ساۋاقداشلىرىمىز، بۇ ئىككىسىنى سوۋېتلەر سالغان بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋەت بالكونىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشكىنى كىرىست شەكىللىك مىخلاپ بولغىنى ئەمدى يو شۇرۇپ تۇرۇشىغا خىتاينىڭ ئەسكەرلىرى باستۇرۇپ كىرگەن. بالكوندا

ئەسكى كىگىزنىڭ ئاستىدا ئىككى كۈن ياتقان بۇ ئەزىمەتلەر،ئۈچۈنچى كۈنى يىقىلغان تاشقا يەتكۈزۈلۈپ، ئىسمايىل ئەپەندىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن.قازاقىستانغا قايتىش سەپىرىدە چېگرا رايونىدا قوغداشنى كۈچەيتكەن بىڭتۈەننىڭ قوراللىق كۈچۈكلىرى ئىككى ئەزىمەتنى بايقاپ قالغاندا، قىزىقى شۇ يەردىكى ئۇلار ئالىلقاچان ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى بىتەرەپ رايونغا كىرىپ بولغان. خىتايلار ئۆز تەۋەلىكىدە ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقارغانۇ، لېكىن بىتەرەپ رايۇنغا قارىتىپ ئوق چىقىرالمىغان. ساۋاقدىشىم ئىككى ھەزىل قىلىپ. . .ئاتە ـ ئاتە،ئاتىدىغان يەرگە ئاتماسەن دېگەن. رەھمەتلىك باقى ئەپەندى ئۈرۈمچىدە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن 9نەپەر كىشىنىڭ قاتارىدا، رەھمەتلىك ئىسمايىل ئەپەندىلەر ئالتايدا، 1970 ـ يىلى ـ 5ئايدا خىتاينىڭ باستۇرۇشى ئارقىلىق ۋاپات بولغان.

بۇ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن ۋە بۇ ئىشلارغا ئارىلاشقان دوستۇم. . . . . ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر دۆلەتتە ياشاۋاتىدۇ. دوستۇم ئىككى بۇ ھېكايىنى قانداق سۆزلەيدۇ، تېخى ئۇنىڭ بىلەن بۇ توغرىدا ئەھۋاللاشمىدىم.

**4**

1977 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى مېنى ئۈرۈمچى لىيۇ داۋان تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىپ،ئاپتوبۇسقا سېلىپ، ئۈرۈمچىدىن چىقىپ توقسۇننىڭ تۈرمىسىدە، قارا شەھەرنىڭ تۈرمىسىدە، كۈچانىڭ تۈرمىسىدە تۈنىتىپ، قوندۇرۇپ ساقچىلار يالاپ ئاقسۇغا ئېلىپ بېرىپ، ئەركىن سىدىقنىڭ چوڭ دادىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مەمەت سەلەينىڭ باشقۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى. مەمەت سەلەي مېنى ئاپىرىپ يەنە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىگە قاماپ قويدى. بۇ نېمە ئىش ؟ مەن ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەن ئادەمغۇ ؟! مەن، توپ توغرا 3ئاي ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىدە ياتتىم، 1977 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تۈرمىدىن چىقىپ 1978 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى خېنىم رابىيە قادىر بىلەن توي قىلدىم. 1980 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاقسۇدا رابىيە خېنىم ئىككىمىز تەسادىپ بىر ئەھۋالدا نامايىش تەييارلىدۇق، ) يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى زامان

كەڭرىپ كەتكەن، تۆت كىشىلىك گۇرۇھ سوت قىلىنىۋاتقان، ماۋزېدۇڭنىڭ ئايالى جياڭ چىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش ھۆكۈم قىلىنغان يىللار ئىدى ( نامايىش تەييارلاشقا ئاساس تەييارلاپ بەرگەن ئۆلۈم ۋەقەسى، يەنى ختاي ساقچى ئۆلتۈرۈۋەتكەن **17** ياشلىق يولۋاس دېگەن يىگىت ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۇرمىدە مەن بىلەن بىر كامېردا ياتقان كىشى ئىدى.... شۇ كۈندىن باشلاپ، **1982** ـ يىلى **7** ـ ئاينىڭ **2** ـ كۈنى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتىتىغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئورۇنلاشقىچە، شاڭخەي، گۇۋاڭجۇ قاتارلىق ختاي شەھەرلىرىدە رابىيە خېنىم بىلەن ئىككىمىز بىللە يۈرۈپ سودا ـ تىجارەت قىلدۇق.

**1989** ـ يىلى **12** ـ ئاينىڭ **25** ـ كۈنى كىچىك قىزىم قەقنۇس تۇغۇلدى. ختاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە قارشى چىققان ئوخشايمىز. تىجارەتچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئايالىم رابىيە قادىرغا **50**مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى. ماڭا **2** مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى ۋە دوتسېنتلىققا يوللىغان تەرجىمھال، ماتېرىياللىرىنى بىكار قىلىپ ئۈنۋان ئېلىش سالاھىيىتىمنى ئېلىپ تاشلىدى. **1993** ـ يىلى **9** ـ ئايدا توختام بىلەن مەكتەپتىن چېكىنىپ چىقىپ رابىيە قادىرنىڭ تەرەققى قىلىۋاتقان سودا ـ تىجارىتىگە قورغاس چېگرا ئېغىزىدا تۇرۇپ ياردەملەشتىم.

**1994** ـ يىلى جەمئىيەتتە بىر غۇلغۇلا ـ «ھەربى رايوننىڭ مۇزىكانتى ۋاڭ لوبىڭ ختاي ـ ئۇيغۇر ـ قازاقنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى مەن ئىجات قىلدىم دەپ، ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ»، دەيدىغان پىكىرلەر ئېقىپ يۈرەتتى.يەنە بىر فىلىم ئۇيغۇر بىلەن قازاق مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سالىدىغان «فىڭ خانىم» ماۋزۇلۇق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى ختاي يازغۇچىلار ئېكرانغا چىقىرىپ، ”قازاقلار تارىختا ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان“ دەيدىغان سەپسەتىۋى جامائەت پىكرىنى تەييارلاشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن قازاق زىيالىي قېرىندىشىمىز تەلەۋقان ختاي تىللىق ”شىنجاڭ گېزىتى“ دە شىنجاڭ يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى ئەمەس» ماۋزۇلۇق ماقالە يېزىپ ئوتتۇرۇقلۇق قىلىشقا باشلىدى. تۆۋە، ئاتالمىش ”شىنجاڭ“، ئەمەلىيەتتىكى ئۇيغۇرىستان كىمنىڭ

زېمىنى ئىدى؟ ئۇيغۇر نىڭ زېمىنى بولماي كىمنىڭ زېمىنى بولىشى كېرەك ئىدى، قازاغىم ؟ بۇ ئىش بىلەن سىزنىڭ ۋە خىتاينىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟ نېمشقا قازاقنى ئۇيغۇرغا،ئۇيغۇرنى قازاققا كۆشكۈرتمەكچى بولدىڭىز ؟ زىددىيەت سېلىش، قېرىنداش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىش، ئەسلى گومىنداڭ خىتايلىرىغا ئادەت بولغان ئۇسۇل ـ چارە ئەمەسلىكتە، نەسلى كوممۇنىست ئەسلى خىتايلارغا مىراس قالغان بولمامدۇ؟ كىچىكتۇرۇشكە بولمايتى. شۇڭا مەن، «نەپسىڭنى يىغىۋال! ناخشا ئوغرىسى ۋاڭ لوببىڭ»، «فىڭ خانىم ۋە ئاپتورلارنىڭ تارىخ قارىشىغا باھا» ماۋزۇلۇق ماقالىلارنى يېزىپ "ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى" دە ئېلان قىلىپ يۇقىرقى كىشىلەرنى تەنقىد قىلدىم، خىتاي يازغۇچىلارنىڭ تارىخ قاراشلىرىغا رەددىيە بەردىم. بۇ ماقالىلار ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. ئويلاپتىمەن،ناخشا ـ مۇزىكا ئۇيغۇرنىڭ ئىدى، خىتاي ۋاڭ لوبىڭ ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ، مەن بۇ خىتاينى تەنقىد قىلدىم...ئۇيغۇرلار قوزغۇلۇپ نامايىشقا چىقسا، قاتارنىڭ ئالدىدا ماڭىمەن دەپ، ئويلاپتىمەن.نەدىكىنى؟ ھازىرغىچە ئۆزۈمنىڭ ياكى ئەقىللىق ياكى ئەقىلسىز ئادەملىكىمگە باھا بېرەلمەي كەلدىم. مۇستەملىكە مىللەتنىڭ غورۇرى مۇستەملىكە قىلغۇچى مىللەتنىڭ چەكتىن ئالقىغان ھاقارىتىگە ئۇچرىغاندا، كىشىلەر سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، مىللى غورۇرنى قوغدىشى، نومۇس ـ كۈچىنى ئاقلىشى كېرەكمۇ ياكى جان بېقىشنىڭ كوچىسىدا لاي ـ پاتقاققا مىلىنىپ يۈرۈشى كېرەكمۇ؟ ئاۋۋالقىسى توغرا بولۇپ، كېيىنكىسى خاتا بولسا، مەن" ئەقىللىق "ئادەم ئىدىم، مۇبادا ئاۋۋالقىسى خاتا بولۇپ،كېيىنكىسى توغرا بولسا مەن "دۆت "ئادەم ئىدىم. بۈگۈنكى كۈندە ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار قالتىس يۈرەكلىك. لېكىن " مەن ئەقىللىق" ئادەم بولۇش بىلەن "دۆت" ئادەم بولۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھازىرغىچە قايمۇقۇپ كەلدىم. لېكىن باشقا "ئەقىللىق" ئادەملەرچۇ ؟ ئۇلار "جان بېقىشنىڭ تەڭلىمىسى"نى ئىجات قىلىشىپ يۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۈرۈمچىدە يازغان ماقالىلىرىم خىتايغا ئېغىر كەلدى. بۇلۇپمۇ دوستۇم شائىر ئوسمانجان ساۋۇت بىلەن بىرلىشىپ «رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار» ماۋزۇلۇق كىتابنى تەرجىمە قىلغانلىقىم خىتايغا ھەددىدىن زىيادە ئېغىر كەلدى.چۈنكى،

بـۇ كىتابنىـڭ ئامېرىكىلىـق ئاپتورى جـون گارۋېر ئەپەنـدى «يالتا شەرتنامىسـى» نـى ئىمزالاشـنىڭ، «موسـكۋا شەرتنامىسـى» نى ئىمزالاشـنىڭ تارىخـى جەريانىنى %60 ئەتراپىـدا پـاش قىلىۋەتكـەن. بىـز كىتابنى خىتـاي تىلىدىن ئۇيغـۇر تىلىغا تەرجىمـە قىلدۇق.خىتـاي بۇنـداق بولىشـنى خالارمـىدى؟

1995 ـ يىلـى 12 ـ ئايـدا ئۇيغـۇر كلاسسـىك ئەدەبىياتـى تەتقىقاتـى يىغىنىدا ئۇيغـۇر ئاپتونـوم رايونلـۇق تەشـۋىقات بۆلۈمىنىڭ سـابىق باشـلىقى فىسـىڭ داجىن، مـەن يېزىـپ يۇقىرىـدا تىلغا ئېلىـپ ئۆتكـەن ماقالىلىرىمنىـڭ مەزمۇنىغـا ھۇجـۇم قىلىـپ: «مىللەتچـى، شوۋىنىسـت، تارىخنـى بىلەمدىكـىن؟» دىدى.شـۇ قېتىمقى تەتقىقـات يىغىنىدىـن خۇلاسـە چىقارغانـدا، ”شـىنجاڭ گېزىتـى“ گـە ماقالە يېزىپ فىسـىڭ داجـىن مېنىـڭ ئىسـمىمنى ئاتىمـاي تـۇرۇپ تەنقىـد قىلدى.فىسـىڭ داجـىن كلاسسـىك ئەدەبىيـات تەتقىقـات يىغىنـدا مېنـى تەنقىدلەشـكە باشـلىغاندا، شـۇ يىغىنغـا قاتناشـقان ماينـۇر قاسـىم، ھەتتـا سـاۋدانوپ ئەپەندىلـەر:

ن ـ نېمـە دەيسـەن، ناخشـا ـ مۇزىـكا ئۇيغۇرنىـڭ ناخشـا ـ مۇزىكىسـى، سـىقھاجى رۇزى ئۇيغـۇر ئەدەبىيـات ساھەسـىدە تەنقىدچـى، ئۇنىـڭ تەنقىدلـەش ھوقۇقـى بارمـۇ ياكـى سـەن ئۇنىـڭ ھوقۇقىنـى تارتىـپ ئالدىڭمـۇ، دېيىشـتى. قارىغانـدا ئۇيىنىـڭ مۇڭگۇزىگـە ئۇرسـا تۇۋىقـى سـىرقىرايدۇ دېگـەن ئۇيغـۇر ماقـال ـ تەمسـىللىرى توغـرا ئېيتىلغـان ئىكـەن. ئۇيغـۇر ناخشـىلىرىنى «مـەن ئىجـاد قىلدىـم»، مېنىـڭ ناخشـام دەپ مۇتىھەملىـك قىلغـان خىتاي ۋاڭ لوبىڭنـى ماينۇر قاسـىممۇ، سـاۋدانوپمۇ ئەيىپلىمەكچـى بولغـان ئىـدى. فىسـىڭ داجـىن سـىگنال بـەردى، قولغـا ئېلىـش... ئـۇ «شـىنجاڭ» مائارىـپ ئىنسـتىتۇتى رەھبەرلىرىگـە تېلېفـون بېرىـپ: سـىدىقھاجى رۇزىغـا سـىلەر چېقىلماڭلار، بىـز ئۆزىمىز بىـر تەرەپ قىلىمىـز، دىـدى. قانـداق بىـر تـەرەپ قىلماقچـى؟! ئايالـىم رابىيـە قادىـر:

ـ قـاچ، سـىدىق قاچمىسـاڭ بولمايـدۇ، قۇرداشـلىرىڭ ۋە دوسـلىرىڭنىڭ ھالـى شـۇ. بىـز ئەمـدى دەۋانـى چـەت ئەلـدە قىلىمىـز، قاچمىسـاڭ بولمايـدۇ.

نەگە ؟

ـ ئوھوي...!

ـ نەگە؟

ـ ئوتتۇرا ئاسىياغا. . .

ـ ۋەتىنىم گەرچە مۇستەملىكە بولسىمۇ، مەن ئۇچۇن ئايۋان ـ سارايغا بەرگۈسىزدۇر. ئايۋان ـ سارايدىن ئايرىلىپ ئېغىلغا قاچامدىم. . . قاچسام ئامېرىكىغا قاچىمەن. . .

1996 ـ يىلى 2 ـ ئايدا مەركەزدىن ئۇرۇمچىگە «7 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت» چۈشۈرۈلگەن ئىمىش. 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شاڭخەيدە روسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى قاتناشقان «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» قۇرۇلماقچى بولدى، دېگەن خەۋەرلەر گېزىتلەرنى قاپلاپ كەتتى. دېمەك، روسىيە باشچىلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى خىتاي بىلەن بىرلىشىپ شاڭخەيدە يىغىن ئېچىپ، خىتاي مۇستە ملىكىچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قاتتىق باستۇرۇشىغا يېشىل چىراق يېقىپ بەرمەكچى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن فىك داجىنىنىڭ سىگنالىمۇ، يەنە باشقا ھەممە، ھەممە ئىش ئايدىڭ بولدى. قەيەردە سەن دېموكراتىك دۆلەت ئامېرىكا! قەيەردە سەن، قىزىل كىرىمىل ئىمپېرىيىسىنى پارچىلاپ 15 دۆلەتكە بۆلۈۋەتكەن دېمۇكراتىك دۇنيا ؟!

1996 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى رابىيە قادىر ئەر ـ ئايال ئىككىمىز ،[، ئىككىمىزنى» كۈزىتىپ» بىللە كەلگەن يەنە بىر كىشى بار] بېيجىڭغا كېلىپ ،ئامېرىكىنىڭ باش ئەلچىخانىسىغا كىردۇق. پاسپورتىمىزنى رابىيە خېنىم روجەككە ئۇزاتتى. بىر خىتاي تەتەي قولىغا ئېلىپ ئىچكىرىدىن بىرسىنى چاقىردى.27 ياشلار چامىسىدا ئامېرىكىلىق بىر يىگىت كېلىپ، تەتەينى ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىپ : قارشى ئالىمىز رابىيە قادىر، سىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىڭنى قارشى ئالىمىز، ـ بىز سىنى ھامان بىر كۈنى مۇشۇ باش ئەلچىخانىغا كىلىدۇ دەپ،9يىل كۈتتۇق، دىدى. . . . . . . .

خىتاي تىلىدا.

1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى رابىيە خېنىم ئىككىمىز ئولتۇرغان ئايروپىلان ياپونىيە ئارقىلىق ئۇچۇپ ئۆتۈپ ئامېرىكىنىڭ دېترويىت شەھرىگە

قونـدى. 1996 ـ يىلـى 10 ـ ئاينـاڭ 17 ـ كۈنـى سىياسـى پاناھلىـق بېرىلگـەن داكومىنـت قولۇمغـا تەگدى.1997 ـ يىلـى 2 ـ ئاينـاڭ 5 ـ كۈنـى ئۇيغۇرسـتاننىڭ غۇلجـا شـەھرىدە ئۇيغۇرلارنـاڭ زور كۆلەملىـك نامايىشـى پارتلىـدى. 2 ـ ئاينـاڭ 15 ـ كۈنـى بىـز ئۇيغـۇرلار ۋشـىنگتۇندا 100 كىشـىلىك نامايـش تەشـكىللىدۇق.1998 ـ يىلى 11 ـ ئاينـاڭ 25 ـ كۈنـى ئامېرىـكا ھۆكۈمتـى ئۇيغۇر تىلىـدا ئەركىـن ئاسـيا رادىئوسـىننىڭ قارمىقـدا ئۇيغۇرلارغا رادىئو ئېچىپ بېرىشـنى قـارار قىلـدى. 1999 ـ يىلـى 7 ـ ئاينـاڭ 15 ـ كۈنـى باشـقىلار بىلـەن بىرلىكتـە ئۇيغۇرلارنـاڭ كىشـىلىك ھوقۇقـى توغرىسـىدا ئامېرىكىنـاڭ دۆلـەت مەجلىسـىدە گۇۋاھلىقتـىن ئۆتتـۇم. 1999 ـ يىلـى 8 ـ ئاينـاڭ 11 ـ كۈنـى مېنـاڭ ئۆمۈرلۈكـۇم رابىيـە خېنىـم ئۇرۇمچىـدە خىتـاي سـاقچىلىرى تەرىپىدىـن قولغـا ئېلىنـدى... باللىرىـم قايسـى كۈنـدە قالـدى، مۇشـۇ ۋاقىتتـا باللىرىمنـاڭ ھېسـياتىنى كـىم چۈشـىنەر؟مەن قايسـى كۈنـدە قالدىـم، مۇشـۇ ئـاي مۇشـۇ كۈنلـەردە مېنـاڭ ھېسـياتىمنى كـىم چۈشـىنەر...؟

سـىدىقھاجى رۇزى رابىيـە قادىردىـن 8يىـل ئايرىلـدى، كېيىنكـى 6يىل ئىچىدە نـە ئۇنـاڭ ئاۋازىنـى ئاڭلىمـدى، نـە ئۇنـاڭ بىـر پارچـە خېتىنـى كۆرمـدى. سـىدىقھاجى رۇزى1999 ـ يىلـى 7 ـ ئاينـاڭ 15 ـ كۈنىدىـن 2005 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگىچـە ئـۆزى ۋە باللىـرى بۇلـۇپ ئۇيغۇرلارنـاڭ كىشـىلىك ھوقۇقـى توغرىسـىدا، ئامېرىـكا دۆلـەت مەجلىسـىدە 6 قېتىـم گۇۋاھلىقتـىن ئۆتتـى.

كىشـىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بېسـىمى،ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بېسمى، ئامېرىكىنـاڭ سـابىق دۆلـەت ئىشـلار كاتىپى كاندىلىـزا رايىس خانىمنىڭ بېسـمى ئارقىلىق،خىتـاي ھۆكۈمتـى رابىيـە قادىرنـى تۈرمىدىـن قويـۇپ بېرىشـكە مەجبـۇر بولـدى، رابىيـە قادىـر 2005 ـ يىلـى 3 ـ ئاينىڭ ـ 17كۈنـى ۋا شـىنگتۇنغا يىتىـپ كەلگـەن كۈندىـن باشـلاپ، كىشـىلىك ھوقـۇق پائالىيتـى ۋە سىياسـى پائالىيـەت سـىدىقھاجى روزىنـاڭ قولىدىـن رابىيـە قادىرنىڭ قولىغـا ئۆتتى. سـىدىقھاجى رۇزى ئارقـا سـەپكە چېكىنىـپ، رابىيـە قادىرنـاڭ پائالىيەتلىرىگـە ماتېرىيـال تەييـارلاپ بېرىدىغـان كىشـىگە ياكـى كاتىپقـا ئايلاندى.

تەرجىمھال خاراكتېرلىك ئەسلىمىنىڭ داۋامى

**1967** ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى بولسا كېرەك،ئۇيغۇرنىڭ ئەركەكلىرى پائالىيەت قىلىۋاتقان قەشقەردە ئاخۇنوپ تەشكىلاتىغا ۋەكىل بولۇپ، ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، رەھمەتلىك مىجىت باتۇر،قەشقەردىن كېلىپ،«قىزىل 3 ـ باتالىيون «تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرى ئايتان ۋە باشقىلار........... بىلەن ئۈرۈمچىدە كۆرۈشكەن ئىدى. كۆرۈشۈشكە مەن تەكلىپ قىلىندىم،ئەمما مەن قاتناشمىدىم. كۆرۈشۈش ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتىتى بىناسىنىڭ 2 ـ قەۋىتىدە «قىزىل 3 ـ باتالىيون» ئىشخانىسىدا ئېلىپ بېرىلغان. نېمىشقا قاتناشمىدىم...؟ ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارىمىدى ياكى باشقا بىرسى قاتناشما دېگەنمىدى؟ ھازىرغىچە ئەسلىيەلمىدىم. مىجىت باتۇر، ئايتان ۋە باشقىلار بىرلىكتە قوراللىق قوزغىلاڭ توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەنمىدى...؟ بىلمەيمەن.**1969** ـ يىلى **8** ـ ئايدا ئۇيغۇرنىڭ ئەركەكلىرى ئاخۇنوپ، مىجىت باتۇر رەھبەرلىكىدە قەشقەردە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. تۈرمىدە ئىدىم، شامالداشقا چىققان ئىدىم، رادىئو توختىماي سۆزلەپ تۇراتتى، ـ «مىجىت، ئاخۇنوپ باشچىلىقىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭ قەشقەردە باستۇرۇلدى....»، ھەتتەڭگەي! شامالداشقا چىققان ھويلىدا ئىڭىشىپ قولۇمغا كېسەك ئېلىپ سېمونت ـ بېتون تامغا «ياشىسۇن مىللى قەھرىمان مىجىتنىڭ روھى»! دەپ،يازدىم. شوپۇر ئۇستام ـ جاپپار ئۇستامدىن باشقا، مەن بىلەن شامالداشقا چىققان جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى خىتاي ئىدى. جاپپار ئۇستام يېنىمغا كېلىپ، خەتنى يېگى بىلەن ئۆچۈرۈۋېتىپ، ـ ئۇكام دەردىڭ ئۇنىڭسىزمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، دىدى.

**1972** ـ يىلى **10** ـ ئاينىڭ **2** ـ كۈنى قولۇمغا ئىشكەل پۇتۇمغا كىشەن سېلىپ تۈرمىنىڭ كارىدورىغا ئېلىپ چىقىشتى. نەگە بارىمەن؟ ئويلايتىم. كىچىك ماشىنىغا سېلىشتى، نەگە بارىمەن...؟ ئويلايتىم، لېكىن تېگىگە يىتەلمەيتىم. تىببى ئۇنىۋېرسىتىتىغا ئېلىپ بېرىشتى.قان ئىسكىلاتىغا كەلدۇق، ـ دېيىشتى. خىيالىمغا قوشۇلۇپ بىر قورقۇنۇچ يىتىپ كەلدى... مېنى بۇ يەرگە نېمىشقا ئېلىپ كېلىشتى... ئۇزۇن كارىدور... بىر ئۇيغۇر كۆرۈنمەيدۇ... خۇدا دېدىم، خۇدادىن ئۆزۈمگە كۈچ ئالدىم، جۈرئەت ئالدىم. بۇ تۇپراق مېنىڭ،

بۇ ۋەتەن مىنىڭ دىدىم ئۆزۈمگە ئۈزۈم كۈچ ئاتا قىلدىم. ئىچىمدە، قورقۇشتىن بوشاپ كېتىۋاتقان ماجالىمغا تەسەللى بەردىم. يەنە غەيرەتكە كەلدىم . ئوتتۇرا ھالقىسىدىن بىلىمگە باغلاپ قويۇلغان 10 كىلوگىرامدىن ئېغىر كىشەننىڭ ژىپىنى يېشىۋەتتىم.(قولۇمنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە بولاتتى) كىشەننى تاختايلىق پولنىڭ ئۈستىدە سۆرەپ ماڭدىم. ئوڭ پۇتۇمنىڭ ھالقا دانىنى سول پۇتۇمنىڭ ھالقا دانىغا ئۇرۇپ ماڭدىم.) ھالقا دان كىشەننىڭ ھالقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان تۆمۈشۈكى (كىشەن شۇنداق رىتىملىك ئاۋاز چىقاردىكى ئىشخانە ـ ئىشخانىدىن، كارىدۇرغا قارىتىپ ئېچىلغان دېرىزىلەردىن بېشىنى چىقىرىپ تاماشا كۆرۈۋاتقان دوختۇر، سېستىرا تەتەيلەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ ئۆتتۇم. قولۇمدىكى ئىشكەلنى يېشىۋېتىپ ئۈستەل ئۈستىگە ياتقۇزۇشتى......سول قولۇمنى چىقىرىپ بەردىم....450 گىرام قېنىمنى ئېلىۋالدى... شۇ كېچىسى تۈرمىدە ئانا...!! دەپ يىغلىدىم.ئىككىنچى يىلى باھار يېتىپ كەلگەندە تۈرمىدە چىشىمنى ژۇيۇشقا ئولتۇرۇپ، ئورنۇمدىن قوپۇشتا ئورنۇمدىن دەرھال قوپالمايدىغان بولۇپ قالدىم...1977 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئۇرۇمچىدە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدىم. ساقچى يالاپ ماشىنىغا سېلىپ ئاقسۇغا قارا پ ئېلىپ ماڭدى. نېمىشقا؟ چۈنكى، ئامېرىكا، خىتاي دۆلەتلىرى دېپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغان ۋاقىت يېقىنلاپ كەلگەچكە خىتاي ھۆكۈمىتى، "شىنجاڭ" دېگەن يەردە بارلىق سىياسى مەھبۇسلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ئازاد قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

بۇ يەردە يەنە بىر دىتالنى قىستۇرۇپ ئۆتەي:

1977 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن كۈنلەردە 44 يىل خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ياتقان ئۇيغۇرنىڭ دىنى ۋە سياسى دائىسى ئابدۇل ئەزىز مەقسۇم قارا قىلچىك تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلىپ،كۇچاغا تۇققانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قارامايلىق شوپۇر تۇرسۇن ئەپەندى، قەشقەرگىچە يۈك قاچىلاپ، مە قسۇمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىختىيارى بويىچە كۇچادىن ئېلىپ ئاتۇشقا ئېلىپ بېرىپ بۇ قېتىم مەھشەتتىكى تۇغقانلىرىنىڭ

ئۆيگــە ئورۇنلاشــتۇرۇپ قويغــان ئىكەن.

تۇرســۇن ئەپەندىنىــڭ ئېيتىــپ بېرىشــچە كوچــادا مەقســۇمنى يوقــلاپ كىرگەنلەردىــن كىمــدۇ، بىرســى: مەقســۇم ئاخىرزامــان قاچــان كېلىــدۇ، دەپ ســورىغان ئىكــەن. مەقســۇم جــاۋاب بېرىــپ:

ـ قاچــان كېلەتتى...يېنىڭدىــن خىتايــلار ئۆتــۈپ تۇرغانــدا... خىتايــلار يۇرت ـ ماكانىڭنــى بېســۋېلىپ ســەن بىلــەن بىرگــە ئولتــۇرۇپ، بىرگــە قوپقانــدا ئاخىرزامــان، ئاخىــر زامــان كەلگــەن بولىــدۇ. بۇگــۈن ســاڭا ئاخىــر زامــان بولمىدىمۇ؟دەپتــۇ.

مــەن، دوســتۇم شــوپۇر ئابدۇلــلا ســەلەي بىلــەن ئابــدۇل ئەزىــز مەقسۇمنى يوقــلاپ، **1978** ـ يىلــى 7 ـ ئاينىــڭ مەلۇم بىر كۈنى مەقسۇمنىڭ مەھشــەتتىكى ئۆيگــە كەلــدۇق. ئۆينىــڭ ئىچــدە 30 ـ 20 ئــادەم مەخســۇمنى چۆرىــدەپ ئولتۇرۇپتــۇ. غــە رىبــى تام تەرەپكە بىر ياغــاچ كارۋات قويۇقلۇق ئىكــەن، كارۋاتنىڭ شــىمال تــەرەپ بېشــىغا بىــر ياستۇق قويۇقلــۇق ئىكــەن. كارۋاتقــا گىلــەم، كۆرپــە سېلىقلىق ئىكــەن. ســاقاللىرى ئاقىرىــپ كەتكــەن، تۈكــى ئۆســمەيدىغان بېشــى يالاڭباشــتاق ئابــدۇل ئەزىــز مەقســۇم ئۇچىســىغا ئــاق كۆينــەك، شــىم ئورنىــدا ئــاق تامبــال كەيگــەن ئابــدۇل ئەزىــز مەخسۇم كارۋاتتىــن پۇتىنــى ســاڭگىلىتىپ ئولتــۇرۇپ نوتــۇق ســۆزلەۋاتقان ئىكەن. مەن تۆۋەندە مەقسۇمنىڭ ســۆزلىگەنلىرىنى رەھمەتلىكنىــڭ شــۇ ۋاقىتتىكــى تەلەپپــۇزى بويىچــە يېزىــپ قالدۇرىمــەن. بىــز ئۆيگــە كىرىشــتىن بــۇرۇن ســۆز قەيەردىــن باشــلاندى بۇنىڭدىــن خەۋىرىمىــز يــوق. مەقسۇم سۆزنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنــداق نوتــۇق سۆزلىدى:

”گېرمان تۈگىسە دۇنيادا سانائەت تۈگەيدۇ،

ئىنگلىز تۈگىسە دۇنيادا سەياسەت تۈگەيدۇ،

تۈرك تۈگىسە دۇنيادا شۇجائەت تۈگەيدۇ،

روس بىلەن خىتاي تۈگىسە دۇنيادا ئاپەت تۈگەيدۇ“،بۇ نۇتۇق

مەقسۇمنىڭ ۋەســىيتى ۋە ئامانىتــى ئىــدى. بۇگــۈن بــۇ يازمــام ئارقىلىــق

ئۇنىڭ ئەۋلادىغا تاپشۇردۇم. مەقسۇم ئۇرۇمچىدە زوكام بولۇپ قېلىپ دوختۇر خانىدا بىر ھەپتە يېتىپ، دوختۇر خانىدىن چىققاندا ئېلىشىپ قالدى... 80 ـ 19يىللارنىڭ مەلۇم بىر كۈنىدە نېفىت قاچىلاپ شەرققە ماڭغان پويىزنىڭ چاقى ئاستىدا قېلىپ يورۇق دۇنيا بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى.

دوستۇم ئېركى[مۇڭغۇل بۆرتالالىق] ئۇيغۇرچە ئىسمى ئەركىن ھازىر شۋېتسىيىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتىدۇ،قازاقىستاندىن كەلگەن.1968 ـ يىلى 5 ـ ئايدا نامايىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شائىر دولقۇن ياسىننى چېگرادىن قازاقىستانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە مەسئۇل بولدى. «شائىر» قازاقىستانغا ئېلىپ كېلىندى.مەن نېمىشقا دوستۇم ئەركىنگە ـ مەن چىقىپ كېتەي دېمىدىم ؟ «قېچىپ قۇتۇل» دەپ، تېلېگرامما تاپشۇرۇپ ئالغاندىمۇ، بورتالاغا بېرىپ ساۋاقداشلىرىمنى ئىزدەپ تاپماقچى بولدۇم، لېكىن بىر تەرەپكە قېچىش بىر تەرەپكە كېتىش نىيىتىم يوق ئىدى.

ھۆرمەتلىك ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىم! ئۇكىمىز ئابدۇرەھمجان ئابدۇرەشىد ئەپەندىم، ئا لىمجان ئەپەندىملەرنىڭ ھاۋالىسىگە ئەمەل قىلىپ ئۇشبۇ تەرجىمەھالىمنى يېزىپ چىقتىم تۈركىيىگە نەشىر قىلىشقا بەرگەن كىتابىمغا تەرجىمە ھالىمنى قىسقىچە يېزىپ بەرگەن. بۇ قېتىم سەل ئۇزۇنراق يېزىلدى ئۆمرۇم يار بەرسە بېشىمدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى تولۇق يېزىپ قالدۇرۇشۇم مۇمكىن. يۇقىرقى ئىشلار 1966 ـ يىلدىن 1968 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يۈز بەرگەن ئىشلار ئىدى.ئەسلەش جەريانىدا ئازابلاندىم.قازاقىستانغا قېچىپ چىقىپ كەتكەن دوستلىرىمنىڭ ئىچىدە ئابىت، ئايتان ئوسمانوپلار بىرسى دوختۇر خانىدا، يەنە بىرسى ئىشلەۋاتقان يېرىدە قازاقىستاندا تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ كەتتى... پاكىتىم يوق لېكىن گۇمان قىلىمەن... يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بۇ ھېكايىلەر بۇنىڭدىن 45 يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىشلار... ئادەمنىڭ ئەستە قالدۇرۇش كۈچىمۇ ئاجايىپ بولىدىكەن. چۈشۈپ قالغان، كېيىپ قالغان تەرەپلىرى بولسا، ھازىرمۇ ھايات ياشاۋاتقان شۇ دەۋرنىڭ ۋەقەلىرىگە شاھىد بولغان ۋەتەنداشلىرىمنىڭ تولۇقلاپ قويۇشىنى ئۇ مىد قىلىمەن. 45 يىل... ھازىرلا ياشلىقىمغا قايتقاندەك بولدۇم، بايراق كۆتۈرۈپ

قاتارغا كىرىپ، ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىرگە خىتايغا قارشى نامايىش قىلغانىدەك بولدۇم.........

بىر قېتىم گېرمانىيىدە ئۇكىمىز ئالىمجان ماڭا:

ــ سىزنىڭ بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئىش، ۋەتەنگە، مىللەتكە، ئازادلىققا مۇناسىۋەتلىك بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئىش ئىنتايىن كۆپ، ۋەتەننى، مىللەتنى دەپ، تۈرمىدە ياتقانلىقىڭىزدىن خەۋىرىمىز بار، يېزىپ قالدۇرۇشىڭىز، بىزگە سۆزلەپ بېرىشىڭىز كېرەك ئىدى، دېگەنىدە، مەن:

ـ ئوغۇل بالا ئۆتمۈشتە ئەركەكتەك ئىش قىلغان بولسا، ئەركەكتەك قىلغان ئىشلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى شۇ قىلغانلىرى ئاساسىدا يەنە ئەركەكتەك ئىش قىلىدۇ، دېگەن ئىدىم. مۇنداق قارىسام بۇگۈن ئويلىسام مېنىڭ بۇنداق كۆز قاراشلىرىم، ئالىمجان ئۇكىمىزغا دېگەنلىرىم يېگى دەۋرىدە ياشاۋاتقان سىيت گاڭگۇڭچە ئاخماقلىق ئىكەن. مەن سۆزلەپ بەرمىسەم مەن يېزىپ بەرمىسەم قىزىق ئىش مىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى كىم بىلىدۇ؟ مەسىلەن، شۇ چاغدا مەن ئۇرۇمچىدىن يولغا چىقىپ ئۇتەيدە قولغا ئېلىندىم، ئاجايىپ ھېكايىلارغا (ـ 1969يىلى ـ 1ئاينىڭ ـ 17كۈنى) تولغان بۇ كىچە توغرىسىدا كىمنىڭ خەۋىرى بار دەيسىلەر؟ باشقا ئادەملەرنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان قورقۇنۇچلۇق كېچىلەرغۇ، بۇ. مەن يېزىشىم كېرەك. ۋەتەنداشلىرىم بىلىپ قېلىشى كېرەكقۇ؟

مەيلى رابىيە قادىر بولسۇن، مەيلى مەن بولاي بېشىمىزدىن ئۆتكەنلەرنى، تارتقان كۈنلىرىمىزنى ھەرگىز ۋەتەنپەرۋەر ۋەتەنداشلىرىمىزغا سېلىشتۇرمايمىز، چۈنكى، ۋەتەن، مىللەت ـ دېگەن ھەر قانداق ئۇيغۇرنىڭ بېشىدىن ياكى ئۇنداق ئىش ئۆتكەن بولىدۇ ياكى مۇنداق ئىش ئۆتكەن بولىدۇ. ئالدىنقى شەرت شۇكى، "ۋەتەن، مىللەت" دېگەن ھەر قانداق ئۇيغۇرنىڭ بېشىدىن......... ئۆتكەن، بۇ دۇنيادا "ئازاپ ـ ئوقۇبەت دەيدىغان نەرسىمۇ يوق"، "خۇشاللىق ۋە شات ـخۇراملىق دەيدىغان نەرسىمۇ يوق. پەقەت ئەھۋالنى، مۇھىتنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇشلا بار"، بىراق ئەقلىمىزنى ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خىتايلارغا سېلىشتۇرۇشقا تامامەن ھوقۇقلۇق

بىز. لىن بياۋ موڭغۇلىيىنىڭ ۋىندۇرخان ئۆلكىسىدە ئۆلدى، سىياسى ئۆزگىرىش قىلمەن دېدى قىلالمىدى. ھەتتا ئۆزىنىڭ جېنىنىمۇ ساقلاپ قالالمىدى ؛ئامما سىدىقھاجى روزى،ئايتان ئوسمانوپ، ئېركى، قاتارلىق ساۋاقداشلار بىر مەيدان نامايىش تەشكىللەش ئارقىلىق خىتاينىڭ ئاساسى قانۇنىدا بەلگىلەنگەن «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش» دەيدىغان بىر ماددىنى، خىتاينىڭ «مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش» دەيدىغان بىر ماددىغا ئۆزگەرتىشىدە، خىتايغا يېتەرلىك بېسىم پەيدا قىلالىدى. 1987-يىلى رابىيە قادىر 7 قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسىغا ھۇل تاش، ھۇل تاش ئۇستىگە پىششىق كېسەك قويغاندا، 1مىليارد 300 مىليۇن نوپۇسقا ئىگە خىتاي مەملىكىتىدە تېخى بىر خىتاي،توخۇ كاتىگىمۇ سالالمىغان ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ 10-20- يىللىرىدا فرانسىيىدە ئوقۇۋاتقان جۇئېنلەي، دىڭ شياۋپىڭ، كالىفورنىيە، ياپونىيىدە ئوقۇغان ئامېرىكىلىق سۇ نجۇڭسەن قاتارلىق خىتاينىڭ ئەينى چاغدىكى دېموكراتلىرى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا خەلقئارا جەمئىيەتتە ھېچ ئىش قىلالمىغان ئىدى. لېكىن شۇ ۋاقىتلاردا ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلسون ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق «ۋىلسون خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلىپ،كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىگە نەزەرىيىۋى ئاساس تەييارلاپ بەرگەن چاغلار ئىدى. ھازىر ئۈتتاۋادىن-سىدنىغىچە، ۋاشىنگتوندىن - بېرلىنغىچە،ئوسلودىن - ئامستېردامغىچە،ئالمۇتادىن - توكيوغىچە، ئەنقەرەدىن لوندونغىچە شۇ دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ھەربىر، "ۋەتەن"، دېگەن ئۇيغۇر ئائىلىنىڭ نەسەپ تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرسەڭ، (ئايرىم ئۇيغۇر تىللىق ئائىلىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن، ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقىنى ۋە قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەم كۆرەش قىلىدىغانلىقىنى بىمالال كۆرۈپ ئالالايسەن!

ئۇيغۇرلار ئۇمۇمى يۈزلۈك ئويغىنىش دەۋرىگە يېتىپ كەلگەنمۇ؟ يېتىپ كەلدى، ئەلۋەتتە يېتىپ كەلدى مەيلى ئاڭلىقلىرى، ئاڭسىزلىرى، دېھقانلىرى، زىيالىلىرى ئوخشاشلا شۇنداق دەۋرگە يىتىپ كەلگەنمۇ، يېتىپ كەلدى!!! ئويغىنىش ھەرىكىتى دېگەن نېمە؟ پەيلاسوپ كانت مۇنداق دەيدۇ: «ئويغىنىش

ھەرىكىتى دېگەنلىك ـ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزى ـ ئۆزىگە تېڭىپ قويغان پىششىق يېتىلمىگەن ھالەتتىن قۇتۇلۇشى دېگەنلىكتۇر. پىششىق يېتىلمىگەن ھالەت دېگىنىمىز، ـ باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە تايانماي تۇرۇپ،ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ ھەر قانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالماسلىق بۇ،پىششىق يېتىلمىگەن ھالەت دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ كەملىكىدىن ئەمەس بەلكى، باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە تايانماي تۇرۇپ، ئىشلىتىشكە تىگىشلىك غەيرەت، شىجائەت ۋە ئىرادىنىڭ كەم بولىشىدىن ئىبارەت پىششىق يېتىلمىگەن ھالەت، ئىنسانىيەت ئۆزى ـ ئۆزىگە تېڭىپ قويغان پىششىق يېتىلمىگەن ھالەتتۇر. غەيرەت ـ شىجائەتىڭلا بولىدىكەن ئۇنداقتا، ئۆزۈڭ ئەقىل ـ پاراسىتىڭنى ئىشلەت! مانابۇ ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ شۇئارىدۇر.

2013 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى يېزىلدى. 2014 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قايتا تۈزۈتۈلدى. ۋاشىنگتۇن

## سۆز بېشى

### 1

تاغلىق، تۈپلىك، دېڭىز، دەريا، ئوكياندىن تەشكىللەنگەن يەر شارىنىڭ تەبىئىي قۇرۇلمىسى بۇ باشقا بىر ئىش، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت قۇرۇلمىسى بۇ باشقا بىر ئىش ئىكەن. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسى قانداق قۇرۇلما ئۇ؟ ھەربىر خەلق ياكى ھەربىر مىللەت خۇدا تەقسىم قىلىپ بەرگەن زېمىن ئىچىدە دۆلەت قۇرۇپ، بىر-بىرىنىڭ دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلىپ ياشايدىكەن. دۆلەت قۇرۇش شەرت-شارائىتلىرىنى تەييارلىغان بولسىمۇ، دۆلەت قۇرۇشقا ھوقۇقلۇق بولسىمۇ، ھەتتا تارىختا دۆلەت قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قۇرغان دۆلەتكە ئىگە بولالماي باشقا ياۋايى مىللەتلەرگە مۇستەملىكە بولۇپ قېلىپ خارۇ-زار ياشاۋاتقان ئۇيغۇردەك مىللەتلەر ھەر نەگە بارسا داۋاملىق دۈشمەنلىك ئىچىدە ياشايدىكەن.

دېموكراتىك دۆلەتلەردە ئادەملەر سىياسەتنىڭ ئاستىدا ئەمەس، قانۇننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ياشايدىكەن، قانۇن يول قويغان دائىرىدە نېمە ئىش قىلسا قىلالايدىكەن، نېمە دېسە دېيەلەيدىكەن. چۈنكى، دېموكراتىك دۆلەتلەردە قانۇن ئىنسان تەبىئىتىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلىدىكەن. مۇستەبىت سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاۋاتقان ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسى - «تارتىپ ئېلىش، سېتىپ ئېلىش» تىن ئىبارەت رەھىمسىزلىكنى بەلگە قىلغان قۇرۇلمىدىن تەشكىل تاپىدىكەن. قانۇن بۇنداق ئەلدە سىياسەتنىڭ قورالى بولۇپ خىزمەت قىلىدىكەن.

ئوبيېكتنى قولغا چۈشۈرۈش زۆرۈر بولۇپ قالغاندا، مۇبادا ئوبيېكتنى سېتىپ ئېلىشقا توغرا كەلسە پۇلنىڭ، ئالتۇن زەر، كۈمۈچىنىڭ قۇدرىتىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك جۇڭگودا دۆلەتنىڭ ئىككىنچى بىر خىل "ئەخلاقى" بولۇپ قالدى. ئوبيېكتنى تارتىپ ئېلىشقا

توغـرا كەلگەنـدە ھەربـى كـۈچ، ئادەتتـىن تاشـقىرى قوراللىـق كـۈچ، مـاددى كۈچنىـڭ قۇدرىتىگـە تايىنىشـقا توغـرا كېلىـدۇ. بـۇ ئىككـى كۈچنىـڭ ئالدىـدا سوتسىيالىسـتىك جەمئىيـەت جۇڭگـودا پەقەت شـۇ كۈچكە ئېرىشكەن ئادەملەردىن باشـقا ئادەملـەر، پەقـەت شـۇ كۈچكـە ئېرىشـكەن مىللەتلەردىـن باشـقا مىللەتلـەر بىـر نىمـە دېيىشـكە چارىسـىزدۇر، ئامالسـىزدۇر. بۇنـداق جەمئىيەتتـە ئەخلاقنىـڭ كۈچـى قاچـان، قانـداق شـارائىتتا رول ئوينايـدۇ، بىلگىلـى بولمايـدۇ.

كېيىنكـى 10 يىـل ئىچىـدە چـەت ئەللـەردە ئۇيغۇرنىـڭ كىشـىلىك ھوقـۇق بويىچـە دەۋا ـ دەستۇرى، ئۇيغۇرنىـڭ ئەقلى يەتكەن، ئۇيغۇرنىـڭ كۈچى يەتكەن دائىرىـدە، يەنـى ئىسـلام دىنىغـا ئىشـىنىدىغان بـۇ مىللـەت غـەرپ دۇنياسـىدىلا خەلقئـارا قوللاشـنىڭ چـەك ـ چېگرىسـى ئىچىـدە دەۋا قىلىپ، دەۋانىـڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىـپ ئۇيغۇرنىـڭ مەسىلىسـىنى خەلقئارا لاشتۇردى.

ھازىرغىچـە ئەقىللىـق بىـر ئۇيغـۇر ئوتتۇرىغـا چىقىـپ، سىياسـى ھوقـۇق دەۋاسـى قىلىۋاتقـان بـۇ، بىـر گۇرۇپپـا ئادەملـەر نىمـە ئىـش قىلىۋاتىـدۇ، نىمـە قىينىچىلىـق تارتىۋاتىـدۇ، نىمىسـى ئارتـۇق، نىمىسـى كـەم دەۋا قىلىۋاتىـدۇ، دەۋاغـا نىمـە يېزىۋاتىـدۇ، ماتېرىيالنـى قانـداق تەييارلاۋاتىـدۇ، بـۇ ماتېرىياللارنى ئەيمـى خانىـم، ئالىـم سـىيتوپ، رابىيـە قادىـر ۋە خېنىـرۋى ئەپەندىلـەر قانـداق ھۆججەتلەشتۈرۈۋاتىدۇ، دېمەكتـە يـوق. بـەزى كىشـىلەر تـور بېتىنىـڭ كەينىگـە ئۆتۈۋېلىـپ مۇسـتەقىللىق تەلـەپ قىلمىدىيـەي، ئاپتونومىيـە تەلـەپ قىلدىيـەى، مۇسـتەقىللىق ئىدىيىسـى يـوق ياكـى ئاپتونومىيـە ئىدىيىسـى يـوق، دېيىشـتى. بـۇ كىشـىلەر ئۆگىنىۋالغـان تىـل بويىچـە ئېيتقانـدا، ئۇلارنىـڭ سـۆزىچە: دۇنيـا ئۇيغـۇر قۇرۇلتىيىنىـڭ سـتراتېگىيىلىك ئىدىيىسـى يـوق، سـتراتېگىيىلىك پىلانـى يـوق ئىمـىش. ھەتتـا ۋەتـەن ئىچىدىكـى غەيـرەت نىيـاز ئەپەندىمـۇ دۇنيـا ئۇيغـۇر قۇرۇلتىيىنىـڭ ئىدىيىسـى يـوق، دېگـەن گەپلەرنـى شـىياڭگاڭلىق مۇخبىرلارغـا سـۆزلەپ بەرگـەن بولـدى.

ئىدىيـە دېگـەن نىمـە ؟ ئەگـەر بىـر ئـادەم ياكـى بىـر گۇرۇپپـا كىشـىلەر كىشـىلىك ھوقـۇق ۋە سىياسـى ھوقۇق تەلەپلىـرى بويىچە ھەرىكەتلـەر قىلىدىكەن، بۇ كىشـىلەردە ئىدىيە بولمىسـا قانداق ھەرىكەت قىلىدۇ؟ پەقەت «مۇسـتەقىللىق»

دەپ، توۋلىسىلا، پەقەت ئاپتونومىيە دەپ توۋلىسىلا ئىدىيە بولغان بولامدۇ؟ سەن كىم؟ دۇنيا ياكى ئەتراپىڭدىكى مۇھىت سېنى كىم دەپ، تونۇيدۇ؟ ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى ئۆزۈڭ بىلمەي، ھازىرغىچە ئۆزۈڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۆزۈڭ ئاڭقىرالماي يۈرگەندە، سېنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى غەرب دۇنياسى نەدىن بىلىدۇ، شەرق دۇنياسى يەنە نەدىن بىلىدۇ؟ سېنى ھېچ كىم بىلمەيدۇ، شۇنداق ئىكەن، ھېچ نېمىدىن ھېچ نېمە يوق، يەنە كېلىپ مۇستەقىللىق ياكى ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىش بۇ قانداق مەنتىقە ئەپەندىلەر؟ سەن كىم، تۈركمۇ ياكى ئۇيغۇرمۇ؟ سەن تۈركچە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلالامسەن ياكى ئۇيغۇرغا مۇستەقىللىق تەلەپ قىلالامسەن؟ تۈركنىڭ تۈركىيە دەپ دۆلىتى بار. بۇ دۇنيانىڭ ياكى غەرب دۇنياسىنىڭ تۈركچە يەنە بىر قېتىم دۆلەت قۇرۇپ بېرىش مەجبۇرىيىتى يوق! يازغان يازمىلىرىڭدا ھە دېسە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرغان، "شەرقىي تۈركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى" نى قۇرغان دەپ يازىدىكەنسەن. ئەلۋەتتە شۇنداق. مەن ھەم، سەن ھەم تارىختا دۆلەت قۇرغانلىقىمىزنى يېزىشىمىز كېرەك. قېنى بۇ قۇرغان دۆلىتىڭ؟ نېمىشقا قۇرغان دۆلىتىڭنى ساقلاپ قالالمىدىڭ ئەپەندى؟ بۇ قۇرۇلغان دۆلەتلەر قانداق يوقىتىلدى، كىملەر تەرىپىدىن، قايسى دۆلەتلەر تەرىپىدىن يوقىتىلدى؟ نېمىشقا، سەن قۇرغان دۆلەت زادى نېمىشقا يوقىتىلدى، بۇ يولدا ئىزدىنىپ باقتىڭمۇ؟

ئىدىيە دېگەن نېمە؟ ئىدىيە دېگەن پىكىر دېگەنلىكتۇر. پىكىر قانداق پەيدا بولىدۇ؟ ئىنساننىڭ ئەسلى ماھىيىتى ئەركىنلىك بولىدىغانلا بولسا بۇ توغرىدا ئىنساننىڭ ئىچىدە پەيدا بولغان پىكىر-ئىدىيەلەر تەبىئى بولىدۇ. بىراق، ئىنساننىڭ ئىچىدە تەبىئى پەيدا بولغان پىكىر -ئىدىيەلەر تاشقى دۇنيادا چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئىنسان ئۆزىنىڭ پىكىر- ئىدىيەلىرىنى تاشقىرى دۇنيا رېئاللىقىغا كۆپ ھاللاردا ماسلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما دۇنيا، مەنپەئەت قوغلىشىشنىڭ، مەنپەئەتپەرەستلىكنىڭ، مەنپەئەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان دۇنيا ئىكەن، شۇڭا سىياسەت بۇ يەردە، مەنپەئەت تالىشىش بابىدا، مەنپەئەت قوغلىشىش مەيدانىدا، ئۆزۈڭنىڭ

مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۆرەشنىڭ بىرخىل شەكلى بولۇپ قالىدۇ.

بىز ئۇيغۇرلار يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا ياكى 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاۋۋالقى يېرىمى ئىچىدە مانجۇ ـ مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ مىللىي ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۈچ قېتىم مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرغان ئىدۇق، دېگەن پىكىر ـ ئىدىيىگە كىمنى ئىشەندۈرەلەيسەن؟ دۆلەت قۇرۇش تارىخىڭنى كىشىلەرگە قايسى ئۇسۇلدا سۆزلەپ بېرەلەيسەن ئەپەندى؟ دۆلەت قۇرۇش تارىخىڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئېتنىك مىللەت ئۇيغۇر ئىكەنلىكىڭنى كىشىلەرگە قايسى ئۇسۇلدا چۈشەندۈرۈپ قويالايسەن ئەپەندى؟

مەن، سېنىڭ ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىشىڭ خاتا، مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشىڭ خاتا دېگىنىم يوق. بۇنداق تەلەپ قىلىش پۈتۈنلەي بىر مىللەتنىڭ ھوقۇقى دائىرىسىدىكى ئىش. نېمە ئۈچۈن ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىسەن يەنە نېمە ئۈچۈن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىسەن ياكى كىمدىن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىسەن ياكى كىمدىن ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىسەن، بۇ تەلەپلەرنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا زامان ۋە ۋاقتىقا توغرىلاپ ئىسپاتلاپ بېرىشىڭ كېرەك، خۇددى ئۇيغۇرنىڭ ئۆرۈمچى ۋە پۈتۈن ئۇيغۇرىستانلىق ئەزىمەت ئەركەكلىرىدەك سىياسى كۆرەش ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىشىڭ كېرەك، دېمەكچىمەن. سۇنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۆتۈك سېلىۋەتمەي ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە قىلىش كېرەك، سۆزلەش كېرەك، دېمەكچىمەن ئەپەندى.

ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىقى ۋاشىنگتوننىڭ كوچىلىرىدا ئىشقا ئاشمايدۇ، ئۇيغۇرنىڭ ئاپتونومىيە تەلەپلىرى بېرلىننىڭ كوچىلىرىدا ئىشقا ئاشمايدۇ. ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىق، ئاپتونومىيە تەلەپلىرى قەشقەرنىڭ كوچىلىرىدا، غۇلجا ـ ھەرەمباغ كوچىلىرىدا، خوتەن قاراقاش، پىچان، تۇرپاننىڭ كوچىلىرىدا ئىشقا ئاشىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىقى ئەنە شۇ يەردە. دېموكراتىك ئەللەر خەلقلىرىنىڭ ساقىا قىلىپ بېرىدىغان ۋە ساقىا قىلىپ بېرەلەيدىغان ئىشى شۇكى، دۆلەت ئەخلاقى دائىرىسىدە ساقىا ۋە سېنىڭ تەلەپلىرىڭگە مەسئۇل بولىدۇ. كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى ئاساس قىلغان تاشقى سىياسەتنىڭ دائىرىسىدە

ساقچىلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىشى، بولىدۇ. گېزى كەلگەنــدە ختــاي ھۆكۈمىتــى بىلــەن ســەن ئۆلــەپ بارىدىغــان سۆھبەتنىڭ شارائىتىنى يارىتىپ بېرىشكە مەسئۇل بولىدۇ. ئەگەر ختايىنى پارچىلاشنى نىيەت قىلغان بولسا، غەرب دۇنياسى ختايىنى پارچىلاشنىڭ خەلقئارا شارائىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا يەتكەندىلا سىنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن تاشلىغان قەدىمىڭ مۇئەييەن دەۋر ئىچىدە رول ئوينايدۇ.

2

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە رەھبىرىمىز رابىيە قادىرنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئۇيغۇرنىڭ تارىختا قۇرۇلغان دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتە، ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى بىر نوختىغا جەملەپ، "ئۇيغۇرلار قۇرغان دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ تارىخ، خەلقئارا سىياسەت، خەلقئارا قانۇن ۋە مۇستەقىللىك رېياللىق ئاساسلىرى" ناملىق چوڭ ماۋزۇ ئاستىدا تۆت قىسىمغا بۆلۈپ ـ 1 ئۇيغۇرلار قۇرغان دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ تارىخ ئاساسلىرى ـ 2 ئۇيغۇرلار قۇرغان دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ خەلقئارا سىياسەت ئاساسلىرى 3 ـ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىكچىلىككە قارشى كۆرەشلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى مۇستەقىللىك رېئاللىقى ـ 4 ئۇيغۇرلار قۇرغان دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ خەلقئارا قانۇن ئاساسلىرى قاتارلىق ماۋزۇلار ئاستىدا ماتېرىيال خاراكتېرلىك، ھۆججەتلىك بىر ئەسەر يېزىپ چىقىش (تۈزۈپ چىقىش) ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالدىم. خۇدادىن ئۆزۈمگە كۈچ قۇۋۋەت تىلەيمەن.

ئۇشبۇ يازمىدا ئاۋۋال ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن مۇستەقىللىك بولۇپ قالدى، دەپ قويۇلغان سوئالغا جاۋاب ئىزلەيمىز. ئاندىن ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرۇشقا ھوقۇقلۇق مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايمىز. ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۈچ قېتىم دۆلەت قۇرغانلىقىنى تارىخى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلايمىز. بۇ ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ قانداق شارائىتتا، قانداق ئۇسۇل بىلەن، كىملەر ۋە قايسى دۆلەتلەر تەرىپىدىن يوقىتىلغانلىقىنى، قانداق ئەھۋالدا چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسى سودىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە

قانداق ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى تارىخى يوسۇندا ئىسپاتلايمىز. ئۇيغۇرنىڭ سىياسى ئادەملىرى، ئۇيغۇرنىڭ ھەربى ئادەملىرى، ئۇيغۇرنىڭ تەشكىلاتچىلىرى، ئۇيغۇرنىڭ دىنى ئاكابىرلىرى ۋە ئادەتتىكى دىنى ئادەملىرى، ئۇيغۇرنىڭ ئومۇمى يۇقرالىرى ئۆزلىرى قان تۆكۈپ قۇرۇپ چىققان دۆلەتلەرنىڭ يۇقىلىشىدا سىياسى جەھەتتە گۇناھ سادىر قىلىپ، قۇرۇلغان دولەتلەرنىڭ ھالاك بولىشى مەسىلىسىدە قانداق رول ئوينىدى ۋە دىنىي جەھەتتە قانداق رول ئوينىدى؟ بۇ مەسىلىلەرنى يازغاندا ئىنجىلەرگە ئايرىمايمىز، بابالارغا ئايرىمايمىز، پەقەت يۇقىرىدىكى ماۋزۇ بويىچىلا بابالارغا ۋە ئىنجىلەرگە ئايرىيمىز. ئوقۇرمەنلىرىمىز يازمىلىرىمىزنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، پەقەتلا ئومۇمى بايان ئىچىدىن يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىپ ئالسا بولىدۇ.

مەن يىلنامە تارىخچىلىقىنى قىلماي تارىخنى، تارىخ پەلسەپىسى بويىچە تەتقىق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قانۇنۇنلىرى ئاساسىدا، قوشۇمچە قانۇن پەلسەپەسى بويىچە تەتقىق قىلىپ، ئۇيغۇر تارىخچىلىرى يېزىپ قالدۇرغان تارىخى ئەسەرلەردە ئۇيغۇرلا توغرىسىدا نېمە دەپ يېزىپ قالدۇرۇلغان بولسا، بۇ يازمىلارنى ئاساس قىلىپ، بەزى مۇناسىۋەتلىك خىتايچە ئەسەرلەردە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەييارلانغان ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ماتېرىياللارنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ، قوشۇمچە ھوقۇق ۋە ھوقۇقشۇناسلىق ئىلمىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇشبۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم.

يۇقىرىقى تۆت ماۋزۇ ئىچىدە بولۇپمۇ 4 ـ ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ خەلقئارا قانۇن ئاساسلىرى (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تۈزۈپ تارقاتقان قانۇنلارنى ئاساس قىلىپ) خالىسا يەنە باشقا ۋەتەنداشلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە قەلەم تەۋرىتىپ بۇ ماۋزۇنى تولۇق، مۇكەممەل يېزىپ چىقىش ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. لېكىن يەنىلا بىز قانۇنشۇناسلار ئەمەس، يەنىلا بىز بۇ توغرىدىكى قانۇنلارنى كۆپ بىلمەيمىز. شۇڭا خەلقئارا ياردەمگە تايىنىپ خەلقئارا قانۇنلار ۋە نىزامنامىلار ئاساسىدا ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان دۆلەتنى ئەسلىگە

كەلتۈرۈشنىڭ قانۇن ئاساسلىرىنى خەلقئارادىكى دوستلارنىڭ يېزىپ چىقىشىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەسەر ھۆججەتلەشكەن ماتېرىيال سۈپىتىدە ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن فرانسىيە خەلقئارا قانۇنشۇناسلار جەمئىيىتىگە ۋە ئىتالىيە خەلقئارا زىيالىلار ۋە قانۇنشۇناسلار جەمئىيىتىگە ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ .بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ ھەقسىز ياردەم قىلىشى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرۇلغان دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشقا ھەقلىق ئىكەن، دەيدىغان ھۆججەتلەشكەن ماتېرىيالنى ئوتتۇرىغا چىقارغاندا، قانۇنشۇناسلارنىڭ قولىدىن چىققان قانۇنلۇق ھۆججەتلەرگە ئاساسلىنىپ، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسى ۋە ياۋروپا پارلامېنتى ئەزالىرىنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا سىياسەت خاراكتېرلىك قانۇن لايىھە ماقۇللىشىغا يول ئېچىلغان بولىدۇ. (ئالاھىدە ئەھۋالدا يەنە باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن) بىز بۇ يولدا مېڭىپ بېقىشىمىز، ئىسپاتلاپ بېقىشىمىز كېرەك.

تىبەتلەر بۇ يولدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئاللىقاچان ئورۇنلاپ بولغان ئىكەن. يېقىندا خىتايغا تاپشۇرغان ئۇلتىماتۇم ـ تىبەتلەرنىڭ خىتايلار تۈزۈپ تارقاتقان قانۇن ـ نىزامنامىلار ئاساسىدا خىتايدىن ئالىي ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىشىغا ئاساسەن يېزىپ چىقىلغان ئۇلتىماتومنى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پاكولتېتىنىڭ قانۇنشۇناسلىرى يېزىپ بەرگەن ئىكەن.

تىبەتلەر شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ـ 1991 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ـ 28 كۈنى ئامېرىكىدا ئىككى پالاتانىڭ ئەزالىرى 1992 ـ يىللىق مالىيە يىلىغا ئالاقىدار ”دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردە ھوقۇق بېرىش قانۇنى“ نى ماقۇللىغاندا، ”جۇڭگونىڭ تىبەتنى قانۇنسىز ئىشغال قىلغانلىقى“ نى ئۇشبۇ قانۇننىڭ ـ 33 بۆلۈمى 7 ـ ماددىسىغا كىرگۈزۈپ، ”تىبەت ئىشغال قىلىنماستىن بۇرۇن ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت“ ئىدى، دەپ كۆرسەتكەن.

1992 يىلى 7 ـ ئاينىڭ ـ 28 كۈنى ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، كېڭەش پالاتاسىنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتى تارىختا تۇنجى بولۇپ“ جۇڭگونىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى تىبەت مەسىلىسى“ توغرىسىدا، گۇۋاھلىق بېرىش ۋە گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

(‹قىزىق نۇقتىلا› خىتايچە نەشرى ئاپتورى، لىن جىڭ لۇڭ، لۇبىن)

ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسىدە ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان گۇۋاھلىق ئېلىش ۋە گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنى ھازىرغىچە ئاساسى جەھەتتىن كىشىلىك ھوقۇققا مەركەزلەشتى ياكى شۇ دائىرىدە داۋاملاشتۇرۇلدى.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، «جۇڭگونىڭ تىبەتنى قانۇنسىز ئىشغال قىلغانلىقى»، «تىبەت ئىشغال قىلىنماستىن بۇرۇن ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت ئىدى»، «جۇڭگونىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى تىبەت مەسىلىسى» دەيدىغان سىياسەت خاراكتېرلىك سىياسى ئۇقۇملار تىبەت توغرىسىدا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسىدە بەلگىلەنگەن سىياسەتتۇر. بىزنىڭ ھەم دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا شۇنداق سىياسەت بەلگىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن كۆپ، ئىنتايىن ئىنچىكە، ئىنتايىن مۇرەككەپ خىزمەتلەرنى ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

3

دۇنيا تارىخى دېگەندە ئەلۋەتتە يەر شارىدا ياشاۋاتقان، ياشىغان ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇشبۇ دۇنيا، دۇنيا بولۇپ يارالغاندىن بېرى، دۇنيادا ئىككىنچى مىللەتنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىمىغان، مۇستەملىكە بولۇپ باقمىغان بىر مىللەتنى ئىزدەپ تاپقىلى بولمىسا كېرەك. شۇنداقلا ئەبەدىي ـ ئەبەت مۇستەملىكە بولۇپ، لېكىن مۇستەقىل بولۇشقا سالاھىيەتلىك مىللەت بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئازادلىقىنىڭ، تالڭ نۇرىنىڭ تەمىنى تېتىماي بۇ ئالەمدىن غايىپ بولۇپ كەتكەن مىللەتمۇ بولمىسا كېرەك. شۇڭا بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا بىر مىللەتنىڭ يەككە ھالدا، ئۆز ئالدىغا ياراتقان تارىخى بولىشى مۇمكىن. لېكىن شۇنداق بولغان ھالەتتىمۇ شۇ مىللەتنىڭ تارىخى ئىككىنچى بىر تاشقى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي، ئۆز ئالدىغا يەكمۇ ـ يەك تارىخ بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ھەر قانداق مىللەتنىڭ تارىخى بۇ ئەمەلىيەتتە دۇنيا تارىخىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

دۇنيادا چوڭ دۆلەتلەر ئارىسىدا، رايونلاردا، چوڭ دۆلەتلەرگە يىراق ـ

يېقىنلاردا ، شۇنداق جۇغراپىيىلىك كەڭلىكتە ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا سۆز ئېچىشقا توغرا كەلسە ، ئىنتايىن پاجىئەلىك دېيىشكە بولىدىغان ۋە ئىنتايىن بەختلىك دېيىشكە بولىدىغان جۈملىلەر بىلەن سۈپەتلەشكە بولىدۇ. چۈنكى بۇ تىپلىق كىچىك مىللەتلەر ھە دېگەندە ياكى چوڭ مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ مۇستەملىكە قىلىۋېلىش قىسمەتلىرىگە دۇچار بولىدۇ ياكى پاجىئەلىك تەقدىرگە يولۇقىدۇ ياكى چوڭ مىللەتلەرنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ ياكى چوڭ مىللەتلەر شۇ ئاجىز - كىچىك مىللەتلەرنىڭ ھامىيسى بولۇپ قالىدۇ.

ھەممىدىن پاجىئەلىك تەرىپى شۇ بولىدۇكى، كىچىك مىللەتلەر رايونلاردا ، چوڭ دۆلەتلەر ئارىسىدا قولدىن - قولغا ئۆتۈپ سېتىلىپ تۇرىدۇ، كىچىك مىللەتلەر، چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك، سىياسى مۇناسىۋەتلەردە سىياسى بېدىكلەرنىڭ قولىدا سىياسى يەمچۈككە ئايلىنىپ قالىدۇ.

تارىخنى كىتاب قىلىپ پۈتۈپ، يېزىپ تارشى پۈتۈكلەرگە ئايلاندۇرۇپ قاتلاپ تاختى بېشىغا ئېلىپ قويىدىغان نەرسە ئەمەس. ئەكسىچە تارىخ ئۆزلۈكسىز، بەلكى دەۋر قىلىپ، ئايلىنىپ تۇرىدىغان دائىمي، زامان خاراكتېرلىك ھەرىكەتتۇر. تارىخ بۇ دېمەك، ھەرىكەتتۇر .تارىخ توغرىسىدا ماركس: «تارىخ، ھەرگىزمۇ ئۆز مەقسىتىگە يېتىشىنىڭ قورالى، دەپ پايدىلىنىدىغان مەلۇم ئالاھىدە سالاھىيەت ئەمەس. تارىخ ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە ئىزدىنىۋاتقان ئادەمنىڭ پائالىيىتى خالاس» دەپ، دەل جايىدا كۆرسەتكەن. يەنە شۇ ماركس: «تارىخى ۋەقەلەر بەزىدە كومېدىيىلىك تۈستە تە كرارلانسا، بەزىدە تراگېدىيىلىك تۈستە تەكرارلىنىدۇ» دەپمۇ كۆرسەتكەن. شۇڭا كىچىك مىللى دۆلەتلەرنىڭ، چوڭ دولەتلەرنىڭ قولىدا قولدىن - قولغا ئۆتۈپ تۇرۇشى، قولدىن - قولغا سېتىلىپ تۇرۇشى دۇنيا ۋەزىيىتىنى يېرىكلەشتۈرىدىغان، ئۆز نۆۋىتىدە دۇنيانىڭ ۋەزىيىتى ئاجىز مىللەتلەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئىش چوڭ دۆلەتلەر ئارا ھوقۇق ئۈچۈن كۈرەشنىڭ ئالاھىدە شەكلى بولۇپ كەلگەن. بۇنداق ئالاھىدە شەكىل يەنە ئۆز نۆۋىتىدە شۇ چوڭ دولەتلەرنىڭ ئىچكى سىياسىتىگىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن، مانجۇ - توڭغۇسلارنىڭ جۇڭگودىكى مىللى ھۆكۈمرانلىقىنى

ئاغدۇرۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ چىققان جياڭ جېشى، (ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن)، تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىنى دەۋر قىلغان ھالدا جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا قانات يايدۇرۇلغان ئىچكى كۆرەشتە، ئىككىنچى بىر خىل كۈچ كوممۇنىست خىتايلاردىن (سابىق سوۋېتلەر ستالىننىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن) يېڭىلىپ، جياڭ جېشى، 1949 ـ يىلى ئامېرىكىلىقلار بوشتىپ بەرگەن تەيۋەنگە كېلىۋالدى. جياڭجېشىنىڭ تارىخى پائالىيتى باشتا كومپېدىيىلىك رەۋىشتە باشلانغان بولسا، ئاخىرلاشقاندا تراگېدىيىلىك رەۋىشتە ئاخىرلاشتى. ئەينى يىللاردا "ھوقۇقنىڭ ئۈستىدە گۈلپەرى" بولۇپ ئولتۇرغان ماۋزېدۇڭنىڭ خوتۇنى جياڭچىڭ، تۈرمىدە ئۆلۈۋېلىپ ھاياتىنى تراگېدىيىلىك رەۋىشتە ئاخىرلاشتۇردى.

دۇنيا، ئەنە شۇنداق بىردىنى ـ بىرىگە ئۆتتۈپ تۇرىدىغان، بىرىدىن ـ بىرى پايدىلىنىدىغان، بىرىدىن ـ بىرى ياردەم ئالىدىغان، بىرى ـ بىرىنى بۇزەك قىلىدىغان، بىرى ـ بىرىنى ئۆلتۈرەلايدىغان، بىرى ـ بىرىنى ھالاك قىلىدىغان، بىرى ـ بىرىنى ئالقىشلايدىغان دۇنيادۇر. بىر تامچە ياش بىر يەردە تۆكۈلمىسە، ئىككىنچى بىرسىنىڭ كۈلكىسى كۈلكە بولمايدۇ، ئىككىنچى بىرسى كۈلۈپ تۇرمىسا ئۈچىنچى بىرسىنىڭ كۆزىدىن ياش تۆكۈلمەيدۇ. ياكى ئاللاھ دۇنياۋى مۇناسىۋەتلەرنى شۇنداق رەھىمسىز ياراتتىمۇ ياكى ئادەملەر ياكى بەندىلەر خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولدى، ۋاپاسىزلىق قىلدىمۇ.

ئۇيغۇر مىللىتى، ئۇيغۇرنىڭ ئوغلى (ياقۇپبەگنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى تارىخچى سابىت ئۇيغۇرى ئىسپاتلىدى) بۇيۇك سەركەردە ياقۇپبەگ دەۋرىدە ئاكوپقا چۈشۈپ، مانجۇ ـ خىتاي چېرىكلىرىنى ئۇيغۇر دۆلىتىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل قوغلاپ چىقىرىپ، مۇستەقىل بەدۆۋلەت ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى قۇرغان ئىدى. (بۇ ھاكىمىيەت 12 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى) ئۇيغۇرلار يەنە ئاكوپقا چۈشۈپ قوراللىق قوزغىلاڭ ئارقىلىق 1933 ـ يىلى قەشقەردە مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرغان بولسا، ئۇيغۇرلا يەنە بىر قېتىم ئاكوپقا چۈشۈپ، قوراللىق قوزغىلاڭ ئارقىلىق 1944 ـ يىلى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىلى ئۆلكىسىدە، غۇلجا شەھرىنى مەركەز قىلىپ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرغان ئىدى. بىراق خەلقئارا بېسىم،

ئامېرىكا، روسىيە، ئەنگلىيە، خىتاي قاتارلىق چوڭ دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي سودىسى، چوڭ دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتىك مەنپەئەتلىرى، چوڭ دۆلەتلەرنىڭ تەسىر دائىر بۆلۈشۈشلىشى ئالدىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرغان دۆلەتلىرى مۇنقەرز قىلىندى. قوراللىق كۈرەش ئۇيغۇرلار ئۈرۈش ئارقىلىق غەلىبە قىلىپ، يەنە قولىدىكى قورالنى تاشلاپ گومىنداڭ خىتايلىرىغا تەسلىم بولغان بۇ تارىخ كومېدىيىلىك تۈستە ئاخىرلاشقان تارىخ بولۇپ ھېسابلىنامدۇ ياكى تراگېدىيەلىك رەۋىشتە يەنە باشلىنىدىغان تارىخ بولۇپ ھېسابلىنامدۇ؟ ئادەملەر دىققەت! تارىخىي ۋەقە، تارىخىي شەيئى ۋە تارىخىي ھادىسىلەر ئاخىرلاشقان، تۈگىگەن يەردە، ئىككىنچى بىر خىل تارىخىي ۋەقە، تارىخىي شەيئى، تارىخىي ھادىسە يەنە باشلىنىدۇ، يەنە تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرنىڭ تارىختا قۇرۇلغان لېكىن، خەلقئارا جاھانگىر كۈچلەر تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان، چار روسىيە ئىمپېراتورلىقى، ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقى، مانجۇ-مەنچىڭ خاندانلىقى قاتارلىق ئۈچ دۆلەت ئوتتۇرىسىدا مۇنقەرز قىلىنغان ياقۇپبەگ بەدەۋلەت ھاكىمىيىتىنى ۋە ئۇيغۇرنىڭ دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقىنى، **1933** - يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان شۇ ھامان ستالىننىڭ ئەسكەر چىقىرىپ باستۇرۇشى ئارقىلىق مۇنقەرز قىلىنغان ئۇيغۇر دۆلىتىنى، ئاۋۋىلى سابىق سوۋېتلەر ھۆكۈمىتى ياردەم قىلىپ **1944** - يىلى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىلى ئۆلكىسىدە قۇرۇلغان لېكىن، خەلقئارادا تۇرغۇزۇلغان "يالتا سىستېمىسى" نىڭ رامكىسى (**1945**) ئىچىدە سابىق سوۋېتلەر ھۆكۈمىتى بىلەن خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتى "موسكۋا شەرتنامىسى"نى (**1945**) ئىمزالاپ ئۇنىڭدىن كېيىن سابىق سوۋېتلەر ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى ستالىن بىلەن خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنىڭ داھىسى ماۋزېدۇڭ **1950** - يىلى موسكۋادا ئىمزالىغان، ئىككىنچى قېتىملىق "جۇڭگو - سوۋېت شەرتنامىسى" ئارقىلىق يوقىتىلغان ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۇيغۇرنىڭ دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان خىلمۇ-خىل كۈرەشلەردە پايدىلىنىش ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان، خەلقئارا ستراتېگىيىلىك سىياسەتلەرگە ئالاقىدار، ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي قوللانمىسىنى تۈزۈپ چىقىش ۋەزىپىسى بۈگۈن، **20** مىليون ئۇيغۇرنىڭ ئىرادىسى تەرىپىدىن كۈن تەرتىپكە قويۇلدى.

مسال سۈپىتىدە تۆۋەنىدە كەلتۈرىدىغان نەقىلمىزدىن بۈيۈك سەركەردە ياقۇپبەگ قۇرۇپ چىققان بەدەۋلەت، دۆلەت سەلتەنەتىنىڭ چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك ۋە مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىگە باغلىق ھالدا قانداق مۇنقەرز قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيسىلەر.

ئەنگىلىيىلىك چارلىز بولگېر ھېكايىسىنى مۇنداق باشلايدۇ:

"....لېكىن بىزنىڭ قولىمىز ئوتتۇرا ئاسىيادا بوغۇچلىنىپ قالغىنى بىلەن، بېيجىڭدا بوغۇچلىنىپ قالمىدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ غەلبىسىنى تەبرىكلىمەكچى بولساق، چوقۇم ئۇلارنىڭ تەڭرىتاغلىرى ئەتراپىدىكى ئۇلۇغ غەلبىلىرىنى تەبرىكلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن بەلكىم، بەزى پايدىلىق نەتىجىلەر چىقىپ قالار. بىزنىڭ ھەم يېڭى خوشنىمىز، ھەم كونا خوشنىمىز بولغان جۇڭگولۇقلار بىلەن دوستانە باردى ـ كەلدى قىلىش ئارزۇيىمىز ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشلىشىغا مۇيەسسەر بولىشى مۇمكىن. جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىز پۈكۈپ بىز بىلەن ياراشمايدۇ؛ (ئاپتور بۇ جۈملىدە سىياسى مەقسىتىنى يوشۇرۇۋاتىدۇ) ئەمما ئۇلار روسلار بىلەن ئازارلىشىپ قالغاندا، بىز بىلەنمۇ ئازارلىشىدۇ، دەپ قاراش ئەقىلغا سىغمايدۇ. بىز تەنتەكلىك قىلمىساقلا، جۇڭگولۇقلارنىڭ بىر تارماق قوشۇنىنى يېڭىپتۇمىش دېگەن ھېلىقى يېرىم مۇستەقىل خوتەن ئاقساقالى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىمىز دەپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويمىساقلا، جۇڭگولۇقلارنىڭ غۇلجا مەسلىسى **1871** ـ يىلى چار روسىيىنىڭ گېنېرالى كولپاكوۋسكى ئىلى سۇلتانلىقىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، خەلقئارادا پەيدا بولغان ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسى غۇلجا مەسلىسىنى كۆزدە تۇتىدۇ تۇپەيلىدىن بىز تەرەپكە ئېغىشى تۇرغان گەپ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەشقەرىيە ھۆكۈمرانى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەنىدە شۇنى ئەستە ساقلاش زۆرۈركى، سودا ـ سېتىقتىن كېلىدىغان پايدىغۇ مۇھىم، لېكىن سىياسى پايدا ئۇنىڭدىنمۇ چەكسىز مۇھىم. قىسقىسى، بىزنىڭ ياقۇپبەگكە ھامىلىق قىلىشىمىزدىن مەقسەت پەقەت كانگېرا **(1)** نىڭ

چېيى ئۆچۈن بازار تېپىپ بېرىشتىنلا ئىبارەت. ئەمما بىزنىڭ سودا جەھەتتە ئېرىشكەن بۇ كىچىككىنە ئەرزىمەس پايدىمىز بىزنىڭ ئاتلىق غازىنى ئېتىراپ قىلىپ قويۇپ، (دېمەك بۇ يەردە ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقى بەدەۋلەت ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلغان دېگەن سۆزمۇ يالغان بولۇپ چىقىدۇ) سىياسى جەھەتتە تارتىدىغان زىيىنىمىزنى مەڭگۇ قاپلىيالمايدۇ... بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ تۇرغان جۇڭگو بىلەن دوستانە بېرىش-كېلىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىشتۇر. ئۇلار (جۇڭگولۇقلار (ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسى (غۇلجا شەھىرىنى چار روسىيىنىڭ قولىدىن) غۇلجىنى قايتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىدۇ-دە، روسىيىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان كېڭەيمىچىلىكىگە تاقابىل تۇرۇشتا چوقۇم بىزگە مايىل بولىدۇ ۋە بىز تەرەپتە تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيىنىڭ يارىشىشىدىن كېلىدىغان مەنپەئەتتۇر"، «ئافغانىستان مەسىلىسى نۇرغۇن جەھەتلەردە (ئۇيغۇرىستاننىڭ غۇلجا شەھىرى بىلەن) غۇلجا بىلەن ئالاقىدار بولغان مەسىلە، ھازىر بۇ ئىشنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى سادالار بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ» (‹ياقۇپ بەگنىڭ تەرجىمھالى› ئۇيغۇرچە نەشرى. ئاپتورى چارلىز بولگېر، ئەنگلىيە.)

ئاپتور بۇيەردە نېمە دېمەكچى؟ جۇڭگونى قوللاپ، جۇڭگوغا بۇلىشىۋاتقان ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقى ئۇيغۇرىستاننىڭ غۇلجا شەھىرى مەسىلىسى بويىچە چار روسىيە ئىمپېراتورلىقىغا بېسىم ئىشلىتىپ غۇلجىدىن چىكىنىپ چىقىپ كېتىپ، غۇلجىنى مانجۇ-مەنچىڭ خاندانىغا بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇرلايدۇ. ئەگەر چار روسىيە ئۇيغۇرىستاننىڭ غۇلجا شەھىرىدىن چىكىنىپ چىقىپ كەتمەيدىغان بولسا، ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقى ئافغانىستان ئىشلىرىغا ئارىلىشىدۇ. شۇڭا ئافغانىستان مەسىلىسى نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۇيغۇرىستاننىڭ غۇلجا شەھىرى بىلەن ئالاقىدار بولغان مەسىلە، غۇلجا شەھىرى مەسىلىسىمۇ نۇرغۇن جەھەتلەردە ئافغانىستان مەسىلىسىگە ئالاقىدار مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا سىياسى سودا قانداق بولىدىكەن ۋەتەنداشلىرىم؟

"...ئافغانىستان مەسىلىسىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ھېچ بولمىغاندىمۇ ئۇيغۇرىستاننىڭ غۇلجا شەھەر مەسىلىسىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزەتتى.

ئەگەر روسسىيە شىر ئەلىنى (2) (شىر ئەلىخان ئافغانىستاندا ئۆتكەن ئەمىرلەرنىڭ بىرى.) بۇ توغرىدا بىزنىڭ پىكرىمىز مۇنداق: سىلىشتۇرساق ئېھتىمال شۇ دەۋىردە ئەمىر شىر ئەلىخان ئەنگىلىيىگە قارشى تۇرۇپ چار روسىيىگە گۇماشتى بولۇشنىڭ يولىنى تاللاپ ئالغان بولسا كېرەك. (ساقلاپ قالمەن دەپ ئۇرۇش قىلماقچى بولىدىكەن، كېسىپ ئېيتالايمىزكى، زوزۇڭتاڭ ئارمىيىسى ھەرگىز قاراپ تۇرمايدۇ، گېنېرال كولپاكوۋىسكى ئالمۇتىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ، يا ئەسكىرى كۈچىگە تايىنىپ قىلچىمۇ ئەھمىيىتى يوق ئۇرۇشنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەگەر روسسىيە شىر ئەلىنى قوغداش ئۈچۈن ئافغانىستانغا ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئارىلىشىدىغان بولسا، ئۇيغۇرىستاننىڭ غۇلجا شەھىرىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشى شەرت، بولمىسا چار روسىيە يان تەرەپتىن قاقشاتقۇچ زەربىگە ئۇچرايدۇ.( بۇ نېمە دېگەنلىك...؟ چار روسىيە يان تەرەپتىن كىمنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايدۇ، ئەنگىلىيىنىڭمۇ ؟) جۇڭگولۇقلار بۇنداق پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيدۇ. شۇڭا ھازىر (ئۇيغۇرىستاننىڭ ئۆلكىسى) ئىلىدىكى ۋەقەمۇ، كابولدىكى ۋەقەمۇ چار روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زومىگەرلىك ئورنىنىڭ تىكلىنىشىگە ياكى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك تەھدىت سېلىۋاتىدۇ. ئەنگىلىيە ئافغانىستاننى ياكى ئېھتىمالغا يېقىنراقى ئافغانىستاننىڭ بىر قىسمىنى ئىشغال قىلىۋالسا، چار روسىيىنىڭ غەربىي تۈركىستاندىكى نوپۇزى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلايدۇ. جۇڭگو ئەگەر (ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسى) غۇلجىنى ئىشغال قىلسا، چار روسىيىنىڭ ئالمۇتا، نارىن شۇنىڭدەك قىرغىزلار ئارىسىدىكى ئورنىغا تەھلىكە يېتىدۇ...") "ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمھالى" ئاپتورى چارلىز بولگېر. ئەنگىلىيە)

كۆرۈپ ئۆتتۇق. دۆلىتىمىز ئۇيغۇرىستاننىڭ ھەتتا ئىلى ئۆلكىسىنىڭ شۇ ۋاقىتتا چار روسىيە ئىمپېراتورلىقى بىلەن ئەنگىلىيە ئىمپېراتورلىقى ئوتتۇرىسىدا قانداق سودىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇ كىتاپنى يازغان ئاپتور

چارلىز بول گىر، ئادەتتىكى يازغۇچى ئەمەس، بەلكى شۇ چاغدا ئافغانىستان ۋەقەلىرىگە، ئۇيغۇرىستان ۋەقەلىرىگە باغلىق ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىلەر بويىچە، ھەربىي ئارىلىشىش مەسىلىلىرى بويىچە، چار روسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدىكى تالاش تارتىشلارغا ئەنگلىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ بىۋاستە قاتناشقان ئادەمدۇر. ئۇنىڭ ئۇستىگە مانجۇ ـ خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىشىنى قوللاپ، ئۇيغۇرنىڭ دولەت قۇرۇشىغا قارشى تۇرۇش، بە دەۋلەت ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇش، بۇ مۇناپىق يازغۇچىنىڭ ئاساسلىق مەيدانى ئىكەن. يۇقىرىقى تارىخى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا زورۇڭتاگنى چار روسىيىگە قارشى كۈشكۈرتكەنمۇ ئەنگلىيە ئىكەن، زورۇڭتاگنى ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىشقا كۈشكۈرتكەنمۇ ئەنگلىيە ئىكەن، چار روسىينى غۇلجىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە زورلىغانمۇ ھەتتا غۇلجا مەسىلىسىنى ئافغانىستان مەسىلىسىگە باغلاپ، ئەنگلىيە بىلەن چار روسىيە تالىشىدىغان مەسىلىگە ئايلاندۇرغانمۇ ئەنگلىيە ئىكەن. تۆۋەندىكى ئابزاسلارغا نەزەر ئاغدۇرساق يۇقىرىدىكى پىكىرلىرىمىز تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يۇز بىرىش ئالدىدا تۇرغان ۋەقەلەر، شەكىللىنىۋاتقان ئەنگلىيە ـ جۇڭگو ئىتتىپاقىنىڭ ئىستىقبالى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق، ئەلۋەتتە. ئەمما ئىنگلىزلار جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇيەردە (ئۇيغۇرىستاندا) ئوتتۇرىغا چىقىشىنى «ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسىدىكى پايدىلىق ئامىل» دەيدىغان قاراشقا كېلىشتىن بۇرۇن، بىزنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز مىسلىسىز دەرىجىدە مۇستەھكەم، دوستانە ئاساسقا ئورنىتىلىشى لازىم. بىز بۇنى قىلىشقا قادىرمىز. روسىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا كۈندىن ـ كۈنگە كېڭىيىۋاتقان چاك بىزنىڭ ۋەزىيىمىزنى بىر مۇنچە ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، روسىيە غۇلجا مەسىلىسىنىڭ ھەرگىز كىچىك مەسىلە ئەمەسلىكىنى چۈشىنىدۇ، ئەنگلىيىمۇ روسىيە بىلەن ئۇزۇن مۇددەت كۈچ سىنىشىش جەريانىدا غۇلجا مەسىلىسىنىڭ ئەڭ پايدىلىق ئەھۋاللارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئۆزى ئۈچۈن مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە رول ئوينايدىغانلىقىنى (مۇبادا ئەنگلىيە غۇلجىنى دىپلوماتىك بېسىم ئارقىلىق

چار روسىيىنىڭ قولىدىن ئېلىپ مانجۇ ـ خىتايلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرەلىسە، يىراق شەرقتە جۇڭگودىن ئىنتايىن كۆپ نەپ ئالالايدىغانلىقىنى، ئاپتوردىن) چۈشىنىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ چېگرىسىدا جىددى ۋەزىيەت شەكىللەنگەن چاغدا، كابۇللۇق ئەمرنى (شىر ئەلىنى دېمەكچى بۇ يەردە مېنىڭ يۇقىرىقى تەھلىلىم توغرا بولۇپ چىقتى) جازالاش ئۈستىدە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىنىۋاتقان چېغىمىزدا، روسىيە ئۆز ئورنىنىڭ جۇڭگو بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ دىققەت نەزەرىنى يەنە باشقا تەرەپكە قاراتمىسا بولمايدىغانلىقىنى سەزگەندى. ئۇلارنىڭ (چار روسىيىنىڭ) جۇڭگولۇقلار تەلەپ قىلغان نەرسىگە ماقۇل دېگۈسى كەلمەيدۇ، لېكىن ئۇنى رەت قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ؛ جۇڭگولۇقلار روسىيە تاكى باشقا بىر ئورۇندا قىيىنچىلىققا بوغۇلۇپ قالغىچە كۈتۈپ تۇرالايدۇ. جۇڭگولۇقلار غۇلجىنى كېلەر يىلنىڭ ئاخىرى (**1881** ـ يىلى) ياكى ئۇنىڭغا قالماي تىنىچ يول بىلەن ياكى قورال كۈچى بىلەن قايتۇرۇپ ئالىدۇ دېسەك، ھەرگىزمۇ قارىسىغا ھۆكۈم قىلغان بولمايمىز. شۇ چاغدا ئاسىيادىكى ئۈچ چوڭ دۆلەتنىڭ ئىككىسى ئاسىيانىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىتتىپاق تۈزىدۇ.

(مانجۇ ـ مەنچىڭ بىلەن ئەنگلىيە دېمەكچى) بۇ ئىتتىپاق ئالدىدا، ئۈچىنچى دۆلەت (چار روسىيە دېمەكچى) قوينىڭ قۇزىسىدەك باش ئېگىپ تەقدىرىگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇ كۈنلەر يېتىپ كەلگەندە، بۇرۇنقى ساۋاقلىرىمىزنى ئەلتۈكۈس، ئۆز ۋاقتىدا قوبۇل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. (ھەي، ئەنگلىيە، ئۇيغۇرنى مانجۇ ـ مەنچىڭغا سېتىپ بەرگەن ئەنگلىيە! ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە ئۇيغۇرنى كىمنىڭ قانداق ساتقانلىقى توغرىسىدا تېخى تولۇق پاكىتقا ئېرىشمىگەن ئىكەن. ئەمدى بۇگۈن ئاز بولسىمۇ دەسلەپكى چاغلاردا ياكى **19** ـ ئەسىردە ئەنگلىيە بىلەن چار روسىيىنىڭ تۈنجى بولۇپ ئۇيغۇرىستاننى مەنچىڭ ـ مانجۇ خاندانلىقىغا ساتقانلىقىنى بىلىۋالدۇق. ئەگەر چار روسىيە بىلەن ئەنگلىيە، مەنچىڭ ـ مانجۇ خاندانلىقىغا يان تاياق بولمىغاندا ئىدى، مانجۇ ـ مەنچىڭ ئۇيغۇرىستانغا قانچە قېتىم

تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن بولسا، ئۇيغۇرلار تاجاۋۇزچىلارنى يەنە شۇنچە قېتىم ئۇرۇش بىلەن قوغلاپ چىقارالىغان بولاتتى.)

ياقۇپبەگ دۆلەت قۇرغان دەۋىردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىقىدەك ئىدى.

روسىيە، مانجۇ ـ مەنچىڭ سولالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن مەزگىلدە، يەنە ئەنگىلىيە بىلەنمۇ مەخپى سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇيغۇر دۆلىتىگە تەئەللۇق (كىتابتا جۇڭگوغا تەۋە دېيىلگەن) پامىر رايونىنى مەخپى بۆلۈشۇۋالغان. 1895 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئىككى تەرەپ (ئەنگىلىيە ـ روسىيە كېلىشىمى) نى ئىمزالىغان. كېلىشىمدە ئەنگىلىيە (ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق) ۋە روسىيىنىڭ پامىردىكى ”چېگرا سىزىقى“ بەلگىلىنىپ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پامىر رايونى ئىككى قىسىمغا ئايرىلىپ، جەنۇپتىكى ۋاھان پامىر ئەنگىلىيىنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسىگە ئايرىپ بېرىلگەن، قالغان لانكۆل پامىر، ئالچۇر پامىر، چوڭ پامىر، كىچىك پامىر، سالىز پامىرنىڭ بىر قىسمى روسىيىگە ئايرىپ بېرىلگەن. (ئەنگىلىيە ـ روسىيە كېلىشىمى) ئەينى چاغدا ئىككى جاھانگىر دۆلەتنىڭ ئۇيغۇرلاردىن يوشۇرۇن ھالدا ئىمزالىغان ئۇيغۇرلارنىڭ پامىر رايونىنى بۆلۈشۇۋېلىش كېلىشىمى، بولۇپ ھېسابلانغان.

(«جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» ئاپتورى لى شېڭ ئۇيغۇرچە نەشرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006يىلى.)

# بىرىنچى بۆلۈم

ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ تارىخ ئاساسلىرى ئەجدىها بىلەن بۆرە

«.... هۆكۈمدارلارنىڭ ئېيتىشىغا قارايدىغان بولساق، شىنجاڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلىدىن باشلاپلا جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، ئەمما ئەڭ توغرىسى ئۇنى ئىككى مىڭ يىل ئىچىدە جۇڭگونىڭ 60 ـ ياكى 70 ـ قېتىملىق تاجاۋۇزى ئارقىلىق بېسىۋېلىنغان بىر دۆلەت دېگەن تۈزۈك.

بىرىنچى قېتىملىق خىتاينىڭ تاجاۋۇزى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 102 ـ يىلى پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغان. ئىككىنچى قېتىم مىلادى 1 ـ ئەسىردە خىتاينىڭ تاجاۋۇزچى ئەسكىرى بەن چاۋنىڭ قوماندانلىقىدا ۋاقىتلىق غەلىبە قىلغان. 7 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا تاڭ سولالىسى قىسقا ۋاقىت هۆكۈمرانلىق قىلغان. 13 ـ ئەسىردە بۇ زېمىننى مۇڭغۇللار ئىگەللىۋېلىپ ئىشغال قىلىۋالغان. ئەمما 19 ـ ئەسىردە ياقۇپبەگ مانجۇلارنى قوغلاپ چىقىرىپ (بە دەۋلەت ـ ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققان) زوزۇڭتاڭنىڭ قايتا ئىشغال قىلىشى (1884 ـ يىلى) بولسا ئەسىر ئاخىرىدا پادىشاهلىقنىڭ ئاغدۇرۇلىشى (مانجۇ ـ خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ ئاغدۇرۇلىشى) بىلەن تەڭلا كۈچىنى يوقاتقان.

پەقەت 1949 ـ يىلىدىن كېيىنلا (شىنجاڭ) نىڭ ئىگىلىك هوقۇقى (قىزىل خىتاي) جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ قولىغا ئۆتكەن.

مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر قىلىشىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ «يېڭى زېمىن» (شىنجاڭ) نىڭ ئىگىلىك هوقۇقى غەرب بىلەن شەرق ئارىسىدا قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ تۇرغان. مىلادىدىن كېيىنكى 2000 يىللىق تارىخ ئىچىدە جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ھەقىقى كونتۇرول قىلغان ۋاقتى 500 يىل ئەتراپىدا دېيىشكىمۇ پەقەت بولمايدۇ. (بۇ يەردە ئاپتور كىرىستىن تەيلېر، خىتايچە يېزىلغان تارىخى مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ، غەربتە يېزىلغان تارىخى كىتابلاردىن پايدىلانغان بولۇشى مەمكىن. خىتاي يازغان ئۇيغۇرغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق تارىخنى يالغان دېيىشكە ھەقلىقمەن. بۇنىڭ پاكىتىنى تۆۋەندە

كەلتۈرۈمەن) پەقەت بۈنىڭدىن 250 يىل ئىلگىرى، چىيەنلۇڭ خان غەرب تەرەپتىن (پادىشاھ ئوردىسىغا بىر كىلىن ـ ئىپارخاننى ئېلىپ كەلگەن) ئۇنى تاكى بۈنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن يەنە بىر قاسقان شەپكىلىك، قىزىل يۇلتۇز تاقىغان خىتاي خان كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا (ئەسلا) بويسۇندۇرالمىغان. يېڭى كەلگەن كوممۇنىست خان، بۇ نازىنىننىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، (كۆڭلىنى) ئالالماي، بويسۇنۇشقا قاتتىق مەجبۇرلىغان بولسىمۇ، ئاخىرى (بويسۇندۇرالمىغان) بۈگۈن بۇ نازىنىن (بۇ يەردە ئاپتور خىتاي ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار دېمەكچى) جەمئىيەتنىڭ بۆلۈنۈش ـ پۈشقاقلىرىغا ھەيدەلمەكتە. «ھەقىقى ئىتتىپاقلىشىمىز» دەپ ئۇيغۇرلارغا بەرگەن يالغان ۋەدىلەرمۇ بۈگۈن پۈتۈنلەي ئۇنتۇلدى.

ماۋزېدۇڭ مىللى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئىدىيىسىنىڭ سېھىرلىك پورمۇلىسىنى قوللانغان بولسىمۇ، ئاخىرى بۇ پورمۇلا مەغلۇپ بولدى. ئەمما بۈنىڭلىق بىلەنلا قالماستىن، ماۋزېدۇڭنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئىجتىمائىي ئىدارە قىلىشىغا ئىنتايىن زىيانلىق بولدى ۋە ئۇنىڭ ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى بۈگۈن ھەممە يەردە ئەۋج ئالغان مىللى كەمسىتىش ۋە ئىرقى ئايرىمچىلىققا يول ئېچىپ بەردى. بۇ رايوننىڭ ئەسىرلەردىن بېرى قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ تۇرغان ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، ئەبەدى (ئۆزىنىڭ كونتۇرۇللىقى ئاستىغا ئېلىشنى) نىيەت قىلغان ماۋزېدۇڭنىڭ ۋارىسلىرى، بۇ رايوننى خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن «غەربى رايوننى ئېچىش» دەيدىغان سىياسەتنى بەلگىلەپ، غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆچمەنلەرنى كۆچۈرۈپ ئىش باشلىۋەتتى.

ئۇيغۇرىستاندا (شىنجاڭ) دا مىللەتچىلىك يەر ئاستىدا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ ـ يۇ، ئەمما يەر يۈزىگە چىقىشتىن يىراق ئەمەس. ئەگەر جۇڭگونىڭ مەقسىتى (ئۇيغۇرلارنى) تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش بولسا، ياتلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان ياكى ئىدارە قىلىنغان باشقا ئەللەرنىڭ ئاچچىق تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى ئۇنىڭغا (جۇڭگوغا) خوش ياقمايدۇ. مەسىلەن: نەچچە يۈز يىل ئىنگىلىز ھاكىمىيىتى ئاستىدا تۇرغان بولسىمۇ، ئېرلاندىيىلىكلەر كۈچلۈك بىر

دۆلەتتىن مۇستەقىللىقنى تارتىپ ئالغان چاغدا، ۋەيلىشلەر يەنىلا ۋەيلىش، شوتلاندىيىلىكلەر يەنىلا شوتلاندىيىلىك پېتى قالدى. ئۇيغۇرلار، مانا مۇشۇنىڭدەك قىلىشى مۇمكىن. گەرچە تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتتە بىر ئاز ئۆزگەرسىمۇ، ئەمما زۇلۇمغا ئۇچرىغان بىر ئۇيغۇر مىللىتى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر ئوبرازنى ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك ھېس قىلالىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت پەرقى يەنە چوڭقايمايدۇ. رىمنىڭ قۇرغۇچىسى رومۇلۇس بىلەن رېمۇسقا ئوخشاش ئۇيغۇرلار، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئۆتمۈشتە بۆرە تەرىپىدىن ئېمىتىلگەنلىكىنى سۆزلەيدىغان ئەپسانىلەرگە قولاق سالىدۇ. خىتايلاردا بولسا ئەجدىھا خاقانغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئىككى مىللەت ئۆز ئالدىغا پەخرلەنگەن جانىۋارلار بىر زېمىندا بىللە ياشىيالمايدۇ.» («تىنجىماس ئۇيغۇر دىيارى» ئۇيغۇرچە نەشرى. كىرستېن تايلېر. ئەنگلىيە)

## بىرىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى

قايسى مىللەتنىڭ قانداق كېلىپ چىقىشى يەر شارىنىڭ يارىلىشىغا، يەر شارىدا ھاياتلىقنىڭ پەيدا بولۇشىغا باغلىق بولغانىدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشىنى يەر شارىدا ھاياتلىقنىڭ، ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. ھەرگىز خىتايلارغا ئوخشاش "بېيجىڭ ئادىمى"، "جۇكۇدىيەن ئادىمى" پەيدا بولغاندىن كېيىن، يەر شارىدا باشقا ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر توپى پەيدا بولغان، يەنى يەر شارىدا ياشىغۇچى ئىنسانىيەت پەقەت "جۇكۇدىيەن ئادىمى" دىن تارالغان، "بېيجىڭ ئادىمى" ئىنسانلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدۇر، (ئوتتۇرا مەكتەپتە شۇنداق ئوقىغان ئىدىم) دېگەنىدەك، ئادەملەر بىر ئۇرۇقتىن تارالغان ياكى بىرلا قەبىلىدىن تارالغان دەيدىغان سەپسەتەلەرگە ئىشەنمەسلىك كېرەك.

ئۇيغۇرلار ئۇرۇقتىن قەبىلىگە، قەبىلىدىن مىللەتكە تەرەققى قىلغۇچە زامان ـ زامانلار ئىچىدە تىل تەرەققىياتىنىڭ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ،

ئىقتىسادقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى ئۆز گىرىشىنىڭ، ئاڭ ئۆزگىرىشىنىڭ مەسىلەن، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەم ماددى ئېھتىياجىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ھەم ئاڭ قاتلىمىدا پىكىر، تەپەككۇرنىڭ ئۆزگىرىشىگە باغلىق ھالدا بارلىق ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن مىللەتتۇر. تارىختا تالاي ـ تالاي قېتىم تاجاۋۇزچىلارنى ئۇرۇش بىلەن چېكىندۈرگەن بۇ مىللەت ئۇيغۇرلار، بۇگۈنكىدەك مۇستەملىكە بولۇپ قالغىچە ياكى تىلىنى يوقاتماي، ياكى مەدەنىيىتىنى يوقاتماي، ياكى ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى يوقاتماي ياشاپ كېلىۋاتقان مىللەت ئىدى. ئەمدى ھازىر بۇ مىللەتنىڭ يەر شارىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئىنتايىن زور تەھدىتكە دۇچ كەلدى.

مىللەتنىڭ دىنى ئېتىقادى، مىللەتنىڭ سىياسى ئېتىقادى، سىياسى تەجرىبىلىرى (تارىختا جامائە بولۇپ ئۇيۇشمىغان، جەمئىيەت تەشكىللىمىگەن، خانلىق، سولالە، پادىشاھلىق دۆلەت ۋە ھازىرقى زامان دۆلىتى قۇرمىغان بىرمۇ مىللەت بولمىسا كېرەك) ئىقتىسادى، بەدىئى سەنئەت، ئىلىم ـ پەن، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، تېخنىكا، يەرلىك تېخنىكا، مائارىپ، تىل، دىن، ئۆرپ ـ ئادەت، تۇرمۇشنى تەشكىللەشكە مۇناسىۋەتلىك يوسۇن ـ قائىدىلەرنىڭ ھەممىسى نۆۋەتتە زامانىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ مىللى مەدەنىيىتىنى تەسۋىرلەپ ئانالىز قىلىپ، بۇ مىللەتنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشىغا ئىزدىنىشتە ئېتنوگرافىيىلىك مەنبە بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىرخىل مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى شۇ مەدەنىيەتنى ياراتقان مىللەتنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشىغا باغلىق بولىدىكەن، پەقەت شۇ خىل مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىقلا يەنە شۇ مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىلىشنىڭ يىلتىزىغا يەتكىلى بولىدۇ.

ئەگەر بىزنىڭ يېتىپ بارىدىغىنىمىز يۇقىرىقى ئامىللارنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئەمەلىيەت بولىدىغان بولسا، بىز شۇ نەرسىنى ئېنىق كۆرۈپ ئالالايمىزكى، دېمەك، بىزنىڭ يېتىپ بارىدىغىنىمىز مۇھىمى ـ بىر مىللەت ھەرىكىتىنىڭ ئەندىزىسى يەنى بىر مىللەت ھەددى ـ ھەرىكىتىنىڭ شەكلىدۇر. ئىدىيىۋى پىكىرلەرنىڭ ئەندىزىسى ۋە ھېسسىياتنىڭ ئەندىزىسى ئىچكى دۇنيا ـ روھىيەتنىڭ ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىدۇر. بىر مىللەتنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشىنى ئىسپاتلاپ

بېرىدىغان ماددى بەدەن بىلەن روھنىڭ بىرلىكىدىن ۋە مىللى روھ ئىجات قىلغان شۇ مىللەتكە تەئەللۇق بولغان مەدەنىيەت ئامىللىرىنى تەكشۈرۈشتىن، تەتقىق قىلىشتىن باشقا يەنە نېمىنى پاكىت قىلغىلى بولىدۇ؟

**1 ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشىغا ئائىت رىۋايەتلەر ۋە ھەقىقەتلەر.**

ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق ھەرخىل مەنبەلەردە ھەر خىل رىۋايەتلەر ئېيتىلىدۇ... بىرىنچى رىۋايەت "تارىخ تەبەرى"دە ئېيتىلىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى زاماندا يەر يۈزىدە توپان بالاسى بولۇپ، نۇرغۇن ئەللەرنى سۇ بېسىپ كەتكەن ئىكەن. نوھ پەيغەمبەر كېمە ياساتىپ، ھەر بىر جانلىقلاردىن بىر جۈپ جانلىقنى كېمىگە چىقىرىپ ئالغان ئىكەن... بۇ رىۋايەت بويىچە ئۇيغۇرلار نوھ پەيغەمبەرنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ياپەسنىڭ ئەۋلادى بولۇپ چىقىدۇ.

"ئوغۇزنامە داستانى" دا ئېيتىلىشىچە: كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇزخان ئوۋغا چىقتى... ئۇ بىر جايدا تەڭرىگە سېغىنىۋاتاتتى... ئالەم قاراڭغۇلىشىپ ئاسماندىن بىر كۆك نۇر چۈشتى. ئوغۇزخان قېشىغا بېرىپ بۇ نۇرنىڭ ئىچىدە بىر قىزنىڭ تەنھا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى... بۇ رىۋايەت بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ دادىسى ھەم خاقانى ئوغۇزخان، ئانىسى بولسا، كۆكتىن چۈشكەن ئىككى نەپەر ھۆر پەرى قىزلار بولۇپ چىقىدۇ.

"ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق ھەقىقەت شۇكى، خىتاي مەنبەلىرىگە، ياۋروپا تارىخچىلىرىنىڭ ئىلمى ئەمگەكلىرىگە، ئالىملار قېزىپ چىققان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار بىلەن يازما يادىكارلىقلارغا ۋە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى ئەجدادلىرىنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى مۇنۇ ئىككى رايوندا ياشىغان قەۋملەردىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى رايونلار بولۇپ، كاسپى دېڭىزىدىن بايقال كۆلىگىچە سوزۇلغان كەڭ زېمىندا ياشىغان دى، دىلى،دىڭلىڭ، گاۋچېي، تىلى، ئوغۇز، قۇمان، داغار، قامىق، ھازار، ھون، ئاۋار، ئۇيغۇر، قاز، پېچىنەك ۋە باشقا قەۋملاردۇر. يەنە بىرى،

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار بولۇپ، ھازىرقى چىڭخەي «كۆكنۇر» دىن تارتىپ تارىم ۋادىسى ئارقىلىق قاراقۇرۇم تېغىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا ياشىغان: ئېۋۇ، جۇشى، يۆجى، دى، چاڭ ۋە باشقا قەۋملاردۇر. مۇشۇ ئىككى جۇغراپىيىلىك دائىرىدە ياشىغان تۈرلۈك ـ تۈرلۈك قەۋملەرنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇشىدىن ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتى شەكىللىنىپ چىققان. بىز مۇشۇ مەلۇماتنى ھەقىقەتكە يېقىن بولسا كېرەك دەپ ئويلايمىز. چۈنكى قەدىمكى زاماندا مۇشۇ رايوندا مۇشۇنداق نام بىلەن ئاتىلىدىغان قەبىلىلەر ياشىغانلىقى راست. بۇلارنىڭ بەزىلىرى بىۋاستە، بەزىلىرى ۋاسىتىلىك ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان بولۇشى تەبىئىي"(ئۇيغۇر ئالىمى ئىمىن تۇرسۇن) .(" ئۇيغۇرنامە" دىن ئېلىندى. ئاپتورى: سابىت ئۇيغۇرى.)

مەلۇمكى خىتاينىڭ تارىخ مەنبەلىرىدە ئەڭ قەدىمكى زاماندىكى «توققۇز ئۇيغۇر»، قەبىلىلىرىنى «دىڭلىڭ» دەپ، «ئون ئۇيغۇر» قەبىلىلىرىنى بولسا، «دىلى» دەپ ئاتىغان. بۇ قەبىلىلەر ئۆز ئارا قوشۇلۇپ «تۇرا» دېگەن ئورتاق نامغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، خىتاي تارىخچىلىرى ئۇلارنى "تىلى" دەپ ئاتىغان. «تىلى» لارنى جايلاشقان ماكانلىرىغا قاراپ «شەرقىي تىللار»، «غەربىي تىللار» دەپ ئاتاشقان. مىلادى 5 ـ ئەسىردە «تىلى» قەبىلىلىرىدىن ئۇيغۇر، بۆكە، توڭرا، بايىرقۇ قەبىلىلىرى بىر ئىتتىپاق تۈزۈپ، «ئۇيغۇ» دېگەن ئورتاق نام ئوتيۇتنغا چىققان. مىلادى 6 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇيغۇرلار چوڭ قاغانلىق بولۇپ، تارىخ سەھنىسىگە چىققان . (يۇقىرىقى كىتابتىن) (2)

تارىخچىمىز تۇرغۇن ئالماسمۇ «ئۇيغۇرلار» ماۋزۇلۇق تارىخ ئەسىرىنىڭ (35 ـ 34 ـ بەتلىرىدە) ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشىغا ئائىت يۇقىرىقى رىۋايەت ۋە ھەقىقەتلەر توغرىسىدا ئوخشاش توختىلىپ ئۆتكەن.(3)

### 2 ـ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى ئۇزاق ۋە مۇرەككەپ جەريانلارنى بېسىپ ئۆتكەن. ئەڭ قەدىمقى زامانلاردا تارىم ۋادىسى بىلەن جۇڭغار دالاسىدا، ئىلى ۋادىسى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىدا، پەرغانە ۋادىسى بىلەن ئىسسىقكۆل بويلىرىدا يەتتە سۇ بىلەن ئالتاي تېغى ئارىسىدىكى ئوتلاقلاردا چارۋىچىلىق

كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، «توققۇز ئۇيغۇر»، «ئون ئۇيغۇر» قەبىلىلىرى ياشايتتى. ئەنە شۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مۇشۇ زېمىنلارنىڭ تۇپلۇق ئاھالىسى، ھەقىقى ئىگىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ يەرلىك ئۇيغۇرلارغا مىلادىيىدىن 1000 يىل ئاۋۋال (ھازىردىن 3000 يىل ئاۋۋال) شىمالى تەرەپتىن ساك قەبىلىلىرى كېلىپ قوشۇلغان. مىلادىيەنىڭ باشلىرىدا (ھازىردىن 2000 يىل ئاۋۋال) شەرق تەرەپتىن ھون قەبىلىلىرى كېلىپ قوشۇلغان... شۇنىڭدەك، تۈرلۈك دەۋرلەردە تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن غەرب تەرەپتىن ئارىيانلار، سوغدىلار، تۇخارلار ۋە باشقىلار كۆچۈپ كېلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى قىسمىغا ئورۇنلاشقان ۋە ئاستا - ئاستا يەرلىك ئۇيغۇرلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ سىڭىپ كەتكەن. يېڭىدىن كېلىپ قوشۇلغان بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەسلى ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەردىن كېلىپ چىققان بولغانلىقتىن، يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن ئاسانلا ئۆزلىشىپ سىڭىپ كېتىشكەن.

3 - ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقى ئالاھىدىلىكى

... ئەمدى، ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى ئىرقى تىپلارنىڭ قايسىغا كىرىدۇ، دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇرلار مەنسۇپ بولغان ئانتروپولوگىيىلىك تۈركۈمىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەبىئى شارائىتلىرىدىن كېلىپ چىققان. يېقىنقى زاماندىكى ئانتروپولوگىيە ئالىملىرى مەركىزى ئاسىيانىڭ يەر ئاستىدىن تېپىلغان قەدىمكى زامانغا ئائىت ئىنسانلارنىڭ باش سۆڭەكلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، قەدىمكى زاماندا بۇ تەۋەدە ياشىغان ئىنسانلارغا «ئارىيان - تۇران ئىرقى تىپى» دەپ نام بېرىشتى.

بىز ياخشى بىلىمىزكى تۇرانلار - شەرقىي ئۇيغۇرلار؛ ئارىيانلار - غەربىي ئۇيغۇرلاردۇر. ئۇنداق بولغاندىن كېيىن «ئارىيان - تۇران ئىرقى تىپى» دېگەنلىك، ئۇيغۇر ئىرقى تىپى دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇلار (يەنى تەتقىقاتچىلار) «ئارىيان - تۇران ئىرىق تىپىدىكى بۇ ئىنسانلار شەرقىي ئاسىيادىكى سېرىق تەنلىكلەر جىنسىغا ئەمەس، بەلكى ياۋرۇپادىكى ئاق تەنلىكلەر جىنسىغا كىرىدۇ» دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى.

يەنە بىر پاكىت 1984 - يىلدىن كېيىن خىتاينىڭ ئىنسانشۇناس

ئالىملىرىدىن خەن كاڭ شىڭ، زۇ چۇڭ شىن قاتارلىق ئالىملار، خوتەننىڭ سامپۇل قەدىمى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان، ۋاقتى ئېرامىزدىن ئاۋۋالقى 3 ـ ئەسىرگە توغرا كېلىدىغان باش سۆڭەكلەرنى تەكشۈرۈپ، تەھلىل قىلغاندىن كېيىن بۇ قەدىمى ئىنسانلار ئانتروپولوگىيىلىك تۈزۈلۈش جەھەتتە قازاقىستاندا تېپىلغان ئاندىرونوۋ تىپىدىكى ئىنسانلار بىلەن تامامەن بىردەك ئىكەنلىكىنى، يەنى تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئىنسانلار، ياۋروپا ئىرقىنىڭ يەر ئوتتۇرا دېڭىز تارمىقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇ يولدا بىزنىڭ ”ئۇيغۇرلار ھىندى ـ ياۋروپا تىپىدىكى ئاق تەنلىك ئىنسانلار بولۇپ، شەرقىي ئاسىيادىكى سېرىق تەنلىك ئىنسانلارغا قاراتسا قېنى قوشۇلمايدۇ»، دېگەن پىكرىمىزنى تەستىقلايدۇ.

ئامېرىكا تارىخشۇناسى ماك گوۋرىننىڭ كۆرسىتىشىچە: «ئارىيانلار بۇ ھىندى ـ ياۋروپا تىپىدىكى دېڭلىڭلار يەنى توققۇز ئۇيغۇرلاردۇر.»

يەنە بىر تارىخچىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن بولسا، «ئارىيان ـ تۇران» بۇ ئىسىم ئانتېرپولوگ ئالىملىرى تەرىپىدىن قويۇلغان ئىرقى كاتوگورىيىنىڭ نامى. ئەسلى بولسا، ئارىيانلارنىڭ تىلى كېيىنكى تۇران ـ ساكلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ تىلى ئىدى»، دەيدۇ. («قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا»، 77 ـ بەت) قىسقىسى، ئۇيغۇر ئاتالغۇسى يالغۇز مىللەتنىڭلا نامى بولۇپ قالماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيا تىپىدىكى ئىنسانلار تۈركۈمىنىڭ يەنى ئىرقىنىڭ نامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. (”ئۇيغۇرنامە“ ئاپتورى: سابىت ئۇيغۇرى)

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى توغرىسىدا تارىخچىمىز سابىت ئۇيغۇرنىڭ يېزىشىچە، پىروفېسسور ئا. ن. بېرنشتام قولىدىكى ئىشەنچىلىك دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئاساسلىنىپ تۆۋەندىكىدەك جاۋاب بەرگەن: «مەركىزى ئاسىيانىڭ كەڭ فازاسىغا(قوينىغا) تارقىلىپ ياشىغان ئۇيغۇرلار ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنىي، تىل، پىسخىكا جەھەتلەردە ئورتاقلىققا ئېرىشىپ، بۇقاخان (ئەپراسىياپ) دەۋرىدىلا مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن، ھونلارنىڭ دەۋرىدە بۇ جەريان تاماملاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش تارىخى، كەم

دېگەنــدە هونلارنىــڭ قەبىلــۋى ئىتتىپاقــى دەۋرىدىــن باشلىنىشــى كېــرەك. شــە رقــي تۈركىســتان دەپ (ئاتىلىشــمۇ شــۇ چاغــدا ئەمەلدىــن قالدۇرۇلــۇپ) بــۇ زېمىنىنــڭ ئىســمى ئۇيغۇرىســتان دەپ ئاتالغــان. يازما مەنبەلەردە بولسىا، شــەرقىي تۈركىســتان (دەپ ئاتالمــاي) ئۇيغــۇر مىللىتىنىــڭ نامــى بىلــەن ئۇيغۇرىســتان دەپ ئاتىلىشــى مىــلادى ـ 5ئەســىردىن باشــلىنىدۇ»، (ئــا. ن. بېرنىشــتام كىتابى ـ 33 بــەت) . باتــۇر تەڭرىقــۇت مۇدەخــان تەشــكىل قىلغــان هــون ئىمپېرىيىســى 500 يىلغــا يېقىــن هۆكــۈم سۈردى. مۇشــۇ 5 ئەســىرلىك بىرلىشــىپ ياشاش جەريانــدا كۆپلىگــە ئۇيغــۇر تىللىــق قەبىلىلــەر ئــۆز ئــارا يۇغۇرۇلــۇپ (قوشــۇلۇپ) بىــر مىللەت بولــۇپ شــەكىللەنگەنلىكى ئەينــى ھەقىقــەت.

دېمــەك، ئۇيغــۇرلار ئۆزلىرىنىــڭ مىللــەت بولــۇپ شەكىللىنىشــىدە، ئاســاس بولغــان هونــلار ئىتتىپاقىدىــن، ئۇنىــڭ قۇرغۇچىســى باتــۇر تەڭرىقــۇت مودەخــان (ئوغۇزخاندىــن) مىننەتــدار بولىشــى كېــرەك. (نەقىــل ”ئۇيغۇرنامە“دىــن ئېلىندى)

ئەمــدى تارىــم ۋادىســىدىكى ئۇيغۇرلارنىــڭ مىللــەت بولــۇپ شەكىللىنىشــى توغرۇلــۇق مەســىلىگە كېلەيلى، هازىرقى دۇنيــا ئالىملــىرى ئارخېئولوگىيىلىك دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئاساســلىنىپ، تارىــم ۋادىســىدا بۇنىڭدىــن 7 ـ 6مىڭ يىلــلار بۇرۇنلا ئۇيغۇرلارنىــڭ قەبىلىلىرىنــى ئاســاس قىلغــان شــەهەر دۆلەتلــىرى بــار ئىــدى دەپ، هېســابلىماقتا. دەســلەپكى ئۇيغــۇر ئىمپېرىيىســىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغىمــۇ ســەل كــەم 5000 يىــل بولــدى، ئەگــەر بىــز، دۆلــەت مىللەتنىــڭ مەهسۇلى دەيدىكەنمىــز، ئــۇ چاغــدا شــەرقىي ئۇيغۇرىســتاندا ئۇيغــۇر مىللىتىنىــڭ شــەكىللەنگەنلىكىگە كــەم دېگەنــدە 3000 يىــل بولــدۇ.(4( (”ئۇيغۇرنامە“دىــن ئېلىنــدى)

## ئىككىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرۇش تارىخى

«دۆلــەت مەنتىقــى، ئەقىــدە ـ ئېتىقادنىڭ رېئاللىقى بولۇپ ئاشــكارىلانغاندا، ئۆزىنــى بىلگۈچــى هەقىقــى ئىرادىنىــڭ قائىدىلەشــكەن روهــى ســۈپىتىدىمۇ ئىپادىلىنىــدۇ، بۇنــداق قائىدىلەشــكەن روھ ئۆزىنــى تەپەككــۇر قىلىــدۇ ۋە ئۆزىنــى بىلىــدۇ، ھەمــدە ئــۇ بىلگەن بارلىقنــى بەلكى ئــۇ بىلىدىغان بارلىقنــى تاماملايدۇ.

دۆلەت بىۋاستە ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ ئىچىدە بولىدۇ، بەلكى ۋاستىلىق هالدا شەخسنىڭ، ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ، ئۇنىڭ بىلىم ـ ئەقلىنىڭ، هەددى ـ هەرىكىتىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ئوخشاشلا شەخسنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى، سىياسىي كەيپىياتقا ئىگە بولغانلىقتىن دۆلەت ئىچىدە بولىدۇ، يەنى ئۇ، (شەخسنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى) ئۆزىنىڭ ماهىيىتى ئىچىدە بولىدۇ، ئۆزىنىڭ هەرىكەت قىلىش مەقسىتى ۋە نەتىجىلىرىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى (دۆلەت ئارقىلىق) ئەركىنلىكىگە ئىگە بولىدۇ.

قوشۇمچە شەرهى: ئائىلىۋى روھ، ئىچكى ۋە تۇۋەن دەرىجىلىك روھتۇر؛ مىللىي روھ ئۆزىنى بىلگۈچى ۋە ئۆزىگە تەلەپچان، ئۆزىگە ئېھتىياجلىق مۇقەددەس نەرسىدۇر. ئائىلىۋى قائىدە يوسۇنلارغا ئەمەل قىلىش سەزگۈ ـ سەزگۈلەردە ئىپادىلەنگەن قائىدە ـ يوسۇنلار؛ سىياسىي ئەخلاقىقا كەلسەك، ئۆزىدە ئۆزى ئۈچۈن مەۋجۇدىيەت تەپەككۇر قىلىنغان مەقسەتنىڭ تەلەپلىرىدۇر.» («قانۇن پەلسەپەسىنىڭ قائىدىلىرى» ئاپتورى: گېگېل)

يۇقىرىدىكى نەقىلدە كۆرۈپ ئۆتكەن دۆلەت، ئەقىدە، ئەقىل، قائىدىلەشكەن روھ، ئۆزلۈك ئېڭى، سىياسىي كەيپىيات دېيىلگەن ئۇقۇملاشقان ئالىي شەكىللىرىنىڭ هەممىسىنى باشقا مىللەتلەر قاتارىدا ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ۋۇجۇدىدىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بېرىكى دۆلەت قۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ پاكىتلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

1 ـ ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان دۆلەتلەر

ئوتتۇرا ئاسىيا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن قەدىمى ئانا يۇرتى ـ ۋەتىنىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى هەممىدە قېرىنداشلىرى بولغان تۇرالار، هونلار، ساكلار، ئۇزاق تارىختىن بېرى ئوتتۇرا ئاسىيادا دۆلەت قۇرۇپ ياشاپ كەلگەن:

1) ئۇلۇغ هون ئىمپېرىيىسى (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 204 ـ يىلدىن مىلادى 216 ـ يىلغىچە هۆكۈم سۈرگەن)

2) ياۋروپا هون ئىمپېرىيىسى (مىلادى 375 ـ يىلدىن 468 ـ يىلغىچە

**هۆكـۇم سـۈرگەن)**

**3) ئـاق هــون (ئېفتالــت) ئىمپېرىيســى (مــىلادى 420 ـ يىلىدىــن 565 ـ يىلىغىچــە هۆكــۇم ســۈرگەن)**

**4) ئۇلـۇغ كـۆك تـۈرك قاغانلىقـى (مـىلادى 551 ـ يىلىدىـن 745 ـ يىلىغىچە هۆكۇم سـۈرگەن)**

**5) ئۇيغـۇر ـ ئورخـۇن قاغانلىقـى (مـىلادى 646 ـ يىلىدىـن 845 ـ يىلىغىچـە هۆكۇم سـۈرگەن)**

**6) ئۇيغـۇر ـ ئىدىقـۇت دۆلىتـى (مـىلادى 850 ـ يىلىدىـن 1335 ـ يىلىغىچە هۆكۇم سـۈرگەن)**

**7) ئۇيغـۇر قـارا خانـىلار دۆلىتى (مـىلادى 850 ـ يىلىدىـن 1212 ـ يىلىغىچە هۆكۇم سـۈرگەن)**

**8) غەزنىۋىلـەر سـۇلتانلىقى (مــىلادى 960 ـ يىلىدىــن 1187 ـ يىلىغىچــە هۆكــۇم سـۈرگەن)**

**9) ئۇلۇغ سـالچۇقلار سـۇلتانلىقى (مىلادى1040 ـ يىلىدىن 1157 ـ يىلىغىچە هۆكۇم سـۈرگەن)**

**10) خارەزىـم دۆلىتـى (مـىلادى 1172 ـ يىلىدىـن 1231 ـ يىلىغىچـە هۆكۇم سۈرگەن)**

**11) ئالاهىدىـن ئەرتـۇغا سـۇلتانلىقى (مـىلادى 1341 ـ يىلىدىـن 1381 ـ يىلىغىچــە هۆكــۇم سـۈرگەن)**

**12) ســەئىدىيە ئۇيغــۇر قاغانلىقــى (مــىلادى 1504 ـ يىلىدىــن 1678 ـ يىلىغىچــە هۆكــۇم ســۈرگەن). (ئابدۇلهەكــىم باقــى «شــەرقىي تۈركىســتان قوللانمىسى»، «شـەرقىي تۈركىسـتان ۋەخپـى تەتقىقـات مەركـىزى تۈركىيـە ـ ئىســتانبۇل. 1999).(5)**

**13) غوجـا جاهـان ـ بـا تۈرخـان ئۇيغـۇر دۆلىتـى ـ 1753يىلىدىـن 1759**

ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)

14) ياقۇپبەگ يەتتە شەھەر دۆلىتى بەدەۋلەت (1865 ـ يىلىدىن 1877 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)

15) شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى (1933 ـ يىلىدىن 1934 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن. بۇ دۆلەتنى 1934 ـ يىلى ستالىن ئارمىيە ئەۋەتىپ باستۇرغان)

16) غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى (1944 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)

ئىچىدىن چىققان خائىنلارنىڭ يۈزسىزلىكى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر خەلقى قۇدرەت تاپقان سەئىدىيە خانلىقىدىن 1678 ـ يىلى ئايرىلىپ قىلىپ، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. 1759 ـ يىلىغا كەلگەندە مانجۇ ـ توڭغۇسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى.

17) دانىيال خوجا 1698 ـ يىلى قەشقەردە ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ 37 يىل قورچاق خان بولۇپ، 1735 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، جۇڭغار خانىنىڭ ئەمرى بىلەن دانىيال خوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى غوجا جاھان ئەرشى قەشقەرىيە خانلىقىنىڭ پادىشاھى بولدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى داۋاملىق ئىزدىدى. 1753 ـ يىلىغا كەلگەندە خوجا جاھان ئەرشى قەشقەردە مۇستەقىللىق جاكارلاپ باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقتى. خوجا جاھان ئەرشى بۇ دۆلەتنىڭ تۈنجى پادىشاھى بولدى.

فرانسۇز تارىخچىسى رېنى گىروسىس مۇشۇ تارىخنى قەلەمگە ئېلىپ: «جۇڭغارلار بىلەن مانجۇ ـ خىتايلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇرھانىدىن بىلەن خوجا جاھانلار مىللى مۇستەقىللىقنا قول يەتكۈزگەن، بىراق بۇ كۆنلەر ئۇزاققا بارالمىدى، مانجۇ ـ مەنچىڭ جۇڭغارىيىنى بېسىپ ئالغاندىن كېيىن، مۇستەقىل بولغان قەشقەرىيىگىمۇ ئەسكەر ماڭغۇزدى» دەيدۇ. («ئۇيغۇر ئاۋازى گېزىتى» ـ 2003يىلى ـ 29 نويابىر،

ئالمۇتا) باتۇرخان ئۇيغۇر دۆلتىنىڭ دۇنياغا كېلىشى قەشقەرىيەدە قالماقلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان تارىخى بەلگە ۋە تارىخنىڭ بۇرۇلۇش پەيتى بولۇپ قالدى.(6) (نەقىل «ئۇيغۇرنامە»دىن ئېلىندى)

## ئۈچىنچى باب ئۇيغۇر مەدەنىيتى

«جەمئىيەت» دېگەن بۇ ئىسىم ياكى ئۇقۇم قارىغاندا كىلىشتۇرگۈچىلىك رولىنى ئوينىشى مۇمكىن. لېكىن بەك ئاددى ئېيتقاندا «جەمئىيەت» بىر توپ ئادەمگە قارىتىلغان بولىدۇ. بۇ ئادەملەر مۇئەييەن زامان، مۇئەييەن ماكان ئىچىدە يەنە مۇئەييەن تەرەپتىن تاشقى، يات ئادەملەر توپىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا كۆپ ھاللاردا بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇنداق تەسىر كۆرسىتىش ھەرخىل، ھەر شەكىللىك، چوڭ ياكى كىچىك، ئادەملەر پائالىيىتىنى- قەبىلىلەردىن مىللەتكىچە، مىللەت توپلىرىدىن ئىجتىمائى سىنىپلارغىچە، ئاممىۋى ئورگانلار، گۇرۇپپىلار، قۇرۇلغان جەمئىيەتلەر، ئاددى ھۆجەيرە ئائىلىلەرگىچە، ھەتتا كوچىنىڭ دوقمۇشىدا تۇرۇپ پاراڭلىشىدىغان ئاددى ئىككى- ئۈچ ئادەمگىچە پاكىتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر جەمئىيەت ئادەملەردىن تەشكىللەنگەن بولىدۇ، بۇ ئادەملەرنىڭ ھەددى -ھەرىكەتلىرى يەنى ھەرىكەت شەكىللىرى - بۇ دېمەك، مەدەنىيەتتۇر («مەدەنىيەت ۋە تارىخ» ئاپتورى: فىلىپ بەيجىبى، ئامېرىكا. «مەدەنىيەت -تارىخنىڭ كۆلەڭگىسى» ماۋزۇسىدا خىتاي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان)

### 1 - ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى

دۇنيانىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان، قەدىمى شەرقتە ياشىغان ئۇيغۇرلار، ئۆزلىرى ياشىغان زېمىن- تېررىتورىيىدە ئارقا-ئارقىدىن كۈچلۈك سىياسى ھاكىمىيەتلەرنى قۇرۇپ، پارلاق ۋە شانلىق «يايلاق مەدەنىيتى»، ۋە «شەھەر مەدەنىيتى»، «دېھقانچىلىق مەدەنىيتى»، «مىمارچىلىق مەدەنىيتى» (ئارختوكتۇرلۇق) نى ياراتقان. ئاسىيا، ياۋرۇپانى تۇتاشتۇرغان يىپەك يولىنى ئېچىپ، «سودا- تىجارەت مەدەنىيتى»نى

راۋاجلانــدۇرۇپ، ئۇيغــۇرلار ئوۋچىلىــق، چارۋىچىلىــق، دېھقانچىلىــق، قــول سانائىتى، ســودا ـ تىجــارەت بىلەنمــۇ شــۇغۇللىنىپ، ئۆزلىرىنىــڭ مــاددى ۋە مەنىــۋى مەدەنىيىتىنــى يارىتىــش بىلــەن بىرگــە، ئەجدادلىــرى تــۇرالار، ھونــلار، ساكلار، ســوغدىلار دەۋرىدىن باشلاپ شــەكىللەنگەن شانلىق تارىخ ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگــە ۋارىســلىق قىلىــپ كەلــدى.

ئۇيغــۇرلار تارىختا 500 قېتىمدىــن ئارتۇق، يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغــان، 56 قېتىــم بۈيــۈك كــۆچ ـ كۆچنــى باشــتىن كەچۈرگــەن، 5 خىل دىنغا ئېتىقــاد قىلغــان، 26 خىــل يېزىــق ئىشــلەتكەن. بــۇ جەريانــدا تاكــى بۈگۈنگــە قــەدەر ئۆزىنىــڭ مەدەنىيىتىنــى ئانــا تىلىنــى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى يوقاتمــاي قوغداپ ۋە بېيىتىــپ كېلىۋاتقــان مىللەتتۇر.

2 ـ ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى

ئۇيغــۇر تىلــى ـ ئالتــاي تىــل سىستېمىســى، تــۈرك تىــل ئائىلىســى، غەربىــي ھــون تىــل تارمىقــى، ئۇيغۇر ـ قارلۇق تىل گۇرۇپپىســىغا مەنســۇپ بولــۇپ، ۋەتەن ئىچــى ۋە تــەن ســرتىدا ياشاۋاتقان ئۇيغــۇرلار قوللىنىۋاتقان تىلــدۇر. مىلادى 5 ـ ئەســردىلا تاۋۇشــلارنى يېزىــق بىلــەن خاتىرىلەشــكە باشــلىغان ئۇيغــۇر تىلى، ھون ئىمپېرىيىســى دەۋرىدىن باشــلاپلا ئورخۇن، قاراخانىيلار، ئىدىقۇت، كەڭســۇ ئۇيغۇر دۆلەتلىرىــدە دۆلــەت تىلــى سۈپىتىدە قوللىنىلغــان، قاراخانىيــلار دەۋرىــدە خاقانىيە تىلــى، قەشــقەرىيە تىلــى دەپ ئاتالغــان بولســا، ســەئىدىيە دەۋرىــدە ســەئىدىيە تىلــى دەپ ئاتالغــان. ئۇيغــۇر تىلــى پۈتكــۈل تارىخــى تەرەققىيــات جەريانــدا ئۆزىنىــڭ مۇكەممــەل فونېتىــكا، گرامماتىــكا ۋە لېكســىكىلىق خۇسۇســيەتلىرىنى ئەينــەن ســاقلاپ قالغــان بۈگۈنكــى ئۇيغــۇر تىلــى بولــۇپ قالــدى.

بۈگۈنكــى ئۇيغــۇر تىلــى قەشــقەر، ئاتــۇش، ئاقســۇ، قۇمــۇل، تۇرپــان، ئىلــى ۋە ئۈرۈمچــى شــېۋىلىرىنى ئــۆز ئىچىگــە ئالغــان مەركــىزى دىئالېكــت ئاساســدا شــەكىللەنگەن بولــۇپ، ئۈرۈمچــى تەلەپپــۇزى ھازىرقــى زامــان ئۇيغــۇر تىلىنىــڭ يېتەكچــى تەلەپپــۇزى ھېســابلىنىدۇ. ھازىــر بىر قــەدەر مۇكەممەل بولغــان «ئۇيغۇر ئەدەبىــي تىلىنىــڭ ئىمــلا لوغىتى»، «ئۇيغــۇر تىلــى ئىزاھلــق لۇغىتــى» يېقىنــدا نەشــردىن چىقتــى.

ئۇيغۇر يېزىقى ـ ئارخېئولوگىيىلىك يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا مىلادى 5 ـ ئەسىردە ئىشلىتىلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ئەمما بەزى رىۋايەتلەرگە كۆرە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بۇرۇن ئىجاد قىلىنغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. چۈنكى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 49 ـ يىلى ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن دۇنيادا تۇنجى قېتىم (سەيلۇن بېگىم قەغىزىدىن 150 يىل بۇرۇن) لوپنۇر ـ چىگە تالالىق ياپراق قەغەز توغرىسىدا توختالغاندا، ئەلۋەتتە يېزىقىمىزنى، تاۋۇشلىرىمىزنى خاتىرىلەش ئېھتىياجىدىن قەغەزنىڭ كەشىپ قىلىنغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن.

ئۇيغۇرلار تارىختا، براھمى يېزىقى، قۇچۇ يېزىقى، كاروشتى يېزىقى، ئەرەپ يېزىقى، فارس يېزىقى، سۇرىيە يېزىقى، مانى يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى، سوغدى يېزىقى، ئورخۇن يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، سانسكرىت يېزىقى، توخرى يېزىقى، ساك يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى قوللانغان.

1960 ـ يىللاردىن 1980 ـ يىللارغىچە لاتىن ئېلىپبەسىنى قوللانغان. ئۇيغۇرلار ئۇنىڭدىن بۇرۇن ۋە كېيىن ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئۆزگەرتىلگەن مۇكەممەل ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانماقتا.

3 ـ ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىياتى دۇنياغا مەشھۇر دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى زامانغا ئائىت كىلاسسىك قوشاقلار، بوز قۇرت توتېمى، ئوغۇزنامە داستانى، باتۇر تەڭرىقۇت، بۆكە خان رىۋايەتلىرى، دەدە قورقۇت، ئالىپ ئەرتۇڭا داستانلىرى، مەڭگۇ تاش ئەدەبى يادىكارلىقلىرى، ئىدىقۇت ئەدەبىياتى ـ ئىرىق پۈتۈك، ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى، چېستانى ئىلىك بەگ داستانى، ئالتۇن يارۇق، قاراخانىيلار ئەدەبىياتى ـ فارابى ئەسەرلىرى، دىۋانى لۇغاتىت تۈرك، قۇتادغۇ بىلىگ، دىۋانى ھېكمەت، ئەتەبەتۇلھەقايىق، چاغاتاي ئەدەبىياتى، قىسەسۇل ئەنبىيا، دىۋان غەزەلىيات، سەككاكى، ناۋايى ئەسەرلىرى. . . ، يېقىنقى زامان ئەدەبىياتى، ئابدۇرېھىم نىزارى، غەرىبى، مۇللا بىلال، مۆجىزى، قاراقاشى، مۇللا ئىمىن، دىلبەر دورغا، خەستە، سايرامى، سەبۇرى، زىيائى، نىيازى،

گۇمنام، خىسلەتى، نازۇگۇم، مۇللا شاكىر، سادىر پالۋان، ناقىس، تەجەللى قاتارلىق ئەدىپلەرنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىدا قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلار قاتارىدا تەتقىق قىلىنماقتا.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئابدۇلقادىر دامۇللام، ئابدۇ خالىق ئۇيغۇرى، (هەم ئەدىب هەم ئىنقىلابچى) قۇتلۇق هاجى شەۋقى، مەهەممەت ئىمىن بۇغرا، مەمتىلى توختاجى تەۋپىق، (هەم ئەدىب هەم ئىنقىلابچى) لوتپۇللا مۇتەللىپ (هەم ئەدىپ هەم ئىنقىلابچى) نىم شېھىت ئارمىيە دامۇللا قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر هەم يازار شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى، زۇنۇن قادىرى، ئەهمەت زىيائى، ئىبراهىم تۇردى، ساتتار بۇلبۇل، چوپان، زىياسەمەدى، تۇرغۇن ئالماس، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر، ئىمىن هۇسەيىن قارى، مەهەممەت ئىمىن ئىسلامى، تۇردى سامساق، تېيىپجان ئېلىيۇپ قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى.

ئۇيغۇرىستان (شىنجاڭ)دا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ناخشا مۇزىكىلار، بولۇپمۇ ئۇيغۇرنىڭ ئەنئەنىۋى تارىخى مۇزىكىلىق داستانى «ئون ئىككى مۇقام»، دەۋر خۇسۇسىيىتى قەدىمى، مىللى پۇراق، مىللى روهنى ئىپادىلەش جەهەتتە ئۆزگىچە، تېكىست ـ سۆزلىرى باي مەزمۇنغا ئىگە، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى مۇكەممەل ۋە مۇرەككەپ ئىنسان هىسسىياتىنى رام قىلغۇچى بۇ مۇزىكىلىق داستان دۇنيا سەنئەت سەهنىسىدە ئالاهىدە باهاغا ئېرىشىپ 2005 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئالاهىدە مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىدا تىزىمغا ئالدى.

«نورۇز بايرىمى»، ۋە «مەشرەپ» ئۇيغۇرلارنىڭ ئاممىۋى سەنئەت پائالىيىتى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى دوستلۇق ۋە سەممىيىتىنى، دەرت ـ ئەلەم، قايغۇ هەسرەتلىرىنى، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى بۇ بايرام پائالىيەتلەردە ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ داپ، دۇمباق، غېجەك، نەي، قالۇن، ساتار، دۇتتار، تەمبۇر، راۋاپ، چاڭ، قوبۇز، ساپايى، تاش ئود، سوناي قاتارلىق 27 خىل قەدىمى چالغۇ ـ مۇزىكا ئەسۋابلىرى بار. دۇتتار، تەمبۇر، راۋاپ هەر بىر

ئۇيغۇر ئائىلىسىگىچە ئومۇملاشقان.

**4 ـ ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى**

**ئا) توي مۇراسىمى:**

ئىسلام دىنى شەرىئىتى بويىچە نىكاھ ئوقۇش، توي زىياپىتى، توي پائالىيىتى، قىز ـ يىگىت ئولتۇرۇشى، قىز كۆچۈرۈش، رازىلىق ئېلىش، ئۇزۇتۇش، يول توسۇش، يۈز ئاچقۇ، سالام بېرىش، چىللاق چىللاش قاتارلىق جەريانلاردا داۋام قىلىدۇ. يىگىت بىلەن قىزنى ئۇچراشتۇرۇشتىن ئاۋۋال قىز تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتىش، كىچىك تازىم (قىز تەرەپكە تازىم قىلىشقا بېرىش)، چوڭ تازىم (قىز تەرەپكە تويلۇق تەقدىم قىلىشقا بېرىش)، توققۇز تازىم رەسمىيەتلىرى بېجىرىلىدۇ.

**ب) تۇغۇت مۇراسىمى :**

ئىسرىق سېلىش، (تازىلىق تەييارلىقى)، ياغ پۇرۇتۇش، (پوشكال سېلىش)، كىندىك ئانىسىنى تەكلىپ قىلىش، قىرىق سۈيى، ئات قويۇش، بۆشۈك توي، يۈز ئاچقۇ پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزىلىدۇ.

**س) سۈننەت مۇراسىمى:**

بالا يەتتە ياشقا كىرىشتىن ئاۋۋال، ئوغۇل بالىلار ئىسلام دىنى قائىدىلىرى بويىچە سۈننەت قىلىنىدۇ. بۇ خەتنە توي ياكى ئوغۇل بالىنىڭ خەتنىسىنى قىلىش دېيىلىدۇ، مېھمان چاقىرىپ زىياپەتتىن كېيىن ئوغۇل بالىنىڭ خەتنىسى قىلىنىدۇ. ھال ئوقتى ياخشى ئائىلىلەر ئوغلاق تارتىدۇ. ( بىر تۇياق ئۆچكىنى ئۆلتۈرۈپ بويۇن تەرەپنى تىكئۆتۈپ ئاتلىق چەۋەنداز يىگىتلەرگە تاشلاپ بېرىلىدۇ، ئۇلار ئات چاپتۇرۇپ بۇ ئوغلاقنى تارتىشىپ ئوينايدۇ. بۇ ئوغلاق تارتىششى ئويۇنى دېيىلىدۇ)

**د ) ئۇستاز تۇتۇش مۇراسىمى:**

يېڭى ھۇنەر ئۆگەنگۈچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، مەھەللە جامائەتنى ۋە ھۇنەر ئۆگەتكۈچى ئۇستامنى ئۆيگە چاقىرىپ داستىقان تارتىپ، ئۇستازغا تون

كىيـدۇرۇپ، بالىسىنى (ياكى ياغاچچىلىق ياكى مۇزدوزلـۇق ۋە ياكى تۇماقچىلىق ھۈنىرىنــى ئۆگىنىشـكە ) تاپشـۇرىدۇ.

ئې) شاگىرت چىقىرىش مۇراسىمى:

شـاگىرت بولغـان كىشـى ھۈنـەر ئۆگىنىـپ كامالەتكـە يەتكەنـدە ئۇسـتازى مېھمـان چاقىرىــپ، مېھمانلارنىــڭ ئالدىـــدا ئۇســتازى شــاگىرتىغا بىــر يـۈرۈش ئەسۋاب ـ سـايمان تەقدىـم قىلىـدۇ ۋە شـاگىرتنىڭ مۇسـتەقىل ئىشـلەش ھوقۇقـى بارلىقىنــى جاكارلايــدۇ.

ف) سۇ، يامغۇر تىلەش مۇراسىمى:

ھـەر يىلـى 22 ـ مـارت كۈنـى مەھەللىدىكـى جامائـەت دەريـا بويـى ياكـى تــاغ باغرىــدا قـوي ـ كالا سـويۇپ، قاننــى دەرياغـا ئېقىتىپ، كۆك تەڭرىسـى، سۇ ئىلاھىدىــن، ئىسـلامىيەتتىن كېيىــن ئاللاھتىــن سـۇ، يامغـۇر تىلـەپ دۇئـا تىلاۋەت قىلىدۇ.

گ) سودا ـ تىجارەت باشلاش مۇراسىمى:

سـودا ـ تىجـارەت، دۇكان ئېچىشــتىن ئـاۋۋال يـۇرت ئاقسـاقاللىرى، مەھەللە جامائىتــى، كەسـىپ ئەھلىلىرىگـە چـاي ـ زىياپـەت بېرىــپ، كەسـىپ رىسالىســى ئوقۇلىــدۇ، دۇئـا ئوقۇلىــدۇ.

خې) ئۆي سېلىش مۇراسىمى:

ئـۆي سـالغۇچى تەييارلىقىنــى پۈتتــۈرۈپ، جامائەتنــى چايغـا چاقىرىــپ، قىبلىنــى بەلگىلـەپ ئۇسـتامغا قـوزۇق قاققۇزىــدۇ. مەھەللـە ئادەملـىرى قولمـۇ ـ قــول ھەمكارلىشــىپ ھەقســىز يــاردەم قىلىــپ ئىشــلەيدۇ. ھەقسـىز ئىشلىشــىپ بېرەلمىگەنلـەر، ياغـاچ، تـاش، يېمـەك ئەۋەتىـپ ياردەملىشىـدۇ. ئـۆي پۈتكەنـدە جامائەتكـە چـاي بېرىلىـدۇ. مېھمانــلار سـوۋغا بىلـەن تەبرىكلەيــدۇ.

ج) دەپنە مۇراسىمى:

ئـادەم ۋاپـات بولغانىدىـن كېيىـن، ھازىـدارلار بىلىگـە ئـاق باغـلاپ، يىغا ـ زارە قىلىــدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقـان، خۇلۇم ـ خوشـنا، تۇنـۇش ـ بىلىشـلىرى كېلىــپ

ھازىدارلاردىن ھال سورايدۇ. مېيىت(جەسەت) ئىسلام قائىدىلىرىگە يارىشا نامىزى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن يەرلىككە دەپنە قىلىنىدۇ. ھازىدارلارنىڭ بىلىگە باغلانغان ئاق يەكتەك نەزىرىگىچە يېشىلمەيدۇ. قىرىق نەزىرىگىچە ھازىدارلارنىڭ چاچ-ساقىلى ئېلىنمايدۇ. يىل نەزىرىگىچە ھازىدارلار تويغا، تاماشاغا بارمايدۇ. تۇپراق بېشىدا بىر نەچچە كۈن خەتمە قۇرئان ئوقۇلىدۇ.

ئۆلۈمدىن ئاۋۋال ئۆلگۈرەلىگەنلەر ۋەسىيەت قىلىش، قۇرئان ئوقۇپ رازىلىق بېرىش، ياسىن ئوقۇپ دەمىدە ئىچكۈزۈش ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈۋالسا، ئۆلۈمدىن كېيىن يەتتە كۈن تولغاندا، قىرىق كۈن ۋە يىل تولغاندا جامائەتكە نەزرە بېرىپ، دۇئا ئوقۇلىدۇ. جۈمە كۈنى، ھېيت-ئايەم كۈنلىرى تۇپراق بېشىغا چىقىپ، رەھمەتلىككە دۇئا ئوقۇلىدۇ.

ك) ئۇيغۇرلارنىڭ بايرام پائالىيەتلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايرىمى، روزى ھېيت بايرىمى، قۇربان ھېيت بايرىمى قاتارلىق بايراملىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا مەشرەپ، باراۋەت، بەزمە، باھار سەيلىسى، مايسا سەيلىسى، گۈل سەيلىسى، دالا سەيلىسى، باغ سەيلىسى، چېلىشىش، دارۋازلىق، جانبازلىق، ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى، چەۋگەن ئويۇنى، چاقپىلەك ئويۇنى، ئىلەڭگۈچ ئويۇنى، چۆكچۆك، لىڭگىر تاخ-تاخ، گۈمپا كۆرسىتىش، ئوردىكام ئويۇنى، مالاي توپ، ياڭاق ئويۇنى، تەپكۈچ، قوشماق ئاداش، توققۇز قاتار، مۇز تېيىلىش، ئاق سۆڭەك، سۇ ئۈزۈش قاتارلىق ئويۇن ۋە پائالىيەتلىرى بار.

ل) ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەكلىكلىرى

ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن **3000** يىللار ئىلگىرىلا سۇ،سۈت،ماي، تۇخۇم بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇغداي نېنىنى چەككۈچ (تۈكچە) بىلەن زىننەتلەپ تونۇردا پىشۇرۇپ يېگەن. گۆشنى ياغاچ زىققا ئۆتكۈزۈپ كاۋاپ قىلىپ يېگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

نان تۈرلىرى: نان، گىردە، توقاچ، گۆش نان، قاتلىما، خو يىلما، كۆمەچ، ھەمەك، ياغ نان، قايماق نان، قاتلىما نان، ھونان...

گۆش تۈرلىرى: قوي گۆشى، كالا، ئات گۆشى، تۆگە، بېلىق، توخۇ، غاز، ئۆدەك گۆشى، جەرەن كېيىك، بوغا، مارال، ئارقار بۆكەن، كەكلىك، قىرغاۋۇل، بۆدۈنە گۆشى، چىل ئولار، توشقان، كىرپە، كەپتەر، قۇشقاچ گۆشلىرى . . .

كۆكتات تۈرلىرى: سەۋزە، چامغۇر، پىياز، سامساق، كاۋا، پۇرچاق، تۇرۇپ، شوخلا، پىدىگەن، مۇچ، قىزىلمۇچ، كۈدە، ماش، بىدە (بىخلىغاندا) يېسۋىلەك، يۇمىلاق يېسۋىلەك قوشۇمچە يېمەكلىكلەر: تۇخۇم، شېكەر، مۇراببا، قۇرۇت، سېرىقماي، مېغىز، قۇرۇق ئۈزۈم.

ق) ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىم- كېچەكلىرى:

باش كىيىملىرى: دوپپا، گىلەم دوپپا، چىمەن دوپپا، ئۈنچە دوپپا، ئالتۇن قاداق دوپپا، تاجلىق دوپپا، قالپاق، كولا، قاسقان تۇماق، سەرپۇش تۇماق، قۇلاقچا، پاپاق، ئاياللارنىڭ داكا ياغلىق، يىپ ياغلىق، شايى ياغلىق، پەرەڭ ياغلىق، تېۋىت شال، غىجىم رومال، لىچەك، چۈمبەل، پەرەنجە قاتارلىق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە باش كىيىملىرى بار.

تۆتىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ مېھمانچىلىق ۋە ئولتۇراق ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا ئوردۇ بالىق كەبى چوڭ شەھەرلەرنى بىنا قىلغان. ئۇيغۇرلار قەدىمدە ئىككى ئاچىغا بىر لىم ياغاچ قويۇپ، ئىككى يېنىغا قومۇچ يۆلەپ چېدىر شەكىلدە، كېيىن ئۆگىكۈر ئۆي، سوقما تاملىق ئۆي ياساپ، ئىشىك، تۈڭلۈك بېكىتىپ ياشىغان. مىلادىدىن ئىلگىرىلا ھۇل قويۇپ تامنى قېلىن، ئېگىز قىلىپ، ئىككى - ئۈچ ئېغىز قىلىپ، ئويۇق، تەكچە، لىمتاق چىقىرىپ، مورا، ئوچاق چىقىرىپ، تۈڭلۈك دېرىزە ئورنىتىپ، تورۇس ۋە تۈۋرۈكلەرگە نەقىش چىقىرىپ، تاملارنى ئاقارتىپ ئۆي ياسىغان. ئۆينىڭ سىلىنىشىنى ئېھتىياجغا ماسلاشتۇرۇپ، كۆركەملىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن. كېيىنچە ئۆينىڭ ئىچى-تېشى سۇۋىلىدىغان، سۇۋاقىقا ھاك، قۇم، سېغىز توپا، تۇزغاق، ئۇن، تۇخۇم، ناۋات شەربىتى ئىشلىتىپ ئالى سىمونت ياسىلىدىغان بولدى. ئىشىك - دېرىزىلەر ياغاچتىن ياسىلىدىغان، ئۆي ئۈستى

ۋاسـجۇپ ۋە تاختايلىـق قىلىنىدىغـان، يازلىـق، قىشـلىق، مېھمانخانـا، ئاشـخانە ئۆيلـەر ئايرىـپ سېلىنىدىغان، تـۆز ۋە ئەگمـە پېشـايۋان ياسـىلىدىغان، دەرىزىگـە قەغـەز چاپلىنىدىغـان كېيىنكـى ۋاقىتـلاردا ئەينـەك سـېلىنىدىغان كۆتۈرمـە، ئىككى قەۋەتلىـك ئۆيلـەر (مەنزىرلەر) سـېلىنىدىغان بولدى. كىمىر ئۆي شـەكلىمۇ (تولاراق تۆرپـان، توقسـۇن تەرەپلـەردە) تـەڭلا بارلىققا كەلـدى. باغ ـ ۋارانلىـق، هويـلا ـ ئارامىلىـق ئۆيلەر ئومۇملاشـتى.

ئـۇ زامانلاردا ئۇيغـۇرلاردا مېمارچىلىق، بىناكارلىق، تامچىلىق، ياغاچچىلىق، هاكچىلىـق، تاشـچىلىق، نەققاشـچىلىق سـەنئەتلىرى بارلىققـا كېلىـپ ۋە تېخىمـۇ بېيىپ ئەتراپلارغا تارقىلىشـقا باشـلىغان.

ئۇيغـۇرلاردا ئـۆي ئىشـىكىنى جەنۇپقا قارىتىش ئادىتى ئومۇملاشـقان، ئۆيلەرگە بـورا ئۈسـتىگە پـالاز ياكـى كىگىـز، گىلـەم سـالىدۇ. تېمىغـا نەفىـس گىلـەم ئاسـىدۇ. يېزىـلاردا ئوچـاق ئالدىغـا ئېيىـق تېرىسـى، ئىـت تېرىسـى سـېلىنىدۇ. ئەسـتەرلىك يوتقـان كۆرپىلـەر، كەشـتىلىك ياسـتۇقلار ئىشـلىتىلىدۇ.

مېهمانـلار ئۈچـۈن مەخسـۇس ئالاهـىدە يوتقـان ـ كۆرپـە، ياسـتۇقلار زاپـاس هازىرلىنىـدۇ. بـۇلار ئويۇقتـا ياكـى كارۋاتتـا قاتـلاپ تىزىلىـپ، ئۈسـتىگە ئەديـال يېپىلىـدۇ. («شـەرقىي تۈركىسـتان قوللانمىسـى»)

## بەشىنچى باب ساياھەت رايونلىرى ۋە ئاسارە ـ ئەتىقىلىرى

### 1 ـ ساياھەت رايونلىرى

بوغـدا كۆلـى ـ تەڭرىتاغنىـڭ ۋە ئۈرۈمچىنىـڭ شـەرقىدىكى بوغدا چوققىسـى ئۈسـتىگە، دېڭىـز يۈزىدىـن 1980 مېتـىر ئېگىزلىككـە جايلاشقان. سـۇ يـۈزى 5 كـۋادرات كىلـو مېتـر كېلىـدۇ. چوڭقۇرلۇقـى 105 مېتـىر بولـۇپ، ئاپپـاق قارلىـق چوققىـلار، قاتار ـ قاتـار قارىغايلىـق تـاغ گۈللىرىگـە ئورالغـان بـۇ چىرايلىـق كۆل، رىۋايەتلەردىكـى ئومـاي ئانىنىـڭ گىرىـم ئۈسـتىلىدىكى خاسىيەتلىك ئەينـەك دەپ تەسـۋىرلەنگەن. تۈرپـان تېكىسـتلىرىگە يېزىلغـان رىۋايەتلـەردە، بـۇ كۆلنىـڭ ئوغۇز خانىنىـڭ شـىكار سـەيلىگاهى ئىكەنلىكـى، ئىسـمىنىڭ بوغـدا كۆلـى ئىكەنلىكـى

قەيت قىلىنغان.

سايرام كۆلى ـ تەڭرىتاغنىڭ غەربىدىكى ئارشاڭ ناھىيىسى تەۋەسىدە بولۇپ، ئىلى ۋادىسىغا ئۆتىدىغان كەڭساي تاغلىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا، دېڭىز يۈزىدىن 2070 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان. كۆلىمى 454 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ساياھەت مەنزىرىسى ئالاھىدە گۈزەل بولغان بۇ كۆل ـ قېلىن ئورمانلار ۋە چەكسىز يايلاقلار ئارىسىدا كۆپ ـ كۆك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

باين بۇلاق يايلىقى ـ تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇلتۇز ئويمانلىقىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. مىلادى ـ 9ئەسىردە ئەجدادلىرىمىز بۇ يەردە پايتەخت بەرپا قىلغان ئىدى. قارا شەھەر دەرياسى باين بۇلاق يايلىقىدىن باشلىنىدۇ. كۆللىرىدە ئاققۇلار ياشايدۇ، گۈل ـ چېچەكلەرگە تولۇپ تۇرىدىغان بۇ گۈزەل يايلاقتا ھەر يىلى چارۋىچىلارنىڭ ئەنئەنىۋى يايلاق يەرمەنكىسى ئۆتكۈزىلىدۇ.

2 ـ ئاسارە ـ ئەتىقىلىرى

كىرورەن شەھرى ـ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، لوپنۇر (خىتاي ئاپتوم سىناق مەيدانىغا ئايلاندۇرۇۋالغان) كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. مىلادىيىدىن 4 مىڭ يىللار ئىلگىرى، ئەجدادلىرىمىز بەرپا قىلغان بۇ قەدىمى شەھەرنىڭ سېپىل ئىزلىرى، ئوردا خارابىلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. مەركىزى كۆلىمى 330 كۋادرات مېتىر. مىلادى 108 ـ يىلى تارىخلاردا خاتىرىلىنىشىچە بۇشەھەر ئەڭ ئاۋات سودا شەھەرلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىكەن. مىلادى 4 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇم ـ بوران ئاپىتى يۈز بېرىپ ئاھالىسى ئەتراپلارغا كۆچۈپ كەتكەن. خارابىلىكتىن قەدىمى جەسەتلەر قېزىۋېلىنغان بولۇپ، خارابىلىققا ئايلانغان بۇ شەھەر دۇنيانىڭ قەدىمى مەدەنىيەت تەتقىقات مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. («شەرقىي تۈركىستان قوللانمىسى»)

3 ـ ئىدىقۇت شەھرى ـ تۇرپاننىڭ 45 كىلومېتىر شەرقىدە، مىلادىيىدىن ئىلگىركى 1 ـ ئەسىردە ياسالغان، ئەسلى ئىسمى قارا خوجا بولۇپ، شەھەرنىڭ ئايلانمىسى 5 كىلومېتىر. ئوردا شەھرى، تاشقىرىقى شەھەر ۋە مەركىزى شەھەردىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىدىن شەكىللەنگەن. شەھەر سېپىلى، ئىبادەتخانا،

شەھەر خارابىلىرى ھازىرغىچە ئەينەن ساقلىنىپ قالغان.

تۇرپان - يارغول شەھىرى- تۇرپان ناھىيىسى بازىرىنىڭ شەرقىدىكى ئىككى دەريا ئېقىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز ئارالغا جايلاشقان. ئۇزۇنلۇقى مىڭ مېتىر، ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مەركىزى شەھەرلىرىنىڭ بىرى. شەھەر يوللىرى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ خارابىلىرى ھازىرغىچە ئەينەن ساقلىنىپ قالغان.

نىيە خارابىسى- خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نىيە ناھىيىسىنىڭ 150 كىلومېتىر شىمالىدا، نىيە دەرياسىنىڭ ئايىقىغا جايلاشقان. شەھەرنىڭ كەڭلىكى 2 كىلومېتىر، ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر. مىلادىيەنىڭ بېشىدا ياشالغان بۇ شەھەرنىڭ يەرلىك ۋە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە قۇرۇلۇشلىرى شەھەرنى كېسىپ ئۆتكەن دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا جايلاشقان.

قەدىمى تاش قوراللار- پامىر، تۇرپان، مورى، نىيە، قەشقەر، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىن تاش قورال، ساپال، ياغاچ قاچىلار، چۆشەك، چۆلۆك، ھايۋان سۆڭەكلىرى تېپىلغان. بېيجىڭ، ئۈرۈمچى مۇزېيلىرىغا قويۇلغان كاربۇن 14 ئوكسىدلىق خىمىيۋى ئانالىز ئارقىلىق 7-6 مىڭ يىلدىن ئاۋۋالقى بۇيۇملار ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. تاشقورغان تىزناپ يېزا جىرغال مەھەللىسى ئەڭ قەدىمى ئىزلاردۇر.

تاش گەمە سەنئىتى- ئۇيغۇرىستاننىڭ تاش گەمە سەنئىتى دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، ھەر يىلى مىڭلارچە چەت ئەللىك مەخسۇس تاش گەمە سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش ياكى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش مەقسىتىدە ئۇيغۇرىستانغا زىيارەتكە كېلىدۇ. تارىم، قارا شەھەر تۇرپان ئويمانلىقلىرىدا 17 ئورۇندا 700 نەچچە تاش گەمە بار، بۇ گەمىلەردىكى سەنئەت ئەسەرلىرى ئاساسەن ئەينەن ساقلىنىپ قالغان.

قىزىل مىڭ ئۆي- باي ناھىيىسىنىڭ ئۆگەن دەرياسى بويىدا. مىڭ ئۆدەك تېغىدىكى ھاڭ ئۇستىدە. قەۋەت- قەۋەت جايلاشقان پەللەمپەيسىمان 236 تاش گەمگە نومۇر قويۇلغان. 10 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېقىن جايدا ساقلىنىپ قالغان تام سۈرەتلىرى مىلادى- 5ئەسىردە تەرەققى قىلغان ئۇيغۇر

بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ نامايەندىلىرى ئىدى.

4 ـ بېزەكلىك مىڭ ئۆي

تۇرپان ناھىيە بازىرىدىن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يالقۇنتاغ ئېتىكىدە. سىڭگىم ئېغىزىغا يېقىن مۇرتۇق‌تىكى ھاڭغا جايلاشقان. ھازىرغىچە 57 گەمە رەتلەنگەن بولۇپ، مىلادى ـ 7ئەسىرگە تەئەللۇق ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى زامانلارغا ئائىت بولغان ئۇيغۇر بۇددا سەنئىتى رەسىملىرى ۋە يېزىقلىرى بار.

تەڭرىتاغ سۆرەلمە ھايۋان سىكلىتى ـ 1934يىلى ئۈرۈمچىنىڭ بوغدا كۆلى يانباغرىدىن قېزىۋېلىنغان، بۈيۈك سۆرەلمە ھايۋان سىكلىتى ئۇيغۇرىستاندىن ئېلىپ كېتىلىپ (ھازىر خىتاينىڭ بېيجىڭ شەھىرىدە مۇزېدا ساقلانماقتا) ئىنسانلار دەسلەپتە ياشىغان زېمىنلاردىن تېپىلدىغان بۇ سىكلىت دۇنيادا زور مۆجىزىلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئاتۇش ئادىمى باش سۆڭىكى قەشقەرنىڭ ئاتۇش رايونىدىن تېپىلغان ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى ھازىر ئۈرۈمچى مۇزېدا ساقلانماقتا. بۇ باش سۆڭەكنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇنىڭدىن 30 مىڭ يىللار ئىلگىرى بۇ رايونلاردا قانداق ئىنسانلارنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ) ياشىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

كىرورەن گۈزىلى ئۇيغۇرىستاننىڭ كورلا رايونىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ بويىدىكى ئىلكەل مازارلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئايال كىشىنىڭ جەستى، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە پاكولتېتىنىڭ كاربۇن 14 تەجرىبە خانىسىدا تەھلىل قىلىنغاندىن كېيىن 6412 يىل بۇرۇنقى ئادەمنىڭ جەستى ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئىلان قىلدى. يۈزى توقۇلما، كىيىم ۋە سېۋەت ئىچىدە بۇغداي دانلىرى سېۋەت بىلەن بىللە قەۋرىدىن قېزىۋېلىندى. بۇ جەسەت، ئارىيانلار ئۇيغۇرىستانغا كېلىشتىن 4 مىڭ يىللار ئىلگىرىلا بۇ زېمىندا ئاق تەنلىك ئىرىققا مەنسۇپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ۋە سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ياشىغانلىقىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىدى. جەسەت ھازىر ئۈرۈمچى مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

تۈنجى مەتبەئە ھەرپلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بېيجىڭدا

ئۆتكۈزۈلگەن مەدەنىيەت ـ مائارىپ يىغىنىدا، دۇنخۇاڭدىن (دەشت ئاتا) دىن تېپىلغان 6 دانە ياغاچ مەتبەئە ھەرپلىرى ھەممىسى ئۇيغۇرچە بولۇپ، ياۋروپادىن 400 يىل بۇرۇن ئۇيغۇرلا تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغانلىقى قەيت قىلىندى.

## قىيا تاش رەسىملىرى

ئۇيغۇرىستاننىڭ تەڭرىتاغ، ئالتاي، قاراقۇرۇم تاغلىرى، كوئىنلۇن ۋە چۆلتاغ قاتارلىق تاغلىرىدا بىر نەچچە 10 مىڭ پارچە قىياتاش رەسىملىرى بار.

رەسىملەردە ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئوبرازى، ھەر خىل قىياپەتتىكى ئادەملەر (غەلتە نىقابلانغان) ئۇسسۇلچىلار، سىېرىكچىلار، ئوۋچىلار، مال پادىلىرى ۋە چوپانلار، ئىپتىدائى ئېتىقادقا دائىر رەسىملەر، قەدىمى قەبىلە ـ ئۇرۇقلارنىڭ جەڭدە ئېلىشىشلىرى، ئەجدادلىرىمىز ئىشلەتكەن بەلگە، تامغا قاتارلىقلار ئويۇلغان بولۇپ، يىل دەۋرىدىن ئېيتساق ئەڭ قەدىملىرى 8000 يىللار غا قەدەر بارىدۇ. كۆكتوقايدىكى ”تامغىلىق تاش“، چاغانتوقايدىكى ”قىزىل تاش بۇلاق“، قورغاستىكى“قولۇستۇ“، ئۇرۇمچىدىكى ”دىڭگەك“، چەرچەندىكى ”ئالتۇنتاغ“، قۇمۇلدىكى ”تاشۋېلىق“، پىچاندىكى ”سىركىپ“، توخسۇندىكى ”پەنجىرتاغ“، ”توغراق بۇلاق“ قاتارلىق قىياتاش رەسىملىرى جاي ـ جايلاردا مەشھۇردۇر.

نوراساي مىس كان ئىلى ۋىلايىتى نىلقا ناھىيسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 3 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى نوراساي جىلغىسىدا 10 نەچچە جايدا تېپىلغان مىس كانلىرىنىڭ، كاربۇن 4 ئوكسىدى ئانالىزى ئارقىلىق 3000 يىل بۇرۇنقى زامانىدا ئېچىلغانلىقى ئىسپاتلاندى. (يۇقىرىقى نەقىللەر ”شەرقىي تۈركىستان قوللانمىسى“ دىن ئېلىندى. ئاپتورى : ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر ـ 1999يىلى ئىستانبۇل نەشرى)

تاش ھەيكەل (بالبال) سىنتاش قەبرە تاشلىرى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ موڭغۇلكۈرە ناھىيسى تېكەس يايلاقلىرىدا نىلقا، قورغاس، توققۇز تارا

ناھىيىلىرىدە، كىچىك خونۇقاي، سىنتاش، بۇرتالا ئارشاڭ، ملچىك، شوتا، قوڭۇر بۇلاق قاتارلىق جايلاردا زور بىر تۈركۈم تاش ھەيكەللەر، قەبرە تاشلىرى تېپىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئالتاي، تارباغاتاي، بۇرتالا، ئاراتۈرك، بارىكۆل، ئۈرۈمچى، خوتۇنسۇمبۇل قاتارلىق جايلاردىنمۇ بۇخىل سىنتاشلار كۆپلەپ تېپىلدى. يىل دەۋرىنى مىلادى ـ 6 ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە ئىزدەشكە بولىدىغان بۇ خىل تاش ھەيكەل ۋە سىنتاشلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك تارىخىي مەنبەلەر بىلەن تەمىنلىدى.

قەدىمكى شەھەر ئالمىلىق ئىلى ۋىلايىتى كونا قورغاس ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 15 كىلومېتىر يىراقتىكى مازار يېزىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ـ 5ئەسىرلەردىن باشلاپ، ئەجدادلىرىمىز پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەركىزى شەھەرلەرنىڭ بىرى، بۇ شەھەر چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ، بولۇپمۇ چاغاتاي خان ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ دەۋرىدە تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. 1363 ـ يىلى ۋاپات بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قەبرىسى بۇ شە ھەرنىڭ شىمالىدا بولۇپ، ـ 1262يىلى قۇبلەيخاننىڭ ئىنىسى ئارىغ بۇقا قوشۇنلىرى بىلەن بۇ شە ھەرگە بېسىپ كىرىپ، شەھەر خەلقىنى تارقىتىۋەتكەن، شەھەر ـ 16 ئەسىرلەردە ئۇزۇل ـ كېسىل ۋەيران بولغان. ("شە رقى تۈركىستان قوللانمىسى")

## ئالتىنچى باب ئۇيغۇرلار ياشىغان زېمىن - تۇپراقلار

### 1 ـ ئۇيغۇرلار ياشىغان زېمىن ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدا چۈشەنچە

ـ قەتئىي ئۈزۈپ ئېيتىش كېرەككى، دەپ باشلايدۇ رەھمەتلىك تارىخچىمىز تۇرغۇن ئالماس ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى ـ ئوتتۇرا ئاسىيا.

بۇ مەسىلىنى تەپسىلىرەك بايان قىلىشتىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيا دېگەن بۇ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسىگە كىرىدىغان جايلارنى كۆر سىتىپ ئۆتۈش كېرەك.

ئوتتۇرا ئاسىيا دېگەن بۇ نام توغرىسىدا ھېلىغىچە غەرب ۋە شەرق

ئالىملىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى بىردەك بولمىسىمۇ، لېكىن بىر قەدەر ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان كۆز قاراش بويىچە ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىگە كىرىدىغان جايلارنىڭ كۆلىمىنى بەلگىلەش مۇمكىن.

جۇغراپىيە ئالىملىرى ئاسىيا قىتئەسىنى شەرقىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا قاتارلىق قىسىملارغا بۆلىدۇ.

مېنىڭچە، ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىگە شەرقتە ھىنگان تاغلىرىدىن تارتىپ، غەربتە كاسپى دېڭىزىغىچە، شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن تارتىپ، جەنۇبتا ھىمالايا تاغلىرىغىچە بولغان جايلار ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىگە كىرىدۇ. مانا شۇ ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىگە كىرىدىغان چەكسىز زېمىننىڭ مەركىزى قىسمى ـ ئۇيغۇرىستان، (مۇستەملىكە) يەتتە سۇ، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنى باغرىغا ئالغان.

ئۇيغۇرلار ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپلا تەڭرىتاغلىرى بىلەن قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارىلىقىدىكى تارىم ۋادىسىدا، تەڭرىتاغلىرى بىلەن بالقاش كۆلى ئارىلىقىدىكى جايلاردا، جەنۇبىي سىبىرىيىدە، ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى سېلىنگا، ئۇرخۇن، توغلا، قۇرۇلۇن دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرىدا، كەڭسۇ(ختاي تىلىدا گەنسۇ)دا، ياشاپ كەلگەن.) تۇرغۇن ئالماس ”ئۇيغۇرلار“ ـ 2010يىلى ئىستانبۇل قايىتا نەشرى. 1 ـ بەت)

## يەتتىنچى باب ئۇيغۇرىستاننىڭ جۇغراپىيەلىك تېررىتورىيىسى

ياۋرۇپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ئۇيغۇرىستان ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى بولۇپ، سىياسى ۋە ستېراتىگىيىلىك ئورنى، تەبىئى جۇغراپىيىسى، شانلىق تارىخى، ئېتنىك تەركىبى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى يەرئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرى شۇنىڭدەك بوگۈنكى مۇستەملىكە ھالىتى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان بىر دۆلەتتۇر.

1 ـ ئۇيغۇرىستاننىڭ جۇغراپىيىۋى ئورنى

ئۇيغۇرىستان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان. شەرق ۋە جەنۇپ تەرىپى كەڭسۇ( خىتاي تىلىدا گەنسۇ)، كۆكنۇر (خىتاي تىلىدا چىڭخەي)، تىبەت قاتارلىق ئۆلكىلەر بىلەن؛ شەرقىي شىمالدىن، غەربىي جەنۇبىغىچە موغۇلىستان(تاشقى موڭغۇلىيە)، روسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، كەشمىر، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن 5700 كىلومېتىرلىق مۇساپىدا چېگرىلىنىدۇ. شەرقتىن ـ غەرپكە قەدەر 1900 كىلومېتىر، جەنۇبتىن ـ شىمالغا قەدەر 1500 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار، ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ تۆۋەن ئويمانلىقلار، ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى دەريا، ئەڭ چوڭ قۇملۇق ۋە قەدىمى تارىخى شەھەرلەردىن شەكىللەنگەن. يەر مەيدانى 1 مىليون 828 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ھازىر خىتايلار 1 مىليون 650 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر دەپ ئېلان قىلماقتا.

2 ـ دەريا ۋە كۆللىرى

ئۇيغۇرىستاندا قېلىن قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان تاغلاردىن ئېرىپ ئېقىپ چۈشكەن سۇلاردىن ھاسىل بولىدىغان 570 تىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك دەريا بار. تارىم دەرياسى، قەشقەر دەرياسى (تۈمەن دەريا)، يەركەن دەرياسى (زەرەپشان)، ئاقسۇ دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، يۇرۇڭقاش دەرياسى، چەرچەن دەرياسى، قايدۇ دەرياسى، كۆنچى دەرياسى، ئىلى دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇنغۇر دەرياسى، ماناس دەرياسى، ئۈرۈمچى دەرياسى قاتارلىق چوڭ دەريالار بولۇپ، ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ سۈيى تارتىلىپ كەتكەن.

تارىم دەرياسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالى چېتىنى بويلاپ غەربتىن ـ شەرققە قاراپ ئېقىپ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. ئومۇمي ئۇزۇنلىقى 2300 كىلومېتىر، ئېقىن مىقدارى 5 مىليارد كىلومېتىردىن ئارتۇق.

ئىلى دەرياسى تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئىلى ۋادىسىنى ئايلىنىپ ئېقىپ، دەريا سۈيى ئەڭ كۆپ بولۇپ، سۇ ئېقىن مىقدارى يىلىغا 15 مىليارد 800 مىليون كۇپ مېتىرغا يېتىپ بارىدۇ. ئەمما 12 مىليارد كۇپمېتىر سۇ قازاقىستانغا ئېقىپ چىكىتىدۇ.

ئېرتىش دەرياسى شىمالى مۇز ئوكيان سىستېمىسىغا مەنسۇپ. ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبى باغرىدىن باشلىنىدۇ. ئېقىن سۇ مىقدارى يىلىغا 12 مىليارد 600 مىليون كۇپ مېتىر بولۇپ، 10 مىليارد كۇپ مېتىر سۇيى قازاقىستانغا ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ. جەنۇبىي ئۇيغۇرىستاندا بىر قانچە دەريالارنىڭ سۇيى تاجىكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ. (دېمەكچىمەنكى، دەرياسى كۆپ سۇيى كەمچىل ئۇيغۇرىستان كۆچمەن خىتايلارنى باقالمايدۇ. شۇڭا بۇ ۋەتەندە ئېكولوگىيلىك ئاپەت يۈز بېرىپ تۇرۇپتۇ. تۈزگۈچىدىن)

ئۇيغۇرىستاندا يۈزدىن ئارتۇق كۆل بار، كۆپىنچىسى دەريالارنىڭ چۈشۈرگۈسىگە جايلاشقان. ئەڭ چوڭ لوپنۇر كۆلى (ئاتوم سىناق قىلىش رايونىدا) ھازىر قۇرۇپ كەتكەن. ئېبىنۇر كۆلى (خىتاي كۆچمەنلىرى كۆچۈپ كېلىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ قۇرۇپ كەتكەن)، ئايدىڭكۆل، باغراش كۆلى قاتارلىق كۆللەرنىڭ سۇ يۈزى 1000 كۋادرات كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلۇنغۇر كۆلى، ماناس كۆلى، سايرام كۆلى، بوغدا كۆلى، قاناس كۆلى، بۇرۇلتوقاي كۆلى، بارىكۆل، ئوتۇنكوزا كۆلى (خىتاي كۆچمەنلىرى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ قۇرۇپ كەتكەن) قاتارلىق كۆللەر گۈزەل مەنزىرىلىك ساياھەت رايونلىرىنى ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش مەيدانىنى ھاسىل قىلغان.

### 3 ـ ھاۋا كىلىماتى

ئۇيغۇرىستان دېڭىزدىن يىراق، ئېگىز تاغلار ئارىسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ھاۋا كىلىماتى تىپىك قۇرغاق ھاۋا خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. يامغۇر ئاز ياغىدۇ. نەملىك نىسبىتى تۆۋەن. قىش ئۇزۇن، ئەتىياز، كۈز كۈنلىرى قىسقا، كۈن نۇرى چۈشىدىغان ۋاقىت ئۇزۇن، يۇقىرى ـ تۆۋەن تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. يىللىق ئوتتۇرىچە يۆل ـ يېغىن مىقدارى 145 مىللىمېتىر بولۇپ، ھۆل ـ يېغىن غەربتىن شەرققە، شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئازىيىپ بارىدۇ. ئىلى رايونىدا يىللىق يېغىن مىقدارى 1000 مىللىمېتىر بولسا، توخسۇن ناھىيىسى تەرەپلەردە ئاران 7 مىللىمېتىر يامغۇر ياغىدۇ. ياققان قارنىڭ قېلىنلىقى 25.5 سانتىمېتىر بولۇپ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ نەملىكىنى ساقلاشتا

مۇھىم رول ئوينايدۇ. دەريا سۇلىرىنىڭ ئاساسى مەنبەسى يازدا ئېرىيدىغان تاغدىكى مۇز ـ قارلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئېتىزلىقلارنى سۇغىرىدىغان سۇنىڭ 80% نى ئىگىلەيدۇ.

ئۇيغۇرىستاننىڭ شىمالى سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغقا، جەنۇبى ئىسسىق مۆتىدىل بەلۋاغقا مەنسۇپ بولۇپ، شىمالدا يىللىق تېمپېراتۇرا سىلسىيە 7 گرادۇس، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 0 دىن تۆۋەن 20.15 گرادۇس بولىدۇ. ئومۇمەن ئۇيغۇرىستاننىڭ ھاۋا كىلىماتى ياز پەسلى ئىسسىق، قىش پەسلى سوغۇق، كۈندۈزى ئىسسىق، كېچىسى سوغۇق بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ("شەرقي تۈركىستان" قوللانمىسى)

## سەككىزىنچى باب ئۇيغۇرلار تارىختا ئىشەنگەن دىنلار

ئۇيغۇرىستاندا ياشىغان ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن، ھەرخىل توتېملارغا، شامان، زەردوشت (ئاتەشپەرەستلىك)، مانى، خرىستىيان، بۇددا قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان ئىدى. ئەسىرلەر بويى داۋاملىشىپ خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە قەدەر سىڭىپ كەتكەن بەزى دىنى قائىدىلەر ياكى دىنى ئادەتلەر ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ھالا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەسلەپكى چوقۇنۇشى "ئالەم ـ تۇپراق، سۇ ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت مەنزىلدىن تەركىب تاپقان" لىقتەك رېئاللىق ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇرىستاندىكى ئەڭ چوڭ تاغنىڭ "تەڭرىتاغ" دەپ ئاتىلىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇنىڭغا چوقۇنۇشى، ئاسمانغا، ئايغا، ئوتقا چوقۇنۇشلار ئەنە شۇنداق ئاساسلارنى پاكىت قىلغان. ئەجدادلىرىمىز ئۇنىڭدىن باشقا ئوخشىمىغان تارىخى دەۋرلەردە كۆك بۆرە، بۇغرا، يولۋاس، شىر، ئارقار، تاغ تېكىسى، قارچىغا، شۇڭقارلارنى توتېم قىلغان، ئۇيغۇرىستاندا تېپىلغان 3 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بىر ساقال تاغقىنىڭ سېپىغا چۈشۈرۈلگەن بۆرىنىڭ سۈرىتى بىزگە كۆك بۆرە توتېمىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە

ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

1 ـ زەردوشت (ئاتەشپەرەسلىك ) دىنى: ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى زامانلاردا زەردۇشت دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ ئوتقا چوقۇنغان ئىدى. قورقۇنچلۇق تەبىئەت هادىسىلىرى، چاقماق چېقىنلىرى، يانار تاغ لاۋىللىرى قاتارلىقلار شۇنىڭدەك يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇپ يېيىش ئادەتلىرى بىرلىشىپ ئوتنى ئۇلۇغلاش، ئوتتىن مەدەت تىلەش ئەقىدىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئوت بىلەن ئۇچۇغداش، توي قىلغان قىزنى ئوت گۈلخانىدىن ئايلاندۇرۇش قاتارلىق ئادەتلەر ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىن قالغان ئادەتلەر ئىدى.

2 ـ شامان دىنى:

ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇن شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئىدى. "كۆن تەڭرى" شۇ ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ خۇداسى ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۇرۇشقا ماڭغاندا ئاق بوز ئاتنى قوشۇنىنىڭ ئالدىدا يېتىلەپ ماڭاتتى. ئاق بوز ئاتقا ئالتۇندىن جىيەك تۇتۇلغان قىزىل دۇخاۋا يۇپۇق ئارتىلاتتى. يازما خاتىرىلەردە شامان دىنى ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا 2000 يىل داۋاملاشقان. ئىسرىق سېلىش، پېرىخونلۇق، داخانلىق، ئۇخلاۋاتقان بوۋاقنىڭ بېشىغا پىچاق قويۇپ قويۇش قاتارلىق ئادەتلەر شامان دىنىدىن قالغان دىنىي مۇراسىم ئادەتلىرى ئىدى.

3 ـ مانى دىنى:

ئۇيغۇرلار ـ 5 ـ 4 ئەسىرلەردە دىنىنى مانى دىنىغا ئۆزگەرتكەن. ئۇيغۇرلاردا يورۇقلۇقنى ئۇلۇغلاش، كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىنى مۇقەددەس بىلىش ئادىتى مانى دىنىدىن قالغان. خىتاي تارىخ مەنبەلىرىدە "... هون تەڭرىقۇتى هەر كۈنى ئەتىگەندە يېڭى چىققان قوياشقا، كەچتە ئايغا چوقۇنىدۇ، ئايغا چوقۇنۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ" دەپ خاتىرىلەر قالدۇرغان.

4 ـ خرىستىيان ـ نېستورىيان دىنى:

مىلادىيە 1 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا شەرقتە دۇنياغا كەلگەن خرىستىيان دىنى داۋاملىق كېڭىيىپ شەرققە تەسىر كۆرسەتكەن. مىلادىيەنىڭ 334

ـ يىلـى خۇراسـاندىكى مـەرۋە، تـۇس دېگـەن جايـلاردا چېـركاۋلار بارلىقـى خاتىرىلەنگـەن. ـ 6ئەسىرنىڭ ئاخىرىـدا شـەرقى رىـم پادىشـاھى مائۇرىـك بىلـەن پارىـس پادىشـاھى خىسـراۋ بىرلىشـىپ، ئۇيغۇرىسـتاننىڭ قـارا شـەھەر ـ يۇلتـۇزدا خانلىـق تىكلىگـەن ئۇيغـۇر خاقانـى بەھـرام بىلەن سوقۇشـقاندا، ئەسـىر چۈشـكەن ئۇيغـۇر ئەسـكەرلەرنى كونسـتانتىنپۇلغا ئېلىـپ كەتكـەن. ئۇيغـۇر ئەسـكەرلىرى رىـم پادىشـاھى مائۇرىك بىلەن ئىران پادىشـاھى خىسـراۋغا ئەسىر چۈشـكەندە ئۇلارنىڭ پېشانىسـىدىكى كىرسـت بەلگىسـىگە قـاراپ ھەيـران قالغانلىقنـى ۋە ئۇلارنىـڭ خرىسـتىيان دىنىغـا ئېتىقـاد قىلىدىغانلىقنـى رىـم تارىخچىلىـرى خاتىرىلىگـەن. شۋېدسـىيىلىك ئېكسـپېدىيىچى سـتەيىن ۋە لىكـوكلار مىـرەن، خوتـەن، بـاي، تۇرپـان قاتارلىـق جايلاردىـن خرىسـتىيان دىنىنىـڭ چـوڭ مەزھەپلىرىدىـن بىـرى بولغـان نېسـتورىيان دىنىغـا ئائىـت رەسـىملەر، فىراگمېنـتلار، ئىنجىـل پارچىلىـرى، ئـىزوپ مەسـەللىرى، كىرسـت قەبـرە تاشـلىرىنى تاپقـان.

5 ـ بۇددا دىنى:

غەربىـي ئۇيغـۇرلار مـىلادى 1 ـ ئەسـىردىن باشـلاپلا بـۇددا دىنىغـا ئېتىقـاد قىلغـان. 4 ـ ئەسـىرلەردە بـۇددا دىنـى ئومۇملىشـىپ، خوتـەن، كۇچـا، تۇرپانلار بـۇددا دىنىنىـڭ دۇنيـاۋى مەركەزلىرىگـە ئايلانغـان. بۇددىزىـم نوملىـرى ئۇيغـۇر تىلىغـا تەرجىمـە قىلىنغـان. ئۇيغۇرىسـتاندا بـۇددا دىنـى بىلـەن مانـى دىنـى ئۆزئۆنغىچـە تـەڭ ياكـى ئارىلىشـىپ مەۋجـۇت بولـۇپ تۇرغـان. ئۇيغـۇرلار 10 ـ ئەسـىرلەردە بـۇددا دىنىنـى تـەرك ئېتىشـكە باشـلىغان بولـۇپ، بـۇ دەۋرلـەردە ئۇيغـۇرلار ئالەمشـۇمۇل ئەھمىيەتكـە ئىگـە مەدەنىيـەت تۆھپىلىرىنـى ياراتقـان.

6 ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى

مـىلادى 914 ـ يىللىرىدىـن تارتىـپ ئۇيغـۇرلار ئىسـلام دىنىنـى قوبـۇل قىلىشـقا باشـلىدى. ئىران سـامانىيلار پادىشـاھلىقىنىڭ شاھزادىسـى سـامانى ئوردا قالايمىقانچىلىقتـا ئوگۈشىسـىزلىققا ئۇچـراپ قەشـقەرگە قېچىـپ كەلگـەن. ئۇيغـۇر قاراخانىيـلار سۇلالىسـىنىڭ قاغانـى ئوغۇلچـاق قاغـان ئۇنـى قارشـى ئېلىپ ئاتۇشـقا ئورۇنلاشـتۇرغان. شـۇ كۈنلـەردە ئاتۇشـتىكى تاغقـا ئوۋغـا بىللـە چىققـان شـاھزادە سـۇتۇق بۇغراخـان، ئەبـۇ نەسـىر سـامانى بىلـەن تونۇشـۇپ، ئىسـلام دىنىنـى

ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلغان. 920 ـ يىلى سۇتۇق بۇغراخان تاغىسى ئوغۇلچاقنى ئوردا ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شاھلىق تەختىگە چىقىپ ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلغان. ("شەرقىي تۈركىستان قوللانمىسى")

## توققۇزىنچى باب ئۇيغۇرىستانىنىڭ قىسقىچە 19 ـ ئەسىر تارىخى

نېمىشقا ئۇيغۇرىستانىنىڭ 19 ـ ئەسىر تارىخىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇق. 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مانجۇ ـ خىتايلار ئۇيغۇرىستانغا بىر ـ ئىككى قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر قېتىمدا ئۇزۇن مۇددەت تۇرالمىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن كېيىنكى يېرىمىغىچە ئەنگلىيە بىلەن چار روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاۋۇال ئافغانىستانغا قاراتقان سىياسى ھەرىكەتلىرى، ھەربىي ھەرىكەتلىرى، دىپلوماتىك ئېلىشىشلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرىستانىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنىڭ نېمە بولىشىنى بەلگىلەپ قويغان ئىدى. شۇڭا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ 19 ـ ئەسىر تارىخىنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىشنى لايىق تاپتۇق.

روسىيىلىك تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىشى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى 25 يىلىدا باشلاندى. چار روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىشى شۇنىڭ ئۈچۈن كېچىكىپ قالدىكى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، شىمال تەرەپتە پايدا ـ مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرىدىغان يۇك ـ تېرە سودىسىغا سېلىشتۇرغاندا، ئىقتىسادىي غىدىغلاش، مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئوتتۇرا ئاسىيادا كەم بولغانلىقتىن، چار روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىشى بىر مەزگىل كېچىكىپ قالدى. تاجاۋۇز قىلىشتا كېچىكىپ قېلىشقا سەۋەب بولغان ئىككىنچى سەۋەپ شۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھاۋا كىلىماتى ۋە تەبىئەتتە ئۆسكەن ئۆسۈملۈكلىرى روسىيىلىك موژىكلار ياشىغان، ئادەتلەنگەن تەبىئەت ۋە ھاۋاكىلىماتىغا ئوخشىمايتتى. ئۇرۇسلار ياشىغان تەبىئى مۇھىتقا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەبىئى مۇھىتى ئوخشىمايتى. ("دۇنيانىڭ ئومۇمى تارىخى" 15 ـ ئەسىردىن كېيىنكى دۇنيا، خىتايچە نەشرى)

## 1 ـ چار روسيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىشى

بۈرۈنىڭ ئالدىدا قوزىچاققا ھاياتلىق يولى يوق بولغاندەك، بىر تاجاۋۇزچى دۆلەتنىڭ ئالدىدا ئاجىز، مەھكۇم مىللەتلەرگىمۇ ھاياتلىق يولى يوق ئىدى. تاجاۋۇزچى چار پادىشاھنىڭ ئەسكەرلىرىگە سىبىرىيىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە پايانسىز قازاق دالاسى سوزۇلۇپ ياتاتتى. توختىماي جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىگەندە قومۇلۇقلار، چۆللۈكلەر، بۇخارا، خىۋە، قوقان قاتارلىق قەدىمى مۇسۇلمان خانلىقلىرىنى بېقىپ تۇرغان مۇنبەت بوستانلىقلار يېيىلىپ ياتاتتى. لېكىن، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇرۇن بۇ خانلىقلار سېلىشتۇرغاندا ھەربى جەھەتتە چېچىلىپ كەتكەن سىبىرىيە قەبىلىلىرىدىن كۈچلۈك ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ تەرىپى چار روسىيىگە يېقىنلىششتىن ساقلىنىپ قالالايتتى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 1824 ـ يىلىدىن 1854 ـ يىلىغىچە 30يىل ئىچىدە چار روسىيە قازاق دالاسىنى بويسۇندۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. گاھى ـ گاھىدا پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغان ياكى دائىمى خاراكتېرلىك پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغان ئەتراپتىكى مىللەتلەرنىڭ تەھدىتى ياكى روسىيىلىكلەرنىڭ ۋە پېتىر بورگنىڭ ئەندىشىلىرىگە ياكى ئەنگلىيىنىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈشلىرىگە قارىماي، چار پادىشاھنىڭ تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى جەنۇپقا يۈزلىنىپ بار كۈچ بىلەن ئىلگىرىلىدى. ھەتتا ئەنگلىيە سىياسىئونلىرى شۇ ۋاقىتتا ”ئەمەلى توسقۇنلۇق بولمىغانلىقتىن، دۇچ كەلگەن دۈشمەننىڭ ھاياتلىققا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇسۇلى پەقەت، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشنىڭ مەنىسىگە تەڭ بولغانلىقتىن، ئەنگلىيىلىكلەر مەغلۇبىيەتتىن باشقا دىپلوماتىيە مەنتىقىسىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن. . . خۇددى يەر شارى قوياشنى ئايلانغاندەك ئايلىنىپ چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى، ئىلگىرىلىمىسە بولمايدىغان تەخىرسىز ھالەتكە كەلگەن ئىدى“ دېيىشكەن.

ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلار مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى شەھەرلىرى، يېزا ـ قىشلاق دالالىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئىلگىرىلەش ئىچىدىكى چار روسىيە ئارمىيىسىنىڭ قولىغا چۈشتى. 1865 ـ يىلى تاشكەنت قولغا چۈشتى، 1868

-يىلى بۇخارا بويسۇندۇرۇلدى، 1873 -يىلى خىۋە خانلىقى بويسۇندۇرۇلدى.

شىددەتلىك تاجاۋۇزچىلىق ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئەنگلىيىنى چۆچىتىۋەتتى. چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا ئەگىشىپ كۈچىيىۋاتقان خەۋەرلىرىمۇ ئەنگلىيىنى قورقۇتۇشقا باشلىدى. مەسىلەن، چار روسىيە تىبەتكە تاجاۋۇز قىلىدىكەن دېگەن خەۋەرلەر بار ئىدى. لېكىن بۇ ئەسىر (19 -ئەسىر) ئەنگلىيە بىلەن چار روسىيە ئاشكارا توقۇنۇشمىغان بىر ئەسىر بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى. چۈنكى، ئەنگلىيە (ھىندىستاندا) بىلەن چار روسىيىنىڭ ئارىلىقى ئىنتايىن يىراق بولۇپ، قاتناش قوراللىرى يەنە ئىنتايىن چەكلىك ئىدى. چار روسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىشىشى قورال كۈچىنى سىناق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ياشاۋاتقان كىچىك دۆلەتلەرنى كىم تىزگىنلەيدۇ دېگەن، مەقسەتلەر بويىچە كەسكىنلىشىپ كەتكەن ئېلىشىش ئىدى.

بولۇپمۇ ئىران بىلەن ئافغانىستاننى قايسى دۆلەت قانداق تىزگىنلەش مەسىلىسىنى دەۋر قىلغان، ئىستىراتېگىيىلىك مەقسەتنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان كۆرەش ۋە قانات يايدۇرۇلغان ئېلىشىشلار ئىدى. ("دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخى" 15 -ئەسىردىن كېيىنكى دۇنيا خىتايچە نەشرى، شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1995 -يىل)

ئەجەپلەنمەڭ كىتابخانلىرىم، تېگى- تەكتىدىن ئېيتقاندا چار روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىشى ۋە بويسۇندۇرۇشى ئۇيغۇرىستاننىڭ مانجۇ- توڭغۇسلارغا مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىردىنبىر سەۋەب ئىدى. غەربلىك دىۋە چار روسىيىنىڭ بىر پۇتى، لېكىن دىپلوماتىك رەۋىشتە، شەرقنىڭ دىۋىسى مانجۇ- توڭغۇسنىڭ بىر پۇتى ھەربىي كۈچ بىلەن شۇ كۈنلەردىن باشلاپ ئۇيغۇرىستانغا قويۇلدى. ھىندىستاننى بويسۇندۇرغان بۈيۈك بىرىتانىيە، يۇقىرىقى ئىككى جاھانگىرنىڭ ئۇيغۇرىستاننى ئارىلىق رايونغا ئايلاندۇرۇشىغا سۈكۈت قىلدى. سۈكۈت قىلدىلا ئەمەس ھەتتا ئۇيغۇرلارغا پايدىسىز ئەھۋالدا ئارىلاشتى.

چار روسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا 1882 -يىلى تۈزۈلگەن ئىككى

دۆلـەت كېلىشـىمنىڭ بىـر ماددىسـىدا: «ئەنگلىيـە ئافغانىسـتانغا قـول ئـۇزا رتماسـلىق؛ چـار روسـىيە ئۇيغۇرىسـتانغا قـول ئۇزارتماسـلىق مەجبۇرىيەتلىرىنـى دىپلوماتىـك يولـلار بىلـەن كېلىشـكەنلىكتىن روسـىيە، ئىلـى ئۆلكىسـىنى ھەتتـا پۈتـۈن ئۇيغۇرىسـتاننى بېسىۋېلىشـقا جۈرئـەت قىلالمىغـان ئىـدى.» ("ئۇيغۇرنامە" 336 ـ بـەت. سـابىت ئۇيغـۇرى)

ئىككـى جاھانگىر دۆلەت ئوتتۇرىسـىدا ئىمزالانغان كېلىشـىم ئۇيغۇرىسـتاننىڭ كېيىنكـى تەقدىرىگە قانداق تەسىر كۆرسـەتتى؟

ئەمدى كېلەيلۇق ئۇيغۇرىسـتان مەسلىسـىگە، ئۇنداقتا مانجۇ ھاكىمىيتىنىڭ ئۇيغۇرىسـتانغا تاجـاۋۇز قىلىشـى ۋە ئۇيغۇرلارنىـڭ قوراللىـق قوزغـىلاڭ ئارقىلىـق مانجۇلارنـى ۋەتىنـى ئۇيغۇرىسـتاندىن قوغـلاپ چىقارغانلىقـى توغرىسـىدا، مانجۇلارنىـڭ ئۇيغۇرىسـتانغا يەنـە تاجـاۋۇز قىلغانلىقـى ئاقىۋەتلىرىـدە 1884 ـ يىلىـدا ئـۇ تەرەپتىـن چار روسـىيىنىڭ ياردىمـى ئارقىلىق بـۇ تەرەپتىـن ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىـڭ ياردىمـى ئارقىلىق زوزۇڭتاڭ ئەسـكەر چىقىرىپ، ئۇيغۇرىسـتاننىڭ مانجۇلارغـا مۇسـتەملىكە بولـۇپ قالغانلىقـى توغرىسـىدا، يۇقىرىقـى پارچىلارغـا مۇناسـىۋەتلىك تۆۋەنـدە توختىلىـپ ئۆتىمىـز.

ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىـڭ تۆۋەنـدە "ياقـۇپ بەگنىـڭ تەرجىمھالـى" ماۋزۇلـۇق كىتابتىـن نەقىـل كەلتۈرۈلگـەن بىـر ئابـزاس سـۆزنىڭ مەنىسـىگە تېخىمـۇ چوڭقۇر دىققـەت قىلىشـىنى ئۈمىـد قىلىمىـز.

"بـۇ كىتابنىـڭ ئاخىرقـى بىـر بابىـدا، ئەنگلىيـە ھۆكۈمىتىنىـڭ ياقـۇپ بـەگ ھاكىمىيتىنـى يۆلـەپ، تۈرغـۇزۇش جەھەتتىكـى تەجرىبـە ـ سـاۋاقلىرىنى يەكۈنلـەپ كېلىـپ ئايتـور، ئەنگلىيـە مۇسـتەملىكچىلىرىگە ئەقىـل ۋە يـول كۆرسـىتىدۇ. چارلـز بولگېـر ئەنگلىيىنىـڭ ياقـۇپ بـەگ ھاكىمىيتىنـى قوللاپ، سـودا جەھەتتـە ئالغـان پايدىسـى، ياقـۇپ بـەگ ھاكىمىيتىنـى ئېتىـراپ قىلىـپ، سىياسـى جەھەتتـە تارتقـان زىيىنىنـى قاپلىيالمايـدۇ، دەپ قارىغـان. شـۇڭا ئـۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە "روسـىيىنىڭ ھەددىدىن ئېشىـپ كەتكـەن كېڭەيمىچىلىكىنى (جۇڭگـو بىلـەن بىرلىكتـە) چەكلـەپ" (ئىنگلىزچـە نوسخىسـىنىڭ 299 ـ بېتىگە قارالسـۇن) ئاندىـن جۇڭگودىـن نـەپ ئېلىـش ئۈچـۈن، روسـىيە جۇڭگونىـڭ ئىلـى

رايونغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، جۇڭگو روسىيە مۇناسىۋىتىنى جىددىلەشتۈرۈپ قويغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو بىلەن ئۆزئارا چۈشىنىش هاسىل قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. ("ياقۇپ بەگنىڭ تەرجىمهالى" ئەنگلىيە، ئاپتورى چارلىز بولگېر، 4 ـ بەت)

2 ـ مانجۇلارنىڭ ئۇيغۇرىستانغا بىرىنچى قېتىم تاجاۋۇز قىلىشى

"1038 يىل هەر قانداق تاجاۋۇزچىلىقتىن خاتىرجەم،خالىي ياشىغان ئۇيغۇرىستان خەلقى، دەپ باشلايدۇ رەهمەتلىك تارىخچى مۇهەممەد ئەمىن بۇغرا، 1758 ـ يىلى مانجۇ لارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى.

1758 ـ يىلى مانجۇلارنىڭ قۇماندانى جاۋخۇي قەشقەرگە يېقىنلاپ كېلىپ، قەشقەر ـ يەكەن خەلقىنى ئېغىر دەرىجىدە مەغلۇپ قىلىپ، بۇ خەلقنىڭ تولىسى ئۆلتۈرۈلدى.

1815 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ هەرقايسى جايلىرىدا مانجۇلارغا قارشى قوراللىق ئىنقىلاب قوزغالدى. جاهانگىر خوجا ئۆزىنى پادىشا ئېلان قىلدى. 1824 ـ يىلى مانجۇلار شەرقىي تۈركىستانغا يەنە تاجاۋۇز قىلىپ، جاهانگىر خوجىنى تۇتۇپ بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىپ ۋەهشىلەرچە شېهىت قىلدى.

خىتايدا توپىلاڭلار داۋام قىلىۋاتقان بىر چاغدا 1839 ـ يىلى ئەنگلىيە بىلەن مانجۇ هۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا " ئەفيۇن ئۇرۇشى" پارتلىدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا مانجۇ ئەسكەرلىرى ئازلاپ كەتتى. ئۇيغۇرلار تەرەپ ـ تەرەپتىن قوزغىلىپ چىقىپ، ئۇرۇمچى ۋە ئىلى شەهىرىدىن باشقا پۈتۈن جايلارنى مانجۇلارنىڭ ئىشغالىدىن پۈتۈنلەي تازىلىدى. لېكىن شەرقىي تۈركىستان خەلقى يەنە پۈتۈنلەي بىرلىشىپ كېتەلمىدى.

«ئەپيۇن ئۇرۇشى» ئاياقلىشىپ مانجۇلار بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، 1846 ـ يىلى مانجۇ ئىمپېراتورى شەرقىي تۈركىستانغا يەنە 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ تاجاۋۇز قىلدى. دېمەك 36 يىلدىن كېيىن، ئۇيغۇرىستان مانجۇلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى. («شەرقىي تۈركىستان تارىخى»)، (جاهانگىر خوجنى

تۇتۇۋېلىپ بېيجىڭغا ئېلىپ كەتكەن 1824 ـ يىلىدىن ھېسابلىغاندا 22 يىل بولىدۇ، جاھانگىر خوجا ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىغان 1815 ـ يىلىدىن ھېسابلىغاندا 31 يىل بولىدۇ.)

تۆنۈگۈنلا ئەنگىلىيە بىلەن مانجۇلار ئوتتۇرىسىدا پارتلىغان ئەپيۇن ئۇرۇشىدا شۇنچە تالاپەت تارتقان مانجۇ ھۆكۈمىتى ئارىدىن 6 يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا يەنى مەسىلەن، 1842 ـ يىلى ئەفيۇن ئۇرۇشى توختاپ ئەنگىلىيە جاھانگىرلىكى بىلەن مانجۇ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا "نەنجىڭ شەرتنامىسى" ئىمزالاندى. ئۇنداق بولغاندا ئارىدىن 4 يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا يەنە 100 مىڭ كىشىلىك ھەربىي قوشۇننى 1846 ـ يىلى ئۇيغۇرىستانغا قانداق ئەۋەتەلىدى؟ تارىخنى خاتىرىلەشتە خاتالىق كۆرۈلگەنمۇ ياكى راستىنلا مانجۇ ھۆكۈمىتى 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلغانمۇ؟ بۇ، 100 مىڭ كىشىلىك ھەربىي قوشۇننى ئەنگىلىيە تەشكىللەپ بەرگەن، ئەنگىلىيە تەربىيەلەپ بەرگەن، ئەنگىلىيە ماددىي ئىقتىساد بىلەن تەمىنلىگەنمۇ يا؟! شۇنىڭ ئۈچۈن مانجۇ ھۆكۈمىتى ئەنگىلىيە بىلەن «نەنجىڭ شەرتنامىسى» نى ئىمزالاپ خوڭكوڭنى ئەنگىلىيىگە كېسىپ بەرگەنمۇ يا؟!)، تارىخنىڭ مەخپىي تەرەپلىرى پەقەت تارىخقا تەۋە بولىدۇ.

1853 ـ يىلى پۈتۈن (ئۇيغۇرىستان) مىقياسىدا قوراللىق ئىنقىلاب قوزغالدى. تۆت يىل داۋام قىلغان ئۇرۇشتىن كېيىن، ئاخىرى (ئۇيغۇرىستان ) ئىنقىلابچىلىرى غەلىبە قىلىپ، خوتەندىن تۇرپانغىچە بولغان جايلاردا مانجۇلارنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىپ خاتىرجەم بولدى. ئەمما ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلار بۇ قېتىممۇ بىر كۈچ ئاستىغا بىرلىشەلمىدى. شۇڭا دۈشمەن 5 يىل قالمايلا يەنە ھۇجۇم قىلدى.

1872 ـ يىلى ئۇيغۇرلار يەنە بىر قېتىم قوراللىق ئىنقلاب قوزغىدى. باشتا ئۇيغۇرلار تاغ ئارىسىدىكى مۇداپىئە قىلغىلى بولىدىغان جايلارغا يەرلىشىۋېلىپ پارتىزانلىق ئۇرۇش تاكتىكىسى بىلەن مانجۇ ئەسكەرلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئېغىر زەربە بەردى. (بۈگۈنلەردە يەر نامى چەيلەگزە دەپ ئاتىلىدىغان بۇ شەھەرنى) تارىختا پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىپ، ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلارنىڭ 80000 دىن ئارتۇق مانجۇ ـ خىتاينى ئۆلتۈرگەنلىكى ھازىرغىچە رىۋايەت قىلىنىپ

كەلمەكتە. («شەرقىي تۈركىستان تارىخى»)

## ئونىنچى باب بەدۆلەت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ياقۇپ بەگنىڭ هۆكۈمرانلىقى

تارىخ شۇنداق قىزىقارلىق هادىسىكى، شۇ هادىسىلەرنىڭ مەسىلەن، يۈز بەرگەن ۋە يۈز بېرىۋاتقان ياكى كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان هادىسىلەرنىڭ بەلكى شۇ هادىسىلەرنى تەشكىل قىلغۇچى هادىسىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئامەت ۋە ئاپەتتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئامىل يۇشۇرۇنغان بولىدىكەن. تارىخنى ياراتقۇچى ياكى تارىخنى ئۇيان - بۇيان قىلغۇچى شەخسلەرنىڭ ئايرىملىرى تارىخىي پۇرسەت ۋە ئامەتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆرۈپ يېتىپ، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ تەلەپلىرىگە ماسلىشىپ هەرىكەت قىلىپ غەلىبىگە ئېرىشىدىكەن. تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئايرىملىرى بولسا، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى كۆرۈپ يېتەلمەيدىكەن، بەلكى تەرەققىياتقا قارشى تەتۈر ئېقىم پەيدا قىلىپ مەقسەتلىرىگە يەتمەي تۈرۈپ مەغلۇپ بولىدىكەن.

تارىختا ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنى تاجاۋۇزچىلىققا دۇچار بولغان چاغلاردا، تاجاۋۇزچىلارنى كەينى - كەينىدىن ئۇرۇش بىلەن قوغلاپ چىقىرىپ ئۆزلىرىنىڭ شانلىق تارىخىنى ياراتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ چوڭ كەمچىلكى شۇكى، بۇ خەلق - ئۇيغۇر خەلقىنى، هەتتا هازىرغىچە تارىختىن ئىبرەت ئالغان خەلق دېيىشكە بولمايدۇ.

گەرچە تارىخىي ماتېرىياللار كەمچىل بولغان ياكى تارىخىي ماتېرىياللار تولۇق بولغان ئەهۋالدا يېزىلغان تارىخ ئەسەرلىرى بولسۇن بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ تارىخىي ۋەقەلەرنى يورۇتقاندا سىڭدۈرۈدىغان كۆز قاراشلىرى خىلمۇ خىل بولغانلىقتىن، تارىخىي ۋەقەلەردىن چىقىرىدىغان نەتىجىلىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىدى.

ياقۇپ بەگ، ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك شەخس ئىدى. زامان ياقۇپ بەگنىڭ ئۆلۈغلىقى، دانالىقىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن

بولسا، ماكان جەھەتتە ئۇيغۇرستان شۇ زامان ئىچىدە غەرب تەرەپتىن چار روسىيە موۋزىكلىرىنىڭ تەھدىتىكە دۇچ كەلگەندەك، شەرق تەرەپتىن مانجۇلارنىڭ يەنە بىر قېتىملىق تاجاۋۇزىغا دۇچ كەلگەن. شۇنداق ئېغىر بىر ۋەزىيەت ئاستىدا ياقۇپ بەگ، ئىككى جاھانگىر دۆلەت، چار روسىيە ئىمپىراتورلىقى بىلەن مانجۇ ـ ختاي ئىمپىراتورلىقى ئوتتۇرىسىدا قەشقەرىيىدە مۇستەقىللىق جاكارلاپ (1877 ـ 1865 ـ يىللىرىدا) بەدۆلەت ئۇيغۇر دۆلتىنى قۇرۇپ چىققان.

تارىخنىڭ بۇ ۋەقەلىرى توغرىسىدا بىزنىڭ ئىككى نەپەر تارىخچىمىزنىڭ كۆز قاراشلىرى قانداق بولدى؟

«شەرقىي تۈركىستاندا، «بەدۆلەت» لەقىمى بىلەن تونۇلغان ۋە «ئاتىلىق غازى» دەپمۇ ئاتالغان ياقۇپ بەگ دەۋرىدىكى ۋەقەلەرنى ئۆزاقتىن كۆزىتىپ تەتقىق قىلغان چەت ئەل تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە، ياقۇپبەگنى خاتا تەخمىن قىلىپ، ئۇنى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىسى ۋە مىللىي ھۆكۈمدارى دەپ كۆرسىتىدۇ. ياقۇپ بەگ ئەسلىدە پەرغانىلىك بولۇپ، قوقەنت خانى خۇدايارخاننىڭ قۇش بېگى(ۋەزىرى ياكى قوماندانى) ئىدى. خانغا خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن جازالىنىپ، تۈرمىگە تاشلانغان، بۇزرۇكخان تۆرە بىلەن كونا بىر دوستلۇق مۇناسىۋىتى يۈزىسىدىن بۇزرۇكخان تۆرە، خانغا ئىلتىماس قىلىپ، ئۇنى تۈرمىدىن چىقىرىپ، خىزمەتكە تەيىنلەپ بىللە قەشقەرگە ئېلىپ كەلگەن" («شەرقىي تۈركىستان تارىخى» 328 ـ بەت، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا)

"ياقۇپ بەگنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق ئىنگلىز تارىخ تەتقىقاتچىسى چارلىز بولگېر «ياقوپبەگنىڭ تەرجىمھالى» ماۋزۇلۇق كىتابىدا ياقوپ بەگ تەخمىنەن 1820 ـ يىلى قوقەنتتىكى پىسكەنت دېگەن يۇرتتا پىر مۇھەممەت دېگەن بىر تاجىكنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، دەپ يازغان... 1876 ـ يىلى روسىيىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ يەتتە شەھەر دۆلتىنى زىيارەت قىلغان روس گېنېرالى ئا. ن كىروپاتكىن بولسا «قەشقەرىيە» ماۋزۇلۇق كىتابىدا ياقۇپ بەگ تەخمىنەن 1826 ـ يىلى خوجەنتتە تۇغۇلغان ئۇنىڭ ئاتىسى ئىسمەتۇللا دېھقان كىشى ئىدى دەپ يازغان. ئۇنىڭ مىللىي تەۋەلىكى توغرۇلۇق ھېچ

نەرسە دېمگەن. (ئېھتىمال مىللى تەۋەلىكى توغرۇلۇق ھېچ نېمە دېمەيدىغان ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئادىتىگە ماسلاشقان بولسا كېرەك) نۇرغۇنلىغان كىشىلەر چارلىز بولگېرنىڭ يۇقىرىقى مەلۇماتىغا ئاساسلىنىپ «ياقۇپبەگ تاجىك ئىكەن دەپ قاراپ كەلگەن.»

يېقىندا تارىخچىمىز، ئارخېئولوگ ئابدۇكېرىم سابىت «ئۇيغۇر ئاۋازى گېزىتى» نىڭ 2003 - يىللىق 23 - ساندا ئېلان قىلغان، ئۇزۇن يىللار ئىزدىنىپ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يازغان «ياقۇپبەگ زادى كىم؟» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا: ياقۇپ بەگنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى تاجىك ئەمەس، قەشقەرلىق ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ چىقتى. ئالىمنىڭ يېزىشىچە، ياقۇپبەگنىڭ دادىسى قەشقەرلىق يۇسۇپ تاشچى دېگەن كىشى بولۇپ، ياش ۋاقتىدا مىللى ئازادلىق كۆرەشلەرگە قاتنىشىپ، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يۇرتداشلىرى بىلەن بىللە پاناھلىق ئىزدەپ قوقەنت خانلىقى تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتكەن ئىكەن... دەپ كۆرسەتتى. دېمەك ياقۇپ بەگ، ئۇيغۇر پەرزەندى بولۇپ چىقتى. ("ئۇيغۇرنامە" 330 - بەت)

«ئەسكىرى قىسىملارنىڭ ۋە غەربىي ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇھاجىرلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن (ياقۇپبەگ) ھەرخىل باج ۋە ئالۋاڭ - سېلىق ئېلىشنى يولغا قويدى. مەسىلەن: يەر بېجى، تىجارەت بېجى، چارۋا مال بېجى ۋە باشقا ھەر خىل ئىسىملار بىلەن خەلقتىن ئالىدىغان باج ۋە ئالۋاڭ سېلىقلار، خەلق كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە ئېغىرلاشتى. دېھقانلار يەرلىرىنى تاشلاپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كەتتى. بازار كاساتلىشىپ تىجارەت ئازلىدى، خەلق قىممەتچىلىك ۋە ئاچارچىلىق ئاپەتلىرىگە دۇچار بولدى.» («شەرقىي تۈركىستان تارىخى» 335 - بەت)

"بەزى تارىخچىلار ياقۇپ بەگنىڭ مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا خۇسۇسەن يەكەن، خوتەن، كۇچا خانلىقلىرىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇشتا ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ، ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرىنى قوللانغانلىقىنى، قارشىلىق قىلغان ئاممىنى ئاياۋسىز قىرغانلىقىنى، دېھخانلاردىن ئېلىنىدىغان باج سېلىقنىڭ ئېغىر بولغانلىقىنى ۋە باشقا دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ، ئۇنى تارىختىكى سەلبى

شەخس دەپ باھالايدۇ. يەنە بەزى تارىخچىلار ياقۇپ بەگ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا شەرقتىن بېسىپ كېلىۋاتقان زورۇڭ تاڭنىڭ تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىگە قارشى ئاكتىپ جەڭ قىلماي، ئەسكەرلىرىنى تۇرپاندىن كورلىغا چېكىندۈرۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەربىي سىياسىي خاتالىقى دەپ باھالايدۇ. ("ئۇيغۇرنامە" 330 ـ بەت)

ياقۇپ بەگكە مۇشۇ نۇقتىدا قانداق باھا بېرىش كېرەك؟

ياقۇپ بەك ئۇيغۇر ئوغلى ئىدى، شۇنداقلا تارىخنىڭ ئوغلى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق دېيىمىزكى، ياقۇپ بەگنى تارىخنىڭ تاسادىپ ۋە زۆرۈرى تەلەپ ـ ئېھتىياجى ياراتتى. ياقۇپ بەگنى تارىخىي زامان ياراتتى. ياقۇپ بەگ ياشىغان دەۋر، 15 ـ ئەسىردە باشلانغان مۇستەملىكچىلىك 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە تېخىمۇ ۋەھشىلىشىپ ئەۋجىگە چىققان بىر دەۋر، ياۋرۇپادىن مۇستەملىكە قىلىش كۈچى ۋە مۇستەملىكچىلىك سىياسىتى ئاسىياغا يۆتكەلگەن ۋە بۇ سىياسەتنى بۇ دەۋرلەردە سىبىرىيىنى ئەمدىلا بويسۇندۇرۇپ قايتقان چار روسىيە ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيمىچىلىك قىلىش ھەربىي ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرغان بىر دەۋردە ياشىغان ئىدى. ھىندىستاننى بويسۇندۇرغان ئەنگىلىيە، ئافغانىستان ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆز تىكىپ تۇراتتى، دەل مۇشۇنداق پەيتتە، روسىيىنىڭ ئۇزۇق ـ تۈلۈك ياردىمىگە تايىنىپ، ئەنگىلىيە بۇستۇن بانكىسىنىڭ پۇلىنى خەجلەپ، يىراقتا ـ ئۆزىنىڭ تېررىتورىيىسى بىلەن ھەر قانداق ئالاقىسى بولمىغان پەقەت تاجاۋۇزچىلارغا ئوبيېكت بولۇپ قالغان ئۇيغۇرىستانغا يۈرۈش قىلغان مانجۇ ـ خىتاي خاندانلىقىنىڭ ياللانما، خىتاي ئەسكىرى قوماندانى زورۇڭ تاڭ ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلدى. بۇنداق نازۇك بىر ۋەزىيەتتە ياقۇپ بەگ، بۇ پاسىبانىنىڭ قىلىدىغان ئىشى ـ قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش ۋە قۇرغان دۆلەتنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن قايتا ـ قايتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئىدى، خالاس.

ئارمىيە قوماندانى ياقۇپ بەگ، شۇ ۋاقىتتا قانداق ئويلىدى، بىز ئۆزىمىزنى شۇ ۋاقىتتىكى ياقۇپ بەگنىڭ ئورنىغا قويالمايمىز، ھەمدە ئۆزىمىزنى شۇ ۋاقىتتىكى ماكان زامانىنىڭ ئىچىگە قويالمايمىز. شۇنداقلا سوبيېكتىپ

ئىدىيىلىرىمىزنى، ئارزۇلىرىمىزنى تارىخنىڭ شۇدەۋىر ئەمەلىيىتىگە مەجبۇرلاپ تاڭالمايمىز. ئەمما شۇ نەرسە ئوقۇغىچىلارغا ئېنىق بولىشى كېرەككى، ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلغان مانجۇلارنىڭ تاجاۋۇزىغا خاتىمە بېرىلىشى كېرەك ئىدى، ئۇيغۇرىستاندا قۇدرەتلىك ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن جاي-جايلاردا ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولىۋالغان ھازىرقى زاماننىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا مىللىتارىست ھاكىمىيەتلەرگە قارشى ئۇرۇش ئېچىپ باستۇرۇپ ئۇيغۇرىستاندا ھاكىمىيەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىلا ئاندىن قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولاتتى.

1758 -يىلدىن 1865 -يىلغىچە ھەر قېتىم ئۇرۇشتا يېڭىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇيغۇرىستانغا ھەر قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە بىر نەچچە قېتىم قوغلاپ چىقىرىلغان بولسىمۇ، يەنە توختىماي تاجاۋۇز قىلىپ تۇرغان مانجۇ تاجاۋۇزچىلىرىنى ئاخىرقى قېتىم تارمار قىلىپ ئۇيغۇرىستاندا بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك بىر دۆلەتنى قۇرۇپ چىققان كىشى - ياقۇپ بەگ "تەڭرىنىڭ قامچىسى" ئىدى.

بۇ توغرىدا سابىت ئۇيغۇرى "ئۇيغۇرنامە" دە: «بۇ مەسىلىگىمۇ تارىخچى-ئارخېئولوگ ئابدۇكېرىم سابىتنىڭ «يېڭى ھايات گېزىت»نىڭ 2003 -يىللىق 4 -سانىدا ئېلان قىلغان «ياقۇپ خوجام نېمىشكە چېكىندى؟» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «زوزۇڭتاڭ قوشۇنلىرى ياقۇپ بەگكە قارشى جەددى ئۇرۇش باشلاش ئالدىدا تۇرغاندا، چار روسىيە ئىمپېرىيىسى ئۆزى بېسىۋالغان قوقەنت تېررىتورىيىسىدىن قەشقەرىيەگە بېسىپ كىرىشكە تەييارلىنىپ قويغان. مانا مۇشۇ ئەھۋال ياقۇپ بەگنى قايمۇقتۇرۇپ، ئىككىلەندۈرۈپ قويدى. ئەگەر چار روسىينىڭ ئۇيغۇرىستانغا بېسىپ كىرىش ئېھتىمالى بولمىغاندا، ياقۇپ بەگ شەرقتىن كېلىۋاتقان مانجۇ ئەسكەرلىرىگە قارشى ئۇرۇش ئاچقان، ئۇرۇشتا خىتاي ئەسكەرلىرى ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلغان بولاتتى.» ("ئۇيغۇرنامە" -330بەت)

1 - ياقۇپ بەگنىڭ چەت دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى

"مىلادى -1870يىلى ياقۇپ بەگ، تۈركىيە سۇلتانى ۋە شۇ چاغدىكى

ئىسلام خەلىپىسى ئابدۇلئەزىز خاننىڭ ئالدىغا ھەيئەت ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئىسلام خەلىپىلىكىگە تەۋە بولىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلىپ، ئۇيغۇرىستاننى مۇستەقىل ئىسلام دۆلىتى دەپ ئېتىراپ قىلىشىنى ئىلتىماس قىلدى.

سۇلتان ئابدۇلئەزىز، بۇ ھەيئەت بىلەن كۆرۈشتى ۋە ياقۇپ بەگنىڭ ئىلتىماسىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا «ئەمرۇلمۇسلىمىن» يەنى مۇسۇلمانلار ئەمىرى دېگەن ئۇنۋاننى بەردى. خۇتبىنى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى نامىدا ئوقۇشنى ۋە پۇلغا خەلىپىنىڭ ئىسمىنى چۈشۈرۈشنى بۇيرىدى. ياقۇپ بەگ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ، خۇتبىنى سۇلتان ئابدۇلئەزىز نامىدا ئوقۇتتى ۋە قۇيدۇرغان كۈمۈش تەڭگىگە خەلىپىنىڭ ئىسمىنى چۈشۈردى. ئۈستىدە «سۇلتان ئابدۇلئەزىز» ئىبارىسى چۈشۈرۈلگەن كۈمۈش تەڭگىلەر ھازىرمۇ خەلقنىڭ قولىدا بار.

ئۇندىن كېيىن ياقۇپ بەگ، ھىندىستان ۋە روسىيىگە بىردىن ئەلچى ئەۋەتتى. ئەنگلىيە ۋە روسىيە ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تونۇدى (ئېتىراپ قىلدى). ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىلەن تىجارەت كېلىشىمى ئىمزالاندى. ئىككىنچى يىلى، چار روسىيە ۋە ھىندىستاندىن ياقۇپ بەگكە رەسمى ئەلچى كەلدى. ھىندىستاندىن تۆت مىڭدىن كۆپرەك كارتوشلۇق ۋە يىگىرمە مىڭ پىستانلىق مىلتىق ۋە باشقا نۇرغۇن مىقداردا ھەربىي لاۋازىمات بويۇملىرى سېتىۋېلىندى. بىراق، مانجۇ ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ جاھىللىقىدا چىڭ تۇرۇپ، (ئۇيغۇرىستان) نىڭ مۇستەقىللىقىنى تونۇمىدى.

لېكىن گۇدەك ياشتىكى ئىمپېراتور تۇڭشىغا ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىۋاتقان كۈڭ، ئوسمانلى ئىمپېراتورلىقى، ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقى، چار روسىيە ئىمپېراتورلىقىنىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇيغۇرىستانغا ئەسكەر يوللىمايدىغانلىقىنى رەسمى ئېلان قىلدى. ئۇچاغدا مانجۇ-خىتايدا ئىچكى ئىنقىلاب ۋە ئەنسىزلىك سەۋەبىدىن ۋە چەت ئەللەرنىڭ سەۋەبىدىن (بولسىمۇ) مەنچىڭ سولالىسى ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا (شۇ دەرىجىدە) يول قويۇشقا مەجبۇر ئىدى. (مانجۇ مەنچىڭ) ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنداق قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان چاغلىرىدا ئىككى يۈزلىمە سىياسەت قوللىنىدىغانلىقىدىن، ياقۇپ بەگ خەۋەرسىز

ئىدى. دۇنيانىڭ ئۈچ چوڭ دۆلىتى مۇستەقىللىقىمىزنى ئېتىراپ قىلدى، (گۇمان بىلەن قارايمەن، تۈزگۈچى) چىن (مانجۇ) دۆلىتىنىڭمۇ تونۇماقتىن (ئېتىراپ قىلماقتىن) باشقا چارىسى يوق دېگەن چۈشەنچە بىلەن (ئۇيغۇرچە) بېپەرۋالىق قىلماقتا ئىدى.» («شەرقىي تۈركىستان تارىخى» 336 ـ بەت)

1876 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇيغۇرنىڭ قولىدىكى ئامەت ئۇيغۇرنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتتى. چۈنكى ئامەت ئاۋۋال بۈيۈك سەركەردە ياقۇپ بەگنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. مەنچىڭ (مانجۇ) دۆلىتىنىڭ ياللانما گېنېرالى زوزۇڭتاڭ 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ، "بىر مىليونغا يېقىن ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرۈپ" ـ 1884يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسى تەسىس قىلدى. شىنجاڭ دېگەن خىتايچە سۆزنىڭ مەنىسى يېڭى يەر، يېڭى مۇستەملىكە دېگەنلىك بولاتتى.

ئۇيغۇرىستاندا قۇرۇلغان بەدۆلەت، سەركەردە ياقۇپ بەگ دۆلىتى ئاغدۇرۇلدى. نېمىشقا، چار روسىيە ئىمپېراتورلىقى، ئوسمانلى ئىمپېراتورلىقى، ھىندىستاننى بېسىپ ياتقان ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقى، ئۇيغۇرىستاندا قۇرۇلغان ياقۇپبەگ دۆلىتىنى" ئېتىراپ قىلغان" بۈيۈك ئېمپېراتورلۇقلار بولۇپ تۇرۇقلۇق، مانجۇلارنىڭ ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى توغرىسىدا، ئوچۇق ـ ئاشكارا نارازىلىقىنى ئىپادە قىلمىدى؟ گۇمانىمىزغا پاكىت تېپىپ بەرسەك، دەل شۇ كۈنلەردە غەربىي ئوتتۇرا ئاسىيانى زەپتە قىلىپ چار روسىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرغان چار روسىيە، شەرقىي ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر مۇسۇلمان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەرگىز خالىمىغاندەك، ھىندىستاننى مۇستەملىكە قىلىپ ياتقان ئەنگلىيىمۇ ھىندىستانغا قوشنا شەرقىي ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر مۇسۇلمان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەرگىز خالىمايتتى. چۈنكى، ئۇيغۇرىستانغا قوشنا ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلار مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىپ، ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندىكى مىللىي مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتەتتى. چار روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋە ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ، مانجۇ ـ خىتاي خاندانلىقى ئۇيغۇرىستاننى قوراللىق بېسىۋالغاندا سۈكۈت قىلغانلىقىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى يەنە باشقا سەۋەبلەردىنمۇ ئىزدەشكە توغرا كېلەتتى.

## 2 ـ چار روسىيىنىڭ يىراق شەرقنى بۆيسۇندۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن، مانجۇلارنىڭ ئۇيغۇرىستاننى بۆيسۇندۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتى

”...كېنەز گوبېرناتور مۇراۋىيوۋپنىڭ ھوقۇقى چوڭ بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ، يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى ئەۋەتىپ چار روسىيىنىڭ بايرىقىنى باشقىلارنىڭ تۇپرىقىغا تىكلىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئوفىتسېر نېۋېرسكى (كېيىن دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى بولغان)، كامچاتكا يېرىم ئارىلىدا پېتىر پاۋلوۋسكى قورۇقىنى قۇرۇپ، ساخالىن ئارىلىدا ئولتۇرۇشلۇق ياپونىيە پۇقرالىرىنى قوغلىۋېتىپ بۇ ئارالنى ئىگىلىدى. يەل پاراخۇتقا ئولتۇرۇپ، (ئامۇر دەرياسى ۋە يەنە بىر ئامۇ دەرياسى، بۇنىڭ ئىچىدە ئامۇر دەرياسى يىراق شەرقتە كورىيىگە ۋە ھازىرقى خىتاينىڭ چېگرالىرىغا تۇتىشىدىغان تۇپراقلاردىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريا بولۇپ، ئامۇ دەرياسى تاجىكىستاندىن، جۈملىدىن ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستاننىڭ تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ تاغلىرىدىن باشلىنىپ كاسپىي دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان دەريانىڭ ئىسمىدۇر. بۇ ئىككى دەريانىڭ ئىسمىنى پەرقلەندۈرۈپ چۈشىنىشىمىز كېرەك) ئامۇر دەرياسىدا ئۈزۈپ، مۇستەملىكچى روسىيە پۇقرالىرىنى ئامۇ دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىدا ماكانلىشىپ ئولتۇراقلىشىشقا رىغبەتلەندۈردى. ئامۇ دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزى بىلەن كورىيە چېگرىسى ئارىلىقىدا نۇرغۇنلىغان سودا ـ تىجارەت پونكىتلىرىنى قۇردى. ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىلا ئىشلىتىپ بىپايان تېررىتورىيىنى ئىگىلەش بۇ، مۇراۋىيوۋپنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. مەسىلەن، نېۋېرسكى پاراخۇتتىكى ئادەملەرنىلا تىزگىنلىيەلەيتتى. شۇڭلاشقا ئۇ(6)ئادەمنى ئەۋەتىپ بىر سودا پونكىتىنى قوغداشقا سالاتتى، يەنە (8)ئادەمنى ئەۋەتىپ يەنە بىر سودا پونكىتىنى قوغداشقا سالاتتى. پۈتكۈل بىپايان رايون (ئامۇر دەرياسىنىڭ بويلىرى) جۇڭگولۇقلارغا نىسبەتەن مۇجمەل، مىتروپولوگىيىلىك كۆلەڭگىدە تۇراتتى. (بۇ جۈملىنى ئېھتىمال خىتاي تەرجىمان قوشقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بولمىسا مانجۇ ـ خىتاي خاندانلىقىنىڭ بۇ چېگرالار ۋە زېمىنلار بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟) بۇ رايونلار ئادەم ياشىمايدىغان رايون

بولغاچقا، مۇراۋيېۋپنىڭ ئۇسۇلىدەك، كىچىك كۆلەملىك ھەركەت ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولىدىغان ئىش ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا مانجۇ ـ خىتاي خاندانلىقىنىڭ ئوردىسى، چار روسىيىنىڭ بۇ رايونلاردا قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن بىخەۋەر بولۇپ، 1851 ـ يىلى5 ـ ئايغا كەلگەندە ئاندىن چار روسىيە بۇ رايوندا قىلغان ئىشلىرىنى جۇڭگو تەرەپكە ئۇقتۇرۇپ قويىدى. ("دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخى" ئون بەشىنچى ئەسىردىن كېيىنكى دۇنيا، خىتايچە نەشرى 291 ـ بەت)

تەھلىل: بىر جاھانگىر دۆلەت بىر رايونغا ياكى بىر تېررىتورىيىگە كېڭەيمىچىلىك قىلىۋاتقاندا، ئىككىنچى بىر جاھانگىر دۆلەتكە ئۇقتۇرۇپ قويۇش خەلقئارا قائىدە بولسا كېرەك. يۇقىرىقى رايونلار ياكى چار روسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە ئەمەس ياكى مانجۇ ـ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە ئەمەس پەقەت بۇ قېتىم چار روسىيە تاجاۋۇز قىلىدىغان ئوبيېكتقا ئايلىنىپ قالغان بۇ زېمىن، خىتاينىڭ دۆلەت چېگرىسىغا تۇتاش رايون بولغاچقا چار روسىيە، مەن بۇ ئىگىسىز رايونلارنى ئىگىلىدىم دەپ خىتاي تەرەپكە ئۇقتۇرۇپ قويغان بولسا كېرەك.

بەش يىلدىن كېيىن 1856 ـ يىلى جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى. ئۇرۇشتا جۇڭگولۇقلار يېڭىلىپ، 1858 ـ يىلى ئىمزالانغان" تيەنجىن شەرتنامىسى" بويىچە، مانجۇ خاندانلىقى غەربلىك سودىگەرلەرگە تېخىمۇ كۆپ پورت، قولتۇقلارنى ئېچىپ بېرىپ يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

مۇراۋيېۋپ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ مانجۇ ئوردىسىغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ: جۇڭگولۇقلار ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ئامۇر دەرياسىنى تىزگىنلىۋېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك، دېدى. ھەمدە چار روسىيىلىكلەر تەكلىپ بېرىپ: جۇڭگو، روسىيە ئىككى دۆلەت بۇ رايوننى ئورتاق مۇھاپىزەت قىلىشىمىز كېرەك دېدى. نەتىجە شۇ بولدىكى 1858 ـ يىلى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا «ئەيخۇي شەرتنامىسى» ئىمزالاندى. بۇ شەرتنامىگە ئاساسلىنىپ چار روسىيە ئامۇر دەرياسىدىن ئۇسسۇرى دەرياسىغىچە سول قىرغاق تەرەپكە ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا چار روسىيە بىلەن جۇڭگو، ئامۇر دەرياسىدىن تاكى شەرقى

دېڭىزغىچە ئىككى قىرغاقتا ئورتاق ئىگىلىك ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان بولدى.

مۇراۋيېۋپ بۇ كۆنلەردە يېڭى ئېرىشكەن تېررىتورىيىنى ئىنچكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئامۇر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنى تىزگىنلەشنىڭ دەريا قاتنىشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. ئۇ كورىيىگە يېقىن دېڭىزدا ئەپچىل بىر قولتۇقنى بايقاپ، 1860 ـ يىلى بۇ يەردە بىر شەھەر قۇردى. بۇ شەھەرگە «ۋىلادى ۋوستوك» يەنى «شەرقنىڭ خانىشى» دەپ ئىسىم قويدى. بۇ چاغدا جۇڭگو غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر بىلەن تالاش ـ تارتىش ئىچىگە كىرىپ قېلىپ، 1860 ـ يىلى فرانسىيە، ئەنگلىيىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى بېيجىڭنى بېسىۋالدى. چار روسىيىنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى، كېنەز نېكولاي رىگادىنىپ ياراشتۇرغۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، مانجۇ ـ خىتاي ئوردىسىغا ياردەم قىلىپ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيىسىنى غەلىبىلىك ھالدا بېيجىڭدىن چېكىندۈردى. تەسىرلىنىپ كەتكەن جۇڭگو ياخشىلىققا، ياخشىلىق قىلىشقا رازى بولۇپ، 1860 ـ يىلى «بېيجىڭ شەرتنامىسى»نى ئىمزالاپ، ئامۇر دەرياسىدىن ئۇسسۇرى دەرياسىغىچە تاكى شەرقى دېڭىزغىچە ئىككى قىرغاقنى ھەتتا ئامۇر دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىدىن كورىيە چېگرىسىغىچە ئارىلىقتىكى زېمىنلارنى چار روسىيىگە "ئۆتنۈپ" بەردى. يېڭى زېمىنلارغا ئېرىششكە ئەگىشىپ چار روسىيە يىراق شەرقتە كېڭەيمىچىلىك قىلىشنى توختاتتى. تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى يەنە بىر قېتىم باشلاپ چار روسىيىنىڭ پادىشاھى نېكولاي (2 ـ) 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جەنۇبقا، كورىيىگە ۋە مانجۇرىيىگە تاجاۋۇز قىلىشقا ئۇرۇنغاندا ياپونىيە بىلەن چار روسىيە ئوتتۇرىسىدا 1904 ـ يىلى ئاپەت خاراكتېرلىك دېڭىز ئۇرۇشى پارتلىدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن " ئۆتنۈپ بېرىش" مەسلىسىگە كەلسەك، ئۆزىگە ئەسلا تەۋە بولمىغان زېمىن تېررىتورىيىنى يەنە باشقا بىر تاجاۋۇزچى جاھانگىر دۆلەتكە "ئۆتنۈپ بېرىش" قالتىس ئىش ئىكەن... ھەي، تارىخ! دۇنيا چوڭ دۆلەتلەر ئارا بۆلۈشۈۋېلىشقا بولىدىغان دۇنيا، خۇدانىڭ تەقسىماتىنمۇ كۆزگە ئىلمەيدىغان دۇنيا، يەنە تېخى بىر ـ بىرىگە تەۋە بولمىغان زېمىنلارنى بىر ـ بىرىگە ئۆتنۈپ بېرىپ، جاھانگىر دۆلەتلەر بىر ـ

بىرنى قوللايدىغان دۇنيا ئىكەن، بۇ دۇنيانىڭ ماھىيىتى ئەسلى شۇنداق دۇنيا ئىكەن.

3 ـ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بىلەن مانجۇ خاندانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى

... جۇڭگولۇقلار تاشقى دۇنياغا ھەرگىز قىزىقمايتتى. ئۇلارنىڭ ياۋروپا ۋە ياۋروپالىقلار توغرىسىدا ھېچ قانداق بىلىمىنىڭ يوقلىقى بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ياۋروپانىڭ جۇغراپىيىۋى ئورنىنىڭ قەيەردىلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. بۇ توغرىدا سوراپ ـ ئۇقۇشنىمۇ خالىمايتتى. ياۋروپادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىمۇ پەرقلەندۈرمەي، قارا ـ قويۇقلا «قاڭشارلىق ياۋايىلار» دەپ ئاتايتتى.

ئىشىك تاقىۋېلىپ، ئۆزلىرى ئۆزىنگە كۆرەڭلەپ بېرىپ، 3 قېتىملىق ئاپەتلىك ئۇرۇشقا دۇچ كەلگەندىن كېيىن جۇڭگولۇقلار بېشى قايغان ئادەمدەك سىلكىنىشكە باشلىدى. 1839 ـ يىلدىن 1842 ـ يىلغىچە ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇش؛ 1895 ـ يىلى جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش؛ 1856 ـ يىلدىن 1858 ـ يىلغىچە ئەنگلىيە، فرانسىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۈچىنچى قېتىملىق ئۇرۇش؛ بۇ ئۇرۇشلاردا جۇڭگونىڭ ئېغىر دەرىجىدە مەغلۇپ بولۇشى جۇڭگونى ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە مەجبۇرلىدى.

ئەنگلىيە شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگونىڭ ئىشىكنى ئاۋۋال ئېچىۋەتتىكى، چۈنكى ھىندىستاندا ئەنگلىيىنىڭ كۈچلۈك ھەربىي بازىسى بار ئىدى، دېڭىز ئۈكيانىنى تىزگىنلەپ تۇراتتى. ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگوغا زوراۋانلىق بىلەن ئىگىۋالىۋېلىش قىلىشى، سودا ـ تىجارەت يولىدا جۇڭگونىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىنى كۆزدىن يىراق قىلىشنى مەقسەت قىلاتتى.

ئەفيۇن سودىسى مەسىلىسى ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگونى بىۋاسىتە ئۇرۇشقا ئېلىپ كىردى. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەفيۇنغا چۈشكەن ئېھتىياجى، ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگو تاۋارلىرىغا تۆلەيدىغان نەخ پۇلنىڭ ئورنىنى ئالاتتى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئەنگلىيە، جۇڭگودىن سېتىپ ئالغان تاۋارغا ئالتۇن ۋە كۈمۈچ بىلەن پۇل

تۆلەيتتى. نۆۋەتتە ئەفيۇن بازىرى سودا ـ تىجارەتتىكى تەتۈر بالانسنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، ئەنگلىيىگە پايدا ياراتتى.

مانجۇ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى، 1729 ـ ۋە 1799 ـ يىللىرى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئەفيۇن ئىمپورت قىلىشنى چەكلىدى. لېكىن، 1833 ـ يىلغا كەلگەندە ئەفيۇن سودىسى 1 مىليارد 5 يۈز مىليون دوللارغا يەتتى.

جۇڭگولۇقلار زوراۋانلىق بىلەن ئەفيۇن سودىسىنى توختىتىشقا ئۇرۇنغاندا، بىرىنچى قېتىملىق ئەفيۇن ئۇرۇشى پارتلىدى. ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى جەريانى ”جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۈمىدسىز ھەربىي ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى“. ئەنگلىيىلىكلەر بىر نەچچە تارماق ئەترەتنى ياكى بىر نەچچە مىڭ ئادەمنى ئىشقا سېلىپ، پورتلارنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئىگىلىدى.

1842 ـ يىلى مانجۇ خاندانلىقى ئەنگلىيىگە تەسلىم بولۇپ ”نەنجىڭ شەرتنامىسى“نى قوبۇل قىلدى.

”نەنجىڭ شەرتنامىسى“غا ئاساسلىنىپ، جۇڭگولۇقلار شاڭگاڭنى ئەنگلىيىلىكلەرگە كېسىپ بەردى. گۇاڭجۇ، فۇجۇ، نىڭپو، شاڭخەي قاتارلىق سودا پورتلىرىنى ئەنگلىيىگە ئېچىپ بەردى. ئىمزالانغان شەرتنامىلار جۇملىدىن سودىدا ئېتىبار بېرىش ماددىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ھەتتا ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ باشقا دۆلەتلەر ئېرىشەلمەيدىغان ئىمتىيازلاردىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. بۇ شەرتنامىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا مۇرەككەپ بىر ۋەزىيەتكە ـ چەت ئەللىكلەرگە ئايرىپ بېرىلگەن ئولتۇراق رايونلار، ئىجارە بېرىلگەن يەرلەرنىڭ ھەممىسى چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى چەت ئەل شەھەرلىرىگە ئايلىنىپ كېتىدىغان بىر مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېچ كىم ئويلىمىغان ئىدى.

”نەنجىڭ شەرتنامىسى“ جۇڭگولۇقلار بىلەن ياۋرۇپالىقلار ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشنى تۈگىتەلمىدى. شۇ چاغدا ”مانچېستىر سودا جەمئىيىتى“ باياناتى ئېلان قىلىپ ”بىزنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان سودىمىز، ئېلىپ ـ سېتىش ھوقۇقىمىز كېڭىيىپ، بىزنى چەكلەپ تۇرغان پورتلارنىڭ تاشقىرىسىغا يەتكەندە

ئاندىن تۈلۈق تەرەققى قىلغان ھېسابلىنىدۇ" دېگەن.

ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن جۇڭگولۇقلار ئوتتۇرىسىدا ئۆرلەپ تۇرغان بىر-بىرىگە قارشى ئېغىر كەيپىياتتىن 1856 ـ يىلى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش پارتلىغانلىقىغا ئەجەپلىنىپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ. ئەنگلىيىلىكلەر گۇۋاڭدۇڭنى توپقا تۇتتى. فرانسىيىلىكلەر ئەنگلىيىلىكلەرگە بولۇشۇپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. بىرىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشىغا ئوخشاشلا جۇڭگولۇقلار بۇ ئۇرۇشتىمۇ ئارتۇقچە قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى. 1858 ـ يىلى جۇڭگولۇقلار "تيەنجىن شەرتنامىسى"نى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولدى، لېكىن شەرتنامىنىڭ ماددىلىرىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلىپ، تەستىقلاش ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈۋەتتى. فرانسىيە، ئەنگلىيە ئارمىيىسى شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ 1860 ـ يىلى مانجۇ خاندانلىقىنىڭ پايتەختى بېيجىڭنى ئىگىلىدى. جۇڭگو" بېيجىڭ شەرتنامىسى" نى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولدى. "بېيجىڭ شەرتنامىسى"، "تيەنجىن شەرتنامىسى" بويىچە، مانجۇ ـ خىتاي خاندانلىقى يەنە بىر قانچە سودا پورتىنى ئېچىۋېتىپ، "باشقۇرۇشنىڭ سىرتىدىكى قانۇنلۇق ھوقۇق" نىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بېيجىڭدا چەت ئەل ئەلچىخانىلىرىنى قۇرۇشقا، دىن تارقاتقۇچى دىنى تەشكىلاتلارنى قۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى.

كىشىلەر ئويلاپ يېتەلەيدۇكى، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا روسىيىلىكلەر پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ جۇڭگونىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دىپلوماتىك يوللار ئارقىلىق ئامۇر دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرى ۋە تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدا ھەرىكەت قىلىپ ئىنتايىن زور تېررىتورىيىگە ئېرىشتى. (بۇ ئىككى جۈملە خىتاي تىلىغا شۇنداق تەرجىمە قىلىنغان ئىكەن. ئەسلى كىتابتىمۇ شۇنداق يېزىلغانمىدى، بۇ تەرىپى ماڭا قاراڭغۇ. ئامۇر دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرى، تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرى جۇڭگوغا تەۋە تېررىتورىيىلەرمىدى، جۇڭگونىڭ زېمىنىمىدى ياكى تەرجىمان تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق بۇ زېمىنلار جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىدى دېمەكچىمۇ؟)

4 ـ ياپونىيە پادىشاھلىق دۆلىتى بىلەن مانجۇ خاندانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى

جۇڭگو دۇچ كەلگەن ئۈچىنچى قېتىملىق مەغلۇبىيەت ئىنتايىن ھاقارەتلىك

بولـدى. چۈنكـى بـۇ قېتـىم قوشنىسـى ياپونىيىگە يېڭىلـىپ قالـدى. ـ 1894يىلى كورىيـە خانىدانلىقـى قوزغىلاڭچىلارنـى باسـتۇرۇپ بېرىـش توغرىسـىدا، مانجـۇ ـ ختـاي خانىدانلىقىغـا ئىلتىمـاس قىلـدى. بۇنـىڭ ئۈچـۈن جۇڭگـو كورىيىگـە ئـاز بىـر گۇرۇپپـا ئەسـكىرى قىسـىم ئەۋەتكەنـدە، ياپونىيـە دېڭىـز ئارمىيىسـىنىڭ قۇرۇقلۇقتـا جـەڭ قىلغۇچـى بىـر تارمـاق قىسـمى كورىيـەدە قۇرۇقلۇققـا چىقتـى. ياپونىيە، مانجۇ خانىدانلىقى ئەسكىرى قىسـىملىرى ئوتتۇرىسـىدا، كورىيە زېمىنىدا توقۇنـۇش يـۈز بېرىـپ، 1894 ـ يىلـى 8 ـ ئايـدا ئىككـى دۆلـەت بىرـ بىرىگـە ئـۇرۇش ئېـلان قىلـدى. مانجـۇ خانىدانلىقىنـىڭ ئەسـكىرى قىسـىملىرى ئوڭۇشـلا تىرەـ پـىرەن بولـدى. 1895 ـ يىلـى 4 ـ ئايـدا، مانجـۇ خانىدانلىقىـ بېيجىـڭ ”ماگـۇەن شەرتنامىسـى“نى قوبـۇل قىلىشـقا مەجبـۇر بولـدى. شـەرتنامىنىڭ ماددىلىرىـدا جۇڭگودىـن ئـۇرۇش چىقىمىنـى تۆلـەش، كورىيىنـىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىـراپ قىلىـش، تەيـۋەن ئارىلـى، پېڭخـو تاقـىم ئاراللىـرى، ۋە لىياۋدۇڭ يېرىـم ئارىلىنـى ياپونىيىگـە كېسـىپ بېرىـش يەنـە باشـقا تـۆت سـودا پورتىنـى ئېچىۋېتىش تەلـەپ قىلىنـدى. قـاراپ تـۇرۇڭ بـۇ ھېكمەتكـە! ياۋرۇپـادا بـەزى كۈچلـۈك دۆلەتلـەر ئوتتۇرىغـا چىقىـپ جۇڭگـودا ئىجـارە ئالغۇچـى ئىككىنچـى دۆلـەت بىلەن رىقابـەت قىلالايدىغـان يېڭـى بىـر كۈچنىـڭ ئوتتۇرىغـا چىققانلىقىدىـن نـارازى بولـدى. شـۇنىڭدىن كېيىـن چـار روسـىيە، فرانسـىيە ۋە گېرمانىيـە بىرلىشـىپ، ئىسـتراتېگىيىلىك مۇھىـم جـاي لىيـاۋدۇڭ يېرىـم ئارىلىنـى جۇڭگوغـا قايتـۇرۇپ بېرىـش تەلىپىنـى ئوتتۇرىغـا قويـدى. (ھەيرانمـەن. ھازىـر بـۇ دۆلەتلـەر نېمىشـقا تاجـاۋۇز قىلىـپ بېسـىپ ئېلىنغـان ئۇيغۇرىسـتاننى ئۇيغۇرغـا قايتـۇرۇپ بېرىـش توغرىسـىدا خىتايغـا بېسـىم ئىشـلەتمەيدۇ؟) ياپونىيـە ئىلاجسـىز بـۇ تەلەپنـى قوبـۇل قىلىشـقا مەجبـۇر بولـدى.

ياپونىيىلىكلـەر ئېـلان قىلغـان ئـۇرۇش، كـۆرەڭ، ھـاكاۋۇر مانجۇـ خىتايلارغـا ئەجەللىـك زەربـە بەردى. كەمسىتىشـكە ئۇچرىغـان مانجـۇ خانىدانلىقى، غەربنىڭ تېخنىكىسـىغا لايىـق ئـۇرۇش قورالللىـرى بىلـەن قوراللانغـان قوشنىسـى ياپونىيىنىڭ ئالدىـدا ئىنتايىـن ئىقتىدارسـىز ئىـدى. بەلكـى بۇنىڭدىـن بىـر نەچچـە يىلـلار ئىلگـىرى ياۋرۇپادىكـى كۈچلـۈك دۆلەتلـەر مانجـۇ خانىدانلىقىنـىڭ ئاجىزلىقىدىـن

پايدىلىنىپ، ئەنئەنە جەھەتتە بېيجىڭنىڭ مىتروپولوگىيىلىك ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىنغان يىراق چېگرالارنى يۇتۇپ كەتتى. فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھىندىچىنى تاقىم ئاراللىرى ۋە بېرمانى يۇتۇپ كەتتى (تۇۋۋا، بۇ دۆلەتلەرمۇ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ كەلگەنمىدى؟ خىتاي تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچى تەرجىما ن ئەپەندى، تارىخنى ئۆزگەرتىۋاتامسىز ياكى تەرجىمە قىلىۋاتامسىز؟) چار روسىيە ئامۇر دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىنى، دېڭىز بويىدىكى ئۆلكىلەرنى يۇتۇۋېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلى دەرياسىنىڭ ۋادىلىرىنى بىر مەزگىل ھەربىي ئىشغالىيەت ئاستىغا ئالغان ئىدى. (تۇۋۋا، ئىلى دەرياسىنىڭ ۋادىلىرىمۇ يەنە كېلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىلى دەرياسىنىڭ "ئۇيغۇرىستاننىڭ بىر ئۆلكىسى" ئىلى ئۆلكىسىنىڭ، ئىلى دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىمۇ مانجۇ-خىتاينىڭ تېررىتورىيىسىمىدى، تېخى يېقىندىلا بۇ زېمىنلاردا "تەڭرىنىڭ قامچىسى" ياقۇپ بەگ، بەدۆلەت ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرغان ئەمەسمىدى، بۇ دۆلەت نەگە كەتتى، كىم، قايسى دۆلەتلەرنىڭ سۈيىقەستى بىلەن مۇنقەرز بولدى؟)

ياپونىيە كورىيىدە جۇڭگونى مەغلۇپ قىلىپ، ياپون دۆلىتىنىڭ ئۇستۇنلىكىنى تىكلىگەندىن كېيىن، 1910 - يىلى كورىيىنى يۇتۇۋېلىپ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇردى. يۇقىرىقىدەك تېررىتورىيىلەرگە ئېرىشكەندىن باشقا، غەرب دۆلەتلىرى جۇڭگونىڭ ئۆزىنى بىر قانچە تەسىر دائىرىگە ئايرىۋالدى. بۇ تەسىر دائىرىلەردە جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەڭ ئالىي ھوقۇقلىرى ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشتى. يۈننەن ۋە ھىندىچىنى تاقىم ئاراللىرى چېگرالىرىغا يېقىن رايونلار فرانسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسى، گۇاڭدۇڭ، چاڭ جياڭ بويلىرى ئەنگلىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە، مانجۇرىيە، سەندۇڭ، فۇجيەن ئايرىم-ئايرىم ھالدا چار روسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئايرىپ بېرىلدى.

ئىلى دەريا ۋادىسى تىلغا ئېلىنغاندا، بىر پاكىتنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا سابىق ئۇيغۇرىنىڭ تارىخ ئەسىرى "ئۇيغۇرنامە" گە مۇراجىئەت قىلىمىز. يۇقىرىقى دۆلەتلەر ئارا ئۇرۇش، دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرگە، بىر-بىرىگە بېسىم ئىشلىتىشلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيادا

چار روسىيە يەنىلا ئۇيغۇرىستاننى تەسىر دائىرىسىگە ئېلىپ، خالىغاندا سىياسىي جەھەتتە سىڭىپ كىرەلەيدىغان، خالىغاندا ئىقتىسادىي جەھەتتە سىڭىپ كىرەلەيدىغان ئىگىسىز، ئىگىسى بولسىمۇ قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان، گەپ قىلالمايدىغان رايونغا ئايلاندۇرۇۋالدى.

## ئون بىرىنچى باب ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى

جەنۇبىي ئۇيغۇرىستاندا دەپ باشلايدۇ، تارىخچىمىز سابىت ئۇيغۇرى: كۆتۈرۈلگەن مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرىنىڭ تەسىرى ۋە ئىلھامى ئاستىدا 1864 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا، ئىلى ۋىلايىتىدىمۇ مانجۇ ـ خىتايلارنىڭ مىللىي زۇلۇملىرىغا قارشى مىللىي ئازادلىق قوزغىلىڭى باشلىنىپ كەتتى. ئىلى ئۇيغۇرلىرىدىن ئابدۇروسۇل ھېكىم، سادىر پالۋان، ئەلا پالۋان ۋە نەسىرىدىن ئەلەم ئاخۇنلار، تۇڭگانلاردىن ياگور ئاخۇن بىلەن خەنجە ئاخۇنلار بۇ قوزغىلاڭغا باشلامچى بولغان. مانجۇ خاندانلىقىنىڭ تۇڭگانلارنى ئاممۇۋى يوسۇندا قىرىپ تاشلاش توغرۇلۇق پەرمان چىقارغانلىقى، تۇڭگانلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە قاتنىششىغا مۇھىم سەۋەب بولغان ئىدى. قىرىلىپ كېتىشتىن قورققان تۇڭگانلارنىڭ چوڭلىرى ئابدۇرۇسۇل ھېكىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ يالۋۇرۇشتى. "ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىمىز، بۇ دوستلۇققا ھېچ قاچان خىيانەت قىلمايمىز!" دەپ قەسەم قىلىشتى... مانجۇ ـ خىتايلارنى يوقىتىپ ئىلى ۋىلايىتى تامام ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن 1865 ـ يىلى ھەرقايسى يۇرتنىڭ ئاقساقاللىرى يىغىلىپ ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ سۇلتانلىق مانجۇ خاندانلىقىدىن بارلىق مۇستەملىكە ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزدى... 1867 ـ يىلى ئىلى خەلقىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغان ئەلا پالۋان بۇ دۆلەتنىڭ سۇلتانى بولۇپ سايلاندى.

ئىلى ۋادىسى تەبىئىتى گۈزەل، تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك، يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرى مول، ياشاشقا ئىنتايىن قولايلىق بىر تۇپراق

بولـۇپ، يـەر يۈزىدىكـى 8 جەننەتنىـڭ بىـرى ھېسـابلىناتتى... سـۇلتانلىقنىڭ يـەر مەيدانـى 180 مىـڭ كـۋادرات كىلومېتـر، ئاھالىسـى 8 يۈزمىڭدىـن ئوشـۇق بولـۇپ... ئىلـى سـۇلتانلىقى 1865 ـ يىلىدىن 1871 ـ يىلىغىچـە 6 يىل مەۋجۇت بولـۇپ تۇرالىدى.

ئىلــى ســۇلتانلىقى شــۇ ۋاقىتتىكــى ســۇلتانلىقلار ئىچــدە (مىللىتارىســتلىق شـەكلىدە) نىسـبەتەن كۈچلۈكرەك سـۇلتانلىق بولسـمۇ ياقۇپ بەگ، بۇ سـۇلتانلىق بىلـەن كېلىشـىم تـۈزۈپ دۆلەتنـى بىرلىككـە كەلتـۈرۈش غايىسـىنى غەلبىلىـك تاماملىغـان. بـۇ چاغـدا مانجـۇ خاندانلىقـى ھۆكۈمىتـى خىتاينىـڭ ئىچكـى قىســمىدىكى قوزغىلاڭلارنــى باســتۇرۇش بىلــەن ئــاۋارە بولــۇپ، (ئەمەلىيەتتــە مۇشـۇ مەزگىللـەردە مانجـۇ خاندانلىقـى ھۆكۈمىتـى، چـار روسـىيە، ياپونىيـە، ئەنگىلىيـە، فىرانسـىيە قاتارلىـق دۆلەتلەرنىـڭ زېمىـن تەلـەپ قىلىـش بېسـىمى ئالدىـدا پاراكەنـدە بولـۇپ، ئىلـى ئۆلكىسـىنى قايتۇرۇپ ئېلىشـقا ئامالسىز ئىدى) شـۇنداق سـەۋەبلەردىن مانجۇ ـ خىتـاي خاندانلىقـى يەنـە بىـر ئىمپېرىيـە چـار روسـىيە ئىمپېرىيسـىگە يالـۋۇرۇپ ئىلتمـاس قىلىـپ، ئىلى ئۆلكىسـىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىـن تارتىۋېلىـپ مانجـۇ خاندانلىقىغـا ئۆتكـۈزۈپ بېرىشـنى تەلـەپ قىلـدى. بـۇ توغرىـدا مانجۇخاندانلىقىنىـڭ خانـى گۇۋاڭ شـۈخان 1870 ـ يىلىنىڭ بېشـىدا چـار روسـىيە پادىشـاھىغا مۇراجىئـەت قىلىـپ، بىر مەكتـۇپ ئەۋەتتـى. مەكتۇپنىڭ مەزمۇنـى تۆۋەندىكىچـە ئىـدى:

«... بىزنىـڭ غەربـى تەرىپىمىزدىكـى ئۇيغـۇرلار بـاش كۆتـۈرۈپ، بىزگـە (خانغــا) قارشــى چىقىــپ، قەشــقەرىيىدە ۋە ئىلىــدا مۇســتەقىل دۆلەتلەرنــى قۇرۇۋېلىشــتى. ئەمــدى بىزنىــڭ بېيجىڭدىــن ئەســكەر تارتىــپ بېرىــپ، ئــۇ يۇرتلارنــى قايتــا بېسىۋېلىشــىمىز قىيىــن. يــول يىــراق، چــۆل جەزىــرە ۋە باشــقا قىيىنچىلىقلىرىمىــز بــار. شــۇنىڭ ئۈچــۈن روس پادىشــاھىنىڭ چېگــرا ئەســكەرلىرىنى كىرگـۈزۈپ، ئىلىنـى بىزگـە ئېلىـپ بېرىشـىنى سـورايمىز.

مەرھەمەتلىـك پادىشـاھ جانابلىرىنىـڭ بۇ خىزمىتى ئۈچۈن بىـز مىننەتدارلىق بىلدۈرەتتـۇق ھەم جانابلىرىنـى رازى قىلغان بولاتتۇق.

مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى گۇاڭ شۈخان.»

بۇ ستاتا 1962 ـ يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان ("كولونىزاتورسكايا پولىتىكا روسسىكوگو ئىمپېرىيالىزىما ناۋوستوكى" ماۋزۇلۇق كىتابتىن ئېلىندى. ("ئۇيغۇرنامە")

ئىككى ئىمپېرىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق سۈرگىلىشىشلەردىن كېيىن، چار روسىيە ئىمپېراتورلىقى ئىلى ئۆلكىسىنى بېسىۋېلىشنى ماقۇل كۆردى.

ئەسلىدە چار روسىيە، ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىگە خېلى بۇرۇنلا كۆز تىككەن. بىراق روسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا 1882 ـ يىلى تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ بىر ماددىسىدا «ئەنگلىيە ئافغانىستانغا قول سالماسلىق، چار روسىيە ئۇيغۇرىستانغا قول سالماسلىق» مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغانلىقتىن، چار روسىيە ئىلى ئۆلكىسىنى بېسىۋېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. (بۇ جۈملىنى بىر ئاز تۈزىتىشكە توغرا كەلدى، شۇڭا رەھمەتلىك ئاپتورىمىزنىڭ روھىدىن ئەپۇ سورايمەن. كېلىشىم چار روسىيە ئىمپېراتورلىقى بىلەن ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقى ئوتتۇرىسىدا 1882 ـ يىلى تۈزۈلگەن. ئەمما، چار روسىيە چېگرا رايون ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى كولپا كوۋسكى 1871 ـ يىلى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىگە تاجاۋۇز قىلغان. ئەسلىدە ئىككى جاھانگىر دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيانى پارچىلاپ بۆلۈۋېلىش مىلادىنىڭ 1830 ـ يىللىرى باشلانغان، چار روسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىش شۇ ۋاقىتتا ئافغانىستانغا مەركەزلەشكەن.

ئەنگلىيە، ئوتتۇرا ئاسىيادا كېڭەيمىچىلىك قىلىۋاتقان چار روسىيىدىن ئېھتىيات قىلىپ، مۇستەملىكىسى ھىندىستاننىڭ ئەتراپىدا قوغدىنىشقا بولىدىغان ئارىلىق رايون قۇرۇپ چىقىشقا ئۇرۇناتتى. بۇنداق ئۇرۇنۇش 1839 ـ يىلى ۋە 1879 ـ يىلى ئىككى قېتىم ئەنگلىيىنىڭ نېمىشقا ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. كېيىن ئەنگلىيە ئافغانىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، بۇ دۆلەتكە پۇل ياردەم قىلىپ، ئافغانىستاننىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىنى تىزگىنلىمەكچى بولىدى.)

چار روسىيىنىڭ "ئۇيغۇرىستانغا قول سالماسلىقى، ئەنگلىيىنىڭ ئافغانىستانغا قول سالماسلىقى" توغرىسىدىكى دىپلوماتىك تەھدىتلەر ۋە

ئۆزئارا ھەربىي تەھدىتلەر شۇ ۋاقىتتا باشلىنىپ ئۈلگۈرمىگەن چىقىپ، ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقىنىڭ ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلماقچى بولغان چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى چەكلەپ قويغانلىقى بىرىنچىدىن، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەرىيىدە بىر مۇسۇلمان دۆلىتى قۇرۇش توغرىسىدا مانجۇ خاندانلىقىغا تەكلىپ بەرگەنلىكىگە، (بۇ جۈملىنى بىر كىتاپتىن ئوقۇغان ئىدىم ھازىر ئىسىمدىن چىقىپ قالدى. ئەسلەشكە قىينالدىم) ئىككىنچىدىن، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ مانجۇ - خىتاي خاندانلىقىنىڭ ياللانما ھەربىي سەركەردىسى زوزۇڭ تاڭنى ئۇيغۇرىستان ئۆلكىسىگە باشلاپ كىرمەكچى بولغانلىقىغا باغلىق بولسا كېرەك. نېمىشقا ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقى قەشقەرىيىدە بىر دۆلەت قۇرۇش توغرىسىدا مانجۇ خاندانلىقىغا تەكلىپ بەرگەن، يەنە نېمىشقا زوزۇڭ تاڭنىڭ ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىشىغا يول تۇزلەپ بەرگەن؟) تۆۋەندە مۇشۇ قۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك تارىختىن خۇلاسە چىقارغاندا توختىلىپ ئۆتىمىز.

مانا ئەمدى دەپ، يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ رەھمەتلىك تارىخچىمىز سابىت ئۇيغۇرى، "ئۇيغۇرنامە" ماۋزۇلۇق كىتابىدا: مانجۇ - خىتاي ئىمپېراتورىنىڭ رەسمى ئىلتىماس قىلغانلىقى، چار روسىيىنىڭ ئىلى ئۆلكىسىگە ئەسكەر كىرگۈزۈشكە بىر سەۋەب بولغان بولسا، ئەسكەر كىرگۈزۈشكە يەنە بىر باھانىمۇ تېپىلدى. 1871 - يىلى چار روسىيىنىڭ مۇستەملىكىسى قازاقىستان قازاقلىرىنىڭ قىزاي قەبىلىسى - جان سېرىكى دېگەن كىشىنىڭ باشچىلىقىدا ئىلى ئۆلكىسىگە كۆچۈپ بېرىپ سۇلتان ئەلاخاندىن سىياسى پاناھلىق تىلىگەن. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئالبان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى تازابېك بوسۇرمانوپ، 1000دىن ئۇشۇق ئائىلىنى باشلاپ ئىلى ئۆلكىسىگە كىرىپ، ئۇمۇ ئەلاخان سۇلتاندىن سىياسى پاناھلىق تىلىدى. ئۇيغۇرىستانىنىڭ ئىلى ئۆلكىسىنى بېسىۋېلىشقا باھانە تاپالماي تۇرغان چار روسىيىنىڭ گېنېرالى كولپاكوۋسكى، سۇلتان ئەلاخانغا بىر پارچە مەكتۇپ يوللاپ مەقسەتلىرىنى بايان قىلدى:

"ئىلى سۇلتانى ئەلا ئابىل ئوغلىغا!

مەن 7 يىلدىن بېرى شوھرەتلىك پادىشاھىمىز ئالېكساندىر 11نىڭ ئەمرى - پەرمانلىرىغا سادىق بولۇپ، ئۇلۇغ چار روسىيە دۆلىتى بىلەن مانجۇ -

مەنچـاڭ دۆلتـى چېگرىسـىدا خالـس خىزمـەت قىلىـپ كەلدىـم. بـۇ جەريانـدا ئىككـى چـوڭ دۆلـەت قوشـنىدارچىلىقىغا نۇقسـان يەتكۈزمەسـلىككە تىرىشـتىم. بـىراق، سـىلەرنىڭ توپىلاڭچىلىرىـڭلا بىزنىڭ چېگـرا رايونلىرىمىـزدا قالايمىقانچىلىق تۇغـدۇرۇپ، ئاھالىمىزنىـڭ مال ـ مۈلكىنـى بۇلاپ ـ تـالاپ كۆپ زىيـان يەتكۈزدى. بـۇ خۇسۇسـتا سـىزنى ئاگاھلاندۇرغـان بولسـامۇ، قوپـال جـاۋاب قايتۇردىڭىـز. بۇنـداق كۆڭۈلسـىزلىك يەنـە تەكرارلانسـا، ئىككى تـەرەپ ئوتتۇرىسـىدا توقۇنۇش كېلىـپ چىقىشـى شۈبھىسـىز. ئۇچاغـدا بـۇ ئىشـقا بىـز ئەمـەس، سـىز جاۋابـكار بولىدىغانلىقىڭىزنـى قەتئـى ئەسـكەرتىمەن.

ئىككىنچـى مەسـىلە، يېقىنـدا تازابېـك دېگـەن بىـر جىنايەتچـى بىزدىـن سـىلەر تەرەپكـە قېچىـپ بېرىـپ، سـىلەردىن پاناھلىـق ئالغىنى ۋە ئۇنى سـىلەرنىڭ ئـۆز ھىمايەڭلارغـا ئالغىنىـڭلار ئېنىقلانـدى. ئاشـۇ تازابېكنـى ئۆزىنىـڭ قەبىلىسـى بىلـەن قوشـۇپ، بىزگـە ئەۋەتىـپ بېرىشـىڭلارنى تەلـەپ قىلىمـەن.

يەتتـە سـۇ گۇبېرنىياسـىنىڭ گۇبېرناتـورى گېنېـرال مايـۇر: كولپاكوۋسـكى 1871 ـ يىـل، 15 ـ مـاي"

مانـا بـۇلار گېنېـرال كولپاكوۋسـكىنىڭ ئىلـى ئۆلكىسـىنى بېسـىۋېلىش ئالدىدىكـى دىپلوماتىك پوپوزىسـى ئـدى، ئارخىپ ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشـىچە:

ئىلـى سـۇلتانلىقى چـار روسـىيە گېنېراللىـڭ بـۇ نوتىسـىغا مۇنـداق جـاۋاب بەرگەن:

"يەتتە سۇ گۇبېرنىياسىنىڭ گۇبېرناتورى ۋ. كولپاكوۋسكى جانابلىرىغا!

سـىز بىزگـە ئەۋەتكـەن مەكتۇبىڭىـزدە: تازابېـك بوسـۇرمانوۋ ۋە ئۇنىـڭ خەلقىنـى تۇتـۇپ 7 كـۈن ئىچىـدە ئۆتكـۈزۈپ بېرىشـىمىزنى تەلـەپ قىلىپسـىز. جاۋابىـم شـۇكى، مېنىـڭ دۆلىتىـم ئۆزىنىـڭ مۇسـۇلمان قـازاق قېرىنداشـلىرىنى تۇتـۇپ سـىزگە ئۆتكـۈزۈپ بەرمەيـدۇ.

ئىلـى سـۇلتا نلىقىنىـڭ سـۇلتانى ئـەلا ئۇبـۇل ئوغلـى. 1871 ـ يىـل 18 ـ مـاي"

قوشۇمچە ماتېرىيال:

چــار روســيە ئىمپېرىيىســىنىڭ ئىلــى ســۇلتانلىقىنى بېســىۋېلىش جەريانىنــى ئېنىقــراق تەســەۋۋۇر قىلىشــىڭىز ئۈچــۈن، يازغۇچــى مەســۇمجان زۇلپىقاروۋنىڭ «19 ـ ئەســىرنىڭ ئىككىنچــى يېرىمىدىكــى ئۇيغــۇر تارىخىغــا بىــر نــەزەر» ماۋزۇلــۇق ماقالىســىدىكى مۇناســىۋەتلىك بايانلارنــى ئەينــەن كەلتۈرۈمــىز.

«1871 ـ يىلــى يانــۋاردا ئالېكســاندىر11 غەربىــي خىتايغــا نىســبەتەن ئەھۋالنــى ئۆزگەرتــىش ۋە ئېنىــق چارىلارنــى كۆرۈشــنى ھەربىــي مىنىســتىرلىككە تاپشــۇرغان. مۇشــۇ كۆرســەتمىگە بىنائــەن ئــا مېلىيۇتىــن 29 ـ يانــۋار ۋە 20 ـ ئاپرېــل كۈنلــىرى ھەربىــي كېڭەشــمە يىغنــى ئۆتكــۈزۈپ بــۇ مەســىلە ئۈســتىدە توختىلــدۇ:

1 ـ ئىلگىركىــدەك ئارىلاشماســلىق سىياســىتىنى داۋاملاشــتۇرۇش كېرەكمــۇ ياكــى بوغدىخــان ـ مانجــۇ ھۆكۈمىتىنىــڭ قوزغىلاڭچىلارنــى ئــۆز قولــى بىلــەن باستۇرۇشــنى كۈتــۈش كېرەكمــۇ؟

2 ـ ۋەزىيەتنىــڭ تەلپــى بويىچــە قوراللىــق ئارىلىششــنى ئــۆز ئۈســتىمىزگە ئالســاق قانــداق؟

ئۇيغۇرىســتاندا مىللــى قوزغىــلاڭلار يــۈز بەرگــەن 7 يىــل جەريانىــدا ســودا ـ ئالاقىلــىرى ئۈزۈلگەنلىكــى ئۈچۈن، چار روســيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىســادىي جەھەتتە تارتقــان زىيانلــىرى تىلغــا ئېلىنىــپ «يېقىــن ۋاقىتتــا قەتئىــي ئارىلىشــىش لازىــم» دېگــەن قــارار قوبــۇل قىلىنــدى. بــۇ قارارنــى ئەمەلگە ئاشــۇرۇش ۋەزىپىســى غەربىي سىبىر ۋە تۈركىســتان گېنېــرال گوبېرناتورلىرىغــا تاپشــۇرۇلدى. مۇشــۇ كېڭەشــمىدە يەنــە چــار روســيە ھۆكۈمىتىنىــڭ بېيجىڭــدە تۇرۇشــلۇق ئەلچىســى ئارقىلىق مانجۇ ھۆكۈمىتــى بىلــەن سۆھبەت ئۆتكــۈزۈپ، ئىلــى ئۆلكىســىگە ئىككــى تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتــا ھۇجــۇم قىلىشــنى (چــار روســىيىنىڭ ۋە مانجــۇ ـ ئەســكەرلىرىنىڭ بىــرلا ۋاقىتتــا ھۇجــۇم قىلىشــى) تەكلىپ قىلىشــمۇ كــۆزدە تۇتۇلدى. ئۇنىڭدىن تاشــقىرى چــار روســيە ھۆكۈمىتىنىــڭ 1871 ـ يىلــى 10 ـ ڧېۋرالــدا ۋە 22 ـ مايــدا مانجۇ خانىغــا ئەۋەتكــەن مەكتۇپلىرىــدە ھازىرچــە بوغدىخانغــا ياردەملىشــىپ، ئۇيغــۇر

قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇپ، ئىلى ئۆلكىسىنى ئىگەللەپ تۇرۇپ، كېلەچەكتە بۇ رايوندا، بوغدىخاننىڭ ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ، مانجۇ ئەمەلدارلىرى بىلەن ھەربىي قىسىملىرى يېتىپ كەلگەندە، چار روسىيە قوشۇنلىرى بۇ رايوندىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشى تەكىتلەنگەن. مانجۇ-خىتاي ھۆكۈمىتى چار روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مەكتۇبىغا قايتۇرغان جاۋابىدا غەربىي رايوندىكى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشقا ھازىرچە ئىمكانىيىتى يوق ئىكەنلىكىنى يەنى چامى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

1871-يىلى 22-مايدا چار روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي كېڭەشمە يىغىنىدا، ئىلى رايونىدا مانجۇ-خىتاي ھاكىمىيىتىنى قايتا تىكلەشنىڭ ھاجىتى يوق، دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، ھەربىي يۇرۇش ئارقىلىق ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ مەركىزى غۇلجا شەھرىنى بېسىۋېلىش ۋەزىپىسى گېنېرال كولپاكوۋسكىغا تاپشۇرۇلدى. ("ئۇيغۇرنامە")

ئاجىزلىق دېگەن نېمە؟ مەھكۇملۇق دېگەن نېمە؟ مەزلۇملۇق دېگەن نېمە؟ بىچارىلىك دېگەن نېمە؟ نىيەتنىڭ خالىس بولماسلىقى، ئادەملەردە بىردەكلىك، ئۆز ئارا يارىدەم، ئۆز ئارا ئىشەنچ، ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىقنىڭ بولماسلىقى، شەخسىيەتچىلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەسلىك، كوللېكتىپ مىللىي مەنپەئەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەسلىك، ھەرۋاقىت ھۇشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ دۈشمەن كۆز قارىشى ئېڭىنى بىر دەقىقىمۇ بوشاشتۇرماسلىق روھىنى تىكلەشنى بىلمىگەندە، ئادەملەر ئادەملەرگە بوزەك بولىدۇ، مىللەت يات مىللەتلەرگە بوزەك بولىدۇ.

## ئون ئىككىنچى باب جاھانگىر دۆلەت چار روسىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن يىراق شەرققە يۆتكەلدى

19-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىغا كەلگەندە، چار روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قىزىقىشى ئوتتۇرا ئاسىيادىن يىراق شەرققە يۆتكەلدى. سىبىرىيىنى كېسىپ ئۆتكەن تۆمۈر يولنىڭ ياتقۇزۇلۇشى تاماملىنىپ، چار روسىيىنىڭ ئىقتىسادىي،

سىياسىي كېڭەيمىچىلىكىگە يېڭى پۇرسەتلەر يارىتىپ بەردى.

يېڭى تەيىنلەنگەن مالىيە ۋەزىرى كېنەز سەيىچ ۋىتېر 1892 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى پادىشاھ ئالېكساندىر111 گە دوكلات يوللاپ: "سىبىرىيىنى كېسىپ ئۆتكەن تۆمۈر يول، سۈۋەيش قانىلىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، جۇڭگوغا يېتىپ بارىدىغان سودىگەرلەرنىڭ مۇھىم يولى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ، چار روسىيىنىڭ كەلگۈسىدە ئاسىيا بىلەن غەرب دۇنياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىگۈچى ھاكىمغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ، چار روسىيە بىلەن مانجۇ ـ ختاي ئىتتىپاقى قۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ، بۇ خىل ئىتتىپاقنىڭ يۇقىرىقى مەرتىۋىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇشتا بىردىنبىر ياخشى ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن."

1905 ـ يىلى پارتلىغان روس ـ ياپون ئۇرۇشى ۋىتېر تەكىتلىگەن چار روسىيە بىلەن مانجۇ ـ ختاي ئىتتىپاقى قۇرۇشنىڭ مۇمكىنلىكىگە يول تۈزلەپ بەردى.

1895 ـ يىلى جۇڭگو ئۇرۇشتا ئاساسانلا مەغلۇپ بولغانلىقتىن قايتا ـ قايتا يالۋۇرۇپ، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنى ياراشتۇرۇپ قويۇشىنى ئۆتۈندى. لېكىن ئۆتۈنۈش ئىككى دۆلەتنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، مانجۇ ـ ختاي ھۆكۈمىتى 1895 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى "ماگۇەن شەرتنامىسى" نى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. (بۇ شەرتنامە توغرىسىدا يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق) بۇ چاغدا چار روسىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئارىلىشىپ، ياپونىيىگە بېسىم ئىشلىتىپ، لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنى ياپونىيىنىڭ قولىدىن جۇڭگوغا ئېلىپ بەرگەن.

چار روسىيىنىڭ ياردىمى جۇڭگولۇقتا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقتىن، ئىككىنچى يىلى جۇڭگو ئۆزى ئىختىيار قىلغان ھالدا، چار روسىيە بىلەن بىر پارچە مەخپىي شەرتنامە ئىمزالىدى. (بۇ شەرتنامە ھازىرغىچە ئاشكارە ئېلان قىلىنغانمۇ ـ يوق؟ ھېچ كىم بىلمەيدۇ) شەرتنامىدە، يا پونىيە تاجاۋۇز قىلغان ئەھۋالدا، ئۆزئارا ياردەملىشىش بەلگىلىكى مانجۇرىيىنى كېسىپ ئۆتۈپ

ۋىلادى ۋوستوكقا يېتىپ بارىدىغان ئوتتۇرا شەرق تۆمۈر يولىنىڭ ئالاھىدە باشقۇرۇش ھوقۇقىنى جۇڭگو، روسىيە ئورتاق باشقۇرىدىغان بانكىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش بەلگىلەندى.

بۇ بانكا قارىماققا خۇسۇسىي شىركەت ئاتالاتتى، لېكىن بانكىنى چار روسىيىلىكلەر باشقۇراتتى. 1904 - يىلى روس، ياپون ئۇرۇشى پارتلىغان چاغدا بانكا مانجۇرىيىدە 1596 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا تۆمۈر يول ياتقۇزۇپ بولغان.

1898 - يىلى چار روسىيە لۈيشۈن پورتىدەك، ئىستراتېگىيىلىك سودا پورتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنى 25 يىللىق ئىجارىگە ئېلىپ، يەنە جۇڭگو بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، چار روسىيىنىڭ يىراق شەرقتە يېڭى ئىلگىرىلىشىنى باشلىغان. ئىككى يىلدىن كېيىن، تەيپىڭ تىيەنگو قوزغىلىڭىغا ئەگىشىپ يېتىپ كەلگەن جۇڭگودىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، چار روسىيە 1900 - يىلى پۈتكۈل مانجۇرىيە قۇرۇقلۇقىنى ھەربىي ئىشغالىيەت ئاستىغا ئالدى. ئاسىيادا بىرخىل ئوي بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ياپونىيە، چار روسىيىنىڭ يۇقىرىقىدەك مەزمۇت قەدەم بىلەن بېسىپ كېلىشىدىن چۆچۈپ كەتتى. ياپونىيە ئۆز ئالدىغا چار روسىيىنى توسۇپ قالالمايتتى. شۇڭا ئىتتىپاقداشلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، شۇلارنىڭ كۈچى ئارقىلىق چار روسىيىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى چەكلىمەكچى بولۇپ، 1902 - يىلى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئەنگلىيە بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق قۇرۇپ، جۇڭگو بىلەن كورىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى، ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگودىكى مەنپەئەتىنى ۋە ياپونىيىنىڭ كورىيىدىكى ئالاھىدە مەنپەئەتىنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيە دۆلەت كۈچىنى كۈچەيتىپ، چار روسىيە بىلەن ھېسابلىششقا باشلىدى. 1903 - يىلى 7 - ئايدا، تەكلىپ بېرىپ، كورىيىدە ياپونىيىنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن كۈچىنى چار روسىيىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. جاۋابەن ياپونىيە، مانجۇرىيىدە چار روسىيىنىڭ تۆمۈر يول ئىشلىرى جەھەتتىكى «ئالاھىدە مەنپەئەتىنى» ئېتىراپ قىلدى.

## ئون ئۈچىنچى باب زوزۇڭتاڭنىڭ ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىشى

مەنچىڭ ئىمپېراتورلىقى دەپ، باشلايدۇ مەرھۇم تارىخچىمىز سابىت ئۇيغۇرى: كۈچلۈك كاپىتالىست دۆلەتلەرنىڭ كۈچلۈك ئىقتىسادى، ھەربىي ياردىمگە تايىنىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تەيپىڭ تىيەنگوچىلارنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى، گەنسۇ، يۈننەن ئۆلكىلىرىدە كۆتۈرۈلگەن تۇڭگانلارنىڭ مىللىي ئازادلىق قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، مۇشۇ قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ياللانما ئەسكىرى قوماندان زوزۇڭتاڭنى **70000** كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۇيغۇرىستاننى بېسىۋېلىشقا ئەۋەتكەن ئىدى.

زوزۇڭتاڭ ئۆز ئەسكەرلىرىنى زامانىۋى قورااللار بىلەن قۇراللاندۇرۇپ، چەت ئەللىك ھەربىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئەسكەرلىرىگە ھەربىي ماھارەت ئۆگىتىپ، چار روسىيىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىنى ئېلىپ **1876** ـ يىلى ئۇيغۇرىستان چېگرىسىغا بېسىپ كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن قۇمۇل ۋىلايىتىنى بېسىۋېلىپ ياقۇپ بەگ دۆلىتىنىڭ باشقا تەرەپلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئالدىرىمىدى. ئۆزىنىڭ جاسۇسلىرىنى سودىگەر قىياپىتى بىلەن ئىشقا سېلىپ، ئوردا خەزىنىدارى ھۆشۇر بەگ بىلەن خوتەننىڭ ھاكىمى نىياز بەگلەرنى سېتىپ ئالدى. مۇشۇ خائىنلارنىڭ قولى بىلەن ياقۇپ بەگنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى. ياقۇپبەگنىڭ ئىككى ئوغلى ھەققۇلى بەگ بىلەن بەگقۇلى بەگلەرنى بىر ـ بىرىگە قارشى قويۇپ، بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرگۈزدى. زوزۇڭتاڭ مۇشۇنداق ئىچكى زىددىيەت ۋە قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۇستۇن ئەسكىرى كۈچىنى ئىشلىتىپ، ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى بىر ـ بىرلەپ بېسىۋالدى. ئاخىرىدا بەدۆلەت ياقۇپ بەگ دۆلىتىنىڭ مەركىزى قەشقەر شەھىرىنى، دۆلەتنىڭ ئارقا سېپى بولغان يەكەن ۋە خوتەن شەھەرلىرىنى بېسىۋالدى. تارىخچىلار بەرگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا زوزۇڭتاڭ **1** مىليونغا يېقىن ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرگەن.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، زوزۇڭتاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستاننى بېسىۋېلىشىغا

چار روسىيە ئىمپېراتورلۇقىمۇ ”ئاجايىپ“ چوڭ ياردەم بەرگەن. شۇنداق قىلىپ زورزۇڭتاڭ 12 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بەدۆلەت ياقۇپ بەگ دۆلىتىنى ئاغدۇردى، مۇستەقىللىقا ئىگە بولغان ئۇيغۇر خەلقى قايتىدىن مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇلدى. مانجۇ خانى گۇۋاڭشۇ زورزۇڭتاڭنىڭ تەكلىپى بويىچە 1884 ـ يىلى 11 ـ ئايغا كەلگەندە مەخسۇس پەرمان چىقىرىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇيغۇرىستان دېگەن ئەسلى نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، «شىنجاڭ» يېڭى ىېسىۋېلىنغان زېمىن دەپ ئات قويدى. ھەم خىتاي دۆلىتىنىڭ بىر ئۆلكىسىگە ئايلاندۇردى.

زورزۇڭتاڭنىڭ ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىشىنى مەرھۇم تارىخچىمىز مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بۇنداق شەرھىلىگەن:

شەرقىي تۈركىستانغا تۆتىنچى قېتىملىق مانجۇ ئىستىلاسى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، مانجۇ ـ مەنچىڭ سولالىسىنىڭ قوماندانى زورزۇڭتاڭ مىلادى 1877 ـ يىلى ئالتىشەھەر، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلدى. بۇ ئىشغالىيەت تاماملانغاندىن كېيىن، چىنلىقلار شەرقىي تۈركىستانغا چىنچە «يېڭى ئابات» يەنى يېڭى مۇستەملىكە، دېگەن مەنىدىكى «شىنجاڭ» دېگەن ئىسمىنى قويدى. ياۋرۇپالىقلار تەلەپپۇزىنى بۇزۇپ «سىڭكياڭ» دەيدۇ.

مانجۇلارنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى تۆتىنچى قېتىملىق ئىشغالىيىتى مىلادى 1876 ـ يىلىدىكى زورزۇڭتاڭنىڭ تاجاۋۇزىدىن باشلاپ، مىلادى 1932 ـ يىلى پارتلىغان ئومۇمىي خەلق ئىنقىلابىغىچە داۋام قىلدۇ. بۇ دەۋر مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋە خىتايدا جۇمھۇرىيەت دەۋرى باشلانغان ئىككى دەۋرگە بۆلۈنىدۇ.

ئون تۆتىنچى باب ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى

1 ـ ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشىدا ئەنگلىيە بىلەن چار روسىيىنىڭ ئوينىغان رولى

«چار روسىيە ئۇيغۇرىستانغا قول سالماسلىق، ئەنگلىيە ئافغانىستانغا

قـول سالماسـلىق» توغرىسـىدا ئىككـى دۆلـەت ئوتتۇرىسـىدا تۈزۈلگەن كېلىشـىمنى كـۆرۈپ ئۆتكـەن ئىـدۇق. ئۇنداقتـا ئىككـى چـوڭ دۆلـەت دىپلوماتىيە ساھەسـىدە ھەمكارلىشـىپ ئۇيغۇرىسـتاننى ئۆتكـۈزۈپ بېرىدىغـان ئۈچىنچـى دۆلـەت قايسـى دۆلـەت ئىـدى؟

مـەن ھەرقانـداق كىشـىنىڭ تارىخـى ۋەقەلـەر ۋە تارىخـى ھادىسـىلەر توغرىسـىدىكى كـۆز قاراشـلىرىنى ھۆرمـەت قىلىمـەن. ئەممـا ھەرقانـداق كـۆز قـاراش تارىخـى پاكىتلارنـى ئاسـاس قىلىشـى لازىـم، تارىخـى پاكىتلارنـىڭ ئوبيېكتىپلىقـى، تارىخـي پاكىتلارنـىڭ چىنلىقـى مۇئەييـەن كـۆز قاراشـلارنىڭ ياكـى مۇئەييـەن ئىدىيىلەرنىڭ بۇرمىلىنىشـىغا ئۇچرىماسـتىن، تارىخنـىڭ چىنلىقى ۋە ئوبيېكتىپلىقـى ئەينـەن خاتىرىلەنگەنـدە تارىـخ كـۆز ئالدىمىـزدا ئەسـلى قىياپىتـى بويىچـە ھازىـر بولىـدۇ.

ئۇيغـۇرلار خانلىقـالاردا سـاپايى چېلىـپ، مەدرىسـىلەردە ھەپتىيـەك ئوقـۇپ ئولتۇرغـان ئوتتـۇرا ئەسـىرلەردە دۇنيانـىڭ يەنـە باشـقا بىـر بۇرجىكىـدە، ئوتتـۇرا ئەسـىرنىڭ ئاخىرقـى يىللىرىدا، ياۋرۇ ـ ئاسـىيادا ئادەتتىن تاشـقىرى بىـر تەرەققىيات ۋە بىـر ئۆزگىرىـش يـۈز بەرگـەن. بىـر تەرەپتىـن ئىسـلام دۆلەتلىـرى ۋە رايىشـلار دۆلىتى(جۇڭگـو) ئىشـلىك تاقىۋېلىـپ ئۆزىنـى قوغـداپ، بارغانسـېرى قاتماللىشـىپ كەتكـەن بولسـا، يەنـە بىـر تەرەپتىـن ياۋرۇ ـ ئاسـىيانىڭ غەربـى بۇرجىكىـدە تارىختـا ئەسـلا كۆرۈلمىگـەن بىـر ئىنقىلاب يۈز بەرگـەن، يەنى غەربـي ياۋرۇپالىقلار تۇرمۇشـىنىڭ ھەر قايسـى سـاھەلىرىدە گويـا دېڭىزدەك ناھايىتـى چوڭقۇر ئۆزگىرىش يـۈز بەرگـەن. دېڭىـز سـىرتىغا زور كۆلەمـدە كېڭەيمىچىلـك قىلىـش غەربـي ياۋرۇپالىقلارنـىڭ ئۆزىگـە خـاس ھەرىكەتلەندۈرگـۈچ كۈچـى، بەلكـى يېڭـى بىـر كۈچىنـىڭ ئىپادىسـى بولـۇپ قالغـان ئىـدى.

بـۇ كېڭەيمىچىلـك پۈتكـۈل دۇنيانـىڭ كېيىنكـى تارىخىغـا ئىنتايىـن مۇھىم تەسىر كۆرسـەتتى. بـۇ تەسـىر غەربـي ياۋرۇپالىقلارغـا دېڭىز ـ ئوكيـان يوللىرىنـى تىزگىنلەتتى. شـىمالى ئامېرىكا، ئاۋسـترالىيە قاتارلىق ئادەملەر شـالاڭ ياشايدىغان قىتئەلەرگە يېتىپ بېرىپ، بويسـۇندۇردى ۋە شـۇ يەرلەردە ئولتۇراقلاشـتى. شـۇنداق قىلىـپ دۇنيانـىڭ ھـەر قايسـى ئىرقـلار بويىچـە ئولتۇراقلىشـىش ئەنئەنىسـىنى

ئۆزگەرتۋەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا كېڭەيمىچىلىك ئارقىلىق غەربىي ياۋروپانىڭ بايلىقى ھەسسىلەپ ئېشىشقا باشلىدى. كۆچ - مادارى زورۇيىشقا باشلىدى. 19 - ئەسىرگە يېتىپ كەلگەندە ئوتتۇرا شەرققە سىڭىپ كىرىپ تىزگىنلىدى، ھىندىستان ۋە جۇڭگوغا سىڭىپ كىردى، تىزگىنلىدى، قەدىمىي ياۋرۇ - ئاسىيا مەرىپەت مەركىزىنىمۇ تىزگىنلىدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىشلار ئىدى. دۇنيانىڭ بىر بۇرجىكىنىڭ ئىككىنچى بۇرجىكىنى تىزگىنلىشى ئىلگىرىكى تارىختا ھېچ قاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىش ئىدى. شۇڭا بۇ ئىشنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولدى. دۇنيا يېڭى، ئۆزگىچە خاس بىرلىككە يېتىپ كەلدى. دۇنيا تارىخىدىكى ياۋرۇ - ئاسىيا باسقۇچى ئاخىرلىشىپ ئەمدى دۇنياۋى خاراكتېرلىك ياۋرۇ - ئاسىيا دەۋرى باشلاندى.

رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلار بىر كېچىدە دېگۈدەك شەكىللەندى.

ياۋروپانىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، ياۋروپا خىرىستىيان دىنىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى دەپ، چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولاتتى. خىرىستىيان دىنىنىڭ ياۋروپادا باشقا دىنلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى خىرىستىيان دىنىغا، "بارلىق ئادەملەر ئەڭ ئاخىرىدا قۇتقۇزۇۋېلىنىدۇ"، دەيدىغان ئىلاھىيەتچىلىك ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن.

ئەنگلىيە، ھىندىستان قۇرۇقلۇقىغا يېتىپ كەلدى. 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ 19 - ئەسىر ئىچىدە ئەنگلىيە ئىمپېراتورلۇقى پۈتكۈل ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇپ بولدى. باشتا ئېيتقاندەك، ئوتتۇرا ئاسىيادا كېڭەيمىچىلىك قىلىۋاتقان چار روسىيە ئىمپېراتورلۇقىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە، مۇستەملىكىسى ھىندىستاننىڭ ئەتراپىدا قوغدىنىش خاراكتېرلىك ئارىلىق بەلۋاغ پەيدا قىلىشقا ئۇرۇناتتى. بۇ نۇقتا، باشتا كۆرۈپ ئۆتكەندەك، ئەنگلىيىنىڭ 1839 - يىلى ۋە 1879 - يىلى نىمە ئۈچۈن ئىككى قېتىم ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ئاخىرىدا ئەنگلىيە، ئافغانىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىپ ۋە بۇ دۆلەتكە پۇل بېرىپ ياردەم قىلىپ ئافغانىستاننىڭ

دىپلوماتىك مۇناسىۋەت باغلاش ھوقۇقلىرىنى تىزگىنلىمەكچى بولدى. ئوخشاش بىر ۋاقىتتا چار روسىيە تىبەتكە تاجاۋۇز قىلدىكەن دەيدىغان كوچا گەپلىرىنىڭ ئىقىپ يۈرۈشىگە ئاساسلىنىپ، ئەنگلىيىلىكلەر 1904 ـ يىلى تىبەتكە يىراققا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسى ئەۋەتتى. (مۇشۇ يىلى شەرقى دېڭىزدا ياپونىيىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسى بىلەن چار روسىيىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسى ئۇرۇشقا كىرگەن بىر يىل ئىدى) نەتىجىدە تىبەتلىكلەر، ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقى بىلەن شۇ كۈندىن باشلاپ ھەر قانداق بىر چەت ئەللىككە گۇماشتا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا كېلىشىم تۈزدى.

يەنىمۇ غەرپكە ئىلگىرىلىگەندە ئەنگلىيىلىكلەر پېرسىيە ئەتراپىدا (ئىران) تەسىر دائىرىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئوتتۇرىدا چار روسىيە بىلەن توقونۇش يۈز بەردى. توقونۇشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى سۈپىتىدە 1907 ـ يىلى چار روسىيە ئىمپېراتورلىقى بىلەن ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىم بويىچە، پېرسىيىنىڭ جەنۇپ تەرىپى ئەنگلىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە، پېرسىيىنىڭ شىمال تەرىپى ئوتتۇرا ئاسىيا ـ چار روسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئايرىۋېلىندى. دىققەت كىتاپخانلىرىم، تۆۋەندىكى بىر ئابزاس سۆزگە تېخىمۇ دىققەت قىلىڭلار!

1899 ـ يىلدىن 1905 ـ يىلغىچە ھىندىستانغا گوبېرناتور بولغان كېيىن جورجى ناتانىيل كورزۇن ئەنگلىيىنىڭ پېرسىيە ئەتراپىدا ۋە ھىندىستاندا ھەربىي ھەرىكىتىنىڭ ۋە دىپلوماتىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىنى مۇنداق شەرھلىگەن:"

ھىندىستان گويا بىر مۇھىم ئۆتكەلگە ئوخشايدۇ. بىپايان دېڭىز ھىندىستاننىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بۈيۈك ئىككى ئاكوپقا ئوخشايدۇ. تاغ تىزملىرى ھىندىستاننى ئوراپ تۇرغان قورغانغا ئوخشايدۇ. لېكىن بۇ قورغان ـ تاغ تىزملىرى ئۆتكىلى بولمايدىغان تاغ تىزملىرى ئەمەس. تاغدىن ئۆتۈپ ئۇ تەرەپكە بارغىلى بولىدۇ، (ئۇ تەرەپتىن بۇ تەرەپكە كەلگىلى بولىدۇ.) بۇ تاغ تىزملىرى ـ قورغاننىڭ ئۇ تەرىپىدە بىپايان سوزۇلۇپ ياتقان كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلىقى ئوخشاش بولمىغان تۈزلەڭلىك ۋە تۆپۈلۈكلەر بار. بىز ئۆتەرەپلەرنى

ئىشغال قىلىشنى ھەرگىز خالىمايمىز.

لېكىن، ئۆتەرەپلەرنى بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ھەربىي ئىشغال قىلىۋېلىشىنىمۇ كۆرۈشنى خالىمايمىز. ئۇ تەرەپلەرنىڭ بىزنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىمىزنىڭ ياكى دوستلىرىمىزنىڭ قولىدا قېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمىز. بىراق، مۇبادا رىقابەتچىلەر ۋە دۈشمەن كۈچلەر ئوغۇرلۇقچە ئۇ تەرەپلەرگە يېقىنلىشىپ كېلىپ، بىزنىڭ قورغانلىرىمىزنىڭ ھۇلىغا كۈچ ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولسا، بىز ئارىلاشماي تۇرالمايمىز. چۈنكى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىزنىڭ بىخەتەرلىكىمىزگە تەھدىت سالىدىغان تەھدىت مۇشۇ تەرەپلەردە پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىقىلار ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ، پېرسىيە (ئىران)، ئافغانىستان (ھەم ئۇيغۇرىستان) تىبەت ۋە شەرقتىن شيەن لو (ھازىرقى تايلانت دۆلىتىنىڭ كونا ئىسمى) غىچە بولغان يەرلەر توغرىسىدىكى مەيدانىمىزنىڭ مەخپىيەتلىكىدۇر.“

قوشۇمچە قىلىشقا تېگىشلىك بىر تەرىپى شۇكى، ئەنگلىيە ۋە چار روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ يول قويۇشى ياكى باشلاپ كىرىشى ئارقىلىق مانجۇ خاندانلىقى ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى ۋە بەدۆلەت ئۇيغۇر دۆلىتىنى يۇقاتتى. مۇنداق سوئال قوياتتىم. نېمىشقا مانجۇ خاندانلىقى ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى يېقىن قوشنىلىرى ھىندىچىنى ئاراللىرىغا تاجاۋۇز قىلماي، سەددىچىنىنىڭ تېشىدىكى ئىنتايىن يىراق بىر ئەل- ئۇيغۇرىستانغا ئارقىمۇ- ئارقا تاجاۋۇز قىلدى، دەپ سوئال قوياتتىم ئۆزۈمگە. بۇ سوئالنى ھازىرغىچە تەكرارلىغاندىم. مەلۇم بولدىكى:

ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقى ھىندىستان ۋە ھىندىستاننىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان ۋاقىتتا، فرانسىيە ئىمپېراتورلىقى ھىندىچىنى دۆلەتلىرىنى بويسۇندۇرۇشقا كىرىشىپ كەتكەن. 1883 - يىلى فرانسىيە ئىمپېراتورلىقى مانجۇ- ختاي خاندانلىقى ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ھىندىچىنى ئاراللىرىغا ئىگىلىك ھوقۇق تەلىپى قويۇشتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىدى. ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقىنىڭ بويسۇندۇرۇلغان بىرما بىلەن فرانسىيە ئىمپېراتورلىقىغا قارام بولغان ھىندىچىنى ئاراللىرى ئوتتۇرىسىدا مۆتىدىل ئارىلىق دۆلىتىنى ساقلاپ قېلىشقا ئېھتىياجى چۈشكەنلىكتىن، شيەن لو- تايلانت دۆلىتى چەت ئەللىكلەرگە قارام بولۇشتىن

ۋە چەت ئەللىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىن ساقلىنىپ قالدى. شۇ چاغدا شەرقى ھىندى ئوكيان ئاراللىرى يەنىلا پورتۇگالىيىلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇراتتى. 1883 ـ يىلى دەپ، تىلغا ئېلىنغاندا بۇ ئىش يەنىلا كېيىنكى ئىش ئىكەنلىكىنى دەپ قېلىشقىلار مۇمكىن. باشتا كۆرۈپ ئۆتكەندەك، ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقى ۋە فرانسىيە ئىمپېراتورلىقى بىرلىكتە 1858 ـ 1860 يىللاردىلا مانجۇ ـ خىتاي خاندانلىقىنى "بېيجىڭ شەرتنامىسى" ۋە "تيەنجىن شەرتنامىسى" نى ئىمزالاشقا مەجبۇرلىغان ئەمەسمىدى؟

دېمەك، ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقى ۋە فرانسىيە ئىمپېراتورلىقى ھىندىچىنى ئاراللىرىنى تامام كونتىروللىقى ئاستىغا ئېلىپ بولۇپ، مانجۇ خاندانلىقىنى ھىندىچىنى ئاراللىرىغا ئىگىلىك ھوقۇق تەلىپى قويۇشتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاپ، مانجۇ خاندانلىقىنىڭ تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنى ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىشقا يولغا سېلىپ قويغاندا، 1871 ـ يىلى چار روسىيىنىڭ گېنېرالى كولپاكوۋسكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىلى ئۆلكىسىگە تاجاۋۇز قىلىپ، ـ 1876يىلى مانجۇ خاندانلىقى شەرقتىن ئۇيغۇر دۆلىتىگە تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مانجۇلارغا مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشىدىن ئىبارەت تارىخى پاجىئەنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى.

1907 ـ يىلى چار روسىيە ئىپېراتورلىقى بىلەن ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن يۇقىرىقىدەك كېلىشىم بويىچە پېرسىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبى، ھىندىستان ۋە ھىندى ئوكيان ئەنگلىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئايرىپ بېرىلدى؛ پېرسىيىنىڭ شىمالى ۋە ئوتتۇرا قىسىملار يەنى ئۇيغۇرىستاندىن باشقا پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا چار روسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئايرىپ بېرىلدى. 1865 ـ يىلدىن 1877 ـ يىلغىچە قۇرۇلغان بەدۆلەت ياقۇپ بەگ دۆلىتىنى 1876 ـ يىلى ئېتىراپ قىلغان (ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن گۇمان قىلمەن) 3 ئىمپېراتورلىقنىڭ بىرى ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقى ئىدى، ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن كىنەزنىڭ يۇقىرىقى دىپلوماتىك سىياسىتىدە ئۇيغۇرىستان ئېغىزغا ئېلىنمىدى، لېكىن "ئۇ تەرەپ"، "بۇ تەرەپ" دەپ ئىشارە قىلىندى. ياقۇپ بەگ دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلغان ئەنگلىيە نېمىشقا

بۇنداق يۈشۈرۈن سىياسى مەقسەتكە يول قويدى؟ "ئۇ تەرەپلەرنى بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ھەربىي ئىشغال قىلىۋېلىشىنىمۇ كۆرۈشنى خالىمايمىز" دېگەن ئىبارىنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئەنگلىيىلىك گوبېرىناتور "دۈشمەن" دەپ تىلغا ئالغاندا قايسى دۆلەتنى كۆزدە تۇتتى؟

چار روسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار "كېلىشىم" ئارقىلىق ھەل قىلىندى. ئۇنداقتا ئېشىپ قالغان قايسى دۆلەت، "دۈشمەن" دۆلەتكە ئايرىپ قويۇلدى؟ "ياقۇپ بەگنىڭ چەت دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى" ماۋزۇلۇق بايانىنامىسىدا تارىخچىمىز مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا قەلەم تەۋرىتىپ "ياقۇپ بەگنىڭ تۈركىيىنىڭ خەلىپىسى ئابدۇلئەزىزگە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ ياقۇپ بەگ دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ۋە تۈركىيە خەلىپىسىنىڭ ھامىيلىقىدىكى بىر دۆلەتكە ئايلىنىشنى خالايدىغانلىقى توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈرۈپ" ئىلتىماس قىلغانلىقى توغرىسىدا يېزىپ قالدۇرغان تارىخى پاكىتلارنى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق.

ياقۇپ بەگنىڭ ئۇنداق "خاتالىقى" ۋە بۇنداق "خاتالىقى" توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتكەن تارىخچىلار، ياقۇپ بەگنىڭ دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى نىگىزلىك خاتالىقى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتمىگەن تارىخچىلار ئىدى. كولپاكوۋسكىنىڭ قوقەنت تەرەپتىن قەشقەرىيىگە قىستاپ كېلىشى، **1871** ـ يىلى كولپاكوۋسكىنىڭ ئىلى سولتانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشى، **1876** ـ يىلى زوزۇڭتاڭنىڭ ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىشى ھەممە، ھەممىسى چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي يۈرۈشلەر، ياۋروپا دۆلەتلىرى ئەنگلىيە، چار روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك باردى ـ كەلدى مۇناسىۋەتلەرنىڭ مېغىزى ـ ئۇيغۇرىستاننى تۈركىيىدىن يىراق قىلىش، ئوتتۇرا ئاسىيانى تۈركىيىدىن يىراق قىلىشتىن ئىبارەت دىپلوماتىك سىياسەت، ئۈچ دۆلەت ئەنگلىيە، چار روسىيە، مانجۇ ـ خىتاي ئىمپېراتورلىقى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەركىزىگە قويۇلغان ئىدى. بەدۆلەت بۈيۈك سەركەردە ياقۇپبەگنىڭ دەل دىپلوماتىيە مەسىلىسىدە قىلتاققا چۈشۈپ، تۈركىيىنىڭ خەلىپىسىگە مەكتۇپ يوللاپ تۈركىيىنىڭ، ئۇيغۇرىستان بەدۆلىتىگە ھامى دۆلەت بولۇشنى تەلەپ قىلغانلىقى، قويۇلغان

كۆمۈش پۇلغا خەلپە ئابدۇلئەزىزنىڭ سۈرتىنى چۆشۈرگەنلىكى، بۇ سەلتەنەت ئىگىسى ياقۇپبەگنىڭ كەچۈرگىلى بولمايدىغان نىگىزلىك دىپلوماتىك سىياسەت خاتالىقى بولۇپ قالدى. ياۋروپادا ئوسمانلى تۈركىيىسى چار روسىيىنىڭمۇ ھەم ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقىنىڭمۇ ھەم ئەشەددى دۈشمىنى بولۇپ قالغانلىقتىن، چار روسىيمۇ، تۈركىيە كۈچلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولۇشىنى خالىمىغاندەك ھىندىستاندا قونداقلا چىققان ئەنگلىيمۇ، تۈركىيە كۈچلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا جۈملىدىن ئۇيغۇرىستاندا پەيدا بولۇشىنى خالىمايتتى، ھەرگىز خالىمايتتى... ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ بۈيۈك سەركەردىسى ياقۇپبەگ ئارقىلىق تۇنجى قېتىم دىپلوماتىك سىياسەت خاتالىقى ئۆتكۈزۈپ، چار روسىيە ئىمپېراتورلىقى بىلەن ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقىنىڭ ئۇيغۇرىستاننى مانجۇ خاندانلىقىغا مۇستەملىكە قىلىپ بېرىشىدە، سەركەردىمىز ياقۇپبەگ ئۆتكۈزگەن بۇ خاتالىق، تۇنجى قېتىم كەچۈرگىلى بولمايدىغان خاتالىق بولۇپ قالدى.

مەسىلەن، "1841 ـ يىلى بەش چوڭ كۈچلۈك دۆلەت بوغۇز شەرتنامىسىنى ئىمزالايدۇ، بۇ شەرتنامىگە ئاساسەن، فوسفور بۆغۇزى بىلەن داردانىل بوغۇزى تاقاپ قويۇلىدۇ. 1844 ـ يىلى چار پادىشاھ نىكولاي ئەنگلىيىنى زىيارەت قىلىپ، ئەنگلىيە بىلەن "ئالىجانابلار كېلىشىمى" ئىمزالاپ مۇبادا تۈرك ئىمپېرىيىسى يىمىرىلسە، ئەنگلىيە بىلەن روسىيە ئىككى تەرەپ كېڭەش ئۆتكۈزۈشنى بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەھۋال ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدە يىمىرىلىش پەيدا قىلىدىغان تەرەپكە قاراپ راۋاجلىنىدۇ"، "1853 ـ يىلى چار پادىشاھ نىكولاي ئەنگلىيىنىڭ روسىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى لورد سېمۇر بىلەن كۆرۈشۈپ "ياۋروپانىڭ كېسەل كۆرپىسى" تۈركىيىنىڭ ئۆلۈمى ۋە تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشى مەسىلىسى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىدۇ"، "...1876 ـ يىلى ... روسىيە بولسا ئېتىراز بىلدۈرۈشكە باشلايدۇ. روسىيە سۇلتاننىڭ ھەرقانداق لايىھەسىگە ئۇنىڭ قانداق تەرققىپەرۋەر لايىھە بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ پەقەت بالقاندىكى كىچىك كېنەزلىكلەرنى مەڭگۈ ئوسمانلار ئىمپېرىيىسىگە تەۋە قىلىدىغان لايىھەلا بولىدىكەن، ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ تۇرمايتى" ("ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى" ئاپتورى سەيد فەييياز مەھمۇد،

پاكىستان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى.)

كۆرگەنلىرىمىزدىن مەلۇم بولدىكى، شۇ ۋاقىتتا خەلىپە بولۇپ 1861 ـ يىلدىن 1876 ـ يىلغىچە تۈركىيىدە تەختتە ئولتۇرغان ئابدۇل ئەزىز 1865 ـ يىلدىن 1876 ـ يىلغىچە قەشقەرىيىدە بەدۆلەت قۇرۇپ تەختتە ئولتۇرغان ياقۇپبەگكە ئوخشاش دەۋىردە تەختكە ئولتۇرغان پادىشاھلار ئىدى. ئەمما تۈركىيىنىڭ ئەھۋالى باشقىچىرەك بولۇپ، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى يىمىرىلىشكە يۈزلەنگەن ئاخىرقى دەۋرلەر ئىدى. ياقۇپبەگ مۇشۇنداق چاغدا، مۇشۇنداق ئەھۋالدا، چار روسىيە تۈركىيىگە تەرەپ ـ تەرەپتىن بېسىم ئىشلىتىۋاتقان مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئۆزىنىڭ ۋەكىلىنى تۈركىيىگە ئەۋەتىپ، تۈركىيە خەلىپىسى ئابدۇلئەزىزنىڭ قەشقەرىيەدە قۇرۇلغان ئۇيغۇر بەدۆلىتىگە ھامىي بولۇشىنى تەلەپ قىلالامدۇ؟!

تۆۋەندىكى نەقىلگە قاراپ باقايلى:

”...جوڭگولۇقلار كۆپ يىللاردىن بويان روسىيىلىكلەرنىڭ ياخشى دوستى بولۇپ كەلدى، ياقۇپ بەگ ئۆمۈر بويى روسىيىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ كەلدى. ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككى تەرەپ (تاجاۋۇزچى زوزۇڭتاڭ ئارمىيىسى بىلەن ئۇيغۇر سەركەردە ياقۇپ بەگ ئارمىيىسى) ئوتتۇرىسىدا روسىيە ھۆكۈمىتى جەزمەن ئالدى بىلەن جوڭگولۇقلارغا ھېسداشلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياقۇپ بەگ يېقىندىن بويان روسىيىگە ئانچە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەتمىگەندى. ياقۇپ بەگنىڭ جىيەنى سېيىت ياقۇپخان ھاجى تۆرە ئۇنىڭ مەلۇم بىر مەقسىتى ئۈچۈن ئىستانبولدا تۇرۇۋاتقان مەشھۇر گۇماشتىسى ئىدى. ئۇ يەنە روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەشەددىي دۈشمىنى بۇخارا پادىشاھى ئابدۇلمەلىك ياكى كاتتا تۆرە دېگەن زاتقا ھامىلىق قىلغان . مۇشۇ ئىشلار روسىيىنى ياقۇپ بەگدىن يىراقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى. (”ياقۇپ بەگنىڭ تەرجىمھالى“ 356 ـ بەت. ئاپتورو چارلىز بولگېر ئەنگلىيە)

ـ 2ئۇيغۇرىستاننى مۇستەملىكە قىلىپ بېرىش بەدىلىگە (بۇ جۈملىدە مانجۇ خانىدانلىقى ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقىنىڭ زۇۋان سۈرمىگەنلىكىنى، ئەكسىچە زوزۇڭتاڭنىڭ تەگىرتاغنى ئىشغال قىلغان

غەلبىسىنى تەبرىكلىگەنلىكنى ۋە چار روسىيە ئىمپېراتورلىقىنىڭمۇ بۇ تاجاۋۇزچىلىق توغرىسىدا زۇۋان سۈرمىگەنلىكىنى نەزەردە تۇتتۇق) چار روسىيە ۋەئەنگىلىيە، مانجۇ ـ خىتاي خاندانلىقىدىن قانداق ماددى مەنپەئەتكە ئېرىشتى؟

يۇقىرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردىن شۇ نەرسىنى ھېس قىلىپ يەتتۇقكى، 1870 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئەنگىلىيىنىڭمۇ، چار روسىيىنىڭمۇ ئۇيغۇرىستانغا قاراتقان سىياسىتى ئۆزگىرىپ كەتتى. بۈيۈك سەركەردە ياقۇپبەگ ئۇيغۇرىستان ئىچىدىكى بەگلىكلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەن كۈنلەردە، ياقۇپبەگنى ئۆزگە تەھدىت دەپ مۆلچەرلىگەن كولپاكوۋسكى ئىلى سولتانلىقىغا تاجاۋۇز قىلدى. ئىككى قېتىملىق ئەفيۇن ئۇرۇشى ئارقىلىق ئەنگىلىيە مانجۇ خاندانلىقى بىلەن، ”نەنجىڭ شەرتنامىسى“، ”تيەنجىن شەرتنامىسى“، ”بېيجىڭ شەرتنامىسى“ نى ئىمزالاپ، ئەنگىلىيە 1842 ـ يىلى خوڭكوڭ (شاڭگاڭ) پورتىغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا شاڭخەي قاتارلىق ئىچكى سودا پورتلىرىغا ئىگە بولدى، ئەنگىلىيىلىكلەر ھىندىستاندا ۋە بۇ دۆلەتنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغاندا، فرانسىيە 1883 ـ يىلى مانجۇ خاندانلىقىغا بېسىم ئىشلىتىپ، ھىندىچىنى تاقىم ئاراللىرىغا متروپولوگىيىلىك ھوقۇق يۈرگۈزىشتىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ ئارقىلىق مانجۇ ـ خىتاي خاندانلىقىنىڭ ياللانما سەركەردىسى زوزۇڭتاڭنىڭ ئۇيغۇرىستانغا يۈرۈش قىلىشىغا سەۋەپ تېپىپ بەردى ۋە يول ئېچىپ بەردى. ھىندىچىنى دۆلەتلىرى، مانجۇ ـ خىتايلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن قۇتۇلۇپ، ئەنگىلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ قولىدا قالدى. 1884 ـ 1883 ـ يىللىرى 1 يىل ئارىلىقىدا ئەنگىلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ ھەربى تەھدىتىگە دۇچ كەلگەن مانجۇ خاندانلىقى، بەدۆلەت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىسمىنى «شىنجاڭ» غا ئۆزگەرتىپ قانداق ئۆلكە تەسىس قىلالىدى دەپ سوئال قويۇلسا ئارقىدىنلا، ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىشتا زوزۇڭتاڭغا كىم، قايسى دۆلەتلەر دىپلوماتىيە ۋە باشقا تەرەپلەردىن ياردەم قىلدى دېگەن سوئالمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلىشى كېرەك.

بۇ توغرىدا، ”زوزۇڭتاڭنى ئۇيغۇرىستانغا كىم ئېلىپ چىققان“ ماۋزۇلۇق ماقالىنىڭ مۇئەللىپى، ئەمىن ئامىر بايىۋ ئوغلىنىڭ قەلىمىگە مۇراجىئەت قىلايلۇق.

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ”يېڭى ھايات گېزىتى“ دە ”ئۇيغۇرىستان تارىخىنىڭ بەزىبىر مەسىلىلىرى“ ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى.

مۇئەللىپ ماقالىسىنى مۇنداق باشلايدۇ: سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1933 ـ يىلى قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نى قانلىق باستۇرغانلىقىنى 1944 ـ يىلى قۇرۇلغان يەنە بىر «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نى مەسىلەكداش خىتاي كوممۇنىستلىرىغا تۇتۇپ بېرىش ئارقىلىق يۇقاتقانلىقىنى كۆپچىلىك ياخشى بىلىدۇ. بىراق چار روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۆتكەن ئەسىردە خىتاي ھۆكۈمىتىنى قوللاپ، ئۇيغۇرلارنى مۇستەقىللىقتىن قانداق مەھرۇم قىلغانلىقىنى، 19 ـ ئەسىردىكى باسقۇنچى، جاللات زوزۇڭتاڭنى ئۇيغۇرىستانغا ئېلىپ چىقىشقا قانداق كۈچ چىقارغانلىقىنى نۇرغۇنلىغان زاماندىشلار بىلمەيدۇ. دىققىتىڭلارغا ھاۋالە قىلىنىۋاتقان مەزكۇر ماقالىدا تارىخىمىزدىكى ئەنە شۇ پاجىئەلىك، پىنھان ۋەقەلەر يورۇتىلىدۇ.

1 ـ ئۇيغۇرىستان ئەزەلدىن تارتىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىق ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان مەيدانى بولۇپ كەلگەن.

بۇ كۈرەش بۇرۇن ئۆتۈش قىيىن بولغان قۇملۇق ۋە باياۋانلار ۋە ئېگىز تاغلار بىلەن قورشىلىپ تۇرغان مەزكۇر زېمىننىڭ تاشقى دۇنيادىن بۆلۈنۈپ، ئايرىلىپ قالغانلىقى تۈپەيلى مۇرەككەپلەشكەن بولسا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا بىر قانچە روس ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ئۇيغۇرىستانغا كېلىپ كەتتى. ئۇلارغا ھەربىي مەنسەپدارلار رەھبەرلىك قىلدى. ئەنە شۇلارنىڭ بىرى پرىژېۋالسكىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىسى بولۇپ، تىبەتكىچە يېتىپ بارغان بۇ ئېكسپېدىتسىيىنى پەقەت روسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتىلا ئەمەس، ھەربىي باش شتابمۇ مالىيە بىلەن تەمىنلىگەن. يەتتە سۇ ۋىلايەتلىرى روسىيە تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغاندىن كېيىن چار روسىيىنىڭ ئۇيغۇرىستان چېگرىسىغا بىۋاستە يېقىنلىشىپ قېلىشى بىلەن مەزكۇر رايون ئەنگلىيە بىلەن چار روسىيىنىڭ مەركىزى ئاسىيادا رىقابەتلىشىدىغان رايونغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ دۆلەتلەرنى (چار روسىيە ئىمپېراتورلىقى بىلەن ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقىنى يەرلىك خەلقلەرنىڭ مۇستەقىل دۆلەتكە ئىگە بولۇش مەسىلىسى قىلچىمۇ قىزىقتۇرمايتتى. ئەكسىچە

بۇ دۆلەتلەر بۇ ئۆلكىنى يېرىم مۇستەملىكە ۋە "يۇۋاش" خىتاينىڭ تەركىبى قىسمىدا قالدۇرۇشقا ئىنتىلەتتى.

شۇنىڭدىن سەل بۇرۇنراق، ئىنگلىزلەر ھىندىستاندىكى سىپايىلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغان بولسا، چار روسىيە كېنىسار قاسىمۇپ رەھبەرلىكىدىكى قازاقلار قوزغىلىڭىنى يەنە شۇنداقلا قوقەنتلىكلەرنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرغان ئىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا ئىلى ئۆلكىسى قوزغىلاڭ قىلىپ كۆتۈرۈلگەندە، ھەر ئىككى مۇستەملىكچى چار روسىيە ئىمپېراتورلىقى ۋە ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مۇسۇلمانلارغا تەسىر يەتكۈزۈپ قالامدىكىن دېگەن ئەندىشە پەيدا بولدى. بۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ ئەنگلىيە ئەكس سادا قايتۇردى.

2 ـ بۇ توغرۇلۇق خىتايدا ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى دىن تارقىتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىنگلىز دىندارى جون ماككوۋېن "خىتايلار ئۆز ئۆيىدە" ماۋزۇلۇق كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: "1873 ـ يىلى ئۇيغۇرىستاندا ۋە خىتاينىڭ غەربىي ئۆلكىلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى باشلاندى. قانداق قىلىپ بولسۇن قوزغىلاڭنى باستۇرۇش كېرەك ئىدى. شۇڭلاشقا خىتاي ھۆكۈمىتى زوزۇڭتاڭنى جازالىغۇچى ئەسكەرلەرگە باش قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. ۋەزىپە ئېغىر ئىدى. چۈنكى قوزغىلاڭ يالغۇز غەربىي ئۆلكىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ناھايىتى كەڭ زېمىنگە قانات يايغان ئىدى. بۇ يەرلەرنىڭ تاغلىق يەرلەر ئىكەنلىكى، راۋان يوللارنىڭ يوق دېيەرلىكى ۋە يەرلىك ئاھالىنىڭ دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ قورال ـ ياراق توشۇپ كېلىشىگە ئېغىر بولمايدىغان توسقۇنلۇقلارنى پەيدا قىلاتتى. خىتاي ئارمىيىسى ئېغىر ئەھۋالدا قالغان ئىدى.

زوزۇڭتاڭ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىگەنسېرى، ئىسيان بىلەن قارشى ئالغان ئۆلكىگە قەدەم باسقانسېرى ھەربىي قورال ـ ياراقلارنى يەتكۈزۈپ بېرىش مۇمكىن بولماي قالدى..."

ھەممىگە مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى جون ماككوۋېن يۇقىرىقىلارنى يازغاندا،

خىتاينىڭ "جازالىغۇچى" ئارمىيىسىگە ئەنگلىيىنىڭ سۈكۈت ئىچىدە رازىلىق بېرىشى، شاڭخەي ۋە شاڭگاڭدىكى ئىنگلىز تىجارەت بانكىلىرى (بوستون بانكىسى) زوزۇڭتاڭنى مالىيە بىلەن تەمىنلىگەنلىكى ھەققىدە ھېچ نېمە دېمەيدۇ. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرىستان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇش جەھەتتە مەيپەئەتكە ئىگە بولغانلىقى، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، ئۇيغۇرىستاندا مۇستەقىللىق ئۈچۈن پارتلىغان قوزغىلاڭ ۋە مانجۇ-خىتاي خاندانلىقىغا قارشى غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنىڭ بېرىتانىيە پادىشاھلىقىنىڭ گۆھەر زېمىنى بولۇپ ھېسابلانغان ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىغا تۇتۇشۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىشى بىلەن چۈشەندۈرىلەتتى.

**1884**-يىلى "تۈركىستانسكى ۋېدوموستى" (تاشكەنت) گېزىتى مۇنداق يازىدۇ. مەزكۇر گېزىت زوزۇڭتاڭنىڭ مەركىزى خىتايدىن بۇ زېمىن ئۇيغۇرىستانغا يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن چەكسىز چۆل-باياۋانلارنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. "ئۇ ئۇيغۇرىستان تەۋەسىگە يېتىپ كەلگەندە ئۇزۇق-تۈلۈك تۈگەيدۇ. يۇرۇش قىلىۋاتقان خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىرلىشىدۇ. زوزۇڭتاڭ سىبىرىيىدىكى روس ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. گەرچە چار روسىيە قوشنا ئۆلكىلەردىكى قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرغاندا مەنپەئەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن زوزۇڭتاڭغا ئەمەلىي ياردەم بېرەلمەيتتى. چۈنكى چار روسىيە شۇ چاغدا تۈركىيەگە قارشى قانلىق ئۇرۇشقا كىرىشىپ كەتكەن. زوزۇڭتاڭغا ياردىمى شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى، چار روسىيە ئۆزىنىڭ سىبىرىيىدىكى سودىگەرلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ خىتاينىڭ تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىگە ئۇزۇق-تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىشكە رۇخسەت قىلدى. بۇ ياردەملەر ئۈچۈن زوزۇڭتاڭ روسىيە سودىگەرلىرىگە كۆپ نەرسىلەرنى تۆلەشكە ۋەدە بەردى.

**3**-زوزۇڭتاڭنىڭ تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرى ئۇيغۇرىستان تەۋەسىگە قەدەم بېسىش بىلەنلا، ئۇزۇق-تۈلۈك جەھەتتىن قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى.

بۇ چاغلاردا تارباغا تاي، ئىلى ۋادىسى دېھقانلىرىدا ئاشلىق دېگەن ئېشىپ-تېشىپ تۇراتتى. ئۇلار بۇ ئاشلىقنى نېمە قىلىشنى ۋە قانداق بىر

تــەرەپ قىلىشــنى بىلمــەي تۇراتتــى. شــۇنىڭدىن كېيــن دېھقانــلار ئاشــلىقلىرىنى چــار روســىيە ســودىگەرلىرىگە سېتىپ بېرىشــكە باشــلىدى. شــۇنداقلا بۇ ئاشــلىقنى ئۆزلىرىنىــڭ قاتنــاش ۋاســتىلىرى هارۋىلارغــا بېســىپ، ئېشــەكلەرگە ئارتىــپ، زورۇڭتاڭنىــڭ ھەربىــي لاگېرىغــا شــىڭ شىڭشــاغىچە يەتكــۈزۈپ بــەردى.

ئۇيغۇرلارنىــڭ ئــۆزى (بــۇ ئەقىللىــق مىللــەت) زورۇڭتاڭنىــڭ جــازا يۈرۈشــى قىلىۋاتقــان ئەســكىرى قىســىملىرىنى قارشــى ئېلىــپ ئاشــلىق يەتكــۈزۈپ بېرىــپ تاجاۋۇزچى خىتاي ئارمىيىســىنىڭ ئۇيغۇرىســتانغا ئىچكىرىلەپ كىرىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىــپ بــەردى. زورۇڭتــاڭ بۇنىڭغــا رەھمــەت سۆيپىتىدە پۈتكــۈل ئۇيغۇرىســتان ئۆلكىســىنى قانغــا بويــدى.

زورۇڭتــاڭ روس ھاكىمىيــەت ئورگانلىرىنىمــۇ ئۇنتــۇپ قالمــدى. ئــۇ غۇلجــدا كــۆچ توپلىۋالغانــدىن كېيــن 40 مــىڭ كىشــىلىك ئارمىيىنــى زەربــدار كۈچكــە ئايلانــدۇرۇپ يەتتــە ســۇغا بېســىپ كىرىمــەن دەپ پوپــۇزا قىلــدى...

ئەمــدى قايتىــپ كېلەيلــۇق، ئەنگلىيــە ھىندىســتانغا تەيىنلىگــەن گوبېرناتور جورجــى ناتانىيــل كــورزۇن يۇقىرىقــى بىــر ئابــزاس ســۆزىدە ئېيتتىغــۇ:

”ئۇ تەرەپلەرنى بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ئىشــغال قىلىۋېلىشــىنىمۇ كۆرۈشنى خالىمايمىز، ئۇ تەرەپلەرنىڭ بىزنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىمىزنىڭ ياكى دوستلىرىمىزنىڭ قولىــدا قېلىشــىنى تولىمــۇ ئــارزو قىلىمىــز“ دەپ ئېيتتىغــۇ. شــۇنداق قىلىــپ ئۇيغۇرىســتان ئەنگلىيــە ئىمپېراتورلىقىنىــڭ ئىتتىپاقدېشــى ئوخشاشــلا بىــر ۋاقىتتــا يەنە باشــقا ئىســتىراتېگىيىلىك مەقســەتلەر ۋەجىدىن چار روســىيىنىڭ ئىتتىپاقدېشى بولــۇپ قالغــان مانجۇ ـ خىتــاي خانىدانلىقىنىــڭ قولىــدا قالــدى.

چـــار روســـىيىنىڭ ئۇيغۇرىســـتانغا تۇتقـــان مۇئامىلىســـى، ئەنگلىيىنىـــڭ ئۇيغۇرىســتانغا تۇتقــان مۇئامىلىســىدىن باشــقىچە بولمــدى، ئوخشــاش بولــدى.

چـــار روســـىيە يىـــراق شـــەرقتە ئامـــۇر دەرياســـىنىڭ ئىككـــى قىرغاقلىرىغـــا ھەتتــا شــەرقىي دېڭىــز بويلىــرى تىنــچ ئوكيــان قىرغاقلىرىغىچــە بىپايــان زېمىنغــا ئىگــە بولــۇپ، مانجۇ ـ خىتــاي خانىدانلىقــى بىلــەن ـ 1858يىلــى ”ئەيخــۇي شەرتنامىســى“نى ئىمــزالاپ، چــار روســىيىنىڭ زېمــن كېڭەيمىچىلىكىنــى مانجــۇ ـ

ختاي خاندانلىقىنىڭ ئىتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈردى. چار روسىيە ئىمپېراتورلىقى بىلەن مانجۇ ـ ختاي ئىمپېراتورلىقىنىڭ بىرلىشىپ، "... ئىلى ئۆلكىسىگە ئىككى تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىشنى تەكلىپ قىلىشمۇ (شۇ چاغدا) كۆزدە تۇتۇلدى..."، "چار روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 1871 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇندا مانجۇ خانىغا ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىدە ھازىرچە پېۋرالدا، ـ 22بوغدىخانغا ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇپ بېرىپ... چار روسىيىنىڭ مالىيە ۋەزىرى كېنەز سەيىچ ۋىتىر 1892 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى پادىشاھ ئالېكساندىر 111 گە دوكلات يوللاپ:

«...چار روسىيىنىڭ كەلگۈسىدە ئاسىيا بىلەن غەرب دۇنياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىگۈچى ھەكىمگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ چار روسىيە بىلەن مانجۇ ـ ختاي ئىتتىپاقى قۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ...» ۋە ھاكازالارنىڭ ھەممىسى، چار روسىيىنىڭ ياكى قىزىل روسىيىنىڭ ئۇيغۇرلارنى سېتىش، ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرۇشىغا يول قويماسلىق خائىنلىقىنىڭ بۈگۈنلا باشلانمىغانلىقىنى، بەلكى بۇنداق چار رۇسىيىچە ۋە قىزىل روسىيىچە خائىنلىقنىڭ بەك ئۇزۇندىن باشلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

18 ـ ئەسىر ۋە 19 ـ ئەسىر ئىككى ئەسىر ئىچىدە چار روسىيە شەرق تەرەپكە، جەنۇپ تەرەپكە كېڭەيمىچىلىك قىلىپ ئامۇر دەرياسىنىڭ ئۇزاق قىرغاقلىرىغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىرىشىپ ئىمپېرىيە قۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. ئامۇر دەريا قىرغاقلىرىغا ئىلگىرىلىگەندە چار روسىيە مانجۇ ـ ختاي خاندانلىقىنى تاڭ قالدۇردى. ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا، چار روسىيە ئۆزىنىڭ مىللىي ھۆكۈمرانلىقىنى قەدىمىي مۇسۇلمان خانلىقلىرىغا تاڭدى.

غەربتىن ئۆگەنگەن تېخنىكىسىغا تايىنىپ چار روسىيە شەرقىي ئاسىيادا جۇڭگولۇقلار بىلەن ئالاقىدە بولغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقىدە بولغاندا ھەل قىلغۇچ ئۈستۈنلۈكتە تۇراتتى. چۈشىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغۇچى بىر قۇدرەتلىك دۆلەت چار روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئافغانىستان، پاكىستان ئارقىلىق ھىندى ئوكيانغا چىقىشنى، سىبىرىيە ـ شەرقىي دېڭىز

ئارقىلىق تىنچ ئوكيانغا چىقىشنى ۋە تىنچ ئوكياندا توڭلىماس پورتقا ئېرىشىشنى كۆڭلىگە پۈككەن. بۇيۇك پېتىر دەۋرىدىن باشلاپ شۇنداق چۈش كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن چار روسىيە، گەرچە ھازىرغىچە توڭلىماس پورتقا ئىگە بولۇپ ئافغانىستان ئارقىلىق ھىندى ئوكيانغا چىقالمىغان بولسىمۇ لېكىن تارىخنىڭ شۇ دەۋرىدە چار روسىيە ئىمپېرىيە قۇرۇش چۈشىنى ئىشقا ئاشۇرغان ئىدى.

1763 ـ يىلىغىچە بولغان تارىخىي دەۋرىدە يەر شارى خاراكتېرلىك سىياسى مۇناسىۋەتلەر خۇددى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرگە ئوخشاش نېگىزلىك ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلغان ئىدى. غەربىي ياۋرۇپالىقلار كېڭىيىۋاتقان ئىسلام دىنى تەرىپىدىن ياۋرۇ ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىي بۇرجىكىگە قىستاپ قويۇلمىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇلار ھىندى ئوكيانىنى تىزگىنلەشكە تايىنىپ جەنۇپ تەرەپتىن مۇسۇلمان دۇنياسىنى قورشاۋغا ئالدى. چار روسىيىلىكلەر بولسا، سىبىرىيىنى (ئەسلى ئۇيغۇرلار ۋە تاتارلارنىڭ زېمىنى) بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق شىمال تەرەپتىن ئىسلام دۇنياسىنى قورشاۋغا ئالدى. ئۇيغۇرىستاننىڭ، چار روسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ قولىدا پايدىلىنىشقا بولىدىغان دىپلوماتىيىلىك يەمچۈككە ئايلىنىپ قېلىشى ۋە مانجۇ خاندانلىقىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قېلىشى يۇقىرىقى يەر شارى خاراكتېرلىك سىياسەتنىڭ، مۇستەملىكىچىلىك ۋە كېڭەيمىچىلىكنىڭ تەسىرىدىن بولغان ئىش ئىدى.

## ئون بەشىنچى باب چار روسىيە بىلەن ئۇيغۇرىستان ئوتتۇرىسىدا چېگرا مۇناسىۋەتلىرى ۋە سودا مۇناسىۋەتلىرى

چار روسىيە، ئەنگلىيە، مانجۇ ـ خىتاي خاندانلىقلىرى توغرىسىدا باشتىن باشلاپ يېزىپ كېلىۋاتىمىز. ئۈچ دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرى، دىپلوماتىك مەنپەئەتلىرىگە توغرا كەلگەندە ئۇيغۇرىستاننىڭ مانجۇ ـ خىتايلارغا مۇستەملىكە قىلىپ بېرىلگەنلىكىنى يۇقىرىقى يازمىلاردا كۆرۈپ كەلدۇق. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ياۋرۇپا دۆلىتى ئەنگلىيە، چار روسىيە قانداق قىلىپ ئۇيغۇرىستانغا بىۋاستە چېگرىلىنىدىغان دۆلەتلەرگە ئايلىنىپ قالدى؟ باشتا

كـۆرۈپ ئۆتكەنـدەك ئەنگلىيـە ھىندىسـتانغا تاجـاۋۇز قىلـىپ كىرگەنـدىـن كېيىن، ئۇيغۇرىسـتانغا قوشـنا بىـر دۆلەتكـە ئايلىنىـپ قالغانـدەك، چـار روسـىيىمۇ ئوتتـۇرا ئاسـىياغا تاجـاۋۇز قىلـىپ كىرگەنـدىـن كېيـىـن، ئۇيغۇرىسـتانغا قوشـنا بىـر دۆلەتكە ئايلىنىــپ قالــدى. بۇنــىڭ ئىچىــدە چــار روسـىيە تارىختــن بېـرى ئۇيغۇرنــىڭ مۇســتەقىل دۆلــەت قۇرۇشــىغا يــول قويمــاي، ئۇيغۇرىســتاننى مانجۇ ـ خىتــاي خاندانلىقىنــىڭ مۇســتەملىكە قىلىشــىغا تۇتــۇپ بەرگەنــدە، چــار روســىيىنىڭ ئىقتىسـادىي، ھەربىـي، سىياسـىي جەھەتتـە ئۇيغۇرىسـتانغا تۇتقـان پوزىتسىيىسـى كېيىنكـى، لېنىــن ـ ســتالىن روسىيىســىگە ئــۇدۇم بولــۇپ قالــدى. شــۇڭا چــار روسـىيە ۋە لېنىــن ـ ســتالىن روسىيىسـى بىلــەن ئۇيغۇرىسـتاننىڭ سـودا، سىياسـىي مۇناسـىۋەتلىرى ۋە ھەربىـي، ئاغدۇرمىچىلىـق مۇناسـىۋەتلىرى ئۈسـتىدە ئەتراپلىـق توختىلىـپ ئۆتـۈش ئۇيغۇرىسـتاننىڭ تەقدىـرى يەنـى ئۇيغۇرىسـتاننىڭ بـۇ قېتىم مانجــۇ خاندانلىقىغــا، ئۇنىڭدىــن كېيــىن خىتــاي گومىنداڭــى ۋە خىتــاي كوممۇنىسـتلىرىغا مۇسـتەملىكە بولۇپ قېلىشـىنىڭ سـەۋەبلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بىردىنبىــر مۇئەممــادۇر.

ئېھتىمــال بەزىلــەر مۇسـتەملىكە بولــۇپ قېلىشـىنىڭ سـەۋەبلىرىنى مىللەتنىڭ ئىچكــى ئاجىزلىقلىرىدىــن ئىزدىمــەي، ھەدىســە، تاشــقىرىدىن ئىزدەيدىكەنســىنا ۋەي، ئــاداش! دېيىشــى مۇمكىــن. 1941 ـ يىلــى 6 ـ ئاينىــڭ 22 ـ كۈنــى ئــۈچ يېرىــم مىليــون ئەســكىرى كــۈچ بىلــەن سـابىق سـوۋېتلەرگە تاجـاۋۇز قىلـىپ كىرگــەن گىتلېــر؛ ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسـىيە، سـابىق سـوۋېتلەرنىڭ بىرلەشـمە ئارمىيىســىنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا چارىســىز قالغاندەك، 1871 ـ يىلى چار روسىيىنىڭ گېنېرالــى كولپاكوۋســكى ئۇيغــۇر دۆلىتىنــىڭ ئىلــى ئۆلكىســىگە تاجــاۋۇز قىلــىپ كىرىــپ تــۆت يىلدىــن كېيــن 1876 ـ يىلــى مانجــۇ ـ خىتــاي خاندانلىقىنــىڭ خىتــاي ئەسـكىرى قوماندانــى زوزوڭتــاڭ ئۇيغۇرىسـتانغا تاجـاۋۇز قىلـىپ كــىردى. فىزىكىلىـق قۇدرەتلىـك بىـر كـۈچ ئوخشـاش بىـر ۋاقىتتـا ئۇيغۇرىسـتانغا تاجـاۋۇز قىلـىپ كىرگــەن چــار روسـىيە، مانجۇ ـ خىتــاي خاندانلىقى ئالدىــدا ئۇيغۇرنــىڭ سەركەدىسـى ياقـۇپ بەگمـۇ ئەلۋەتتـە ئەنـە شـۇنداق چارىسـىز قالـدى...

كېيىن "ئۇيغۇرلار مۇسـتەقىللىقىنى ئەسـلىگە كەلتۈرۈشـنىڭ خەلقئارا سىياسـەت

ئاساسلىرى“ دەيدىغان ماۋزۇ ئاستىدا يېزىلىدىغان يازمىلىرىمىزدا سۆزلىنىدىغان ۋەقەلەرنى تېخىمۇ تولۇق يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، تارىخنىڭ قايسى چاغلىرىدا ئۇيغۇرىستان بىلەن چار روسىيە ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سودا ـ تىجارەت مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدىمۇ، توختىلىپ ئۆتۇش شۇڭا بىزگە بۇ يەردە زۆرۈر بولۇپ قالدى.

1 ـ ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن روسىيە سودا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى

”ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن روسىيىنىڭ سودا ـ تىجارەت تارىخى“ ماۋزۇلۇق كىتابنىڭ ئاپتورى لى شىڭ ئەپەندى ھە دېگەندىلا ”خەن دەۋرى“ دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىپ ئالىدۇ. ئەگەر مۇشۇ يەردە چاقچاق ـ ھەزىل بولغاندىمۇ ياكى مەقسەتلىك بولغاندىمۇ، جانابى تارىخچى! ـ خىتاينىڭ تارىخىدا ”خەن دەۋرى“ دەيدىغان بىر دەۋر بولغانمىدى؟ دەپ سوئال قويسام كىمدۇ بىرسى، نېمە دەيسەنوي ـ ئىدىيالىست دەپ ئوتتۇرىغا چىقارمۇ؟

ئاپتور مۇنداق باشلايدۇ: ”خەن دەۋرىدىن تارتىپ چارۋىچى مىللەتلەر كۆپ ئولتۇراقلاشقان غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان رايونلار ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي بىرىپ ـ كېلىشلەر ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەن، ئىككى تەرەپ بارى ـ يوقنى ئالماشتۇرۇشتا قويۇق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئورناتقان. تارىخنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئىقتىسادىي جەھەتتە تەدرىجى بىر گەۋدىگە ئايلانغان. تاكى 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا يېتىپ كەلگىچە ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن ئېقىنلىرىدا، يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا جۇملىدىن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدا ياشايدىغان جۇڭگونىڭ ئويرات مۇڭغۇللار قەبىلىسى جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن تەكرار ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى.“

تارىخچىمىز ئەنۋەر بايتۇر ”شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى“ ماۋزۇلۇق كىتابىدا ”مىلادى 1636 ـ يىلى مانجۇلار ھازىرقى شىنياڭ شەھىرىدە چىڭ سۇلالىسىنى قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى... مىلادى 1640 ـ يىلى خۇنتەيجى تارباغاتايدا ئويرات ۋە قالقا مۇڭغۇل ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ كېڭىشىنى چاقىرىپ

جۇڭغار خانلىقىنى قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى“ (”شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى“ 1212 ـ 1211 ـ بەت) دەپ كۆرسەتكەن تۇرسا، بۇ چاغدا خىتاينىڭ خەن دەۋرى دېگەن دەۋرى نەدە ئىدى، خىتاينىڭ نېمە سولالە، نېمە خانلىقلىرى نەدە ئىدى؟ ئاڭلىمىغانلا بىر ئۇقۇم تارىخنىڭ بەتلىرىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئۇقۇم ”جۇڭگونىڭ ئويرات مۇڭغۇللار قەبىلىسى“ دەيدىغان بىر ئۇقۇم ئوتتۇرىغا چىقىپ قالدىغۇ؟ تاكى 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ... دەيدىغان تەسۋىرى جۈملە ئىشلىتىلىپتىغۇ؟ قىزىق ئىش!بۇ ”جۇڭگونىڭ ئويرات مۇڭغۇللىرى قەبىلىسى“ ئەمەس، ئەسلىدە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئويرات مۇڭغۇللىرى قەبىلىسى ئىدى.

ئېھتىمال ئاپتور لى شىڭ ئەپەندى رايونلار ئارا سودا مۇناسىۋەت تارىخى، دولەتلەر ئارا سودا مۇناسىۋەت تارىخىنى سۆزلەپ كېلىپ، يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ، ”ئويرات مۇڭغۇللار بىلەن خىتايلار خەن دەۋرىدىن باشلاپ سودا ـ تىجارەت قىلغان ئىدى“ دەپ پاكىت ئويدۇرۇپ تارىخقا تېڭىپ، سياسەت تارىخى ياساپ چىقماقچى بولغان بولسا كېرەك. شۇڭا“ جۇڭگونىڭ ئويرات مۇڭغۇللار قەبىلىسى“ دەيدىغان بىر ئۇقۇمنى ئويدۇرۇپ چىقىپ تارىخقا تاڭماقچى بولغان بولسا كېرەك. بۇ ئاپتور نەقىل كەلتۈرگەن تارىخى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا چار روسىيە بىلەن ئويرات مۇڭغۇللىرىنىڭ سودا مۇناسىۋەت تارىخىنى باشقىچە شەرھلەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئاپتور بۇنداق نەقىل كەلتۈرۈدۇ: «”ستىخانوف يىلنامىسى“ نىڭ 1574 ـ يىللىق مۇندەرىجىسىدە چار روسىينىڭ سىبىرىيىدە توسۇ، ئېرتىش دەرياسى ۋە ئوب دەرياسى قاتارلىق دەريا قىرغاقلىرىغا قورغان قۇرۇپ، بۇخارا، قاراموۇق (ئويرات مۇڭغۇللار) ۋە قازاق قاتارلىق مىللەتلەر ئېلىپ كەلگەن تاۋارلارغا باج قويماي ئۇلارنىڭ سودا ـ تىجا رىتىگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن» لىكىگە ئائىت خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. مەيلى پەرغانە، قەشقەرىيە، جۇڭغارىيە، سىبىرىيە قىسقىسى ئوتتۇرا ئاسيادا ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ 15 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپلا روسىيە بىلەن سودا ـ تىجارەت مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقىنى يۇقىرىقى نەقىلدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلار

يېزىپ چىققان ياكى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا چەت ئەللەردە يېزىلىپ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەردە (ئۇيغۇر دۆلىتىدە ياشايدىغان چارۋىچى مىللەتلەر خەن دۆلىتى بىلەن سودا ـ تىجارەت قىلغان دېگەن بىر جۈملىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.)

19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى 1805 ـ يىللىرىدا چار روسىيە ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن سودا ـ تىجارەت مۇناسىۋەتلىرىنى كۈچەيتتى. (بۇ چاغدا ئۇيغۇر دۆلىتى مانجۇ خانىدانلىقىنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى) چار روسىيە ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى كىروپكىنگە بۇيرۇق بېرىپ: "مانجۇ ـ خىتاي ھۆكۈمىتىگە خىزمەت ئىشلەپ ئىلى ئۆلكىسى، تارباغاتاي(چۆچەك) ۋىلايەتلىرىنى روسىيە سودىگەرلىرىگە ئېچىپ بېرىش" نى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا جىكىلىدى. كېيىن چار روسىيە ھۆكۈمىتى مانجۇ ـ خىتاي خانىدانلىقىنىڭ چەكلەشلىرىگە پەرۋامۇ قىلماي يەرلىك چارۋىدارلار، بايلار بىلەن ئۆزئارا سودا ـ تىجارەتنى قانات يايدۇردى. (لى شىڭ ئەپەندىگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى تاكى گومىنداڭ 1943 ـ يىلى ئۇيغۇر دۆلىتىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا دۆلەت چېگرىسى دەيدىغان بىر ئىش بولغان ئەمەس. پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئۆزئارا بېرىپ كېلەلەيتتى، ئۆز ئارا سودا ـ تىجارەتمۇ قىلالايتتى، چېگرا توسالغۇسى يوق ئىدى.)

2 ـ چار روسىيىنىڭ ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن سودا ـ تىجارەت قىلىشى، چار روسىيىنىڭ ئىچكى قىسىمدا كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققى قىلىشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. چار روسىيىنىڭ ياۋروپا قىسىمدا ئىشلەنگەن سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئايىقى ئۈزۈلمەستىن ئۇيغۇر دۆلىتىگە كىرىپ تۇراتتى، بەلكى يەرلىك مەھسۇلات، خام ئەشيالار ئۇيغۇر دۆلىتىدىن چار روسىيىنىڭ سانائەت مەركەزلەشكەن شەھەرلىرىگە توشۇلۇپ تۇراتتى. ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ چار روسىيىگە، چار روسىيىنىڭ ئۇيغۇر دۆلىتىگە قاراتقان سودا ـ تىجارەتلىرىدە، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يېرىم مۇستەملىكىلىك ئورنى كۈنسايىن گەۋدىلىنىشكە باشلىغان. جەمئىيەت، سىياسەت ۋە يەرلىك ئىقتىساد ساھەلىرىدە يېرىم مۇستەملىكە دۆلەت بولۇپ قېلىشنىڭ دەرىجىسى كۈن سايىن چوڭقۇرلاشقان.

("شىنجاڭ، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ روسىيە بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋەت تارىخى" ماۋزۇلۇق كىتابىدا ئاپتور لى شىڭ ئەپەندى "ئۇيغۇر دۆلىتى چار روسىيىگە يېرىم مۇستەملىكە بولۇپ قالغان ئىدى" دەپ كۆرسەتتى . بۇ سىياسى ئىبارە شۇ ۋاقىتلاردا چار روسىيە بىلەن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مىتروپولوگىيىلىك دۆلەت مۇناسىۋەتلىرىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

3 ـ 19 ـ ئەسىردىن باشلاپ چار روسىيە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، قازاق دالاسىنى، ئوتتۇرا ئاسىيادا خىۋە، قوقەنت، بۇخارا خاندانلىقىنى بېسىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسلىدە ئۇيغۇر دۆلىتىگە تەۋە بولغان تۆۋەنكى ئىلى، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىنلارنى، (يەتتە سۇ ۋىلايەتلىرىنى) كېسىۋالغان (1881 ـ يىلى چار روسىيە بىلەن مانجۇ خاندانى ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان "مانجۇ، چار روسىيە ـ ئىلى شەرتنامىسى" دا ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسى ـ زېمىنى چار روسىيە مۇستەملىكچىلىرى بىلەن مانجۇ ـ خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئوتتۇرىسىدا شەرتنامە شەكلىدە بۆلۈۋېلىنغان) ئۇيغۇر دۆلىتىدىن بۆلۈۋېلىنغان، كېسىۋېلىنغان، بېسىۋېلىنغان زېمىن، تېررىتورىيىلەر كېيىن چار روسىيىگە قاراشلىق ئوتتۇرا ئاسىيانى تەشكىللىدى. بۇ رايونلار ئادەمەتچىلىك، جۇغراپىيىۋى، مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك قۇرۇلمىسى، دىنىي ئېتىقادى، تىل مەدەنىيىتى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، پسىخىك ـ روھى ساپاسى، ئىستېمال قۇرۇلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇيغۇر دۆلىتىدە ياشىغۇچى قېرىنداشلىرى بىلەن ئوتتۇراقلىقتا ئىگە بولغانلىقى، چار روسىيە سودىگەرلىرىنى ئۇيغۇر دۆلىتىدە ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق سودا ـ تىجارەت شارائىتى بىلەن تەمىنلىگەن.

چار روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشقا تەيىنلىگەن تۇنجى نۆۋەتلىك ئەلچىسى پېتروۋسكى شۇ چاغدا: «چار روسىيە بىلەن ئۇيغۇ دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ـ تىجارەت قەبىلە ـ ئايماقلار ئوتتۇرىسىدىكى، تونۇگۇنكى تونۇش ـ بىلىشلەر ئوتتۇرىسىدىكى، بەلكى ئائىلىۋى خاراكتېرلىك سودا ـ تىجارەتتۇر» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەسلىدىنلا ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدا سودا ـ تىجارەت

مۇناسىۋەتلىرى خۇددى پېتوربۇرسكى ئېيتقانـدەك راسـتىنلا ئائىلـىۋى خاراكتېرلىك سـودا ـ تىجارەت مۇناسـىۋەتلىرىگە ئوخشـاپ كېتەتتـى.

4 ـ ئىككـى تەرەپنىـڭ سـودا ـ تىجارىتىدە توشـۇش ـ يەتكەش شـارائىتلىرىمۇ ئۆزگىرىشـكە باشـلىدى. 1888 ـ يىلـى چـار روسـىيە ـ ئوتتـۇرا ئاسـىيا تۆمـۈر يولـى سـەمەرقەنتكىچە ياتقۇزۇلـدى. 1894 ـ يىلـى چـار روسـىيە سـىبىرىيە تۆمـۈر يولىنىــڭ غەربىــي بۆلەكلــىرى ئورالدىــن ئومســكقىچە (ئورال ـ ئومســك تۆمــۈر يولـى) ياسـالدى. ئۇنىڭدىـن كېيىـن تۆمـۈر يـول تېزلىك بىلـەن ئۇيغۇرىسـتاننىڭ چېگرىلىرىغـا سـوزۇلۇپ كېلـىپ، چـار روسـىيىنىڭ ياۋرۇپـا قىسـمىدىكى سـانائەت مەھسـۇلاتلىرىنىڭ ئۇيغۇرىسـتانغا كىرىشـىنى ئىنتايىـن راۋان توشـۇش شـارائىتى بىلـەن تەمىنلـىدى. چـار روسـىيە سـانائەت مەھسـۇلاتلىرىنىڭ ئۇيغۇرىسـتانغا كىرىـش چېگـرا ئېغىزلـىرى 1851 ـ يىلـى ئىمزالانغـان شـەرتنامىدا بەلگىلەنگـەن ئىككـى جايدىكـى چېگـرا ئېغىزىدىــن، 1881 ـ يىلـى ئىمزالانغـان شـەرتنامىدا بەلگىلەنگـەن 12 جايدىكـى چېگـرا ئېغىزىغـا كۆپەيـدى. بـۇ چېگـرا ئېغىزلـىرى 3100 كىلومېتىـر ئۇزۇنلۇقتىكـى چېگـرا لىنىيىسـىنىڭ ئىچىـدە ئىـدى.

5 ـ چـار روسـىيىلىك سودىگەرلەر ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىچكـى بازىرى ۋە ئۇيغۇر دۆلىتىنىـڭ چـار روسـىيىگە ئېكسـپورت قىلىدىغـان ۋە چـار روسـىيىدىن ئىمپـورت قىلىدىغـان سودىسـىنى كونتـرول قىلىۋالـدى. 19 ـ ئەسـىرنىڭ 70 ـ يىللىرىـدا چــار روســيىلىك ســودىگەرلەر ئۇيغــۇر دۆلىتىــدە ئۇيغۇرلارنىــڭ سەركەردىســى ياقۇپبەگنىــڭ رەھبەرلىكىــدە مانجۇ ـ خىتايلارغـا قارشـى ئومۇمىيۈزلـۈك قوراللىـق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشـىدىن پايدىلىنىـپ، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىچكـى بازىرىنى پۈتۈنلەي قـول ئاسـتىغا ئېلىۋالـدى. ھەتتـا تاجاۋۇزچـى زوزۇڭتاڭ ئۇيغـۇر دۆلىتىنىـڭ نامىنى «شىـنجاڭ» دېگـەن ئىسـمغا ئۆزگەرتـىپ 1884 ـ يىلـى ئۆلكە تەسـىس قىلغاندىن كېيىنمـۇ، چـار روسـىيە بۇرۇنقـى شـەرتنامىلار بويىچـە سـودا ـ تىجارەتنى يولغـا قويـۇپ، ئۇيغـۇر دۆلتـى بىلـەن چـار روسـىيە ئوتتۇرىسـىدىكى سـودا ـ تىجارەتنى مونوپـول قىلىۋالـدى. ئۇيغـۇر دۆلىتىنىـڭ بارلـىق زېمىنـى ئىچىدە سـودا ـ تىجارەت تورلىرىنـى قـۇرۇپ چىقتـى.

6 ـ ئۇيغـۇر دۆلتـى تاشـقى سودىسـىنىڭ خاراكتېرىـدە نېگىزلىـك ئۆزگىرىـش

يۈز بەردى. 1881 ـ يىلى مانجۇ خاندانلىقى بىلەن چار روسىيە ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن «ئىلى شەرتنامىسى» ۋە «ئۆزگەرتىپ تۈزگەن قۇرۇقلۇق سودا ـ تىجارەت نىزامنامىسى» مۇشۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن چار روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى سودا ـ تىجارەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. چار روسىيە سودىگەرلىرى شەرتنامىلاردا بەلگىلەنگەن سودا ـ تىجارەت ئىمتىيازلىرى ئارقىلىق، ئۇيغۇر دۆلىتىگە تۈۋارماللارنى تۆكمە قىلىپ ساتاتتى، خام ئەشيا ماتېرىيالللىرىنى ئەرزان باھادا ئېلىپ كېتىپ، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يېڭى زامان ئىقتىسادى تەرەققىياتىغا مۇستەملىكە دۆلەتلىك تامغىسىنى باسقان. مۇ شۇ مەزگىللەردە چار روسىينىڭ ئۇيغۇر دۆلىتىدىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي كۈچلىرى مۆرنى ـ مۆرىگە تىرەپ تەرەققى قىلىپ خۇددى شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر دۆلىتىدە ياشاۋاتقان ئەنگلىيىلىكلەر كۆرسەتكەندەك "ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئېكسپۇلاتاتسىيە قىلىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاجىزلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر دۆلىتىنى تىزگىنلەش بۇ چار روسىينىڭ سىياسىتى ئىدى."

7 ـ 1918 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە 30 يىل ئارىلىقىدا، سابىق سوۋېتلەر، ئۇيغۇر دۆلتى بىلەن روسىينىڭ ئىككى تەرەپ سودا مۇناسىۋەتلىرىدە تەشەببۇسكارلىقنى قولىغا ئېلىۋالدى. تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەت سۈپىتىدە سابىق سوۋېتلەر ئۇيغۇر دۆلىتىگە قاراتقان سودا ـ تىجارەت مۇناسىۋەتلىرىدە باراۋەر، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش سىياسىتى بىلەن مۇئامىلە قىلدى. لېكىن ھەر قېتىم ئۇيغۇر دۆلىتىدە ۋەزىيەت تەۋرىنىشكە باشلىغان ھامان، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىقتىسادىي بەھرىمەن بۇلۇشىنىڭ پۇرسەتلىرىدىن تولۇق پايدىلاندى. سودا ـ تىجارەت قۇرۇلمىسىدىن ئېيتقاندا ئۇيغۇر دۆلىتى سوۋېتلەرگە خام ئەشيا ئېكسپورت قىلىدىغان، سوۋېتلەردىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىدىغان قۇرۇلما بولۇپ، بۇ قۇرۇلما يېقىنغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن چار روسىيىگە مۇستەملىكە ئۇيغۇر دۆلىتى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ گومىنداڭ تاجاۋۇزچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان قىسقا بىر

مەزگىلدىمۇ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.

1944 ـ 8 ـ يىلى ئۇيغۇر دۆلىتىدە قوراللىق مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىلىدى. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىنىڭ غۇلجا شەھىرىدە مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نامىدا قۇرۇلۇپ چىقتى. ئىنقىلاب ۋە بۇ دۆلەتنىڭ ئالىي رەھبەرلىك ئورگىنى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ شىمالىي ئۆلكىلىرىنى تامام تىزگىنلەش ئاساسىدا پۈتۈن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ زېمىن تېررىتورىيىسىنى پۈتۈنلەي تىزگىنلىگەن. تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن گومىنداڭ خىتايلىرىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئارمىيىسى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ 60 مىڭ كىشىلىك مىللىي ئازادلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، شىمالدا سابىق سوۋېتلەر چېگرىسى بىلەن چېگرىلىنىدىغان ئىلى، چۆچەك (تارباغاتاي) ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە، جەنۇپ تەرەپتە ئۆركەشتام، سىمخانا، تورغات چېگرا ئېغىزلىرى ئارقىلىق قەشقەر ۋىلايەتلىرىدە گومىنداڭ خىتايلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئىچكىرى خىتاي بىلەن بارلىق مۇناسىۋەتلەر ئۈزۈپ تاشلىنىپ، سوۋېتلەر ئۇيغۇر دۆلىتىدە ئۆز ئالدىغا سودا ـ تىجارەتنى يولغا قويىدى. ئۇيغۇر دۆلىتى روسىيىلىكلەر تەرىپىدىن سىياسىي سودا ئارقىلىق خىتايغا يەنە بىر قېتىم سېتىلىپ 1946 ـ يىلى ”بىرلەشمە ھۆكۈمەت“ قۇرۇلغاندا (بۇ توغرىدا كېيىنكى باپلاردا تەپسىلىي توختىلىمىز) سابىق سوۋېتلەر بىلەن ئۇيغۇر دۆلىتى ئىككى تەرەپنىڭ سودا مۇناسىۋەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، «سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئۇيغۇر دۆلىتى سودا ـ تىجارەت كېلىشىمى» لايىھىسىنى تۈزۈپ چىققاندا، ئاغدۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان خىتاينىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇ لايىھىنى ئىنكار قىلدى.

## ئون ئالتىنچى باب چار روسىيە بىلەن مانجۇ-خىتاي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا، لېنىن، ستالىن روسىيىسى بىلەن خىتاي گومىنداڭى ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرى ئوتتۇرىسىدا، ئۇيغۇر دۆلىتىگە مۇناسىۋەتلىك تۈزۈلگەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي شەرتنامىلار

شــەرتنامە تــۈزۈش ـ خــۇددى شــەخس بىلــەن شــەخس ئوتتۇرىســىدا ئالدى ـ بەردى قىلغانــدا ھۆججەتلەشكەندەك، شــەرتنامە تۈزۈشمۇ دۆلــەت بىلەن دۆلــەت ئوتتۇرىســىدا زېمــىن دائىرىســىنى ئايرىۋېلىــش، باشــقىلارنىڭ ۋەتىنىنــى كۆچكــە تايىنىــپ پارچــىلاپ بۆلۈشــۋېلىش، باشــقىلارنىڭ دۆلــەت زېمىنىنــى شــەرتنامە ئارقىلىــق تەسىر دائىرىگــە ئېلىۋېلىــش قاتارلىــق دۆلــەت بىلــەن دۆلــەت ئوتتۇرىســىدىكى ھەرىكەتلەر ۋە مۇناسىۋەتلەردە، دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردە، ھەتتا خەلقئــارا قائىــدە ـ قانۇنلارغــا خــىلاپ بولســىمۇ، مۇناســۋەتلىك دۆلەتلەرنىــڭ تاشــقى سياســەتلىرىگە مۇخالىــپ بولســىمۇ كــۈچ ئارقىلىــق، بەزىــدە كېلىشــىش ئارقىلىــق، بەزىــدە يەنــە باشــقا چــوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئارىلىششــى ئارقىلىــق ۋۇجۇتقا چىقىدىغــان، ئىككــى تەرەپنىــڭ مەنپەئــەت تەلەپلىرىنــى ھۆججــەت ئارقىلىــق مۇقىملاشتۇرىدىغان بىــر خىــل دىپلوماتىــك مۇناســىۋەتلەرنىڭ يېزىــق شــەكلىدۇر.

شــەرتنامە، كېلىشــىم ئىمــزالاش 1 ـ سياســەت خاراكتېرلىــك بولىــدۇ، 2 ـ ئىقتىســاد، ســودا ـ تىجارەت خاراكتېرلىــك بولىــدۇ، 3 ـ مەدەنىيــەت ـ مائارىــپ خاراكتېرلىــك بولىــدۇ، 4 ـ ھەربىي ئىشــلارغا مۇناســىۋەتلىك بولىدۇ، 5 ـ زېمىن تېررىتورىيىلەرگــە مۇناســىۋەتلىك بولىــدۇ. يەنــە باشــقا خىللىرىمــۇ بولىــدۇ، لېكىــن بــۇ يــەردە تەپسىلى توختىلىــپ ئولتۇرمايمىــز.

چــار روســىيە 19 ـ ئەســىرنىڭ ئاۋۋالقى 25 يىلىدىن باشــلاپ مۇســتەملىكىچى دۆلــەت ئورنىــدا ئوتتــۇرا ئاســىياغا يــۈرۈش قىلغانــدىن كېيىــن، ئۇيغــۇر دۆلىتىنىــڭ مانجۇ ـ خىتايلارغــا مۇســتەملىكە بولــۇپ قېلىشــىدا چــار روســىيە بىلــەن ئەنگلىيــە ئىمپېراتورلىقىنىــڭ قانــداق رول ئوينىغانلىقى توغرىســىدا يۇقىرىقى بابلاردا قىسقىچە توختىلىــپ ئۆتكــەن ئىــدۇق. "ئۇيغــۇر دۆلىتىنىــڭ روســىيە بىلــەن بولغــان ســودا مۇناســىۋەت تارىخــى" ماۋزۇلــۇق كىتابىنىــڭ ئاپتــورى لــى شــىڭ ئەپەندىنىــڭ "ئۇيغــۇر دۆلىتــى چــار روســىيىگە يېرىــم مۇســتەملىكە بولــۇپ قالــدى" دېگــەن سياســى ســۆز ـ ئىبارىســىنىمۇ كــۆرۈپ ئۆتكــەن ئىــدۇق.

شــۇنداق ئەھۋالــدا كېيىنكــى بابلىرىمــزدا چــار روســىيىگە يېرىم مۇســتەملىكە بولــۇپ قالغــان «شــىنجاڭ» ـ ئۇيغــۇر دۆلىتــى يەنــە قانــداق قىلىــپ، 1940 ـ يىللارغــا كەلگەنــدە يەنــە بىــر قېتىــم خىتايغــا مۇســتەملىكە قىلىــپ بېرىلــدى،

دەيدىغان چوڭ مەسىلىگە يەنە ئۇيغۇرىستاننىڭ چار روسىيىنىڭ قولىدىن مانجۇ ـ خىتايلارنىڭ قولىغا، لېنىن، ستالىن روسىيىسىنىڭ قولىدىن گومىنداڭ خىتايلىرىنىڭ ۋە قىزىل كوممۇنىست خىتايلارنىڭ قولىغا مۇكىدەك ئۆتۈپ تۇرغانلىقى توغرىسىدا جاۋاب تەييارلاشقا توغرا كەلگەندە، چار روسىيىسى بىلەن ئۇيغۇر دۆلىتىگە مۇناسىۋەتلىك مانجۇ ـ خانىدانلىقى ئوتتۇرىسىدا، لېنىن، ستالىن روسىيىسى بىلەن ئۇيغۇر دولىتىگە مۇناسىۋەتلىك خىتاي گومىنداڭى ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن شەرتنامىلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش روسىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر دائىرىسىدە ئۇيغۇر دۆلىتى زادى قانداق ئورۇندا تۇراتتى دېگەن مەسىلىگە جاۋاب تېپىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

**1 ـ "ئىلى، تارباغاتاي سودا ـ تىجارەت نىزامنامىسى" (1851 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى غۇلجا)**

**2 ـ "تۆلەم تۆلەش كېلىشىمى بويىچە تارباغاتاي شەرتنامىسى" (1858 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تارباغاتاي)**

**3 ـ ئۆزگەرتىپ بېكىتىلگەن شەرتنامە" (1881 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى پېتىر بورگ)**

**4 ـ "ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن قۇرۇقلۇق يولى سودا شەرتنامىسى" (1881 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى پېتىر بورگ)**

**5 ـ "روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ سودا ئادرىسى بويىچە كېلىشىم شەرتنامىسى" (1883 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تارباغاتاي)**

**6 ـ "ئىككى نەپەر ئۇيغۇر سودىگەرنىڭ دەۋا ـ دەستۇرى توغرىسىدا كېلىشىم شەرتنامىسى" (1883 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تارباغاتاي)**

**7 ـ "تارباغاتاي قازاقلىرىنىڭ تەۋەلىكى شەرتنامىسى" (1885 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى)**

**8 ـ "روسىيە ـ ئەنگلىيە كېلىشىمى" (1895 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ**

كۈنــى كېلىشــىم ئىمزالىغــان ئــورۇن نامەلــۇم.)

9 ـ ”ئۈرۈمچــى ۋاقىتلىــق ســودا شەرتنامىســى بويىچــە كېلىشــىم“ (1896 ـ يىلــى 11 ـ ئــاي... ئۈرۈمچــى)

10 ـ ”روســىيە ســودىگەرلىرىنىڭ بېلەتلىــك مــال يۆتكــەش نىزامنامىســى“ (1906 ـ يىلــى 12 ـ ئــاى... ئۈرۈمچــى)

11 ـ ”روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ كېلىشىم بويىچە تارباغاتاى، ئىلى ئارقىلىق روسىيىگە چاي يۆتكەش شەرتنامىسى“ (1907 ـ يىلى 10 ـ ئاي تارباغاتاى)

12 ـ ”ئۇيغــۇر دۆلىتىنىــڭ روســىيە ســودىگەرلىرىگە ژۇڭ يۇيــۇش مەيدانــى بېرىــش توغرىســىدا توختــام“ (1915 ـ يىلــى 6 ـ ئاينىــڭ 10 ـ كۈنــى)

13 ـ ”روســىيە ســودىگەرلىرىگە ژۇڭ يۇيــۇش مەيدانــى بېرىــش توختامىنىــڭ داۋامــى“ (1917 ـ يىلــى 9 ـ ئاينىــڭ 1 ـ كۈنــى ئۈرۈمچــى)

14 ـ ”ئىلــى ئۈچرىششــىدا تۈزۈلگــەن لايىھــە“ (1920 ـ يىلــى 5 ـ ئاينىــڭ 27 ـ كۈنــى)

15 ـ ”توختام“ (1924 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى)

16 ـ ”ۋاقىتلىــق ســودا ـ تىجــارەت كېلىشــىمى“ (1931 ـ يىلــى 10 ـ ئاينىــڭ 1 ـ كۈنــى ئۈرۈمچــى)

17 ـ ”شــىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىــڭ ســوۋېت ئىتتىپاقىغــا مــال زاكاز قىلىــش ھەمــدە يەرلىــك مەھســۇلاتلار ئارقىلىــق تــۆلەم تۆلــەش تولۇقلىمــا كېلىشــىمى“ (1932 ـ يىلــى 8 ـ ئــاى... ئۈرۈمچــى)

18 ـ ”ئالتــاي ئېرتــىش دەرياســىدا پارخــۇت شــىركىتىنىڭ پارخۇتلىرىنــى ئىجارىگــە ئېلىــش توختىمــى“ (1937 ـ يىلــى 6 ـ ئــاي... ئۈرۈمچــى)

19 ـ ”34 ـ نومۇرلۇق توختام“ (1941 ـ يىلى 6 ـ ئاي ... موسكۋا)

20 ـ ”ئــات ســېتىۋېلىش توختىمــى“ (1942 ـ يىلــى 3 ـ ئاينىــڭ 12 ـ كۈنــى ... ئۈرۈمچــى)

21 ـ ”يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى ئىشلەپچىقارغۇچى زاۋۇتلارنى ئالدى ـ ساتتى قىلىش توختىمى“ قوشۇمچە لايىھە. (1944 ـ يىلى 5 ـ ئاي... ئۆرۈمچى)

22 ـ ” جۇڭگو سوۋېت شەرتنامىسى“ 1937 ـ يىلى ... ئاي كۈنى، قەيەردە ئىمزالانغانلىقى بىزگە مەلۇم ئەمەس، بىراق بۇ شەرتنامىدە ئۇيغۇر دۆلىتىگە مۇناسىۋەتلىك ماددىلار بار ئىكەن دەپ، خەۋەر تاپتىم.

23 ـ ”جۇڭگو، سوۋېت دوستلۇق ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى“ (1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى موسكۋا) بۇ شەرتنامە 1945 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە يالتا شەھرىدە ئېچىلغان خەلقئارا ”يالتا يىغىنى“ بەلگىلەپ بەرگەن رامكا ئىچىدە ئىمزالانغان ”موسكۋا شەرتنامىسى“ ئۇيغۇرلار قۇرغان دۆلەتنى مۇنقەرىز قىلىپ ختاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قوشۇپ بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

24 ـ سوۋېتلەر بىلەن ختاي ئوتتۇرىسىدا ”خاربىن شەرتنامىسى“ (1947 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى)

25 ـ سوۋېتلەر بىلەن ختاي ئوتتۇرىسىدا ”موسكۋا كېلىشىمى“ (1948 ـ يىلى ئاي ـ كۈنى ... ئېنىق ئەمەس)

26 ـ ”جۇڭگو، سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى“ (1950 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى موسكۋا) بۇ شەرتنامە ئارقىلىق ستالىن بۇ قېتىم ئۇيغۇر دۆلىتىنى ختاينىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ختاي دۆلىتىگە قوشۇپ بەرگەن. بۇ شەرتنامە ماۋزېدۇڭ بىلەن ستالىن ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان. بىراق، شەرتنامىنىڭ ئەسلى تېكىستىگە ئاساسلانغاندا ستالىن بىلەن ماۋزېدۇڭ بىرلىشىپ، تىبەت، شىنجاڭ، ئىچكى مۇڭغۇلىيە مىللەتلىرىگە دۆلەت قۇرۇپ بەرمەكچى بولغان. تۆۋەندە بۇ پىكىرلەر بىلەن ئۇچرىشىسىلەر.

يۇقىرىقى شەرتنامىلارنىڭ ئىمزالىنىشىدا كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان بىر نوقتا شۇكى، قايسى بىر شەرتنامە، قايسى بىر يىلدا ھېچ قاچان ختاينىڭ قايسى بىر شەھرىدە ئىمزالانمىغان. شۇڭا دەيمىزكى، ختاي تىجمەللىرىنىڭ

زادى نىمە ھەققى بار ئۇيغۇر دۆلتىدە؟! قولىمىزدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ روسىيە بىلەن ختاي ئوتتۇرىسىدا ئۇيغۇر دۆلتىگە مۇناسىۋەتلىك تۈزۈلگەن كېلىشىمنامىلارنى شۇنچىلىكلا تەييارلاپ چىقتۇق. يەنە ئاشكارا بولمىغان مەخپى شەرتنامىلار بولۇشى مۇمكىن. يەنە باشقا ئاشكارىلانغان شەرتنامە خاراكتېرلىك ماتېرىياللار بولۇشى مۇمكىن. تولۇقلاپ تەييارلاش ۋەزىپىسى ئۇيغۇرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىغا قالدۇرۇلدى.

**25 ـ 24 ـ 23 ـ 22** ـ نومۇرلۇق شەرتنامىلارنىڭ مەزمۇنلىرىنى كېيىنكى بابلاردا تولۇق تونۇشتۇرىمىز. بۇ ماۋزۇدا ھازىرچە قولۇمدا بار ماتېرىيال بويىچە شۇنچىلىك يازدىم، كەم يەرلىرىنى كېيىنكىلەر تولدۇرۇپ قويار دەپ ئويلىدىم.

## ئون يەتتىنچى باب ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر دۆلتى توغرىسىدا روسىيە ئالىملىرىنىڭ ئېيتقانلىرى

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر دۆلتى توغرىسىدا ئەرەبلەر، ئىرانلار، تۈركلەر، فرانسۇزلار، ئىنگلىز ـ ساكسونلار، گېرمانلار، شۋېتلەر، روسىيە ئالىملىرى ۋە ياپون ئالىملىرى يەنە باشقا ـ باشقا مىللەت ئالىملىرى توختىلىپ ئۆتكەن ۋە كىتابلار يېزىپ قالدۇرۇشقان ئىدى.

ختاي مىللىتىنىڭ ئالىملىرى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر دۆلەتلىرى توغرىسىدا توختالغاندا "شىنجاڭ خەن دەۋرىدىن تارتىپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى" دەيدىغان مەنتىقىسىز پرىنسىپنى تارىخچىلىق ۋە تارىخشۇناسلىققا قىبلەنامە قىلغانلىقتىن شۇڭا ختاي ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا نىمىلەرنى دەپ، نىمىلەرنى قويغانلىقى، نىمىلەرنى يېزىپ نىمىلەرنى يوشۇرغانلىقى بىزنى قىزىقتۇرمايدۇ. ئەمما روسىيە ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا، نىمىلەرنى دېگەنلىكى توغرىسىدا، نىمىلەرنى يازغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتمىسەك، **18** ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ پۈتكۈل **19** ـ ئەسىر ئىچىدە ياكى **20** ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە چار روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە سابىق

سوۋېتلەر ـ ستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلارغا قاندىاق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ.

1 ـ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىش گويا ئۈزۈلۈپ قالغانىدەك بولدى، بۇ تېما ئۇستىدە نەشىر قىلىنغان ئەسەرلەر يوقنىڭ ئورنىدا بولدى. بۇنداق ئەھۋال قولدا بار ھۆججەتلەرنى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى قانائەتلەندۈرگىدەك دەرىجىدە ئۆگىنىپ يېتىلمىگەنلىكنىڭ، شۇنىڭدەك يېڭى ماتېرىياللارنىڭ بەك كەملىكىنىڭ نەتىجىسىدىن بولدى. دۇنيادىكى شەرقشۇناسلىق ئىلمىنىڭ يېتەكچى مەركەزلىرىدىكى كۆتۈپ خانىلاردا تولۇقلىنىشقا باشلىغان يېڭى مەنبەلەرنىڭ ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە يورۇشۇپ كېتىشى تەلەپ قىلىندى.

بۇنداق ماتېرىياللارنىڭ كېلىشكە باشلىشى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا مەركىزى ئاسىياغا بولغان تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ جانلىنىپ كېتىشى نەتىجىسىدىن بولدى. روسىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە ياۋروپادىكى باشقا مەملىكەتلەرنىڭ ۋە شۇنىڭدەك ئامېرىكا ۋە ياپونىيىنىڭ ئىلمى مۇئەسسەسەلىرى تەشكىل قىلغان نۇرغۇنلىغان تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى ئىلمى مەركەزلەرنى نۇرغۇنلىغان ھەر خىل ماتېرىياللار بىلەن ـ قولىيازمىلار، ماددى مەدەنىيەت، گۈزەل سەنئەت بويۇملىرى قاتارلىقلار بىلەن بېيىتتى. بۇ بايلىقلار ئۇستىدە خىزمەت ئېلىپ بېرىش بىر نەچچە ئەۋلاد ئالىملارنىڭ كۈچ چىقىرىشىنى تەلەپ قىلدى. ھەتتا بۈگۈنكى كۈندىمۇ، بۇ نازۇك خىزمەتنى ئىشلىنىپ بولدى دېيىش تەس گەپ. ئۇيغۇرىستاندا ئۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرىدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان كۆپ مىقداردىكى قول يازمىلارنىڭ تېپىلىشى ئادەمنى بەكمۇ ئەجەپلەندۈرىدىغان قىممەتلىك ماتېرىيال بولدى. ئېنىقلىنىشلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا بەك قەدىمكى زامانلاردا تۈركى تىللاردا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلار ماكانلاشمىغانىكەن. مانا بۇ كەشپىيات ئۇيغۇرىستاندا ئەزەلدىن تارتىپلا تۈركى تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ياشاپ كەلگەن، دېگەننى ئۆزىگە مەزمۇن قىلغان كۆپلىگەن كۆز قاراشلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

(”12 ـ 9 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى“ ئاپتورى: مالىياۋكىن)

2 ـ شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇيغۇرلار تارىخىنى دەۋرلەرگە بۆلۈشتە جۇڭگودا ئۆتكەن ئۇ ياكى بۇ سولالە ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەر ئاساسىدا بۆلۈشكە بولمايدۇ. ھاملىتۇن بولسا ئۆزىنىڭ كىتابىدا مۇشۇ ئاساستا بۆلگەن. ھەر قانداق بىر خەلقنىڭ جۇملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىمۇ يالغۇز ئومۇمى قانۇنىيەتلەر تەرىپىدىنلا ئەمەس، بەلكى كونكرېت جەمئىيەتكە مەنسۇپ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەر بىلەنمۇ بەلگىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، تاشقى ئامىللارنىڭ تەسىرىنى رەت قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن تاشقى ئامىللار كۆپ چاغلاردا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولمايدۇ.

12 ـ 9 ـ ئەسىرلەردە جۇڭگونىڭ مەركىزى ئاسىيا ئىشلىرىغا بولغان تەسىرى بەك چاغلىق ئىدى. ئۇيغۇرلار خانلىقلىرىنىڭ تىكلىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە قوشنىلىرى تاڭغۇتلار، قىتانلار، تىبەتلىكلەر، قارلۇقلار ۋە باشقا خەلقلەر جۇڭگوغا قارىغاندا سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى.

3 ـ مانا مۇشۇ تىزىس خەنزۇنى مەركەز قىلىشنىڭ ئوچۇق چۈمپەردىسىنى كۆرسىتىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تاكتىكىسى ئۆزلىرىنىڭ قوشنىلىرى بىلەن بولغان ھەر قانداق توقۇنۇشلارنى قوشنىلارنىڭ ئىتائەت قىلماسلىقىنىڭ ئىپادىسى، ئۇلارنىڭ بۇلاڭچىلىق ھەرىكىتى دەپ قاراپ كەلگەنلىكى بەكمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ۋە مۇشۇ تاكتىكىغا ھەممىلا ۋاقىتلاردا ئېغىشماي رىئايە قىلىپ كېلىنىدى. جاڭ يېچاۋ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى مانا مۇشۇنداق ھىلە ـ نەيرەڭلىك ئۇسۇللارنىڭ بىر يۈرۈشىنى تولۇق ئىگىلەپ ئىشلەتتى...
(”12 ـ 9 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى“ ئاپتورى: مالىياۋكىن.)

بىز بۇ ماۋزۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر يورۇتۇپ بېرىش توغرىسىدا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك. چۈنكى، روس تارىخچىلىرىنىڭ تارىختىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا بېقىنمايدىغان مۇستەقىل مىللەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلىگەن بايانلىرى، كېيىنكى چاغلاردا چار روسىيىنىڭ ۋە لېنىن ـ ستالىن روسىيىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتايغا سېتىۋەتكەن بەت ـ بەشىرە سىياسەتلىرىنىڭ جاھانگىرلىك سىياسىتى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا يېتەرلىك

تارىخــي ئاساســلار بىلــەن تەمىنلەيــدۇ.

... بۇنىــڭ ســىرتىدا، ئەنگلىيىنىــڭ بــۇ دۆلەتنــى ئــۆز يېنىغــا تارتىــپ، شــۇنىڭ بىلــەن قەشــقەرىيەنى روســىيە بىلــەن ھىندىســتاننى ئايرىــپ تۇرىدىغــان بىتــەرەپ دۆلــەت دائىرىســىگە كىــر گۈزۈۋېلىشــىنى، ئىككىنچىدىــن، قەشــقەرىيەدە ئۆزلىرىنىــڭ تەييــار مەھســۇلاتلىرىنى ســاتىدىغان يېڭــى بازارغــا ئىگــە بولۇشــىنى قەســتلەۋاتقانلىقى ئۇچۇنمــۇ، بىزنىــڭ نەزەرىمىــزدە قەشــقەرىيەنىڭ مۇھىملىقــى ئېشــىپ كېتىۋاتاتتــى. (قەشــقەرىيە" ئاپتــورى كوروپاتكىــن)

... روســيە بــاش شــتابىنىڭ مەشــھۇر ئوفىتســېرى تەرىپىدىــن يېزىلغــان قەشــقەرىيە ھەققىدىكــى مۇھــم ئەســەرنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىســىنى نەشــر قىلىش ئىشــى كۆتۈلمىگــەن ســەۋەبلەر يۈزىســىدىن ئۇزاققىچــە كېچىكىپ قالغان بولســىمۇ، لېكىــن ئــۇ جامائــەت بىلــەن يــۈز كۆرۈشــۈش ئالدىــدا تۇرىــدۇ. شــۇڭا ئۇنــى كېچىكتى دېيىشــكىمۇ بولماس. دەرۋەقە قەشــقەرىيە ئوتتۇرا ئاســىيادىكى مۇســتەقىل دۆلەتلــەر (ئەمدىلىكتــە ناھايىتــى تېــز ئازىيىۋاتقــان دۆلەتلــەر) ئىســىملىكىدىن ئۆچۈرۈۋېتىلــدى. ھالبوكــى، پەلەكنىــڭ چاقــى يەنــە بىــر قېتىــم چۆگىلــەپ، جۇڭگونــى يەنــە بىــر قېتىــم بــۇ رايونغــا ئىگــە بولىدىغــان ئورۇنغــا چىقىرىــپ قويــدى. ئەممــا شــۇ نەرســە ئېھتىمالغــا ناھايىتــى يېقىنكــى... (ئەنگلىيــە ۋە ھىندىســتان ناھايىتــى دىققــەت قىلىــپ كېلىۋاتقــان باشــقا بىــر كۈچلــۈك دۆلــەت ئانچــە ئۇزاققــا قالمــاي تېخىمــۇ ئىلگىرىلــەپ، ئۆزىنىــڭ ھازىرقــى ۋاقىتتــا غۇلجــا ۋە تۇركمــەن بوســتانلىقلىرىغا قاراتقــان قىســمەن دىققــەت ئېتىبارىنــى قەشــقەرىيەگە قارىتىشــى مۇمكىن. پاكىت شــۇنى چۈشــەندۈرۈپ بەردىكى، روســىيىنىڭ يەركەن ـ قەشــقەر دۆلىتىنــى ھــەر قانــداق شــەكىل بىلــەن ئىشغال قىلىشــى ئەنگلىيىنىــڭ ھىمالايــا تېغىنىــڭ غەربــى شــىمال رايونىــدا ئۇزاقتىــن بويــان تەھقىقلەنگــەن ھوقــۇق ۋە مەنپەئەتلىرىگــە ئېغىــر زىيــان ســالىدۇ. شــۇنداقلا ئافغانىســتاننىڭ شــەرقى شــىمال چېگرىســىغىمۇ تەســىر يەتكۈزىــدۇ. ياۋرۇپــا كۈچلىرىنىــڭ يەكــەن ـ قەشــقەرغە مۇداخىلــە قىلىشــىغا نىســبەتەن ئەنگلىيىنىــڭ ھەقلىق يوســۇندا ھەســەت قىلىدىغانلىقىنــى روســىيە جەزمــەن ســېزىۋالايدۇ. ئەممــا بىزنىــڭ قارىشــىمىزچە، ئەنگلىيــە ئــۆز نارازىلىقىنىــڭ سالمىقىنى خاتــا قىلمــاي، دەل روســىيە ھۆكۈمىتىگــە

قارىتىشى ئاقلانە تەدبىردۇر. . . .) روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىندا قوللانغان مۇھىم تەدبىرى ـ ئۆزىنىڭ بىر باش كونسۇلىنى قەشقەردە تۇرۇشقا ئەۋەتكەنلىكى ئانچىكى بىر ئىش بولمىسا كېرەك. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ ئىش ئوتتۇرا ئاسىيا سودىسىغا قىزىققۇچىلار كىشىلەرنىڭلا ئەمەس، بەلكى باشقا كىشىلەرنىڭمۇ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. ھىندىستاندىن 1880 ـ يىلى رىچارد، بارۇن تىپلىر، بات ۋە باشقىلار (قەشقەرىيە» ئاپتورى كورو پاتكىن، ئىنگلىز چىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.)

. . .كېيىنكى يىلى (1949 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى مىنىستىرلار كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىكويان مەخپىي ھالدا بېيجىڭ شىبەيپونى زىيارەت قىلغان، ئۇ جۇڭگو كومپارتىيىسى (ئەمەلىيەتتە ماۋزېدۇڭ بىلەن) سۆھبەتلەشكەندە ئېپادە بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: "شۇنى ئېنىق جاكارلايمەنكى، بىز شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە قوشۇلمايمىز، شىنجاڭ زېمىنىغا نىسبەتەن قارا نىيىتىمىز تېخىمۇ يوق. مېنىڭچە شىنجاڭ جۇڭگو تېررىتورىيىسىگە كىرىپ بولدى، شۇنداقلا كىرگۈزۈلۈشى كېرەك" (لىۋ داۋىسكى: "ن. ئا مىكويانىنىڭ جۇڭگوغا بېرىشىدىكى مەخپىي بۇرچى" 1949 ـ يىلى 2 ـ 1 ـ ئايلار "يىراق شەرق مەسلىسى" نىڭ روس تىلى نەشرى، 1995 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان. 106 ـ بەت ("جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى" ئۇيغۇرچە نەشرى 338 ـ بەت)

. . . "ئۆكتەبىر ئىنقىلابى" غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋە سوۋېت روسىيىسى شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ خاراكتېرىنى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى دەپ بېكىتكەن. ئۇلار دۇنيا ئىنقىلابىغا بولغان ئەقىدىسى ۋەجىدىن، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىنى (ھەي، خىتاي جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى دېگۈچە ئۆزىنىڭ كۆتىگە ئىگە بولساڭچۇ خىتاي) ئىنقىلاب تارقىتىدىغان، دۇنيا ئىنقىلابى دولقۇنىنى كېڭەيتىدىغان مۇھىم رايون، دەپ قاراشقا باشلىغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىنقىلاب روسىيىنىڭ مەركىزى رايونى ۋە روسىيىگە قاراشلىق ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنى قاپلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ كېيىنكى قەدەمدىكى سوتسىيالىستىك

ئىنقىلابىنىڭ سەھنىسىگە ئايلىنىشى ئىنتايىن ناھايىتى زور ئىدى. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، شىنجاڭ، سوۋېت روسىيىسىنىڭ ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇستەملىكىسى بولغان ھىندىستانغا بېرىشىدىكى ئەڭ قىسقا يول، يەنە كېلىپ ھىندىستاندىكى ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىنى نەزەردە تۇتقاندا، ھىندىستاننى كەلگۈسىدىكى دۇنيانىڭ شەرقىدىكى ئىنقىلابى ھەرىكەتنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى دەپ، قاراش تامامەن مۇمكىن ئىدى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ رەھبىرى تروتسكى 1919 ـ يىلى8 ـ ئايدا ئافغانىستان ۋە ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ، "دۇنيا ئىنقىلابى"نىڭ ئوتىنى يالقۇنلىتىش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ تەخمىنى ئەقلى ھۆكمى شۇكى، ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ھىندىستانغا ياردەملىشىپ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ھەممىدە ئۇنى بولشېۋىكلاشتۇرۇش كېرەك. ھىندىستاندىكى ئىنقىلابى خىزمەتنى ئافغانىستان ۋە پېرسىيە ئارقىلىق ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ھالبۇكى، ئافغانىستانغا كىرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شىنجاڭدا تەجرىبە توپلاش كېرەك.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، سوۋېت كومپارتىيىسى(بولشېۋىكلار) مەركىزى كومىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىنىڭ رەئىسى رۇد زۇتاق ھەتتا شىنجاڭدا "قەشقەر ۋە جۇڭغار جۇمھۇرىيىتى" قۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەن. بۇ تەكلىپنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىكى سەۋەب، "شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ئىنقىلابى كوللېكتىپ ۋە تەشكىلاتلارنىڭ (كۆرەش قىلىپ) مىللەتلەرنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، "مۇستەقىل قەشقەر ۋە جۇڭغار جۇمھۇرىيىتى" قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدىن ئىدى.

1921 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سوۋېت كومپارتىيىسى (بولشېۋىكلار) مەركىزى كومىتېتى سىياسى بيۇروسىنىڭ يىغىنىدا بۇ تەكلىپ مۇزاكىرە قىلىنغان. بەختكە يارىشا (دەيدۇ، ختاي) سىياسى بيۇرو يىغىنىدا، گ. ۋ. چىچېرىن بۇ تەكلىپكە قەتئى قارشى تۇرغان. لېنىن قاتارلىق سىياسى بيۇرو ئەزالىرىمۇ چىچېرىننىڭ پىكرىنى قوللاپ، بۇ تەكلىپنى ئاخىرقى ھېسابتا

رەت قىلغان.(ئا. ن. خېيفېس: ”سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيىسى ۋە شەرقتىكى مىللەتلەر“ 1927 ـ 1921 ـ يىلى موسكۋا 1968 ـ يىلى نەشرى 129 ـ 128 ـ بەتلەر)، (”جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى“ ئۇيغۇرچە نەشرى 295 ـ 294 ـ بەتلەر)

كۆرۈپ يەتتۇقكى، موسكۋادا ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىقى توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدىغان يىغىنغا لېنىنمۇ قاتنىشىپ، ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرگەن ئىشلارمۇ بولغان ئىكەن! ھەي، خۇدا ! بىلمەسمۇ كىمنىڭ ئالدىدا نېمە گۇناھ قىلغان بولغىدىڭ ئۇيغۇرۇم!

## ئون سەككىزىنچى باب روس-ياپون ئۇرۇشى ۋە بۇ ئۇرۇشنىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى

1904 ـ يىلى2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ياپونىيە، چار روسىيە بىلەن ئوتتۇرىدىكى سۆھبەتنى توختىتىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇرۇش ئېلان قىلمايلا چار روسىيىنىڭ لۈيشۈن پورتىدىكى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ پاراخوتلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. كېيىنكى ئۇرۇش ئوپراتسىيىلىرىدە ياپونىيىنىڭ دەيۋىدلىرى (دەيۋىد مىلادىدىن بۇرۇن 1000 ـ 960 ـ يىللاردا ياشىغان، ئىسرائىل پادىشاھلىق دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئىدى. دەسلىۋىدە ئىسرائىل قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ساۋۇلنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، پەلەستىنلىكلەر بەلگى ھازىرقى پەلەستىنلەرنى ئۇرۇشتا يېڭىپ، شىمالى ئىسرائىلىينى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن ئىسرائىل ـ يەھۇدى دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققان. ئىروسالىمنى بۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى قىلغان، بۇ كىشى تارىختىن بېرى ئىسرائىلىينىڭ باتۇرى، مىللى قەھرىمانى ئاتىلىپ كەلمەكتە. دەيۋىد بىزنىڭ تىلىمىزدىكى داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ئىدى. تۈزگۈچىدىن) شۇنداق قىلىپ ياپونىيىنىڭ دەيۋىدلىرى چار روسىيىنىڭ گېرويلىرىنى يېڭىپ ئاسىيادا شانلىق نەتىجە ياراتتى.

چار روسىيىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسى ياۋروپادىكى روسىيىنىڭ سانائەت

مەركەزلىرىدىن بىر قانچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا ئۇرۇش قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىبىرىيىنى كېسىپ ئۆتكەن تاق لىنىيىلىك تۆمۈر يولمۇ چار روسىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرالمىدى.

ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا ياپونىيىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسى لۈيشۈن پورتىنى قورشىۋېلىپ 148 كۈندىن كېيىن 1904 ـ يىلى12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى بۇ مۇھىم ئۆتكەلنى ئىگىلىدى. ئىككىنچى باسقۇچ مانجۇرىيە تۈزلەڭلىكىدىكى ئۇرۇشتىمۇ ياپونىيە ئارمىيىسى غەلىبە قىلىپ، بۇ غەلىبە چار روسىيە ھۆكۈمىتىنى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلايدىغان بىر غەلىبە بولۇپ قالدى.

كىشى ئىشەنگىلى بولمايدىغان بىر ئىش شۇ بولدىكى، چار روسىيىلىكلەر ئالدىراپ ـ تېنەپ رەتكە سېلىنغان بالتىق دېڭىزى ئېسكادرونىنى ياپون دېڭىزىغا ئەۋەتتى، بۇ ئېسكادرون، 1905 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ياپونىيە بىلەن كورىيە ئارىلىقىدىكى دېڭىزغا كىرىپ كەلدى. لېكىن شۇ ھامان سان جەھەتتە ۋە ئەمەلىي كۈچ جەھەتتە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان ياپونىيە ئېسكادرونىنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلدى. ئەمەلىيەتتە بىر قانچە سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، چار روسىيە ئېسكادرونىنىڭ بارلىق پاراخوتلىرى دېڭىزغا چۆكتۈرۈۋېتىلدى ۋە قولغا ئېلىندى. ياپونىيىلىكلەر بىر قانچە قوغلىغۇچى پاراخوتنى زىيان تارتتى، خالاس.

دېڭىزدا ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىغان، مەملىكەت ئىچىدە پۇقرالارنىڭ ئۇرۇشتىن بىزار بولۇشى ئۆرلىگەن بىر پەيتتە 1905 ـ يىلى چار روسىيە مەملىكىتىدە ئىنقىلاب باشلىنىپ كەتتى. چار روسىيە ھۆكۈمىتى ئىچكى ـ تاشقى سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. روسىيىلىكلەر تىنچلىقنى مۇھاكىمە قىلىشقا باشلىدى. ئامېرىكا ئارىلىشىپ 1905 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چار روسىيە بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدا "پورستمۇز كېلىشىمى" ئىمزالاندى. كېلىشىمگە ئاساسلىنىپ چار روسىيە، ياپونىيىنىڭ كورىيىدىكى سىياسىي، ھەربىي جەھەتتە ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت جەھەتتىكى بارلىق ئىمتىيازىنى ئېتىراپ قىلدى. چار روسىيە مانجۇرىيىدىكى بارلىق بەھرىمەن بولۇشلار ۋە چارروسىيىنىڭ ئۆز ئالدىغا تۇرغۇزىۋالغان ئىمتىيازلىرىدىن ۋاز

كەچتى. ساخالىن ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاراللارنى (ئەسلىدىنلا ياپونىيىنىڭ ئاراللىرى) ياپونىيىگە ئۆتۈنۈپ بېرىپ، لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنى ئىجارىگە ئېلىش ھوقۇقىنىمۇ ياپونىيىگە ئۆتۈنۈپ بەردى.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈپ يەتتۇقكى، ياپونىيە قۇدرەتلىك دۆلەت كۈچىگە تايىنىپ، چار روسىيىنىڭ يىراق شەرققە يېتىپ كېلىپ، تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمىچىلىك قىلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە توسۇپ قالدى. 40 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە ياپونىيىلىكلەر ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، بۇ قېتىم ستالىن روسىيىسى، "يالتا شەرتنامىسى" نى ئىمزالاپ چوڭ دولەتلەر بىلەن بېرلىشىپ بېسىم پەيدا قىلىش ئارقىلىق "پورستمۇز كېلىشىمى" دە "قولدىن كەتكەن" يەرلەرنى ياپونىيىنىڭ قولىدىن قايتۇرۇپ ئالدى.

روسىيە يەنىلا قۇدرەتلىك ئاسىيا دۆلىتى ھېسابلىناتتى. بۇ دۆلەت كەڭ كەتكەن سىبىرىيىنى ۋە قۇملۇق، چۆللۈكتىن تەشكىللەنگەن ئوتتۇرا ئاسىيا بەلباغلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ دۆلەتنىڭ دۆلەت چېگرىسى ئاسىيانىڭ مەركىزىدىن ئۆتۈپ، سېرىق دېڭىز بويىدىكى كورىيىدىن، قارا دېڭىز بويىدىكى تۈركىيە چېگرالىرىغىچە سوزۇلۇپ يەتكەن ئىدى. پەقەت روسىيىلا ئاسىيادا تۇرۇپ تاشقىرىغا قارىيالايتتى. غەربلىككە ئوخشاش جاھانگىرلىكنىڭ لاتقىسى ھېسابلانغان ئوۋمىن، شىياڭگاڭدىلا تۇرۇپ قالمايتتى.

ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان دەۋردە تۇرۇپ سۆز ئاچقاندا، مانا بۇ، ئېرماك تىموفىۋىچ (15 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا سىبىرىيىنى بويسۇندۇرغان كازاك، روسىيىلىكنىڭ تىلىدا قەھرىمان. كېيىن سىبىرىيىدىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ قولىدا ئۆلگەن. نېمىشقا بۇرۇن ئۆلتۈرۈلمىگەن بولغىدى؟)

ئورال تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈپ، چار روسىيە بىلەن ياپونىيە، مانجۇرىيە تۇزلەڭلىكىدە ئۇچرىشىپ ئۇرۇشقا كىرگەن چاغلارغىچە بولغان ئۈچ ئەسىر ئىچىدە چار روسىيە تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ، قۇرۇقلۇقتا كېڭەيمىچىلىك قىلىش تارىخىنىڭ سىياسى ئەھمىيىتى ئىدى.

يوقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدەك، ياپونىيە چار روسىيىگە قارشى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدى، بۇ غەلىبىنى 10 يىل بۇرۇن (1895 ـ يىلى ياپونىيە بىلەن ختاي، مانجۇ ـ ختاي خانىدانلىقى ئوتتۇرىسىدا پارتلىغان ختايچە ئاتىلىشىدا جىياۋۇ ئۇرۇشى. بۇ ئۇرۇشتا مانجۇ ـ ختاي خانىدانلىقى يېڭىلگەن ئىدى) ياپونىيىنىڭ جۇڭگولۇقلار ئۇستىدىن قازانغان غەلىبىسىگە سېلىشتۇرغاندا ئويلىمىغان بىر يەردىن چىقتى. ”پورىستمۇز كېلىشىمى“ گە ئاساسلىنىپ ياپونىيە كورىيىل تاقىم ئاراللىرىنى قايتۇرۇپ ئالغاندىن باشقا، روسىيە ئىجارىگە ئالغان لىياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنىمۇ ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ، ياپونىيىنىڭ كورىيىدىكى ئالاھىدە مەنپەئەتلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشتى.

ئويلاپ كۆرگەنىدە چار روسىيە بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدا دېڭىزدا پارتلىغان ئۇرۇش يىراق شەرق تارىخىنىڭ ھەتتا دۇنيا تارىخىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. (ئەسلىدە ياپونىيە بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كېلىۋاتقان چار روسىيە ئۇرۇشتىن كېيىن ياپونىيىنى تاشلىۋېتىپ ختاي بىلەن بىرلىكسەپ قۇردى. روسىيە بىلەن ختاينىڭ بىرلىشىپ قېلىشى ئوتتۇرا ئاسىياغا بولۇپمۇ ئۇيغۇرىستانغا بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى.)

شۇنداق. مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇرۇش ياپونىيىنىڭ قۇدرەتلىك بىر دۆلەتلىك ئورنىنى تۇرغۇزدى. يىراق شەرق كۈچ سېلىشتۇرمىسىنىڭ پەرقلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر تەرىپى شۇ بولدىكى، تارىختا تۇنجى قېتىم بىر ئاسىيا دۆلىتى بىر ياۋروپا دۆلىتىنى ياۋروپادىكى چوڭ بىر ئىمپېرىيە ـ چار روسىيىنى ئۇرۇشتا يېڭىپ، پۈتكۈل ئاسىيادا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان بىر تەسىرات، بەلكى چوڭقۇر تەسىرات ياراتتى. بۇ ئۇرۇش مۇستەملىكە ئەللىرىدىكى مىلىيونلىغان كىشىلەرگە شۇنى ئۇقتۇرۇپ قويدىكى، ياۋروپانىڭ ھۆكۈمرانلىقى مۇقەددەس، تەقدىردە بەلگىلەنگەن ھۆكۈمرانلىق ئەمەس. بويسۇندۇرۇش دەۋرىدىن باشلاپ تاكى ھازىرغىچە ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئاسىيادا تۇنجى قېتىم مەغلۇپ بولىشى يەر شارىدىكى بارلىق غەيرى ئاق تەنلىك مىللەتلەرگە كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان

ئۈمىد ئاتا قىلدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا روس ـ ياپون ئۇرۇشى دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بىر نامايەندە، غەيرى ياۋروپالىق، غەيرى ئاق تەنلىك مىللەتلەرنىڭ ئويغىنىشىدا كۆتۈرۈلگەن تۆمۈر پەردە، بۇنداق ئويغىنىش بۈگۈنمۇ ھەم پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالماقتا. ("دۇنيانىڭ ئومۇمى تارىخى" 15 ـ ئەسىردىن كېيىنكى دۇنيا)

بۇ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ياكى ياپونىيىنىڭ غەلىبىسى دۇنيادا ئاۋۋال قايسى ئۆلكىگە، قايسى رايونغا شۇنداق چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى؟ قەدىمى شەرقنى بىر ئۇزۇك دېسەك، ئۇنىڭ ياقۇت كۆزى ئۇيغۇرىستان ھېسابلىناتتى. ئادەملىرى سەزگۈر ئەقىللىق ئىدى. شۇڭا ياپونىيىنىڭ غەلىبىسى ئاۋۋال ئۇيغۇرىستانغا ئاندىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئويغىنىشىغا ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى." 1907 ـ يىلى قۇمۇلدا ئىسمايىل تورپاق ۋە ياقۇپ تورپاقلار رەھبەرلىكىدە قوراللانغان 300دەك تاغ خەلقى مانجۇ ـ خىتايلار بەلگىلىگەن ۋاڭنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىگە، تۆرلۈك ئالۋاڭ ـ سېلىقلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى" ("شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى" 15 ـ كىتاب)، (بۇ قوزغىلاڭ تارىختا تورپاقلار قوزغىلىڭى دەپ ئاتالدى) بۇ قوزغىلاڭچىلار چار روسىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ياڭ زېڭشىڭ ھاكىمىيىتىگە ئەجەللىك زەربە بەردى. داۋامى سۈپىتىدە قۇمۇلدا، 1911 ـ يىلى تۆمۈر خەلپە رەھبەرلىكىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن ئۇيغۇرىستاندا سىياسى داۋالغۇش كەلتۈرۈپ چىقارغاندا، مىللەتارىست ياڭ زېڭ شىڭ چار روسىيىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ بۇ قوزغىلاڭنىمۇ قوراللىق باستۇردى. ئۇيغۇرلارغا بۇ قېتىم ئىنتايىن قولاي، ئىنتايىن ئەپلىك بىر سىياسى پۇرسەت يېتىپ كەلگەن. بۇ ۋاقىتتا جۇڭگودا شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىدى. جۇڭگو تەلتۆكۈس قوراللىق قالايمىقانچىلىق، مىللەتارىستلار يېغىلىقى دەۋرىگە كىرىپ كەتتى. مانجۇ ھۆكۈمىتىنىڭ باستۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇرىستانغا ۋاقىت ئاجراتقۇدەك، ئۇيغۇرىستانغا ھەربى كۈچ يوللىغىدەك مادارى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقئارا ۋەزىيەتمۇ ئۇيغۇرلارغا پايدىلىق ئاجايىپ بىر دەۋرىدە تۇراتتى. 1905 ـ يىلى چار روسىيە زېمىنىدا پارتلىغان بۇرژۇئا ئىنقىلابى روسىيىلىك موژىكلارنى پۈت ـ قولى يەرگە تەگمەيدىغان ھالغا

كەلتۈرۈپ قويغان، سىياسەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىغان چاغلار بولغاچقا، چار روسىيە ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا، ياكى زىڭشىڭغا ياردەملىشىپ ئۇيغۇرىستانغا ئەسكەر چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، بۇنداق خۇپسەنلىكنى چار روسىيە داۋاملاشتۇرالمايتتى. چۈنكى، 1905 ـ يىلىدىن 1917 ـ يىلىغىچە چار روسىيە دۆلىتى بىر كۈنمۇ خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىل بولىشى، دۆلەت قۇرۇشى، دۆلەت قۇرۇپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە دۇنيادا قەد كۆتۈرۈشى، چار روسىيىنى ھەيرەتتە قالدۇرۇشى ۋە چار روسىيىنىڭ ئۇيغۇرىستاندا غەلىبە قىلغان ئىنقىلابنى باستۇرۇشقا چارىسىز قېلىشى، ھىندىستان قۇرۇقلۇقىنى بېسىپ ياتقان ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنى ھودۇقتۇرۇپ قويىشى ياكى دىپلوماتىيە ساھەسىدە ئىنگلىزچە ھىلىگەرلىكىنى ئىشقا سالالمايدىغان ياكى ھەربى كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئۇيغۇرلارنى باستۇرالمايدىغان بىر پۇرسەت، ئۇيغۇرلارغا ئاللاھ يارىتىپ بەرگەن بىر ئۇلۇغ پۇرسەت يېتىپ كەلگەندە ۋە بۇ پۇرسەت پالگان تۇمۇر خەلپە تەرىپىدىن بايقىلىپ يېتىپ، مانجۇ ـ خىتايلارغا قارشى قارشىلىق كۆرسىتىپ قوراللىق ئىنقىلابقا ئايلىنىپ، مىللى ئازادلىق ئۈچۈن پۈتۈن ئۇيغۇرىستان خەلقى قوزغىلىپ، ئۇيغۇرىستاندا بۈيۈك بىر ئىنقىلاب دەۋرى يېتىپ كەلگەندە، سادده دىنىي ئېتىقاد، سادده ئەقىل، سادده ئادىمگەرچىلىك، سادده زۇلۇم ـ سىتەم قارشى، سادده ئازادلىق تۇيغۇسى، سادده ئىشەنچ، سادده ساۋاتسىزلىق، سادده ئىنقىلاب قارشى، سادده خۇداگۈيلۇق كاللىسىغا قوغۇشۇندەك ئۇيۇپ كەتكەن تۇمۇر خەلپە ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى دېھقان ئىنقىلابچىلار، تۇڭگان ئاتالغان ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنىنى ساقتا قوبۇل قىلغان خىتاي لى پۇشۇننىڭ ئالدامچىلىقلىرىغا ئالدىنىپ، قولىدىكى قورالنى تاشلاپ ئورنىغا قولغا قۇرئان ئېلىپ قەسەم قىلىپ، لى پۇشۇنغا ئىشىنىپ ئۇرۇمچىگە چىقىپ مىللىتارىست ياڭ زىڭشىڭنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلۇغ پۇرسەتتە پارتلىغان ئۇلۇغ ئىنقىلاب مەغلۇپ بولدى. بۇ توغرىدا كېيىنكى بابلاردا يەنە چۈڭقۇر توختىلىمىز، ئوقۇرمەنلىرىمىزگە بۇ يەردە خەير ـ خوش دەيمىز.

## ئون توققۇزىنچى باب ئۇيغۇر مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى

مىللەتنىڭ ھەر جەھەتتىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشى شۇ مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ئوخشاشلا ۋاقىتتا مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسىي سەھنىگە چىقىشىغا باغلىقتۇر. ئەسلىدە يۇقىرى تەبەقىلىق دىنىي ئەربابلار قاتلىمى، يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتى ئاساسىدا ھال - ئوقەتى ياخشى تۈرلەر قاتلىمى ۋە ئاددىي پۇقرالاردىن تەشكىللەنگەن ئۇيغۇر كونا جەمئىيىتى مۇئەييەن دەۋرگە كىرگەندە بۇ جەمئىيەتتە ئىستىخىيىلىك ھالدا ئاۋۋال قول سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئاندىن شۇ ئاساستا تېخنىكىلىق سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بۇ دېمەك، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىقتىساد ۋە باشقا جەھەتلەردە تەرەققىيات دەۋرگە كىرىشى دېگەنلىكتۇر.

ھەر قانداق ئەنئەنىۋى مىللىي جەمئىيەتتە 4 خىل ئىدىيە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ياكى جەمئىيەت شۇ 4 خىل ئىدىيىدىن تەشكىللەنگەن بولىدۇ.

1 ـ دىنىي مائارىپ : ئىسلام دىنى مائارىپى ناھايىتى ئۇنۇملۇك ھالدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بىر گەۋدىلەشتۈرگەن. خىتايلار ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئىلگىرى، دىنىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن ئاكابىرلىرىمىز، زىيالىلىرىمىز ئۇيغۇرىستاندا دۆلەت باشقۇرۇش ۋە ھۆكۈمەت باشقۇرۇش خىزمەتلىرىدە ئاكتىپ ئىشلىگەن. سەممىيىتى ۋە ساداقىتىنى ئۇشبۇ خىزمەتكە تاپشۇرغان ئىدى.

2 ـ سىياسىي ئىدىيىلەر: ئۇيغۇر جەمئىيىتى مۇستەملىكىچىلەر ۋە تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇشتا كېيىنكى چاغلاردا كۆپرەك ئىسلام دىنىنى بايراق قىلىپ كۆتۈرگەن. بىراق ئىنقىلاب ھەرگىز دىنىي ئىنقىلاب ساھەسىدە توختاپ قالمىغان، بەلكى ھەر قېتىملىق ئىنقىلاب دۆلەت قۇرۇش بىلەن ئاخىرلاشقان. ھەتتا غەلىبە قىلالمىغان ئىنقىلابلار بولسىمۇ سىياسىي غايىلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ تۇرۇپ مەغلۇپ بولغان ئىدى. ئۇيغۇرلار ھەر قېتىملىق ئىنقىلاب، ھەر قېتىم

قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ يوللۇق قائىدىسى قىلاتتى. ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش بىلەن مىللى مەنپەئەتنى قوغداشنى سىياسەتنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى دەپ قارايتتى.

3 ـ ئىجتىمائىي ئىدىيىلەر: ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئادەملەرنى چىرىكلەشتۈرىدىغان چاكىنا ئىدىيىلەرگىمۇ تولۇپ تاشقان بولىدۇ، گۈزەل ئەخلاق ۋە گۈزەل ئەخلاقنى قوغلىشىش، گۈزەل ئەخلاقنى جەمئىيەتتە ئومۇملاشتۇرۇش، ئەركىنلىك، كۆڭۈل ئازادىلىكنى قوغلىشىشتىن ئىبارەت جەمئىيەتنىڭ نىگىزلىك قۇرۇلمىسى ھەر قانداق چاغدا غالىپ ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇخىل ئەھۋال ئەنئەنىۋى جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق قۇرۇلمىسىنى تەشكىللەيدۇ.

4 ـ ئىقتىساد ۋە تەرەققىيات ئىدىيىلىرى: بىر جەمئىيەت ئاۋۋال ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتلار ئاساسىدا جەمئىيەتنىڭ يەنە باشقا ساھەلىرىدە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشقا موھتاج بولىدۇ. ھەر قانداق جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقارغۇچى ئۆزى ئۆچۈنمۇ ئىشلەپچىقىرىدۇ ۋە باشقىلار ئۈچۈنمۇ ئىشلەپچىقىرىدۇ. كېيىنكى كاپىتالىزىم دەۋرىدىمۇ شۇنداق ئەھۋال تەكرارلاندى، ئاۋۋالقى يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىدىمۇ شۇنداق ئەھۋال تەكرارلاندى. ئىشلەپچىقىرىش ـ تاۋار ـ ئايرىۋاشلاش ياكى سېتىش، يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىگىمۇ ئوخشاش خۇسۇسىيەت، كېيىنكى كاپىتالىزىم جەمئىيىتىگىمۇ ئوخشاش خۇسۇسىيەت بولىدى. تاۋار ئىشلەپچىقىرىش تاۋار ئايرىۋاشلاش بولىدىغانلىكى جەمئىيەتتە كاپىتالىزىمنىڭ بىخلىنىشى ۋە مىللى بۇر ژۇئازىيىنىڭ باش كۆتۈرۈشى مۇقەررەردۇر. ئۇيغۇر جەمئىيەتلىك تارىخىنىڭ مۇئەييەن مەزگىلىدە باش كۆتۈرگەن، ئۇيغۇر مىللى بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ۋەكىلى مۇسابايى ئائىلىسى ۋە مۇسابايى جەمەتى ئەنە شۇنداق ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە پايدىلىق بايلىق، ئىقتىساد ياراتقان كاپىتالىستلار ئىدى. بىز تۆۋەندە ئاپتور ئەزىز ئابدۇللانىڭ مۇسابايلار جەمەتى توغرىسىدا يېزىپ چىققان تارىخى ئەسىردىن مىساللار كەلتۈرىمىز.

1 ـ مۇسابايلار سودا ـ تىجارىتىنىڭ خەلقئاراغا يۈزلىنىشى.

19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىن (1848 ـ يىلدىن) باشلاپ بىر

قىسىم ئۇيغۇرىستانلىق مىللىي سودا ـ سانائەتچىلەر ئۇيغۇرىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى سودا ـ تىجارەتتىن خەلقئاراغا يەنى روسىيە، قازان، تاشكەنت، ئالمۇتا، ئەنجان، سىرۋالىسكى، زەيسەن، موسكۋا قاتارلىق 18 شەھەر ۋە چەت ئەل ۋىلايەتلىرىگە كېڭىيىپ، شۇ جايلاردا سودا ـ سارايلارنى قۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي سودا ـ تىجارەتنىڭ خەلقئاراغا كېڭىيىشى، كاپىتالنىڭ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە، فىنلاندىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق رايون، دۆلەتلەر بىلەن سودا ـ تىجارەت مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئەينى چاغدىلا ياۋروپا مەدەنىيىتىنى كۆرگەن بۇ سودا ـ سانائەتچىلەر ھەر قايسى جايلاردىكى تىجارەت، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ماناپاكتور يەنى تالونلۇق ھېسابات ۋە مائاشلىق ئىشچى تۈزۈمى بىلەن باشقۇرغاندى.

ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇر مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تىپىك ئۈلگىسى بولغان ئاكا ـ ئۇكا ھۈسەنباي ھاجى (1926 ـ 1844) باۋۇدۇنباي (1928 ـ 1851) مۇسابايلار سانائەت ئېھتىياجى ئىلىم ـ پەنگە موھتاج بولغاندا مائارىپ ئىسلاھاتىمۇ ئېلىپ بارغان.

2 ـ مۇسابايلارنىڭ قىسقىچە ئائىلە تارىخى

مۇسابايلارنىڭ ئەسلى يۇرتى ئۇيغۇرىستان ئاتۇش ناھىيىسى ئىكساق كەنتى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يەتتە ئاتىسى ئىكساق كەنتىدە تۇغۇلۇپ، ئۆز يۇرتىدا دېھقانچىلىق ۋە تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. مۇساباي دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ تىجارىتى ئۇيغۇرىستاننىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت ناھىيىلىرىگىچە ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەرگىچە تارالغان.

مۇساباي بۇ كىشى ئاتىسى ئابدۇرۇسۇلنىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا تولۇق ۋارىسلىق قىلىپ، بارلىق كۈچى بىلەن تىجارەتنى رىۋاجلاندۇرۇدى. ئۆزى تونۇلغان دۇنياسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى قايتا ئىشلەپچىقىرىشقا سەرپ قىلىپ، سودا ـ تىجارەت، قول سانائەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ۋە ئۇنى تېخىمۇ رىۋاجلاندۇرۇپ كۆن سايىن روناق تاپقان. مۇساباي بۇخارادا ئوقۇيدۇ. چەت ئەلنىڭ بولۇپمۇ ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ گۈللەنگەن سودا ـ سانائەت تەرەققىياتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يەنى چەت ئەللەردىكى سانائەت تەرەققىياتىنىڭ

چۈشقۇر تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ھەمدە ئۆز يۇرتىنىڭ سودا ـ سانائەت، پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە ياۋروپا دۆلەتلىرىدەك تەرەققىي قىلىشىنى ئويلايدۇ.

مۇسابايلارنىڭ ئۆزىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا ئىككى چوڭ ئوغلى ـ ھۈسەنباي بىلەن باۋۇدۇنبايىنى ۋارىس قىلىدۇ. ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايلار مەملىكەت ئۇيغۇرىستان ئىچىدىكى تىجارەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماي، 1895 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە ئۆزلىرىنىڭ باش تىجارەت شىركىتى ـ ”مۇسابايلار بۇرادەرلىرى شىركىتى“نى قۇرۇپ، مۇسابايلار جەمەتى تىجارەت دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئىلى ـ غۇلجا، روسىيە ئارقىلىق ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن سودا قىلىشنىڭ بىر مۇھىم دەرۋازىسى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا دۆلەت سىرتىدا قازاقىستاندىكى قارا ـ قارا يەرمەنكىسى، سىمى پالاتىسكى يەرمەنكىسى، سىبىرىيەدىكى ئومسكى، بارناۋۇل شەھەرلىرىدىكى يەرمەنكىلەرگە قاتنىشىپ تىجارەت قىلىپلا قالماستىن، يەنە روسىيىنىڭ نىژنى نوۋى گىرود، موسكۋا، پېتىر بورگ، قازان، ئۇفا، تاشكەنت، ئالمۇتا، ئەنجان قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ تىجارەت قىلىدۇ. تىجارەت قىلىدىغان ماللار ۋە ماتېرىياللار: ئۆچكە، قوي تېرىسى، ئەل تېرە، كالا تېرىسى، ئات تېرىسى، مارىيە، سۇغۇر، بۇرسۇق، تۈلكە، بۆرە، سولەيسۇن تېرىسى ھەمدە يۇڭ، يايلا، ئات قۇيرۇقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە قوي، ئات، كالا قاتارلىق جانلىق ماللارنى ئېكسپورت قىلىپ، ئۇ دۆلەتلەردىن ئۇيغۇرىستان يۇقرالىرىغا كېرەكلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىپ ئەكىلەتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، سودا ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن روسىيىنىڭ ياركەنت، (پامپىلوپ) ئالمۇتا، بىشكەك، سىمپىلاتىنىسكى، تاشكەنت، ئەنجان، ئوش، جالال ئابات، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلىرىدە، سودا ـ تىجارەت ئىش باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلغان. 1895 ـ يىلىدىن 1909 ـ يىلغىچە ”ئىلى تېرە زاۋۇتى“نى قۇرۇپ، ئۇيغۇرىستاندا تۇنجى زامانىۋى سانائەت بەرپا قىلىپ، ئۇيغۇرىستاننىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان سودىسىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ رىۋاجلاندۇرغان.

ھۈسەنباي ھاجىنىڭ چوڭ ئايالى ماينۇرخاندىن بولغان چوڭ ئوغلى سابىت مۇساباي، ئىككىنچى ئايالى ئالتۇنخاندىن بولغان ئوغۇللىرى ئابلىز

مۇساباي (1984 ـ يىلى ئۆرۈمچىدە ۋاپات بولدى). مجىت مۇساباي (1973 ـ يىلى سوۋېت ئالمۇتادا ۋاپات بولدى). ھۇسەنباي ھاجىنىڭ 3 ـ ئايالى نورىمان خېنىمدىن بولغان ئابلەھەت مۇساباي (1987 ـ يىلى غۇلجا شەھرىدە ۋاپات بولدى). تەلئەت مۇساباي (ھازىر تۈركىيە تەۋەلىكىدە بولۇپ، چەت ئەللەردە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ). فىكرەت مۇساباي (1980 ـ يىلى ياپونىيىدە ۋاپات بولدى). نىلۇپەر مۇساباي (1984 ـ يىلى (لوندوندا ۋاپات بولدى). بۈگۈنكى مۇساباي ئەۋلادىنىڭ ۋەتەندىن باشقا چەت ئەللەرگىمۇ تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

3 ـ ھۇسەنباي تېرە زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى

مۇساباي ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى 1895 ـ يىلى ئىلىدا قۇرۇلغان باش تىجارەتخانىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشىنىڭ يوللىرىنى ئىزدەيدۇ. ھۇسەنباي بىلەن باۋۇدۇن بايلار ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىگە بېرىپ كۆزىتىش جەريانىدا، ياۋروپانىڭ سانائىتىدە زور گۈللىنىشلەر بولۇپ، ئاجايىپ مۆجىزىلەر يارىتىلغانلىقىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، زور ئىلھام ۋە ئۈمىدلەر بىلەن قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار شۇنى بايقايدۇكى، يالغۇز ئۇيغۇرىستانلا ئەمەس، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان زامانىۋى زاۋۇت يوق، پەقەت ئادەم كۈچى ۋە سۇ كۈچى بىلەن ئىشلەيدىغان قول سانائەت كارخانىلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ناچار، مىقدارى تۆۋەن بولۇش سەۋەبىدىن جەمئىيەت ۋە خەلقنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالمايدۇ.

ھۇسەنباي بىلەن باۋۇدۇنباي مۇشۇ شەرت ـ شارائىتلارنى بىلىپ يەتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇرىستاندا ئىلى تېرە زاۋۇتىنى قۇرۇش تەييارلىقىنى باشلىۋېتىدۇ. 1903 ـ يىلى ھۇسەنباي موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا يەرمەنكىگە قاتنىشىدۇ. ھۇسەنباي ئۆزبېكىستانلىق ئەرشانباي دېگەن سودىگەرنىڭ پاختىسىنى سېتىۋېلىپ، بۇ پاختىنى ژاخارماروژۇپ دەيدىغان يەھۇدى سودىگەرگە سېتىپ بېرىپ بىر قېتىمدىلا 50 مىڭ تىللا (500 مىڭ سوم تىللا پۇلى) ساپ پايدا ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھۇسەنباي ئۆزى موسكۋا يەرمەنكىسىگە ئېلىپ بارغان ھەرخىل

تېرە، ئۆچـەي، يـۇڭ، جانلىـق ماللارنـى سېتىپ ناھايىتـى كـۆپ پايـدا ئالدۇ. شـۇنىڭ بىلـەن ئـۇلار ئىلـى تېـرە زاۋۇتىنـى قۇرۇشـنىڭ ئىقتىسـادى ئاساسـىنى تولـۇق تىكلـەپ ئالدۇ.

1904 ـ يىلـى ھۈسـەنباي ھاجـى ئىنىسـى باۋۇدۇنبايىنـى نۇرغۇنلىغـان يەرلىك مالـلار بىلـەن گېرمانىيىگـە تىجـارەت قىلىش ئۈچـۈن ھەمدە زاۋۇت كـۆرۈپ كېلىش ئۈچـۈن يولغا سـالدۇ. باۋۇدۇنبـاي گېرمانىيىگە بېرىپ، نۇرغۇنلىغان ماشىناسازلىق شـىركەتلىرىنىڭ خوجايىنلـرى بىلـەن ئۇچرىشـىپ، كۆپلىگـەن سـانائەت ئەسلىھە، زاۋۇتلارنـى كـۆرۈپ، ئۇلارنـىڭ ئىچـىدە كۆن ـ خـرۇم زاۋۇتىنـىڭ ئىلغـار زامانـۋى ئىكەنلىكنـى بىلـدۇ. ئۇيغۇرىسـتانغا يۆتكـەپ بارغانـدا مۇۋاپىـق بولىدىغانلىقىنى بايقايـدۇ. باۋۇدۇنبـاي 500 مـىڭ سوم ئالتـۇن پـۇل زاكالـەت بېرىـپ، كـۆن ـ خـرۇم زاۋۇتىنـى زاكاز قىلىدۇ.

ھـەر خىـل ماشـىنا ـ سـتانوك، پـارۋاي قـازان، پـارۋاي ماشـىنا، ئېلېكتىـر ئىشـلەپچىقىرىدىغان ماتـور، دىنامالارنـى ھەمـدە زاۋۇتنـىڭ مۇشـۇ ئىشـلەپچىقىرىش ماشـىنا ـ ئۈسـكىنىلىرىنى رېمونـت قىلىشـقا كېرەكلىـك بىـر يـۈرۈش سـتانوك سـايمانلار، بىـر دانـە چـوڭ مېتـال قىرىـش سـتانوكى، رەندىلـەش سـتانوكى، بۇرغـۇلاش سـتانوكى، چاقـلاش سـتانوكى، ئېلېكتىـر كەپشـەرلەش ماشىنىسـى قاتارلىـق بىـر يـۈرۈش مۇكەممـەل زامانـۋى سـايمانلارنى سېتىپ ئالـدۇ.

ئۇنىڭدىـن باشـقا بـاۋۇدۇن بـاي، يەنـە گېرمانىيىنـىڭ ئالاقىدار شـىركەتلىرى بىلـەن سۆزلىشـىپ، بـۇ زاۋۇتنـى ئۆز ۋاقتىـدا تېخنىـكا ئۆلچەملىرىگـە لايىق قىلىپ قـۇرۇپ چىقىـش ئۈچـۈن، تۇرمۇشـىغا كېپىللىـك قىلىـش شـەرتى بىلـەن، يۇقـىرى مائـاش بېرىـپ گېرمانىيىدىـن بىـر نەپـەر ئېلېكتىـر مېخانىنىـك، بىـر نەپەر ماشـىنا ـ ئۈسـكىنە رېمونـت قىلىدىغـان تېخنىـك، بىـر نەپەر قۇرۇلـۇش ئىنژېنېـر، تېلېفون ئالاقىسـىنى ئورنىتىدىغـان بىر نەپـەر مانتيۇر (بۇلارنىڭ ھەممىسـى نېمىس مىللىتى بولـۇپ ئائىلىسـى بىلـەن بىرلىكتـە ئـۇلار ئۇيغۇرىسـتانغا كېلىدۇ.)

4 ـ مۇسابايلارنىڭ كارخانا باشقۇرۇش ئۇسۇلى

ھۈسـەنباي ھاجـى بىلـەن باۋۇدۇنبايـلار چـەت ئەللەرگـە بېرىـپ، رېئاللىقنـى

بىۋاسىتە كۆزىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىجارەت باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى زامانىنىڭ تەرەققىياتىغا لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىردىنبىر چارە ـ دادىسى مۇسا ھاجىم دېگەندەك "پۇلنىڭ خوجىسى بولماي، ئىلىمنىڭ خوجىسى بولۇش"نىڭ زۆرۈرلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ، بارلىق كۈچى بىلەن ئۆز ئەۋلادلىرىنى چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا چىقىرىپ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇتۇپ، ئالىي مەلۇماتلىق كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيەلەيدۇ.

ھۈسەنباي ھاجى بىلەن باۋۇدۇنبايلار ياۋروپادىكى گۈللەنگەن دەۋرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزىتىپ كەلگەن مەرىپەتپەرۋەر زاتلار بولۇپ، ئۆز تىجارىتىنى زامانىنىڭ تەرەققىياتىغا لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىر قىسىم مەلىكىلىك ئىشچىلار قوشۇننىڭ بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بىر بۆلۈك مالىيە، سودا خادىملىرىنىڭ بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. بۇنىڭ ئۈچۈن بىردىنبىر چارە ـ مائارىپنى رىۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. تۇنجى بولۇپ، 1885 ـ يىلى ئۆز يۇرتى ئېكساقتا "ھۈسەينىيە مەكتىپى" نى قۇرۇپ چىقىدۇ.......

ئالدىرىغانلىقىمىز، 5ـ ئايدا ئېچىلىدىغان يىغىنغا ئۈلگەرتىشنى مەقسەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن داۋاملىق يېزىشقا تىگىشلىك ماۋزۇلار قېلىپ قالدى.

يەنە بىر قېتىم سۆز بېشى ئورنىدا

مېنىڭچە ھازىر تىرىك ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قانداقى ئەگەر خائىن بولۇپ ختايغا سېتىلىپ كەتمىگەنلا بولسا، ختاي ئۇيغۇرستانغا تاجاۋۇز قىلدى دەپ، ھۆكۈم قىلىدۇ. ختاي ئۇيغۇرستانغا نېمە ئۈچۈن تاجاۋۇز قىلدى، قانداق تاجاۋۇز قىلدى، نېمشقا تاجاۋۇز قىلدى، قاچان تاجاۋۇز قىلدى؟ ختاي ئۆز تارىخىنىڭ ھەر قانداق بىر دەۋرىدە ئۇيغۇرستانغا تاجاۋۇز قىلغانمۇ ياكى قىلمىغانمۇ، ختاي قايسى دەۋرگە يېتىپ كەلگەندە ئاندىن ئۇيغۇرستانغا تاجاۋۇز قىلدى؟ دەپ ئۆز ئارا سوئال قويۇپمۇ باقمىدۇق. ختاي يېزىپ بەرگەن تارىخنى تارىخ دەپ، ئوقۇۋەردۇق. كىشىلەر، ئۇيغۇر توغرىسىدا ختاي تۈزۈپ بەرگەن ئەپسانىۋى، رىۋايەتلەشكەن، "شىنجاڭ خەن دەۋرىدىن تارتىپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى" دەيدىغان جۈملىلەرنىمۇ

چايناۋەردى. خىتاي بىلەن ئۇيغۇرنىڭ تارىخى مۇناسىۋىتى، مۇستەملىكە ۋە مۇستەملىكىچىلىك مۇناسىۋىتى ـ بۇ تېما ھازىرغىچە مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك مۇرەككەپ تېما بولۇپ كەلدى. خىتايلار يېزىپ كېلىۋاتقان تارىخ ـ" شىنجاڭ خەن دەۋرىدىن تارتىپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى"، دەيدىغان سەپسەتەلەشكەن تارىخ قاراشلىرىغا، دۇنيادا تارىخ باشلانماستىن بۇرۇنمۇ سەپسەتە بارمىدى دېگەن مۇشۇنداق بىر مەسىلىگە جاۋاب بېرەلەيدىغان بىرەر تارىخچى بولىدىغانلا بولسا، ئۇ تارىخچى "شىنجاڭ ئەزەلدىن تارتىپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى"، دەيدىغان سەپسەتىنىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلايدىغان بىردىنبىر تارىخچى بولۇپ قالاتتى. خىتاي تارىخچىلىرى خەن دەۋرىدىن باشلاپ ئۇيغۇرىستانغا (ئاتالمىش غەربىي يۇرتقا قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى يېزىپ كېلىشتى) ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر تىللىق غالچا تارىخچىلارمۇ "تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل مەدەنىيىتى"، "سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى" دەيدىغان ماقالىلاردا ئەپسانىۋىلاشقان سەپسەتەلەرنى يېزىپ چىقىپ، خىتاي بىلەن ئۇيغۇرنىڭ تارىخىنى بىر تارىخ قىلماقچى بولۇشتى. موڭغۇللارنىڭ (1227 ـ يىلى خىتايدا يۈەن سولالىسىنى قۇرۇپ، 1368 ـ يىلى ئاغدۇرۇلغىچە، باشقا مىللەتلەر قاتارىدا ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى ھېسابقا ئالغاندا، مانجۇلار خىتاينى بېسىۋېلىپ، 1644 ـ يىلى مانجۇ ـ مەنچىڭ سولالىسىنى قۇرۇپ، 1884 ـ يىلى ئۇيغۇرىستاننى بېسىۋېلىپ، «شىنجاڭ» دەپ ئىسىم قويۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، بۇ سولالە 1911 ـ يىلى خىتايلارنىڭ شىنخەي ئىنقىلابى ئارقىلىق ئاغدۇرۇلغىچە ئۇيغۇرلارغا مانجۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى ھېسابقا ئالغاندا) موڭغۇللار بىلەن مانجۇلارنىڭ ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى، موڭغۇل بىلەن مانجۇلارنىڭ ئىستىلا قىلىش تارىخى ھېسابىغا يازغاندىن باشقا، خىتاينىڭ خىتاي بولۇپ ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىشى 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىكى بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئەيمەنمەستىن تىلغا ئېلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن بۇرۇن خىتاي دېگەن مىللەتنىڭ ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرەلمىگەنلىكىنى تارىخلىق ۋە مەنتەقىلىق جەھەتتە قەيت قىلىش كېرەك. بىز نېمە ئۈچۈن شۇنداق دېيىشكە جۈرئەتلىك بولدۇق؟ بۇ بىزنىڭ خىيالپەرەستلىكىمىزمۇ، بۇ بىزنىڭ

بىلمىسىزلىكىمىزمۇ، بۇ بىزنىڭ ھېسىياتقا بېرىلگەنلىكىمىزمۇ، بۇ بىزنىڭ پاكىتقا ھۆرمەت قىلمىغانلىقىمىزمۇ؟ پاكىت دېگەن نېمە؟ تارىخنى تارىخ دەپ يېزىشنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتى ماتېرىيال ئاساسلىرى نېمە؟ ئۇنداقتا خىتاي نېمىگە ئاساسلىنىپ ئۆزى قويىۋالغان ئىسىم «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستان خەن دەۋرىدىن تارتىپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى“ دەپ قارىسىغا ھۆكۈم قىلالىدى، پەقەت خىتاي زوراۋانلىقتا، قورال كۈچىگە تايىنىپ، سىياسى زوراۋانلىقتا تايىنىپ يۇقىرىقىدەك ھۆكۈم قىلالىدى. بىز بۈگۈن پەقەتلا تارىخچىمىز ئەنۋەر بايتۇرنىڭ ”مىلادى 1763 ـ 1796 ـ يىللاردا چىڭ سۇلالىسى (مانجۇ ـ مەنچىڭ سۇلالىسى) ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىگە كىردى. دۆلىتىمىزنىڭ (ئۇ خىتاينى دۆلىتىمىز دېيىشكە مەجبۇر) بۈگۈنكى زېمىن دائىرىسى دەل مۇشۇ دەۋردە شەكىللەندى“ (”شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى“ 1000 ـ بەت) دېگەن بىر جۈملە سۆزىنى پاكىت قىلىپ، ئۇيغۇرىستاننى بويسۇندۇرالىغان خىتاي ئەمەس، موڭغۇللار بىلەن مانجۇلار ئىكەن، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرىستاننى بويسۇندۇرغان ۋاقتى 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغىلا توغرا كېلىدىكەن، دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز.

ئۇنداقتا نېمىشقا خىتاي ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلدى، دەيمىز؟ بۇ ھۆكۈمنى تارىختا ئاساسلىنىپ قانداق ئىسپاتلايمىز، خىتاينىڭ ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىشى خەلقئارا قانۇنلارغا خىلاپمۇ ياكى ئۇيغۇنمۇ؟ خىتاينىڭ ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى، شۇ ۋاقىتتىكى تارىخى رېئاللىققا ئاساسلىنىپ قانداق ئىسپاتلايمىز، خەلقئارا سىياسەتكە ئاساسلىنىپ قانداق ئىسپاتلايمىز، ئۇيغۇرنىڭ ھېسسىياتىغا تايىنىپ، ئۇيغۇرنىڭ ئەقلىگە تايىنىپ، ئۇيغۇرنىڭ ئىرادىسىگە تايىنىپ قانداق ئىسپاتلايمىز؟ مۇشۇ ماۋزۇلاردا قەلەم تەۋرىتىپ چوڭ ھەجىملىك بىر پارچە ئەسەر يېزىپ، ئۇيغۇر جامائىتىگە تاپشۇرۇش ئالدىدا، 5 ـ ئايدا ئېچىلىدىغان ئۇيغۇر جامائىتى كونفرانسىيىسىگە ئۈلگۈرتىشكە جىددى تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، يېزىشقا تىگىشلىك، ستاتە ئېلىشقا، نەقىل كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك تېما ۋە ماۋزۇلار كۆپىيىپ كېتىپ، يازغانلىرىمىزنى

پاكىتلىق ئىسپاتلاشقا كۆپلىگەن ماتېرىياللارغا ھاجىتىمىز چۈشۈپ، ئانالىز قىلىشقا ۋە ماتېرىياللارنى تەرتىپلىك رەتلەشكە توغرا كەلگەنلىكتىن، قولىمىزدىكى ئىشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇپ، ئۇيغۇرلار زادى نېمە تەلەپ قىلىدۇ، مەيلى خەلقئارا جەمئىيەتتىن ياكى خىتايدىن نېمە ياكى قانداق سىياسى مەمۇرى بىرلىك تەلەپ قىلىدۇ، دېگەن ماۋزۇنى بىرلىك قىلغان ھالدا قىسقىچە ھۆججەتلىك بىر پارچە ماتېرىيال تەييارلاشنى لايىق تاپتۇق.

# ئىككىنچى بۆلۈم

## ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ خەلقئارا سىياسەت ئاساسلىرى

### يىگىرمىنچى باب مۇستەملىكە خىتايدا شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى

1940 - يىلى خىتاي بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا ئەپيۇن ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئاسىيادىكى نوپۇزى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىشكە باشلىدى. ئىنگلىزلەر شاڭگاڭ پورتىنى، پورتىگالىيە ئۆۋمىن پورتىنى زورلۇق بىلەن مانجۇ خاندانلىقىدىن تارتىۋالدى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئەنگلىيە مانجۇ خاندانلىقىنىڭ ئۇيغۇرىستانغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشىغا يول قويغانمۇ بولدى. مۇشۇ قاتاردا يەنە ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر مانجۇ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىدىن شاڭخەي، تيەنجىن، فۇجۇ،خاڭجۇ ۋە نەنجىڭ قاتارلىق چوڭ سودا - تىجارەت پورتلىرىدىن شۇ دۆلەتلەرگە مەخسۇس ئىمتىيازلىق رايون ئاجرىتىپ بېرىشكە زورلىدى. - 1885يىللىرى ئارىلىقىدا فرانسىيە ھىندىچىنى دۆلەتلىرىنى بېسىۋالدى. يەنە بىر تەرەپتىن ياپونىيە كورىيىنى تالىشىشقا باشلىدى. بۇ تالاش - تارتىشلار سەۋەبى بىلەن - 1895يىلى ياپونىيە بىلەن مانجۇ خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدا جاۋۇ دېڭىز ئۇرۇشى پارتلاپ، مانجۇ خاندانلىقى بۇ ئۇرۇشتا قاتتىق مەغلۇپ بولدى. كورىيە ياپونىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى.

شۇ يىلى چار روسىيە لۈيشۈن پورتىنى ۋە لىياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنى ئىشغال قىلىۋالدى. يەنە شۇ يىلى گېرمانىيە شىڭداۋ پورتىنى، ئەنگىلىيە ۋەيىيۋى پورتىنى مانجۇ خاندانلىقىدىن تارتىپ ئالدى. 1898 ـ يىلى چار روسىيە مانجۇرىيىدە تۆمۈر يول تارتىپ، تۆمۈر يولنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن مانجۇرىيىگە ئەسكەر كىرگۈزۈپ، 1900 ـ يىلى پۈتۈن مانجۇرىيە ئۆلكىسىنى بېسىۋالدى. ئەسلىدە بۇ مانجۇرىيە خىتاينىڭمۇ مانجۇرىيىسى ئەمەس، چار روسىيىنىڭمۇ مانجۇرىيىسى ئەمەس، مانجۇلارنىڭ مانجۇرىيىسى ئىدى. شۇنداق قىلىپ مانجۇ خاندانلىقى يۇقىرىقى چەت ئەل دۆلەتلىرىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. ئىمپېراتور گۇۋاڭ شىنىڭ چەت ئەل دۆلەتلىرىنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلماقتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. («شەرقي تۈركىستان تارىخى»)

ئۇنىڭ ئۈستىگە 1900 ـ يىلى مانجۇ خاندانلىقىدا يىخېتۇەن قوزغىلىڭى پارتلىدى. پادىشاھ بۇ ئىنقىلابنى باستۇرالمىدى. ئىنقىلابچىلار بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق چەت دۆلەت ئەلچىخانىلىرىنى قورشاۋغا ئالدى. نەتىجىدە 8 دۆلەت تاجاۋۇزى دەيدىغان چەت ئەل دۆلەتلىرىنىڭ بېيجىڭغا تاجاۋۇز قىلىشى يۈز بېرىپ، ياۋروپالىقلار خىتايدا ئىمتىيازغا ئىگە بولدى.

چەت ئەللەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى، مانجۇ خاندانلىقىنىڭ تاقابىل تۇرالمىغانلىقى، خەلق نارازىلىقىنىڭ كۈچىيىشى نەتىجىسىدە 1891 ـ يىلى جەنۇبىي جۇڭگودا سۇنجۇڭسەن رەھبەرلىكىدە گومىنداڭ پارتىيىسى قۇرۇلدى. (‹شەرقي تۈركىستان تارىخى›)

1911 ـ يىلى مانجۇ خاندانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا خىتايدا جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ رەئىسى سۇنجۇڭسەننىڭ ھۆكۈمىتى تېخى خەلقئارا ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشەلمىگەن، ئۇنىڭ يەنى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئارمىيىسى مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانغا يېتىپ كېلەلمىگەن، قۇرۇلۇش بىلەنلا جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنى دۇنيادا قايسى دۆلەت ئېتىراپ قىلدى؟ بۇ توغرىدا تارىخچىمىز مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا مۇنداق يازدى: مانجۇ خاندانلىقىنىڭ شەرقي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق ئومۇمي ئىشلار ۋالىسى (جاڭجۇڭسى) مەركىزى ھۆكۈمەتتىن يۈز ئۆرىدى يەنى يېڭىلا قۇرۇلغان جۇڭخۇا

مىنگو ھۆكۇمىتىدىن يۈز ئۆردى. شۇنىڭ بىلەن جاڭجۇڭنىڭ مۇستەبىتلىكى شەرقىي تۈركىستاندا ھۆكۈم سۈرگەن بۇرۇنقى ھەر قانداق ھۆكۈمرانىنىڭ مۇستەبىتلىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى.

1 ـ يۈەن شىكەي ئۆلگەندىن كېيىن، لى يۈەن خۇڭ پرېزىدېنت بولغان بولسىمۇ بىراق، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى ھەقىقى تىزگىنلەپ تۇرغان كىشى دۇەن چىرۇي، ۋەزىر قوشۇمچە ئۇرۇش قىلىش مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ئىدى. دۇەن چىرۇي شىمالى مىللىتارىستلار گۇرۇھىنىڭ باشلىقى ۋە ئۇنىڭ مىراسخورى ئىدى. ئۇ، 1914 ـ يىلى يۈەن شىكەي تۈزگەن ئاساسى قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى ماقۇل كۆرەتتى. 1914 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سۇن جۇڭ سەن ئاۋارىچىلىق پەيدا قىلىپ، 1912 ـ يىلى تۈزۈلگەن "ۋاقىتلىق ئەھدىنامە"نى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

دۇەن چىرۇي پارلامېنتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. 1916 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى لى يۈەن خۇڭ قەسەم بېرىپ رەسمى پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇردى. 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى فىڭ گوجاڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنت بولدى.

يۈەن شىكەي ئۆلگەندىن كېيىن، شىمالى مىللىتارىستلار گۇرۇھى باشسىز قېلىپ، فىن گوجاڭ گۇرۇھى بۆلۈنۈپ چىقىپ، (ئامېرىكا بىلەن ئەنگىلىيە قوللايدىغان مىللىتارىستقا ئايلاندى)، دۇەن چىرۇينىڭ ئەنفۇ گۇروھى (ياپونىيە قوللايدىغان مىللىتارىستقا ئايلاندى).

مىللىتارىست يەن شىشەن، شەنشى ئۆلكىسىنى ئىگىلىدى. مىللىتارىست فىڭ يۇ شاڭ غەربى يۈنلىش ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلدى. مىللىتارىست جاڭ زۇڭ چاڭ شەندۇڭ ئۆلكىسىنى ئىگىلىدى. مىللىتارىست چىن تۇڭ مىڭ گۇۋاڭدۇڭ ئۆلكىسىنى ئىگىلىدى. بۇ مىللىتارىستلارنىڭ ئىچىدە كۈچى چوڭراقى جاڭ زولىن ئىدى، مىللىتارىستلار ئۆزلىرىنى كۈچلۈك، چوڭ دەپ سانىغانلىقتىن، ئۆز ئارا يەر تالىشىپ، ئۆزئارا مەركىزى ھۆكۈمەت قۇرۇش ھوقۇقىنى تالىشىپ، ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىپ تۇراتتى. مەقسەتلىرى ئوچۇن ئۆز ئارا ئىتتىپاقداشلارنى ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. يائۇنىڭغا قارشى تۇراتتى يا بۇنىڭغا قارشى تۇراتتى.

ھەربىر مىللىتارىستىنىڭ كەينىدە ھەربىر جەھەتتە قوللايدىغان چەت ئەل دۆلەتلىرى بار ئىدى. شىمالى مىللىتارىست جاڭ زولىن ياپونىيىگە تايىناتتى، مىللىتارىست ۋۇفاڭ فۇ ئەنگلىيىگە تايىناتتى، مىللىتارىست فىڭ يۇشاڭ چار روسىيىگە تايىناتتى. ئۇيغۇرىستاننى بېسىپ ياتقان ياڭ زىڭ شىڭ، جىن شۇرېن، كېيىنكى شىڭ شىسەي قاتارلىق خىتاي مىللىتارىستلىرى چار روسىيىگە، سوۋېتلەر روسىيىسىگە تايىناتتى. مىللىتارىست سۇن چۇەن فاڭ بولسا، ئامېرىكىغا تايىناتتى. جۇڭگودا مىللىتارىستلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىچكى يېغىلىق، ئىچكى ئۇرۇش ئەمەلىيەتتە چەت ئەل دۆلەتلىرىگە گۇماشتا بولغان خىتاي گۇماشتىلار ئوتتۇرىسىدىكى يېغىلىق ۋە ئىچكى ئۇرۇش ئىدى.

مىللىتارىست جاڭ زولىن باشقۇرۇۋاتقان خىتايچە شەرقىي شىمال دەپ ئاتىلىدىغان ئەسلىدىكى مانجۇرىيىدە، ئاران 3% ئەتراپىدا كۆچمەن خىتاي بار ئىدى. ياپونىيىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا تايىنىپ مانجۇرىيىدە تەرەققىي قىلغان ئېغىر سانائەتنىڭ سالمىقى 90% تىن ئېشىپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا ئەسلى خىتاينىڭمۇ بۇنچىلىك سانائەت ئاساسى يوق ئىدى. جاڭ زولىن سۇن جۇڭسەن بىلەن بىرلىشىپ بېيجىڭنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئەسكەر باشلاپ سوۋېتلەرنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئەلچىخانىغا قېچىپ كىرىۋالغان، ئەسلىدە كوممۇنىستىك پارتىيىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى ھېسابلانغان لى دا جاۋنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈردى.

ئۆلگىلىك ئۆلكە باشلىقى دەپ ئاتالغان مىللىتارىست يەن شى شەن ياپونىيىدە ئوقۇغان، 1911 ـ يىلى خىتاي مۇستەقىللىق جاكارلىغاندىن باشلاپ 1949 ـ يىلى خىتاي ئىككىنچى قېتىم مۇستەقىللىق جاكارلىغىچە شەنشى ئۆلكىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مۇستەقىل پادىشاھلىقىدا نۇرغۇن ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. يەن شى شەننىڭ شەنشى دۆلىتى ئۇنىۋېرسال مىللىتارىزىملىق دۆلەت بولۇپ، مىللەتچىلىك، ھۆكۈمەتسىزلىك، دېموكراتىيە، كاپىتالىزىم، كومىنىزىم، شەخسىيەتچىلىك، جاھانگىرلىك، ئالەمچىلىك، ئائىلىۋى ھۆكۈمرانلىقتىن ئىبارەت داشقايناق ھالەتتىكى مىللىتارىست ھاكىمىيەت ئىدى.

(”بوشۇن“ تور بېتى)

1928 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى جياڭ جېشى سەددىچىنىڭ ئىچىدىكى بۆلۈنمە ھالەتكە خاتىمە بېرىپ، سەددىچىنىڭ تېشىدىكى، ئۇيغۇرىستان، تىبەتتىن باشقا بارلىق ئۆلكىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەندە، ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان سەددىچىنىڭ ئىچىدىكى مىللەتارىست ھاكىمىيەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ھېسابلىناتتى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنى جياڭ جېشى سەددىچىنىڭ ئىچىدىكى بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەندە، تۈنجى بولۇپ، جياڭ جېشىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. بىراق، جياڭ جېشىنىڭ دۆلەت ئارمىيىسى تېخى ئۇيغۇرىستان بۇ دۆلەتكە يېتىپ كېلەلمىگەن. جياڭ جېشىنىڭ ئارمىيىسى ھە دېگەندە بۇ ئۆلكىگە يېتىپ كېلەلمەيتتى. چۈنكى بۇ ئۆلكىگە ئاتاقتا خىتاي مىللەتارىست ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرىستان دەسلىۋىدە چار روسىيىنىڭ كېيىنچە سوۋېتلەرنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ بولغان. بۇ ھال خەلقئارا سىياسەتتە تەسىر دائىرە بۆلۈۋېلىش دەپ، ئاتىلاتتى. بۇنداق ئۆلكىنى يەنە ئۇيغۇرىستاننى يەنە نېمىگە ئاساسلىنىپ خىتاينىڭ تېررىتورىيىسى دېگىلى بولىدۇ؟

ئۇيغۇرىستاننىڭ بۇ ۋاقىتتىكى مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى تارىخچىمىز مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

2 ـ مانجۇ ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ۋە خىتاينىڭ جۇمھۇرىيەت دەۋرىدە ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ خىتايدىكى ئىمتىياز ۋە ھوقۇقلىرى دۇنياغا ئايان بولغان بىر ھەقىقەتتۇر. لېكىن شەرقىي تۈركىستاندا جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىنىشتىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى، چار روسىيە ۋە ئىنگلىز كونسۇللىرى ۋە ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان پۇقرالىرى ئىگە بولغان ئىمتىياز كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە ئالاھىدە ئىدى.

ئىنگلىزلەر، چار روسىيىلىكلەر ئىمتىيازغا ئېرىشكەن دەۋرنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ زىيالىيلىرى ”ئىككى يېرىم ھۆكۈمەت دەۋرى“ دەپ ئاتىغان.

يەنى بىر ھۆكۈمەت چار روسىيە كونسۇللىقىنى كۆرسەتسە، ئىككىنچى ھۆكۈمەت ئەنگلىيە كونسۇلىستىۋالىقىنى كۆرسەتكەن. بۇ ئىككى ھۆكۈمەت

شەرقىي تۈركىستاندا ئوخشاش ھوقۇق ۋە ئىمتىيازغا ئىگە بولغان. ئەمدى بۇنىڭ ئىچىدىكى ”يېرىم ھۆكۈمەت“ مانجۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تەيىنلىگەن قورچاق ۋالىسىنى كۆرسىتىدۇ. قورچاق ۋالى شەرقىي تۈركىستاندا ھېچ قانداق ئىمتىيازغا ئىگە بولمىغاچقا يېرىم ھۆكۈمەت دەپ ئاتالغان.

چار روسىيە ۋە ئەنگلىيە كونسۇللىرى مانجۇلارنىڭ قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇيغۇرىستاندا خەلقئارا قانۇننىمۇ دەپسەندە قىلىپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھەرىكەت قىلاتتى. چار روسىيە كونسۇلخانىسى ئالدىدا چار روسىيىنىڭ پىيادە قورallıق ئەسكەرلىرى ھەتتا توپچى قىسىملىرى بار ئىدى. ئىنگلىز كونسۇلخانىسىنىڭ ئەسكەرلىرى بولمىسىمۇ، ئادەملىرى كۆپ، پۇقرالىرى كۆپ، ھوقۇق ۋە ئىمتىياز جەھەتتە چار روسىيە كونسۇلخانىسىدىن ھەر گىز قېلىشمايتتى.

بۇ كونسۇللارنىڭ گېپىنى مانجۇلار ئۇيغۇرىستانغا بەلگىلىگەن ۋالىلار، دوتەيلەر رەت قىلالمايتتى. ئەكسىچە چار روسىيە، ئەنگلىيە كونسۇلىستىۋالىرى، مانجۇلار ئۇيغۇرىستانغا بەلگىلىگەن دوتەي، ۋالىلارنىڭ گەپلىرىنى خالىغان ۋاقىتتا رەت قىلاتتى. ئۇيغۇرىستاننىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە، ئەنگلىيە، چار روسىيە كونسۇللىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ۋاكالىتەن ئىش باشقۇرىدىغان ”ئاقساقال“ ئۇنۋانىدىكى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرى قويۇلغان بولاتتى. بۇ ئاقساقاللار شۇ شەھەرلەردە، مانجۇلار بەلگىلىگەن ئامباللاردىنمۇ ئۈستۈن ئىمتىيازغا، ئۈستۈن ھوقۇققا ئىگە ئىدى. بۇ كونسۇللار ئۇيغۇرىستانلىق كىشىلەردىن خالىغان كىشىلەرنى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ پۇقرالىقىغا ئېلىپ، پۇقرالىق گۇۋاھنامىسى بېرىش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە ئىدى. ئىنگلىز ۋە روس پۇقرالىرىنىڭ دەۋالىرىنى ئۆز كونسۇلى ۋە ئاق ساقاللىرى سوراپ ھەل قىلاتتى. مانجۇلار قويغان ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۇلارنىڭ دەۋا ئىشلىرىغا ئارىلىشالمايتتى. ئەگەر بىر نەپەر ئۇيغۇرىستانلىق بىلەن بىر نەپەر روس ياكى بىر نەپەر ئىنگلىز دەۋالىشىپ قالسا، بۇ دەۋانى كونسۇل ياكى كونسۇل بېكىتكەن ئاق ساقاللار بىر تەرەپ قىلاتتى. كونسۇللار ئۆز پۇقرالىرىنىڭ يېنىنى ئېلىپ، دەۋا ئىشلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ زىيىنىغا ھەل قىلاتتى. ئەگەر كونسۇللار ۋە ئۇلارنىڭ پۇقرالىرىغا

مۇناسىۋەتلىك دەۋالار مانجۇلار بەلگىلىگەن ئامبال ياكى قازىلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالسا، ئۇلار بۇ دەۋانى كونسۇللارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولاتتى.

روس ۋە ئىنگلىز پۇقرالىرى تىجارەت بېجى تۆلمەيتتى ياكى يېرىم باج تۆلەيتتى. دوتەي ۋە ئامباللار، كونسۇل ۋە ئاق ساقاللارنىڭ تەلىپىنى دەرھال قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئەگەر قارشىلىق كۆرسەتسە ئۇلارنىڭ ئاھانىتىگە ئۇچراش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، بۇ ئامباللارنى كونسۇللار، مانجۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلىرىغا شىكايەت قىلىپ، ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاتقۇزاتتى. روس ۋە ئىنگلىز پۇقرالىرى ئۇيغۇرىستاندا زېمىن سېتىۋېلىشتا ئەركىن ئىدى. يەرلىك خەلققە زىيان يەتكۈزسىمۇ بۇنى ھېچ كىم سورىمايتتى. يېزىلاردا روس ۋە ئىنگلىز پۇقرالىرى دېھقانچىلىق بېجىدىن باشقا ئالۋاڭ ـ ياساق تۆلىمەيتتى.

خەلقنىڭ تېرىغان زىرائەتلىرى سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ كەتسىمۇ، ئالدى بىلەن ئەنگلىيىلىك، چار روسىيىلىك پۇقرالارنىڭ زىرائەتلىرىگە ۋە باغلىرىغا سۇ بېرىلەتتى. روس ۋە ئىنگلىز پۇقرالىرىنىڭ، روس ۋە ئىنگلىز كونسۇللىرىنىڭ بۇنداق چەكسىز ھوقۇق ئىمتىيازلىرى، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلدى. ئۇرۇشتىن كېيىن روس ئىمپېراتورلىقى ئاغدۇرۇلدى ۋە ئۇيغۇرىستاندىكى روس كونسۇلخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

(ھەي، تارىخ) . بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىنگلىز كونسۇلخانىسىنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى پائالىيەتلىرىمۇ ئاجىزلىشىپ قالدى.

تەھلىل:

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئەپەندى خاتىرىلەپ قويغان، تارىخى خاتىرىنىڭ مەزمۇنلىرىغا ئاساسلانساق، ئۆزۈپ ئېيتىشقا بولىدىكى ـ 20ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپلا چار روسىيە ۋە ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقى ئىقتىسادى ئىشلار بويىچە، دىپلوماتىيە ئىشلىرى بويىچە، ھەربى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى بويىچە شەرقىي تۈركىستانغا سىڭىپ كىرگەنلىكىنى ھەتتا ئولتۇراقلىششقا پۇقرالىرىنىمۇ باشلاپ

كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

چار روسىيە ۋە ئەنگلىيە كونسۇللىرىنىڭ ھۆكۈمەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىشىدەك، بۇ ھوقۇق، قارىماققا ئۇيغۇرىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مانجۇلارنىڭ چار روسىيە ۋە ئەنگلىيىگە بېرىۋەتكەن خالىسانە ئىمتىيازى ئەمەس. بۇ ئىمتىياز ۋە ھوقۇق، باشقۇرۇش جەھەتتىن قالپاقلىق مانجۇلاردىن ئۇستۇن ئورۇندا تۇرغان، چار روسىيە كونسۇلىستىۋالىقى، ۋە ئەنگلىيە كونسلىستىۋالىقى ئومۇميۈزلۈك مەمۇرىيەت تىكلىمىگەن بولسىمۇ، چار روسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئۇيغۇرىستانىنى ئەمەلىيەتتە مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان بولىدۇ. تارىخنى قىياس قىلىشقا بولمايدۇ ئەگەر قىياس قىلىشقا بولىدىغان بولسا، 20 ـ ئەسىرنىڭ 10 ـ 20 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى قوزغالمىغان بولسا، روسىيىدە قىزىل پاچاقلارنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقلابى قوزغالمىغان بولسا، ئۇيغۇرىستان ياكى ئەنگلىيىنىڭ (ھىندىستاندىكى ئەنگلىيە) ياكى چار روسىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالاتتى. ياكى ئەنگلىيە بىلەن چار روسىيە بىرلىشىپ ئۇيغۇرىستانىنى تولۇق مۇستەملىكە قىلغان بولاتتى. مۇستەملىكىچىلىكنى تاللىۋېلىش بۇ ھارامنى تاللىۋېلىشقا بارابەردۇر. ئەگەر مۇستەملىكە بولۇش پېشانەڭگە پۈتۈلگەن بولسا ئۇ چاغدا نېمىنى تاللىۋېلىشىڭ مۇمكىن؟

تەھلىلىمىزگە ئاساسلانغاندا مۇستەملىكە دەپ جاكارلانمىغان ئەمما ئەمەلىيەتتە روسىيە بىلەن ئەنگلىيە كونسۇللىرىنىڭ كونتۇروللىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان ئۇيغۇرىستانىنى قانداق بىر ئۆلكە دېيىش كېرەك. مۇشۇنداق ئەھۋالدا مانجۇ خاندانلىقىنىڭ ئۇيغۇرىستانغا بەلگىلىگەن گوبېرناتۇر، جاڭجۇڭلىرى قورچاق ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان بولامدۇ، "شىنجاڭ ئەزەلدىن تارتىپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى" دېگەن سەپسەتە يەنە نومۇسسىز ھالەتتە ئاشكارا بولغان بولامدۇ؟" ئۇيغۇرىستاندىكى ختاي مىللەتارىستلار مەركىزى ھۆكۈمەتتىن يۈز ئۆرىدى دېگەندەك" ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىق جاكارلىمىغان مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلاندى دېگەنلىك بولامدۇ؟ 1911 ـ يىلى ختايدا غەلىبە قىلغان، غەلبە قىلپلا ختاينى ئىچكى ئۇرۇشقا سۆرەپ

كىرگەن شىنخەي ئىنقىلابى ۋە مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بىلەن ھالدىن كەتكەن خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مەيلى گومىنداڭ بولسۇن، مەيلى كىم بولسۇن قايسىسى ئۇيغۇرىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلالىشى مۇمكىن ئىدى؟

## يىگىرمە بىرىنچى باب گومىنداڭ خىتايلىرىنىڭ قانۇنىدا نېمە دېيىلدى؟

خىتاينىڭ مۇستەملىكچى كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇيغۇرىستانغا مىللىي ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن بۇرۇن 1943 ـ يىلى خىتاينىڭ گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئارمىيىسى ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. كوممۇنىست خىتاينىڭ نەشىر ئەپكارى ”رىنمىن رىباۋ“ ساختىپەزلىك بىلەن تارىخ ياساپ ئۇيغۇرلارغا قارىتىپ ھازىرغىچە غالجىرلىق بىلەن تەشۋىق ـ تەرغىبات قىلىۋاتقان بولسا، ئەينى چاغدا گومىنداڭ خىتايلىرىنىڭ ”جۇڭيالىڭ رىباۋ گېزىتى“ مۇ تارىختىن بېرى ۋە ھازىرمۇ پىتنە ـ پاسات تارقىتىشنىڭ، ساختىپەزلىك ۋە كاززاپلىقنى تەرغىپ قىلىشنىڭ مەنبىئى بولۇپ كەلگەن. شۇ ئارقىلىق خىتاي گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ بىر ئارالغا، خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ بىر قۇرۇغلۇقتا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى ساقلاپ كەلگەن. خىتاينىڭ پەقەت 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىلا چەت ئەللىك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ يول قويىشى، كۆشكۈرتىشى، ياردەم قىلىشى ئارقىلىقلا ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان تۆۋەندىكى پاكىتلارغا نەزەر ئاغدۇرايلى:

تەيۋەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زۇۋانى ھېسابلانغان ”جۇڭيالىڭ رىباۋ“ 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ”شىنجاڭ بىزنىڭ ئەزەلىي تۇپرىقىمىز، شىنجاڭ مۇستەقىللىقىغا قارشى تۇرۇمىز“ ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبىرى رابىيە قادىردەك مۇنداق پېرسوناژلارنىڭ تەيۋەنگە كېلىشىنى ھۆكۈمەت قانداق ئۇيلىشىشى كېرەك ؟ دەپ رېتورىك سوئال قويىدى.

بۇ ماقالە ۋە بۇ خىل رېتورىك سوئالغا قارىتا بىزنىڭ پىكرىمىز مۇنداق: ئەگەر تەيۋەنلىكلەر ئۆزلىرى ئېيتقاندەك، تەيۋەن دېموكراتىك دۆلەت ھېسابلانسا، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتى

بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەر قانداق كىشىنىڭ تەيۋەنگە بېرىش ۋە تەيۋەنگە كېلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

ماقالىدا: "جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسى قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ ھېلى ھەم بىزنىڭ ئەزەلى تۇپرىقىمىز، جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى، تەيۋەن مۇستەقىللىقىغا قارشى تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە شىنجاڭ مۇستەقىللىقىغىمۇ قارشى تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭ مۇستەقىللىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ تەيۋەننىڭ چېگرىسىدىن كىرىشىنى رەت قىلىدۇ. بۇ ئىشىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق بىلەن ھېچ قانداق ئالاقىسى يوق دېيىشتى.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، خىتاينىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولسۇن ياكى خىتاينىڭ گومىنداڭ پارتىيىسى بولسۇن، پارتىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك ۋە ئاجىزلىقنىڭ دەرىجىسى ناھايىتى ئاز پەرقلەنسىمۇ، لېكىن خىتاينىڭ بۇ پارتىيىلىرى، ئۇيغۇرلارنى، تىبەتلەرنى باستۇرۇش جەھەتتە بۇ ئىككى مۇستەملىكە مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىنى بوغۇپ تاشلاش جەھەتتە، ئىككى پارتىيە بىر جاڭگالنىڭ ياۋا تۈڭگۈزلىرى ئىدى.

تەيۋەننىڭ "جۇڭيائاڭ رىباۋ گېزىتى" شىنجاڭ ئەزەلى بىزنىڭ تۇپرىقىمىز، دىدى. بىراق، خىتاي گومىنداڭى ئۈچۈن سابىق سوۋېتلەرنىڭ، ئۇيغۇرىستان مەسلىسى بويىچە گومىنداڭ خىتايلىرىغا ياردەم بېرىشتىن ئېيتقاندا، "سوۋېتلەرنىڭ خىتايغا ياردەم قىلىپ، ياپونىيىنىڭ قولىدىن شەرقىي شىمالنى ئېلىپ بەرگەنلىكى، ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغاپ، سابىق سوۋېتلەرنىڭ قولىدىن ئۇيغۇرىستاننى ئېلىپ بەرگەنلىكى ياكى ئامېرىكىنىڭ ياردىمى بىلەن خىتاينىڭ تەيۋەن ياكى مانجۇرىيىگە ئېرىشكەنلىكى ئانچە چوڭ پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. ("رەقىپلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار" ئۇيغۇرچە نەشرى). خىتاي بۇنىڭ ئۈچۈن نېمە بەدەل تۆلىشى مۇمكىن ئىدى؟ خىتاي مەن كوممۇنىستىك پارتىيە دەپ، يالۋۇرۇپ ستالىندىن ئۇيغۇرىستاننى تەلەپ قىلىشى كېرەك ئىدى. خىتاي گومىنداڭچۇ؟ مەن خىتاينىڭ ئىچكى بازىرىنى ئامېرىكىغا، ياۋروپاغا ئېچىپ بېرىمەن، مەن جۇڭگو قۇرۇقلىقىنى قۇرۇقلۇقتا ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان جەڭ مەيدانىغا ئايلاندۇرۇپ بېرىمەن دەپ

روزۋېلتقا، ئامېرىكىغا يالۋۇرۇپ مانجۇرىيىنى، تەيۋەننى، ئۇيغۇرىستاننى جۇڭگوغا قوشۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشى كېرەك ئىدى. گومىنداڭ خىتايلىرىنىڭ رەئىسى جياڭ جېشىنىڭ دۆلەت قۇرۇش تارىخى ئەنە شۇنداق تارىخ ئەمەسمىدى؟ كوممۇنىست خىتايلارنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭنىڭ دۆلەت قۇرۇش تارىخمۇ يەنە شۇنداق تارىخ بولغان ئەمەسمىدى؟

”جۇڭگىياڭ رىباۋ گېزىتى“ نىڭ تەھرىرلىرى، ئەپەندىلەر! سىلەر نېمىگە ۋە قايسى قانۇنغا ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇرىستان ئەزەلى بىزنىڭ تۇپرىقىمىز، دېيىشكە قانداق پېتىندىڭلار ئەپەندىلەر؟ ”جۇڭگىياڭ رىباۋ گېزىتى“ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسى قانۇنلىرىنى قەلەمگە ئاپتۇ. كۆرۈپ باقايلى، گومىنداڭ خىتايلىرىنىڭ قانۇنلىرىنى!

جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان، 1911 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ”جۇڭخۇا مىنگونىڭ ۋاقىتلىق قانۇنى“ ئېلان قىلىندى. بۇ قانۇننىڭ 3 ـ ماددىسىدا: جۇڭخۇا مىنگونىڭ تېررىتورىيىسى 22 ئۆلكە، تاشقى موڭغۇلىيە، شىزاڭ ـ تىبەت ۋە چىڭخەينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

2 ـ جۇڭخۇا مىنگونىڭ ـ 20يىلى ئېھتىمال مىلادى 1931 ـ يىلى بولسا كېرەك، ”جۇڭخۇا مىنگونىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەزگىلى قانۇنى“ ئېلان قىلىندى. بۇ قانۇننىڭ 1 ـ مادد ىسىدا: جۇڭخۇا مىنگونىڭ تېررىتورىيىسى ھەر قايسى ئۆلكىلەرنى جۇملىدىن موڭغۇلىيە ۋە تىبەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. «شىنجاڭ» دېگەن ئىسىم يۇقىرىدىكى ئىككى قانۇننىڭ ھەر قانداق بىرسىگە، بىر ئىسىم ئورنىدا كىرگۈزۈلمىگەن. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئاساسى قانۇنى يېڭىلىنىپ تۇرغان باشقا ۋاقىتلاردا «شىنجاڭ» دېگەن ئىسىم بەزىدە قانۇنلارنىڭ ماددىلىرىغا كىرگۈزۈلگەن، بەزىدە ئاساسى قانۇننىڭ ماددىلىرىغا كىرگۈزۈلمىگەن. بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبى نېمە، قانۇننىڭ بۇنداق ئىشلىنىشى نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟ چۈنكى، خىتاينىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى، «شىنجاڭ» دەپ خىتايلار ئىسىم قويىۋالغان بۇ تۇپراق ئۇيغۇرىستانغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا ئەسلا ئىشەنمىگەن، شۇڭا بۇ «شىنجاڭ» دېگەن ئىسىمنى بەزىدە ئاساسى قانۇنلىرىنىڭ ماددىلىرىغا كىرگۈزگەن،

بەزىدە ئاساسى قانۇنلىرىنىڭ ماددىلىرىغا كىرگۈزمىگەن. كوممۇنىست خىتاي پارتىيىسىنىڭ داھىسى ماۋزېدۇڭ، يازغان ماقالىلىرىدا "شەن گەن نىڭ بىيەنچۈ" دەپ ئىشلەتكەن. ماۋزېدۇڭ، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشا ئۆلكىلىرىنى چېگرا رايون دەپ ئاتىغاندا قايسى دۆلەتكە نىسبەتەن شۇنداق ئاتىغان ئىدى؟

ئۇيغۇرىستان دۆلىتىگە نىسبەتەن شۇنداق ئاتىغان بولمامدۇ؟

خەلقئارادا ئەكسىيەتچى دۆلەتلەرنىڭ يول قويىشى ۋە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانلىق ئۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا كېلىپ قېلىشى ئارقىسىدا، خىتاينىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئارمىيىسى 1943 ـ يىلى 2 ـ 1 ـ ئايلاردا 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇرىستانغا ئاتالمىش «شىنجاڭ» غا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. مانا بۇ خىتاينىڭ تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1944 ـ يىلى ئۇيغۇرىستاندا قوراللىق مىللى دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتلىدى. ئۇيغۇرنىڭ قورال تۇتقان ئوغلانلىرى خىتاي مىللەتارىست شىڭ شىسەينىڭ ياللانما قوشۇنلىرىنى ۋە گومىنداڭ خىتايلىرىنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنلىرىنى بىتچىت قىلىپ، تارمار قىلىپ بولۇپلا، شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىنىڭ غۇلجا شەھرىدە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرۇپ چىقتى. گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭدا پۇت تىرەپ تۇرالىشى 2 يىل ۋاقىتقىمۇ يەتمىدى.

خىتايلارنىڭ تۇراقلىق ئىبارىلىرى ئىچىدە "قورودىن قاڭقىپ چىقىپ كەتكەن بايتال قولۇنلاپ كەپتۇ" دەيدىغان بىر ھېكمەتلىك تۇراقلىق ئىبارىسى بار. ماۋزېدۇڭنىڭ دىپلوماتىك سۆز ـ ئىبارىلىرى، يالۋۇرۇشلىرى ۋە جيياڭ جېشىنىڭ دىپلوماتىك سۆز ـ ئىبارىلىرى ۋە يالۋۇرۇشلىرى، خىتاي بايتاللىرىنىڭ قولۇنلاپ كېلىشلىرىگە تۈرتكە بولدى بولغاي، 1945 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قىرىم ئۆلكىسىنىڭ يالتا شەھرىدە چاقىرىلغان خەلقئارا "يالتا شەرتنامىسى" نىڭ رامكىسى ئىچىدە، 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى موسكۋادا "جۇڭگو، سوۋېت شەرتنامىسى" ئىمزالىنىپ، جيياڭ جېشى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرىستان «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان بۇ زېمىنغا ئىگە

بولـدى. 1950 ـ يىلـى 2 ـ ئاينـاڭ 14 ـ كۈنـى يەنـە "يالتـا شەرتنامىسـى" پىرىنسـىپلىرىنىڭ ئىچىـدە موسكۋادا ماۋزېـدۇڭ بىلەن سـتالىن "جۇڭگو ـ سـوۋېت دوسـتلۇق، ھەمكارلـىق شەرتنامىسـى" نـى ئىمـزالاپ، ماۋزېـدۇڭ ئىككىنچى قېتىم ئۇيغۇرىسـتان «شـىنجاڭ» دەپ ئاتىلـىپ قالغـان بـۇ زېمىنغـا ئىگـە بولـدى.

قېنـى، جۇڭگـياڭ رىباۋ"غا بـاش ماقالە يازغۇچـى تەيۋەنلىك تەھرىـر جاناپلار! ئۇيغۇرىسـتان "شـىنجاڭ ئەزەلـى جۇڭخـۇا مىنگونـىڭ تۇپرىقـى" مىكـەن ياكـى خىتاينـىڭ قورودىـن قاڭقىـپ چىقىپ كەتكـەن بايتاللىـرى قولغۇنـلاپ كەلگەندەك، ئۇيغۇرىسـتان «شـىنجاڭ» دەپ ئاتىلـىپ قالغـان بـۇ زېمىن خىتايغا چـوڭ دۆلەتلەر تەرىپىدىـن قوشـۇپ بېرىلگەنمىكەن؟

خىتـاي گومىنداڭىنـىڭ ئاساسـى قانۇنلىرى توغرىسـىدىكى گەپلـەر ("خەلقئارا كىشـىلىك ھوقـۇق قانۇنلـىرى توپلىمـى" 1990 ـ يىلـى 10 ـ ئايـدا "سـىچۇەن خەلـق نەشـرىياتى تەرىپىدىن خىتاي تىلىدا نەشـىر قىلغان نوسخىسـىدىن ئېلىندى)

2 ـ 1943 ـ يىلى سۇڭ مېيلىن «شىنجاڭ»غا نېمىشقا كەلگەن ئىدى؟

1943 ـ يىلـى كـۈزدە جىيـاڭ جېشـى كۈتۈلمىگەنـدە لەنجۇدا پەيـدا بولدى. ئـۇ، ئۇچـۇش ئالدىـدا تۇرغـان، ئامېرىكىدا ياسـالغان يۇك ئايروپىلانىنىڭ شوتىسـى يېنىـدا تۇراتتـى... جىيـاڭ جېشـى خۇتۇنـى سـۇڭ مېيلىننـى ئۇزىتىشـقا كەلگـەن ئىـدى... سـۇڭ مېيلـىن نېمىشـقا شـىنجاڭغا كەلمەكچـى بولـدى، يەنـە نېمىشـقا ئامېرىكىـدا ياسـالغان يـۈك ئايروپىلانىغـا ئولتـۇرۇپ كەلمەكچـى بولـدى؟ سـۈن مېيلـىن يېقىنـدا نـەدە ئىـدى، ـ 2ئـاي ـ 5 ئايـلاردا سـۇڭ مېيلـىن ئامېرىكىـدا دۆلـەت مەجلىسـىگە دوكلات بەرگـەن ئىدىغـۇ؟ شـۇنداق تېـز سـۈرئەتتە ھـە، نېمىشـقا ئۇيغۇرىسـتان «شـىنجاڭ» دەپ ئاتىلـىپ قالغـان بـۇ زېمىننـىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىگـە كېلىدىغـان بولـۇپ قالـدى؟

ئامېرىكىـدا ياسـالغان، سـۇڭ مېيلـىن ئولتۇرغـان ئايروپـىلان 1943 ـ يىلـى 8 ـ ئاينـىڭ 30 ـ كۈنـى ئۈرۈمچىگـە يېتىـپ كەلـدى. "ئايدۇرومدا چـوڭ چەمبىرەك شـەكلىدە تىزىلغـان مىڭلىغـان، ئـون مىڭلىغـان كىشـىلەر بايراقلارنـى پولاڭلىتىـپ قىزغىـن قارشـى ئالـدى" دېيىلىپتـۇ، يازمىـدا. ئۈرۈمچىـدە ئايدۇرومغـا چىققـۇدەك

شۇنچىلىك خىتاي كىشى بارمىدىكىنە، شۇ چاغدا؟

شىڭ شىسەي تەييارلىغان زىياپەتتە سۇڭ مېيلىن سۆز قىلىپ: "مەن بۇ قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ، ناھايىتى خۇشاللىق ھېس قىلدىم. بىزنى كاتتا كۈتۈپ ئالغىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. «شىنجاڭ» شىڭ دۇبەننىڭ باشقۇرۇشىدا ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ..." دېدى.

1943 ـ يىلى كۈزدىن باشلاپ شىڭ شىسەي، سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل بارلىق شوئار، لوزۇنكىلارنى يىرتىپ تاشلىدى..." شىڭ شىسەي قانداقسىگە يۈرىكىنى شۇ دەرىجىدە قاپتەك قىلالىدى؟

"1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئېچىلغان بىر نەچچە قېتىملىق (خەلقئارالىق) چوڭ دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىدا، جىياڭ جېشىنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانلىرىدىن بىرى ئەنگلىيە، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۆۋەتتە جۇڭگونىڭ تېررىتورىيە توغرىسىدىكى باياناتىنى ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى"، بۇ دېمەك، چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا دائىمى تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ رايونلار مەسىلىرىگە، ئاز سانلىقلار، كىچىك مىللەتلەر ياشايدىغان تېررىتورىيىلەرنى قايسى دۆلەتنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئايرىپ بېرىشكە ماقۇل بولۇش ئارقىلىق چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەشكە بېرىپ چېتىلاتتى.

جىياڭ جېشىغا نىسبەتەن "ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش" تىن ئېيتقاندا، "مانجۇرىيە، تاشقى موڭغۇلىيە ۋە تەيۋەنگە بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش دېگەنلىك ئىدى". ئامېرىكىلىق يازغۇچى جۇن گارۋېر بۇ يەردە ئۇيغۇرىستان «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان بۇ زېمىننىڭ ئىسمىنى نېمىشقا قەلەمدىن چۈشۈرۈپ قويىدى؟ ياكى خىتاي تەرجىمان چۈشۈرۈپ قويدىمۇ؟

سۇڭ مېيلىن 1943 ـ يىلى 2 ـ ئايدا روزۋېلىت بىلەن سۆھبەتلەشكەندە بۇ تەلەپلەرنى "مانجۇرىيە، تەيۋەن، تاشقى موڭغۇلىيە، «شىنجاڭ» قاتارلىق رايونلاردا گومىنداڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش مەسىلىسىنى

روزۋېلتنىڭ ئالدىغا قويغان ئىدى، دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئەگەر سۇڭ مېيلىن تاشقى موڭغۇلىيە، مانجۇرىيىلەر قاتارىدا «شىنجاڭ» مەسىلىسىنىمۇ روزۋېلتنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسا، 1943 ـ يىلى 2 ـ 1 ـ ئايدا جياڭجېشى گومىنداڭنىڭ 100مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئارمىيىسى ئۇيغۇرىستان، «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان بۇ زېمىنغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرەلمىگەن بولاتتى. سۇڭ مېيلىن ئۆزىمۇ ئامېرىكىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، ئۇيغۇرىستان «شىنجاڭ»غا، ئۈرۈمچىگە كېلەلمىگەن بولاتتى. 5 ـ 2 ـ ئايلاردا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسىگە دوكلات بېرىپ (بۇ دوكلاتتىن خاتىرە قالدۇرۇلمىغان ئىكەن) يۇقىرىقى تېررىتورىيىلەرنى جۇڭگوغا قوشۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئامېرىكىنىڭ ماقۇل بولۇشىغا ئېرىشمىگەن بولسا، سۇڭ مېيلىن 1943 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە پەيدا بولالمىغان بولاتتى.

”جياڭ جېشىنىڭ ئاساسلىق دىپلوماتىيە ئىستراتېگىيىسى: جۇڭگو ئۆزىنىڭ مىللىي غورۇرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىششى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن جۇڭگونىڭ دۆلەت مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرەتتى. جياڭ جېشى شىنجاڭ، تاشقى موڭغۇلىيە، مانجۇرىيىدىن ئىبارەت قولدىن كەتكەن يەرلەر (بۇ يەرلەر تارىختا چار روسىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان) نى قايتۇرۇۋېلىشى كېرەك ئىدى“ دەپ يازغان ئامېرىكىلىق يازغۇچى جۇن گارۋېر ئەپەندىنىڭ، سۇڭ مېيلىن روزۋېلتنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنىڭ ئىچىدىن «شىنجاڭ» دېگەن ئىسىمنى يازمىسىدا چۈشۈرۈپ قويغانلىقى بۇ يازغۇچىنىڭ خاتالىقىمۇ ياكى خىتاي تىلىغا تەرجىمە قىلغان تەرجىمانىنىڭ مەقسەتلىك خاتالىقىمۇ؟

ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىك ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆز ـ كۆز قىلىش، ئامېرىكىنىڭ 1943 ـ يىلى 4 ـ ئايدا (سۇڭ مېيلىننىڭ تەلەپلىرى بويىچە) ئېرمۇندى كىلوبىنى ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى سوۋېتلەرنىڭ ئالدىدا كۆز ـ كۆز قىلىش، ئۆزىنىڭ ۋاشىنگتوندىكى دىپلوماتىك پائالىيەتلىرىدە غەلىبە قىلغانلىقىنى ستالىننىڭ ئالدىدا كۆز ـ كۆز

قىلىش، شۇ چاغدا خىتاينىڭ گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ دىپلوماتىيە ۋە ھەربىي ئىشلاردا ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە، قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈنلا ۋە «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان بۇ زېمىنغا ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىك ياردەم قىلىشى ئارقىلىق ئېرىشكەنلىكىنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈنلا، سۇڭ مېيلىن 1943-يىلى 8-ئايدا ئۈرۈمچىگە كەلگەن. كەلگەندىمۇ ئامېرىكىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ كەلگەن ئىدى. گومىنداڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇيغۇرىستان، «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان بۇ زېمىندا تۇرۇشقا تەيىنلەنگەن پەۋقۇلئاددە خادىمى ۋۇزېشىياڭنىڭ سۇڭ مېيلىنغا ھەمراھ بولۇپ ئۈرۈمچىگە بىللە كەلگەنلىكى چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردە يەنە نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغاندۇ؟

3) "جىياڭ جېشى شىنجاڭنى قايتۇرۇپ ئالغان" ئىمىش.

... شېڭ شىسەي سوۋېت بولشېۋىكلەر پارتىيىسىگە مەخپىي ئەزا بولۇپ ئۇيغۇرىستان، «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان بۇ زېمىننى سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ قاتارىدىكى بىر جۇمھۇرىيەتكە ئايلاندۇرۇشنى پىلانلىغان. چۇڭ چىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ، ئاخىري 1941-يىلى 6-ئايدا گېرمانىيىنىڭ سوۋېتلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ، سوۋېتلەر ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئەتراپىغىمۇ قارىيالمايۋاتقان بىر چاغدا، شېڭ شىسەينىڭ سوۋېتلەردىن يۈز ئۆرۈپ، گومىنداڭنىڭ قۇچىقىغا قايتىپ كېلىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك پىلانلىدى. 1942-يىلىنىڭ ئاخىرى، 1943-يىلىنىڭ باشلىرىدا مەركىزى ھۆكۈمەت ئارمىيىسى ئۇيغۇرىستان، «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان بۇ زېمىنغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشنى پىلانلىدى.

جىياڭ جۇڭ جېڭ (جىياڭ جېشىنىڭ ئوغلى) رەھبەرلىكىدە جۇڭگو، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئارقىلىق زەئىپلىشىشتىن قايتا تېرىلىپ باش كۆتۈرۈپ، خەلقئارا جەمئىيەتتە كۈچلۈك دۆلەت، تۆت دۆلەتنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى قۇرغان دۆلەت (بەش دائىمى ھەيئەتنىڭ بىرى) بولغان دۆلەتكە ئايلىنىپ، باشقۇرۇشنىڭ سىرتىدىكى قانۇنلۇق ھوقۇق ۋە

تەڭسىز شەرتنامىلارنى بىكار قىلىپ، باج ئېلىش هوقۇقىنى، ۋە كونسۇلسىيەلەرنى (شاڭ گاڭ) دىن باشقا ھەممىسىنى قايتۇرۇپ ئالدى. شەرقىي شىمال (مانجۇرىيە) تەيۋەن، پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرى ۋە ئۇيغۇرىستان، «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان بۇ زېمىننىمۇ قايتۇرۇپ ئالدى. (نومۇسنى بىلمەيدىغاندۇ مۇشۇ خىتايلار، ھەي!) شۇ زېمىنلارنى خىتايغا چوڭ دۆلەتلەر قوشۇپ بەرگەن ئەمەسمىدى؟

بولۇپمۇ تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بىر تەرىپى شۇكى، «شىنجاڭ» جۇڭگونىڭ 6.1 قىسمىغا توغرا كېلىدىغان بۇ زېمىن "ئىككىنچى تاشقى موڭغۇلىيە" بولۇش تەقدىرىگە يۈزلەنگەن ئىدى. سوۋېتلەر روسىيىسى 1937 - يىلى «شىنجاڭ» غا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مىللىتارىست شېڭ شىسەي بىلەن مۇستەملىكە مۇناسىۋەتلىرى شەرتنامىسى ئىمزالاپ، بۇ شەرتنامىنىڭ ياۋۇزلۇق دەرىجىسى ياپونىيە مەجبۇرلاپ، خىتاينىڭ ۋاقىتلىق پىرېزىدېنتى يۈەن شىكەي بىلەن ئىمزالىغان "21 ماددىلىق شەرتنامە"نىڭ ياۋۇزلۇق دەرىجىسىدىن ئالقىپ كەتكەن ئىدى. سوۋېتلەر روسىيىسى «شىنجاڭ»دا كان ئېچىش ھوقۇقى، ئىقتىسادىي مەنپەئەت ھوقۇقى، ئۇيغۇرىستانغا ئاھالە كۆچۈرۈش ھوقۇقى مەمۇرىيەتتە "ھەمكارلىشىش"، ئارىلىشىش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈپ ئېلىپ، روسىيىلىكلەرنى «شىنجاڭ» غا ئەۋەتىپ، «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستاننى سوۋېتلەرنىڭ قانىتى ئاستىدىكى مۇستەقىل پادىشاھلىققا ئايلاندۇرۇۋالغان ئىدى.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب ئۇيغۇرىستاندا ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلىشى

باشتا كۆرۈپ ئۆتكەندەك، ئۇيغۇرنىڭ ئوغلى تەجرىبىلىك سەردار ياقۇپ بەگ بىرىنچى جۇمھۇرىيەتنى قۇرۇپ، پۈتۈن ئۇيغۇرىستاننى بىرلەشتۈرۈپ قۇدرەتلىك ئۇيغۇر دۆلىتى بەدۆلەتنىڭ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈرۈشكە ئاللاھ نېسىپ قىلغاندا، بۇ دۆلەت ئۇيغۇر بەدۆلىتى يەنە باشقا قۇدرەتلىك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتىك مەقسەتلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىپ، يەنە شۇ دۆلەتلەرنىڭ ھىلە - مىكىرلىرى بىلەن مۇنقەرز قىلىندى. بەدۆلەت ياقۇپ بەگ دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلغان دۆلەتلەر چار

روسىيە ئىمپېراتورلۇقى، ئەنگلىيە ئىمپېراتورلۇقى، مانجۇ خاندانلىقى ئىدى.
19 ـ ئەسىرنىڭ ئاۋۋالقى يېرىمىغا يېتىپ كەلگەندە توپ ـ توغرا 49 يىلدىن كېيىن، 1933 ـ يىلى ئۇيغۇرىستاننىڭ قەشقەر ئۆلكىسىنىڭ قەشقەر شەھىرىدە ئىككىنچى قېتىملىق جۇمھۇرىيەت «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلدى.

.... شۇ كۈندىن باشلاپ قەشقەردە، مەمۇرى ئىشلار سابىت داموللا هاجىمنىڭ ۋە ئەسكىرى ئىشلار ئوراز بەگنىڭ مەسئۇلىيىتىدە بىر ھۆكۈمەت تەشكىللىنىپ، «خوتەن ئىدارىسى جەمئىيىتى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مۇشۇنداق بىر پەيتتە، ھىندىستاندىن، تۈركىيىدىن كەلگەن، بەزى «ماجىرا پەرەست» كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشتى. بۇلار ئۆزلىرىنى «چوڭ ئىشلار قىلغان»، «كاتتا بىلەرمەن»، دەپ كۆرسىتىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ھەتتا، ئەسكىرى ئىشلارغا ئارىلاشقىلى تۇردى... بۇلاردىن بەزىلىرى سابىت داموللا هاجىمنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرى بولۇۋالدى. سابىت داموللا هاجىم، خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ ياكى خوجا نىياز هاجىنىڭ پىكرىنى سورىماستىنلا، مىنىستىرلار كابىنىتىنى تەشكىللىدى. (‹شەرقىي تۈركىستان تارىخى›)

1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سابىت داموللا قەشقەردە، ئۆزى باش مىنىستىر ۋە باشقا 16 ئەزادىن تەركىب تاپقان مىنىستىرلا كابىنىتىنى تەشكىللەپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. ھۆكۈمەت كابىنىتى ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە ئۈچ كىشىدىن باشقىسى مىللى ئىنقىلاب كومىتىتى ئەزالىرى بولماستىن، شۇنداقلا خەلقنىڭ نەزىرىدە بۇ خىزمەتكە لايىق ئادەملەرمۇ ئەمەس ئىدى. شۇڭا مەيلى خوتەن ھاكىمىيىتى بولسۇن ياكى خوجىنىياز هاجى بولسۇن بۇ ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلمىدى. (‹شەرقىي تۈركىستان تارىخى» 426 ـ بەت)

سابىت داموللا هاجىم بۇنداق چوڭ ئىشتا ئۆز بېشىمچىلىق قىلماسلىقى كېرەك ئىدى، بۇ كىشىنى ئاقلايدىغان جۈملىلەر بىلەن گەپ قىلساق، بەلكى ئالدىراشقا توغرا كەلگەندۇر، بەلكى شارائىت يار بەرمىگەنلىكتىن خوتەن تەرەپ ۋە خوجنىياز هاجى تەرەپ بىلەن ئالاقە ئورنىتالمىغاندۇ.

سابىت داموللامنى تەنقىد قىلىشقا توغرا كەلسە، بەلكى ئۇيغۇرچە شەخسىيەتچىلىك قىلغاندۇ. بۇ توغرىدا تارىخچىمىز سابىت ئۇيغۇرىنىڭ بايانىغا نەزەر ئاغدۇرايلى:

"سابىت داموللا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ھەر تەرەپتىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنى ئۆزىنىڭ ئەتراپىغا توپلاپ، مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇش تەييارلىقىنى تېزلەتتى. بىراق، ئۇ ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان غوجىنىياز ھاجى بىلەن، خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقلىرى مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرالار بىلەن مەسلىھەتلەشمەي، ئۆز ئالدىغا ئىش ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللىي ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ پەيتىدە قەشقەردە تۈركىيىلىك ئەلى بەي، نەدىم بەي، مۇستافا كەنتلى بەي دەيدىغان تۈرك ئادەملەر پەيدا بولدى. يەنە ئۇزاققا ئۆتمەيلا ئىستانبولدىكى «تۈركىستان بىرلىكى» تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى دوكتۇر مەجىددىن ئەھمەت دالىمبېك دەيدىغان كىشى، ئارقىدىنلا تۈرك ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىكى ئەھمەت سۇرايىيا بېك بىلەن يۈسۈپ ئەپەندىلەر قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ كىشىلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى ئۆز قىنىدىن چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ پانتۈركىستلىق ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ ئىزىغا سالماقچى بولدى. نەتىجىدە سابىت داموللام ئوتتۇرىغا قويغان، غوجا نىياز ھاجىم قوبۇل قىلغان «ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى» دەيدىغان توغرا ئىسىم ۋە دۆلەت نامى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ پانتۈركىزم، پانئىسلامىزىمنىڭ پۈرىقى چىقىپ تۇرىدىغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دەيدىغان ئىسىم قوبۇل قىلىندى. بۇ بىر تارىخى خاتالىق بولغان ئىدى. ("ئۇيغۇر نامە")، (ئۆزىنى ئۆزىنىڭ قولى بىلەن يوقاتقان ئۇيغۇرلىرىم رەھمەت سىلەرگە) ئەمدى قەشقەردە مۇستەقىللىق جاكارلاپ بولغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت قۇرۇشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇيغۇرىستاننىڭ ۋەزىيىتى قانداق ئىدى، دېگەن سوئال بويىچە يەنە تارىخچىمىز مۇھەممەد ئەمىن بۇغراغا مۇراجىئەت قىلايلى:

1 ـ خىتاي پەرەست بەگلەرنىڭ ۋە شەخسى مەنپەئەتلىرىنى دەپ تىنچلىقنى تەلەپ قىلىپ خىتاينىڭ داۋاملىق ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى قوبۇل قىلىدىغان

قالاقلارنىڭ (جەمئىيەت داشقاللىرىنىڭ) جەمئىيەتتىكى نوپۇزىمۇ خېلى كۈچلۈك ئىدى.

پۈتۈن مەملىكەت شەرقىي تۈركىستان مقياسىدا، خەلق ئارىسىدا مۇستەھكەم بىر سياسىي ئاڭالقە ئۇرنىتىشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.

خىتاي مىللەتچىلىرى داۋاملىق قورالىق پوپۇزا قىلىپ، خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ قورقىتىپ تۇراتتى. خەلق قورالسىز ئىدى.

لېكىن كېيىنچە خىتاينىڭ ئىچكى تەرەپلىرىدە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستانغا مانجۇلار بەلگىلىگەن جاڭجۇڭلار، بۈيەر ئۇيغۇرىستاننى ئېغىزدا مەركەزگە تەۋە دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى ـ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇزى ۋە ھۆكۈمرانلىقىدىن تاشقىرى مۇستەقىل بىر ئىدارە تەشكىللىگە (مۇستەقىل بىر دۆلەتكە) ئايلىنىپ قالغانلىقى ئاستا ـ ئاستا خەلققە مەلۇم بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق بۇ يۈرتنىڭ كىمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئويلىنىشقا باشلىدى. خەلق ئۆزلىرىنىڭ «ھەيۋەتلىك» خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئاز سانلىق بىر ئۇچۇم خىتاي كۆچمەنلىرىگە مەھكۇم بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەنسېرى قاتتىق ۋىجدان ئازابى ۋە قاتتىق خىجالەتچىلىك ئىچىدە قالدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئاچكۆز خىتاي كۆچمەنلىرى ھاكىمىيىتىنى بېشىدىن چۆرۈپ تاشلاشنىڭ مۇۋاپىق پەيتلىرىگە ئىزدىنىشكە باشلىدى. («شەرقىي تۈركىستان تارىخى»)

2 ـ 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇرىستان ۋەزىيىتىگە دائىر، ياپونىيىنىڭ ـ 1931يىلى دېڭىزدىن مانجۇرىيىدە قۇرۇغلۇققا چىقىپ، خىتاي دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىشى، ئەمدىلا قۇرۇلۇپ تېخىچە دۆلەت شەكلىگە كېلەلمەيۋاتقان 1928 ـ يىلى قۇدرەتلىك دۆلەت ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، تېخىچە ئورنىدىن تۇرالمايۋاتقان شەرقىي جەنۇبى ئاسىيانىڭ كېسەل كۆرپىسى ئاتالغان خىتاي دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشى ئۈچۈن ئاجايىپ تارىخىي پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنلىكىنى نۇرغۇن تارىخچىلىرىمىز قەلەمگە ئېلىپ باقمىدى.

ئۇيغۇر خەلقى ئەقلىلىق ئىدى. 1931 ـ يىلى مانجۇرىيىدە، مانجۇرىيە دۆلىتى قۇرۇلدى. يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكەنىدەك ياپونىيىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ بۇ دۆلەت قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئاسىيادا پارلىغان يورۇق يۇلتۇزغا ئايلىنىپ قالدى. مانجۇرىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ناھايىتى تېز ئارىدا ئۇيغۇرىستاننىڭ قۇمۇل ئۆلكىسىگە خۇش خەۋەر بولۇپ يېتىپ كەلدى. 1931 ـ يىلى قۇمۇلدا ئىنقىلاب پارتلىدى.

3 ـ تارىختىن بېرى ئۇيغۇرغا دۈشمەن بولۇپ كېلىۋاتقان ئىتتىپاقسىزلىق، يۇرت ئىچىدىكى بايلارنىڭ ۋە "كاتتا" لارنىڭ غەپلەت ئىچىدە قېلىشى، ئاۋام خەلقنىڭ ساۋاتسىز، قابىلىيەتسىزلىكى، بەزى كاتتا كىشىلەرنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى كۆزلەپ مىللەتارىست خىتايلار ھاكىمىيىتىگە باغلىنىپ قېلىشى مىللىتارىست خىتايلارنى، ھۆكۈمرانلىقنى قىيامەتكىچە داۋام قىلدۇرۇش خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى. بىراق ۋەزىيەتنىڭ خەتەرلىك بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلاۋاتقانلارنىڭ سانى يۇشۇرۇن كۆپىيىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مىللىتارىست خىتايلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇيغۇرىستاننىڭ سىياسىي مەسىلىسىنى توغرىدىن ـ توغرا ئۇيغۇرىستان خەلقى بىلەن گومىنداڭ خىتايلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەل قىلىش لازىم دەيدىغان كۆز قاراش بويىچە بىرلىككە كېلىشكەن ئىدى. ئەمما بۇ كۆز قاراشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زىيالىيلار بىر تەشكىلات (پارتىيە ئىچىدە) بىرلىششىلىرى لازىم ئىدى. بۇنداق بىر تەشكىلاتنى قۇرۇش ئۈچۈن تەجرىبىلىك، قابىلىيەتلىك (ئاڭلىق) تەشكىلاتچىلار خەلقنىڭ ئىچىدىن چىقمىقى لازىم ئىدى! يۇقىرىدا تارىخچىمىز مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ بايانلىرىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق.

4 ـ "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نىڭ قۇرۇلىشى ۋە ئۇيغۇر ئەۋلادىغا يېتىپ كەلگەن تەجرىبە ساۋاقلار.

مەيلى نامايىش قىلغاندا بولسۇن، مەيلى تارىختا ئۇرۇش قىلغاندا بولسۇن، مەيلى يازغاندا، تەشكىلاتچىلىق قىلغاندا بولسۇن كىشىلەر ھامان ئىتتىپاقلىقنى تەكرارلاپ كەلدى. ئەمما ئۇيغۇر كىشىلەر بۈگۈنگىچە ئىتتىپاقلىققا ئېرىشەلمىدى. ئىتتىپاقلىشىشقا ئارتۇق شەرت قويغىلى بولمايدۇ. پەقەت قويغىلى

بولىدىغان بىرلا شەرت بار، ئۇ بولسىمۇ شەخسىيەتچىلىكتىن ۋاز كېچىش. ئەگەر گەپ مىللى ئازادلىق توغرىسىدا بولىۋاتقان ئىكەن، تەشكىلاتچىلىقتا كىرگەندە، لىدىرلىق، رەئىسلىك تالىشىدىغان ئەمەلخورلۇق شەخسىيەتچىلىكىدىن ۋاز كېچىش؛ تەشكىلى ئىشلارغا كىرىشكەندە يۇرتۋازلىق، مەھەللىۋازلىق، دوست، يار ـ بۇرادەرلىك شەخسىيەتچىلىكىدىن ۋاز كېچىش؛ يېزىقچىلىق بىلەن مىللەتكە خىزمەت قىلىشقا ئۆتكەندە ئىلمى مۇنازىرىگە يول قويۇپ بېرىش، كۆچى يەتمىگەندە قارشى تەرەپنى ھاقارەتلىمەسلىك، ھېچ نېمىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۆزەمچىلىك، مەنمەنلىك، ئۆزۈمنىڭلا توغرا دېيىشتىن ۋاز كېچىش ۋەھاكازا.

ئەمدى بىز ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان چاغدىكى، تارىخى شەخسلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىگە نەزەر ئاغدۇرايلى!

1) سابىت دامۇللا ھاجى ـ سەئۇدى ئەرەبىستان تۈركىيە، مىسىر ۋە ھىندىستانلارنى ئايلىنىپ كەلگەن كىشى. 2) مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم ـ خوتەندە ھۆكۈمدار سايلانغان كىشى. مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت ـ خوتەندە ئىنقىلاب جەريانىدا ھەربى ئىشلارغا مەسئۇل بولغان كىشى. 3)شىڭ شىسەي ـ خىتاي مىللىتارىسى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايانغان ۋە ئۇيغۇرىستان توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مەخپى كېلىشىم تۈزگەن كىشى.

4) ماشىمىن ـ ئۇيغۇرىستان تۇپراقلىرىدا بىر تۇڭگان دۆلىتى قۇرماقچى بولغان كىشى. 5) ماجۇڭيىڭ ـ تۇڭگان ئەسلىدە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇرىستان ـ شىنجاڭغا قوراللىق بېسىپ كىرگەن، غوجا نىياز ھاجىم باشلاپ كىرگەن كىشى. 6) سالى دورغا ـ خوجىنىياز ھاجى قومۇلدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئىنقىلابچىلار. 7) ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم، مەقسۇت مۇھىتى ۋە رەقىپقازى قاتارلىق تۇرپان ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك رەھبەرلىرى ـ شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان. 8) خوتەن ۋالىسى يەن دوتەي ـ خىتاي. 9) ماجىنسا ـ تۇڭگان. 10) قەشقەر ۋالىسى ـ مادوتەي، تۇڭگان. 11) تۆمۈر سىجاڭ ـ ھەربى قۇماندان، تولىمۇ ساۋاتسىز ھارۋىكەش. 12) ھاپىز تەنجاڭ ـ تۆمۈر سىجاڭنىڭ يېقىنى ۋە ھەربى كىشى. 13)مەھمۇت

مۇھتى ـ مەھمۇت سىجاڭ. 14) ئىسمايىل باي ـ كۇچالىق ئىنقىلابچى. 15) ۋاڭ بەگ ـ كۇچالىق ئىنقىلابچى 16)ئوسمان ئەلى ـ قىرغىز. 17) ئوراز بەگ ـ قىرغىز. ئەڭ ئاخىرىدا سابىت داموللامنىڭ يېنىدا قېلىپ، دۆلەت قورۇشقا ھەمرا ھ بولغان كىشى. 18) سېتىۋالدىجان ـ ئۆزبېك. ھەربى كىشى. 19) يۇسۇپجان قۇر بېشى ـ ئۆزبېك. ھەربى كىشى. 20) مافۇيەن ـ تۇڭگان. ـ 1934يىلى قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ 4 ماڭ ئۇيغۇرنى قىرغىن قىلغان تۇڭگان. 21) ماخۇ سەن تۇڭگان. 22) ئوسمان قىرغىز.

5 ـ ئىنقىلاب نېمە ئۈچۈن مەغلۇپ بولدى. يېڭىلا قورۇلغان دۆلەت نېمە ئۈچۈن مۇنقەرز بولدى؟

ئىنقىلاب قوشۇنىنىڭ مۇرەككەپلىكى ـ تۇڭگان، قىرغىز، ختاي، ئۇيغۇر قاتارلىق ئىنقىلابقا قاتناشقان تەرەپلەرنىڭ ئىچىدە ختاي دۈشمەن تەرەپ بولسا، باشقا تەرەپلەر ختايغا قارشى بولۇپ ئۇرۇشقاندا بىر كۈنى ھەمكارلىشىپ، بىر كۈنى دۈشمەنلىشىپ، بىر كۈنى بىرسى 6 ئادەمنى باشلاپ تاغ ـ تۇراغا چىقىپ كېتىپ، يەنە بىر كۈنى بىرسى 10 ئادەمنى باشلا يەكەنگە قېچىپ كېتىپ، بىر كۈنى تۇڭگانلار بىلەن بىرلىشىپ، بىر كۈنى تۇڭگانغا قارشى ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ، ختايغا قارشى قوزغالغان ئىنقىلاب قوشۇنىدا ئىچكى بىرلىك بولمىدى. روسىيە جاسۇسلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىگە زىددىيەت سېلىپ ئارامىدا قويمىدى. ”ك گ ب“نىڭ جاسۇسى قادىرھاجى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

5 ـ تۇڭگانلارنى لەنجۇدىن باشلاپ كېلىش ئەقىللىق ئادەم قىلىدىغان ئىشمىدى ياكى ئەقىلسىز ئادەم قىلىدىغان ئىشمىدى. ئىنقىلاب جەريانىدا سەللىگە قاراپ ئىتتىپاقلىشىدىغان ئىشمىدى ياكى مىللى تەركىبكە قاراپ ئىتتىپاقلىشىدىغان ئىشمىدى.

6 ـ قۇمۇلدا قوزغالغان ئىنقىلاب، خوتەندە قوزغالغان ئىنقىلاب ئاخىرقى ھېسابتا قەشقەرگە مەركەزلەشتى دەيلۇق، پۈتۈن قەشقەر ئۆلكىسى نېمىشقا قوزغىتىلمىدى، نېمىشقا ئىنقىلابقا تەشكىللەنمىدى، دەپ سوئال قويساق، تارىخنى سوراقىا تارتقان بولىمىزمۇ؟

7 ـ ئىنقىلابقا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ مەقسىتى بىردەكمىدى؟ ئىنقىلابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى ـ دۆلەت قۇرۇش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشى بىردەكمىدى؟ مۇشۇ ئاخىرقى مەقسەت ئالدىدا ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلغۇچىلار ۋە ھەربىي ئىشلاردا قوماندان بولغۇچىلار بىردەك پىكىر ھاسىل قىلغانمىدى؟

8 ـ قورال ـ ياراقلىرى ئازىيىپ كەتكەن ھەربىي قوماندان خوجىنىياز ھاجىم (ستالىن ئەۋەتكەن ھەربىي قوماندان بېكتىق شىڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىپ جەنۇبىي ئۇيغۇرىستانغا ھەربىي يۈرۈش قىلغان پەيتلەردە) دەل شۇنداق پەيتتە ھەربىي قوماندان خوجىنىياز ھاجىم، سابىق سوۋېتلەرنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، ۋەدە قىلغان قورال ـ ياراقلارنى ئۆتكۈزۈپ ئېلىش ئۈچۈن 1934 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۈركەشتام چېگرىسىغا كەلدى. سابىق سوۋېتلەر ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بولسا، خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قورال ـ ياراققا موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىپ، ئۇزاققا سوزۇلغان سۆھبەتلەر ئارقىلىق، ئاستا ـ ئاستا خوجىنىياز ھاجىمغا تەسىر ئۆتكۈزۈپ، روس ـ خىتاي ئىمپېرىيىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە پايدىسىز بولغان 12 ماددىلىق كېلىشىمگە ئىمزا قويۇشقا ھاجىمنى ماقۇل كەلتۈردى. مەجبۇرلاپ دېگۈدەك ئىمزا قويدۇردى. سابىق سوۋېتلەر ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن خوجىنىياز ھاجىم ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) خوجىنىياز ھاجىم بۇگۈندىن ئېتىبارەن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان بارلىق ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلىرىنى قەتئىي ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇيغۇرىستان «شىنجاڭ»نى روسىيە ھىمايىسى ئاستىدىكى (سابىق سوۋېتلەر دۆلىتىگە بېقىندى بولغان) ئىچكى جەھەتتە ئىستىقلال (مۇستەقىل) بىر ئۆلكە دەپ ئېلان قىلىدۇ.

2) ئۆلكىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيىتىنى (مۇستەقىللىقىنى) يوقىتىپ، مىللىي جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمەت ئىسلامىيىسىنى تارقىتىۋېتىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە شىڭ دۇبەن باشچىلىقىدا تەشكىللەنگەن ھۆكۈمەتكە بويسۇندۇرىدۇ.

3) شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنىڭ رەئىس جۇمھۇرلىقىنى تەرك ئەتكەن زامان، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى خوجىنىياز ھاجىنى ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە رەئىس

ياكـى گوبېرناتورلۇققا تەيىنلەيـدۇ.

4) ئۇيغۇرىسـتان «شـىنجاڭ» دەپ ئاتىلـىپ قالغـان تەۋەدىكـى مەۋجـۇت قوراللىـق ئەسـكەرلەرنى شـىڭ دوبەنگـە بويسـۇندۇرۇش خۇسۇسـىدا خۇجىنىيـاز هاجىـم قەتئـى چـارە ـ تەدبىرلەرنـى كۆرۈشـى كېـرەك.

5) تـۇڭگان، ئۆزبېـك، قىرغىـز، قازاقلاردىـن ئىبـارەت مىللـى قوشـۇنلارنى قورالسـىزلاندۇرۇش ۋە تەرتىـپ سـاقلاش مەقسـەتلىرىدە ئۇرۇمچىدىن ئالتە شـەهەر تەرەپكـە (جەنۇبـى ئۇيغۇرىسـتانغا) بېرىـپ هەرىكـەت قىلىدىغـان، خۇنخـورا (سـاقاللىق خىتايـلار)، خىتـاي، يەنە روس ئەسـكەرلىرىگە يارىـدەم بېرىش ئۈچۈن، خۇجىنىيـاز هاجىـم ئۆز ئىختىيارىدىكـى قۇمۇللۇق، تۇرپانلىقلاردىن تەشـكىللەنگەن، مەهمـۇت مۇهىتـى قوماندانلىقىدىكـى ئەسكەرلەرنى شـىڭ دۇبەننىـڭ ئىختىيارىغا ئۆتكـۈزۈپ بېرىـدۇ.

6) مانجۇرىيەدىـن چېكىنگـەن خۇنخـۇزا (سـاقاللىق خىتايلارنـى)، سـابىق سـوۋېتلەر ئارقىلىـق ئۇيغۇرىسـتانغا «شـىنجاڭ» دەپ ئاتىلـىپ قالـگان بـۇ زېمىنغـا كىرگـۈزۈش هەققىـدە سـوۋېت هۆكۈمىتـى بىلـەن شـىڭ دوبـەن ئوتتۇرىسـىدا تۈزۈلگـەن كېلىشـىمگە خۇجىنىيـاز هاجىـم تەسـتىق سـالىدۇ.

7) شـەرقىي تۈركىسـتان ئىسـلام جۇمهۇرىيىتـى هۆكۈمىتىدىكـى ۋە هەربـى خىزمەتتىكـى چـەت ئەللىك ئەمەلدارلارنـى خۇجىنىياز هاجىم دەرهـال خىزمىتىدىن بوشـىتىپ، ئۇلارنـى ئۇيغۇرىسـتان «شـىنجاڭ» دەپ ئاتىلـىپ قالغـان بـۇ دۆلـەت چېگرىسـىدىن چـەت ئەلگـە چىقىرىۋېتىـش ئۈچـۈن قەتئـى چـارە كۆرىـدۇ.

8) سـوۋېتلەر هۆكۈمىتـى شـىنجاڭنىڭ تەرەققىياتـى ۋە ئاۋاتلىقىغـا كۆڭـۈل بۆلـىدۇ.

9) سـوۋېتلەر هۆكۈمىتى، ئۇيغۇرىسـتانغا «شـىنجاڭ»غا ئىچكـىرى خىتايدىن، نەنجىـڭ، مانجۇرىيـە ۋە باشـقا تەرەپلەردىـن هۇجـۇم قىلـىش، تاجـاۋۇز قىلـىش ئېهتىمالـى بولغانـدا، ئۇيغۇرىسـتاننى «شـىنجاڭ»دەپ ئاتىلـىپ قالغان بـۇ زېمىننى مۇداپىئـە قىلـىش خىزمىتىنـى ئـۆز ئۈسـتىگە ئالىدۇ.

10) ئۇيغۇرىسـتان «شـىنجاڭ» دەپ ئاتىلـىپ قالغـان بـۇ زېمىنـدا تەرتىـپ

ئورنىتىلغاندىن كېيىن، تېز ئارىدا روسىيە ھەربىي ئىشلار نىزامىغا ئاساسلىنىپ، ئەسكىرى ـ ھەربىي قىسىملارنى تەشكىللەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ توغرىدا كېلىشىم تۈزۈش ئۈچۈن (س س س ر تەرەپتىن) ھەربىي قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەيدىغان ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنى ئەۋەتىپ، تېگىشلىك ھەربىي قوشۇننى زامانىۋى ئۇسۇلدا قۇرۇپ چىقىش ۋە ھەربىي قورال بىلەن قوراللاندۇرۇشنى بۇ ھەيئەت ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

11) ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ھەققىدە ئالاھىدە كېلىشىمنامە تۈزۈلىدۇ.

يۇقىرىقى كېلىشىمنىڭ 12 ـ ماددىسى بارمىدى ياكى يوقمىدى بۇ توغرىدا تارىخچىمىز سابىت ئۇيغۇرى "ئۇيغۇرنامە" كىتابىغا بىر نەرسە يازمىغان. بۇ كېلىشىم قەشقەرگە "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە يېتىپ كەلدى.

سوۋېتلەر ھۆكۈمىتى بىلەن خوجىنىياز ھاجىم ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمدىن ۋاقىپ بولغان "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى"نىڭ ئەزالىرى، باش ۋەكىل سابىت داموللا ئابدۇلباقىنىڭ بۇ كېلىشىم توغرىسىدا تەييارلىغان دوكلاتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ مىنىستىرلار ھەيئىتى تۆۋەندىكىچە قارار قوبۇل قىلدى:

1) خوجىنىياز ھاجىنىڭ مىللەتنىڭ تاپشۇرىقىنى ئالماي تۇرۇپ، سوۋېتلەر ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپى بويىچە ئۈركاشتامغا بېرىپ، بولشۇۋىكلار بىلەن مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە زىت كېلىدىغان كېلىشىم تۈزگەنلىكىنى، تۈركىستان تۈركلىرىگە قىلىنغان خىيانەت دەپ قارايدۇ.

2) سوۋېتلەر ھۆكۈمىتى بىلەن خوجىنىياز ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن 12 ماددىلىق كېلىشىمنى غەيرى قانۇنى كېلىشىم دەپ ھېسابلايمىز.

3) نەچچە يىللاردىن بېرى توختىماي كۈرەش قىلىپ، ھېسابسىز قوربان بېرىپ، قولغا كەلتۈرگەن شەرقىي تۈركىستان مىللى ئىستىقلالىنىڭ (مۇستەقىللىقىنىڭ) كېلىشىم ئارقىلىق ئاياقلاشتۇرۇلغانلىقى، تۈركىستان

تۈركلىرىنىــڭ (ئۇيغۇرلارنىــڭ) زىيانكەشــلىككە ئۇچرىغانلىقىــدۇر.

مۇســتەقىللىقنى ســاقلاپ قېلىــش يولــدا شــەرقىي تۈركىســتان تۈركلــرى (ئۇيغــۇرلار) هــەر قانــداق پىداكارلىققــا هازىــردۇر. مىنىســتىرلا كېڭىشــى خوجىنىياز هاجىمنىــڭ كەچۈرگىلــى بولمايدىغــان خىيانىتىنــى نەپــرەت بىلــەن ئەيىبلەيــدۇ.

4) شــەرقىي تۈركىســتان تۈركلىرى (ئۇيغۇرلار) بولشــۋىكلار قولىغا چۈششــكە ئەســلا رازى بولمايدۇ. بۇ مەيدانىمىزغا ئاساســەن مىللەتنىڭ نارازىلىقى قەشقەردىكى كېڭەش كونسۇللىقى ئارقىلىق س س س ر هۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىنسۇن!

5) مىنىســتىرلا كېڭىشــى سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ شــەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشــىنى، خەلقئــارا قائىدىلەرگــە خــىلاب، هېــچ بىــر تارىختــا كۆرۈلمىگــەن، تۈركىســتان تۈركلىرىگە (ئۇيغۇرىســتانغا) قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىق دەپ هېسابلايدۇ. بۇنىڭغــا ئاساســەن قىزىــل ســوۋېت بولشــۋىكلىرىنىڭ قانۇنســىز هەرىكەتلىرىنــى ئۆز هۆكۈمەتلىرىگــە بىلدۈرۈپ قويۇشــنى هاۋالە قىلغان ئاساســتا، قەشــقەردە تۇرۇشــلۇق چــەت ئــەل كونسۇللىرىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن!

6) خوجىنىيــاز هاجىنىــڭ كېلىشــمىگە ئەقىلســىز رەۋىشــتە قــول قويغىنىدىــن پايدىلىنىپ، ســوۋېتلە ئىتتىپاقى شــەرقىي تۈركىســتاننى ئىشــغال قىلىشــقا هەرىكەت قىلىــدۇ. بــۇ ئەهۋالنــى نــەزەردە تۇتــۇپ، هەربىــي ئىشــلار نازارىتــى ۋە ئالــي بــاش قۇماندانلىققــا دۈشــمەنلەرنىڭ هۇجۇمغاقارشــى مۇداپىئــە چارىســىدا بولــۇش توغرۇلــۇق تەۋســىيە قىلىنســۇن!

7) هازىرقــى ۋەزىيەتنىــڭ ئېغىرلىقىنــى ئېتىبارغــا ئېلىــپ، ئومۇمــي مىللــەت ســەپەرۋەرلىككە چاقىرىــق قىلىنســۇن!

8) قىزىــل بولشــۋىك ســوۋېتلەر هۆكۈمىتىنىــڭ خونخــورا (سىبىرىق ســاقاللىق خىتايلارنــى) چۆچــەك ئېغىزى ئارقىلىق شــەرقىي تۈركىستــانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشــنى توســۇپ قېلىــش ئۈچــۈن تەۋســىيە قىلىــپ ئالتايدىكــى شــىرىپخان تۆرىگــە تېــز رەۋىشــتە بۇيــرۇق ئەۋەتىلسۇن!

9) 3 ـ ئاينىــڭ 10 ـ كۈنــى شــەرقىي تۈركىســتان ۋەكىللــەر قۇرۇلتىيــى يىغىنــى چاقىرىلسۇن! خوجىنىيــاز هاجىم بىلەن ســوۋېتلەر هۆكۈمىتى ئوتتۇرىســىدا

تۈزۈلگەن كېلىشىمنامە ھەققىدە قوبۇل قىلىنغان نازىرلار ھەيئىتىنىڭ ئۇشبۇ قارارى خەلىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا تاپشۇرۇلسۇن!

11) خوجىنىياز ھاجىم نازىرلار ھەيئىتىنىڭ مۇراجىئەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، تۇتقان يولىدىن ۋاز كەچمەيدىغان بولسا، خوجىنىياز ھاجىنى جۇمھۇر رەئىسى ۋە ئالىي باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا، ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا ھاۋالە قىلىنسۇن!

12) نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە (بۇ ئارتۇقچە بولسا كېرەك)، ياپونىيە ھۆكۈمىتىگە، خەلقئاراغا ھەق ـ ھوقۇقلىرىمىزنى مۇداپىئە قىلىش توغرىسىدا مۇراجىئەت قىلىنسۇن!

باش ۋەكىل ـ سابىت داموللا ئابدۇلباقى(ئىمزا)

كاتىپ ـ سوپىزادە (ئىمزا)

مۆھۈر ـ شەرقىي تۈركىستان باش ۋاكالىتى (مۆھۈر بېسىلغان)

1934 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ... كۈنى بۇ نەقىل "ئۇيغۇرنامە" دىن ئېلىندى.

بۇ توغرىدا تارىخچى سابىت ئۇيغۇرىنىڭ تەھلىلى مۇنداق بولدى:

مۇشۇنداق ئەھۋالدا تەڭقىسلىقتا قالغان خوجىنىياز ھاجىم، مەھمۇت مۇھىتىغا (مامۇت سىجاڭغا) بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئەربابلىرىدىن، سابىت داموللا ئابدۇلباقى، زىرىپقارىھاجىم، شەمسىددىن داموللا، سۇلتانبېك ۋە ئابلاخان قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئالدۇرۇپ، قوللىرىنى زەنجىرگە، پۇتلىرىنى كىشەنگە بەنت قىلىپ، ئاقسۇغا (سوۋېت كونسۇلىستىۋاسىغا ) ئەۋەتىپ بەردى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، (خوجىنىياز ھاجىم بىلەن سوۋېتلەر ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ ـ 12 ماددىسى ئېھتىمال سابىت داموللام قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنى تۇتۇپ بېرىش توغرىسىدىكى بىر ماددا بولسا كېرەك. ("مەن كەچكەن كېچىكلەر" ماۋزۇلۇق كىتابنىڭ ئاپتورى سوپاخۇن سوۋۇروپ بۇ توغرىدا "خوجىنىياز ھاجى سوۋېت ھۆكۈمىتى كىشىلىرى

بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇلار: ــ سىز شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن تۈزگەن ئەھدىنامىگە (يەنى 1933 ــ يىلى شىڭ شىسەي ۋەكىللىرى بىلەن خوجىنىياز ھاجىلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن" فوكالى ئەھدىنامىسى"نى دېمەكچى...) ئەھدىنامىگە ئەمەل قىلماي، قەشقەردە 1933 ــ يىلى 11 ــ ئاينىڭ 12 ــ كۈنى سابىت داموللام قۇرغان قانۇنسىز شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" ھۆكۈمىتىگە باشلىق بولۇپسىز. شۇڭا بىز قورال ـ ياراقنى شېڭشىسەيگە تاپشۇردۇق. سىز قورال ـ ياراقنى شىڭ شىسەيدىن ئېلىڭ، دەيدۇ. سابىت داموللىنى تۇتۇپ بېرىش شەرتى بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتى خوجىنىيازغا قورال بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. لېكىن سىلەر ئاز ئادەم ئىكەنسىلەر، قورالنى كۆپ بەرسەك ئېلىپ كېتەلمەيسىلەر، بەلكى يولدا دۈشمەنلەرگە تارتقۇزۇپ قويىشىڭلا مۇمكىن، دەپ 100 تال مىلتىق، بەش ــ ئالتە ساندۇق ئوق بېرىدۇ.)، دەپ يازىدۇ. ("مەن كەچكەن كېچىكلەر" ئاپتورى سوپاخۇن سوۋۇرۇپ. 83 ــ بەت) مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئەپەندىم بۇ سۇيىقەستنى سېزىپ قالغانلىقتىن، بالا ـ چاقىسىنى ئېلىپ ھىندىستانغا چىقىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ خوجىنىيازنىڭ قولى بىلەن ياندۇرۇلغان ئىنقىلابنى رۇس ـ ستالىن بىلەن ختاي مىللەتارىستلىرى بىرلىشىپ يەنە شۇ خوجىنىيازنىڭ قولى بىلەن ئۆچۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى.

بۇ پاجىئە ئۇيغۇرنىڭ مىللى ئازادلىق ھەرىكەت تارىخىدا ئەبەدىلئەبەد كەتمەيدىغان نومۇس ۋە ئۆچمەيدىغان داغ بولۇپ قالدى!

بەزى كىشىلەر ئەگەر سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق بېسىمى بولمىغان بولسا، خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىمۇ سابىت داموللا قاتارلىقلارنى قولغا ئالدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمىغان بولاتتى ـ دېيىشىدۇ. بۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاقلاشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. سوۋېت ھۆكۈمىتى نېمە ئۈچۈن مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىگە شۇنچىۋالا ئۆچمەنلىك قىلىپ، يوقىتىۋېتىشكە ئالدىرىدى؟ دېگەن سوئال ھەركىمنى ئويلاندۇرىدۇ.

سابىت ئۇيغۇرى مۇنداق تەھلىل قىلىدۇ: سوۋېتلەر ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ داھىسى ستالىن ئەزەلدىنلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ ياشىشىنى خالىمايتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەملىكىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ،

ئۆلارنىڭ روسىيەدىن بۆلۈنۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ دەپ، ئەنسىرەيتتى.

بۇ پاجىئەگە بىزنىڭ كۆز قارىشىمىز قانداق؟

خۇددى تارىخچىلىرىمىز مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا، سابىت ئۇيغۇرلار كۆرسەتكەندەك، بىر قىسىم تۈركىيىدىن كەلگەن، بىر قىسىم ھىندىستاندىن كەلگەن "ماجراپەرەست كىشىلەر" قەشقەردە پەيدا بولدى... سابىت ئۇيغۇرى بۇ كىشىلەرنى مۇنداق تەرىپلىدى: «دەل مۇشۇ پەيتتە، تۈركىيىلىك ئەلى بەي، نەدىم بەي، مۇستافا كەنتلى قاتارلىق كىشىلەر قەشقەردە پەيدا بولدى، ئارقىدىنلا دوكتۇر مەجىددىن ئەھمەت، دالىمبېك، تۈرك ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىكى ئەھمەت سورايىيا بېك ۋە يۇسۇپ ئەپەندىلەرمۇ قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.»

ھېلىمۇ ستالىن كەڭ قورساق ئىكەن، ھېلىمۇ ستالىن بەرداشلىق بېرىپتۇ. پۈتۈن ئارمىيىسىنى ئەۋەتمەي قىسمەن ئارمىيىسىنى ئەۋەتىپ، ماجۇڭيىڭ تۇڭگان ۋە مىللەتچى خىتاي بىلەن بىرلىشىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى يوقىتىپتۇ. تۈركىيىلىك ئادەملەرنىڭ قەشقەرگە يۈگۈرۈپ كېلىشىگە نېمە تۈرتكە بولغان؟ ھالاك بولغان ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنى تىرىلدۈرۈشنى قەشقەردىن باشلىماقچىمىدى؟ تۈرك ھەربى ئادەملەرنىڭ قەشقەرگە كېلىشىگە نېمە تۈرتكە بولغان؟ ھالاك بولغان ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئارمىيىسىنى قەشقەردە تەشكىللىمەكچى بولغانمۇ؟ بۇ تارىخ ياقۇپ بەگ دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە قايسى دەرىجىدە ئوخشاپ كەتكەن؟ شۇ چاغدا «(1872 ـ يىلى بەدۆلەت ياقۇپ بەگ، تۈركىيىگە ئۆزىنىڭ ۋەكىلى سەئىد ياقۇپخاننى ھىندىستاننىڭ باش ۋالىسى ھۇزۇرىغا تۈركىيە سۇلتانى ھۇزۇرىغا ئەۋەتكەن»، ("قەشقەرىيە" روسىيە ئا. ن. كوروپاتكىن) ئەۋەتىپ، ئابدۇلئەزىز تۈرك سۇلتانىغا بېقىندى بولۇپ ياشاشنى مۇراجىئەت قىلغاندا، قوشنا دۆلەت چار روسىيە مۇنداق تەلەپلەرنى قوبۇل قىلارمىدى دەپ، ئويلايدىغان بىر ئۇيغۇر سىياسى ئادەم ئوتتۇرىغا چىقمىغان! سابىت داموللا قەشقەردە يوقىرىقى تۈرك بۇيۇكلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇر دېگەن ئىسمنى چۆرۈپ تاشلاپ، "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" نى قۇرغاندىمۇ،

قوشنىمىز ستالىن قوبۇل قىلارمۇ دەپ، سوئال تاشلايدىغان بىر سىياسىي ئۇيغۇر ئوتتۇرىغا چىقمىغان! ئوتتۇرىغا چىققان بولسا قانداق قىلاردى، بۇ تارىخنى ئۆزگەرتىش قولىدىن كېلەرمىدى. شۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار خىتايغا قارشى، سوۋېتكە قارشى، تۇڭگانغا قارشى ئىتتىپاقلاشقانلا بولسا، ئاخۇنۇملار، دىنىي زىيالىيلار ئىتتىپاقلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلالىغانلا بولسا، ھىندىستاندا تۇرۇۋاتقان ئەنگلىيە ياردەم قىلارمىدى ياكى بۇ ئىنقىلابقا بۇزغۇنچىلىق قىلارمىدى؟ يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغان ستالىن شۇڭا بۇ دۆلەتنى يوقىتىشنى جىددىيلەشتۈردى.“

1933 ـ يىلى 12 ـ نويابىردا قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغان ۋاقىتتا، خوجىنىياز ھاجىم ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن كۇچا، ئاقسۇلاردا يۈرۈپ، بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى. مۇشۇ ئەھۋاللارنى كۆزىتىپ تۇرغان ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ۋىسى كونسۇلى تومسۇن گىلوۋېر، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە يوللىغان دوكلاتىدا: «ئاساسەن خوتەن ئىسلامچىلىرىدىن قۇرۇلغان بۇ ھۆكۈمەتنىڭ سوۋېتلەر ھۆكۈمىتىگە تاقابىل تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر خوتەن ئەمىرلىرى خوجىنىياز ھاجىم بىلەن بىرلىشەلىسە، شۇ چاغدىلا بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز (ئەنگلىيە) بۇ يېڭى دۆلەت (شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى) گە ياردەم بېرىشى مۇمكىن» دەپ يازغان. (”ئۇيغۇرنامە“). دېمەك، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ياردەم بېرىشكە تەييار تۇرغان ئىكەن، شۇ چاغدا بۇنىڭغا نېمىشقا سەل قارالغاندۇ؟ سوۋېتلەرنىڭ ئۇيغۇر دۆلىتىنى يۇقاتماقچى بولىشى، ئەنگلىيىنىڭ بۇ دۆلەتنى قوللاشقا تەييار تۇرۇشى، لېكىن ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلارنىڭ ئەنگلىيىدىن ياردەم ئالىدىغان شەرتلەرنى تەييارلىيالمىغانلىقى شۇ چاغدا دۇنيا تارىخىنىڭ پىشانىسىگە چۈشكەن تەمرەتكە بولسا كېرەك. باتۇرلىرىمىز ئاخىرەتكە كېتىپ بولدى. ئۇنداق قىلسا بولاتتى، بۇنداق قىلسا بولاتتى، دەيدىغان ھەققىمىز يوق. تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى پەقەت مورىلا بىلەتتى، خالاس.

بىز يۇقىرىدا، ئەينى چاغدا چار روسىيىگە كۆز ئالايتماسلىق، كېيىنكى چاغدا ستالىنغا دول چىقارماسلىق كېرەك ئىدى، دېدۇق. بۇ توغرىدا

توختىماي كاپشىپ كەلدۇق. غەربزىمىز، ياقۇپ بەگ چار روسىيە بىلەن ئەپ ئۆتكەن بولسا، قەشقەردە دۆلەت قۇرغۇچىلار سىتالىنغا يېلىنىپ، يالۋۇرغان بولسا، چار روسىيە ياقۇپ بەگ دۆلىتىنى، سىتالىن قەشقەردە قۇرۇلغان سابىت داموللام دۆلىتىنى يۇقاتمىغان بولار ئىدى، دەيدىغان كالتە پەم ۋە كالتا پىكىرلىك ئادەملەرنىڭ ھېسسىياتىغا ئاگسىزلارچە ھەمدەم بولۇش بۇ بىزنىڭ سەۋەنلىكىمىز ئىدى. تۆۋەندە قەشقەردە قۇرۇلغان ئۇيغۇر دۆلىتى مۇنقەرز بولۇشىنىڭ 9 ـ سەۋەبىگە نەزەر ئاغدۇرايلۇق.

9) تارىخچىمىز سابىت ئۇيغۇرى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

... تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە، ئابدۇنىياز كامال 40 ياشلاردىكى ئىگىز بويلۇق، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، جىددى كىشى بولۇپ، تۇرپان قوزغىلىڭى باشلانغان ۋاقىتتا قوزغىلاڭغا قاتناشقان، مەھمۇت مۇھىتىغا قوشۇلۇپ قەشقەرگە كەلگەن. مەھمۇت مۇھىتى ھىندىستانغا چىقىپ كېتىدىغا ۋاقىتىدا ئابدۇنىيازنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا دىۋىزىيە كوماندىرى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئابدۇنىياز دىۋىزىيە كوماندىرى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، خىتاينىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى لىيۇ سىلىڭغا، سوۋېتلەرنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىغا خەت يېزىپ ئەۋەتكەن. لىيۇ سىلىڭغا يازغان خېتىدە:

1) ئابدۇنىيازنى ـ 6دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى قىلىپ تەيىنلەپ بۇيرۇق چىقىرىپ بېرىشىنى؛

2) بۇ دىۋىزىيىنىڭ يەكەندە داۋاملىق تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىشنى؛

3) ـ 6دىۋىزىيىنىڭ تەمىناتىنى ھۆكۈمەت تەرەپتىن تەمىنلەپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغان.

سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىغا قارىتىپ يازغان خېتىدە ئابدۇنىياز كامال:

"سوۋېت ئىتتىپاقى ـ ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ باش پاناسى. شۇڭا بىز سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ياردەم قىلىشىنى سورايمىز. بىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئەمەس. ئەكسىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن دوستانە

ئۆتۈشنى خالايمىز. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىزنىڭ يۇرتىمىزدا سودا ـ تىجارەتنى، سودا ـ سانائەتنى قانداق يولغا قويسا، بىز ئۇنى ھىمايە قىلىمىز ۋە قوغدايمىز“، دېيىلگەن. ئابدۇنىيازنىڭ بۇ خەتلىرىنى ئۆزى بەلگىلىگەن ۋەكىللەر قادىر ھاجى (بۇ قادىر ھاجى ستالىن ئەۋەتكەن جاسۇس قادىر ھاجىمۇ ياكى باشقا قادىر ھاجىمۇ مەلۇم ئەمەس) بىلەن ئابدۇللا داموللالار 1937 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ، لىيۇ سىلىڭغا ۋە سوۋېتلەرنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىغا تاپشۇرغان. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىمۇ، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىمۇ بۇ خەتلەرگە رەسمى جاۋاب بەرمىگەن“، (” ئۇيغۇرنامە“) بۇ بىر يامانلىقنىڭ ئىپادىسى ئىدى. دېمەك، سوۋېتلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلساڭمۇ بولمىسا، دۈشمەنلىك قىلىپ ئەسكى مۇئامىلە قىلساڭمۇ بولمىسا، زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ دۇنيا ئۇرۇش تارىخىدا، مىللەتلەر بىلەن مىللەتلەرنىڭ توقۇنۇش تارىخىدا سولھىمۇ بولىدىغان، مۇرەسسەمۇ بولىدىغان، نېمىشقا ئورۇس بۇ ياۋرۇپالىق كۆككۆز، ئۇيغۇرلارغا بۇ قەدەر ئۆچ بولۇپ كەتكەن. ئورۇسنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مەيدانى باشتىن ئاخىر دۈشمەنلىك ئىكەن، ئۇنداقتا، ساڭمۇ ـ ئورۇسقا دۈشمەنلىك قىلماقتىن باشقا يول قالمايدىغۇ؟! تۆۋەندە ئۇيغۇر دۆلىتى مۇنقەرز بولۇشىنىڭ 10 ـ سەۋەبىگە نەزەر ئاغدۇرايلى:

10) باشقا يول قالمىغانلىقتىن، ئابدۇنىياز كامال دەرھال خوتەننى ئىگىلەپ ياتقان ماخۇسەن بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، بىرلىشىپ كۈرەش قىلىپ، شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، مۇسۇلمان دۆلىتى قۇرۇشقا كېلىشىم ھاسىل قىلىدۇ. كېلىشىم بويىچە ماخۇسەن ـ قەشقەرنى ئازاد قىلماقچى بولىدۇ. ئابدۇنىياز كامال ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بىلەن قەشقەردىن ئۇرۇمچىگە ھەربىي يۈرۈش قىلىدۇ. ماخۇسەن ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن كېلىپ، قەشقەر يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. بىراق، ئاچ كۆز تۇڭگان كوماندىرى ماخۇسەن دۈشمەندىن نۇرغۇن مىقداردا پارا ئېلىپ، يوق باھانىلارنى تېپىپ ھۇجۇمنى كېيىنگە تارتقانلىقتىن، شەھەر ئۇزاققىچە ئېلىنمايدۇ. ئابدۇنىيازنىڭ ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بولسا قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، بارغانلا يېرىدە دۈشمەننى

يېڭىپ، مارالبېشى، ئاقسۇ، كۇچالارنى ئىگەللەپ، تاكى قارا شەھەرگىچە بولغان **1000** كىلومېتىرغا يېقىن يولنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ("ئۇيغۇرنامە")

ئابدۇ نىيازغا ئاللاھ نۇسرەت ئاتا قىلدى. مىللەت ئۇيغۇر، روھى ۋە ئىقتىسادى جەھەتتە قوللىدى. ماخۇسەن بىلەن بىرلىك سەپ تۈزگەن ئەخمەقلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئابدۇنىيازنىڭ ئەسكەرلىرى پىيىزى گىچىلدىمايدىغان ساپ ئۇيغۇرلاردىن تەشكىللەنگەن. بۇ قوشۇننىڭ ئىچىدە دىنى قېرىنداشلارمۇ، قەبىلىۋى قېرىنداشلارمۇ يوق ئىدى. ئەسكىرى قىسىملارنىڭ ئىنتىزامى، ئەسكەرلەرنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىقى ئۇيۇلتاشتەك بولغاچقا ئابدۇنىيازنىڭ قوشۇنلىرى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىپ، شېڭ شىسەينىڭ ياللانما قوشۇنلىرىنى يول-يولدا تارمار قىلىپ، غەلىبە ئۈستىگە غەلىبە قىلىپ ئىلگىرىلەۋاتقاندا.... تۆۋەندە دۆلەت مۇنقەرز بولۇشنىڭ **11** - سەۋەبىگە نەزەر ئاغدۇرايلى:

**11)** ... بۇنىڭدىن ئالاقزادە بولغان شېڭ شىسەي ئىتتىپاقدېشى سوۋېتلەر ھۆكۈمىتىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ھەربىي ياردەم قىلىشنى سورايدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازاد بولۇشىنى خالىمايدىغان سوۋېتلەر ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ داھىسى ستالىن، ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئارمىيە كىرگۈزۈپ، بۇ ئىسيانچىلارنى قانلىق تۈردە باستۇرىدۇ. سوۋېت ھۆكۈمىتى **1937** - يىلى **8** - ئايدا قاراقول تەرەپتىن بىدىل داۋىنى ئارقىلىق روس، قازاق، قىرغىزلاردىن تەركىب تاپقان، زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان **5000** كىشىلىك قىزىل ئارمىيىنى ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىشقا كىرگۈزىدۇ. بۇ قوشۇن ئۈچ تۇرپانغىمۇ، ئاقسۇغىمۇ كىرمەستىن، ئوتتۇر يول ئارقىلىق مارالبېشىغا چىقىدۇ. ئاتبېشى يولى ئارقىلىق يەنە **200** ھەربىي ماشىنىدا سوۋېت ئەسكەرلىرى ئاتۇشقا كىرىپ كېلىدۇ. نەتىجىدە ماخۇسەن بىلەن ئابدۇنىيازنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. **1937** -يىلى**9** -ئايدا ماخۇسەن ئازغىنا ئادىمى بىلەن قېچىپ ھىندىستانغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئابدۇنىياز قوماندانلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنلىرى كۇچا ئەتراپىدا سوۋېت ئەسكەرلىرىگە قارشى كەسكىن جەڭلەرنى قىلىدۇ. بىراق، سوۋېتلىك دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرالماي، شەھەر ئاھالىسىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن چۆللۈككە

قاراپ چىكىنىدۇ. جەڭلەردە ھېرىپ چارچىغان ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى سوۋېتلەر ئارمىيىسى يەردە تانكىلار بىلەن قوغلاپ، زەمبىرەك پىلىموتلاردا ئېتىپ، ھاۋادىن ئايروپىلان بىلەن بومبىلاپ قىرىپ تۆگەتتى. مۇشۇ ئاخىرقى جەڭدە 7000 نەپەردىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئەسكىرى سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ، قوشۇمچە شېڭ شىسەينىڭ ياللانما قوشۇنلىرىنىڭ ئوقىدا شېھىت بولدى. قەيسەر ئۇيغۇر جەڭچىلىرى بىلەن كوماندىرلىرى ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى، مىللەتنىڭ ئازادلىقى يولىدا ئەزىز جانلىرىنى قۇربان قىلىشتى، لېكىن دۈشمەنگە تەسلىم بولمىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللى قەھرىمانى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەزىزانە ئوغلى ئابدۇنىياز كامال ئوق تېگىپ يارىلانغاندىن كېيىن، سوۋېت ئەسكەرلىرى تۇتۇۋېلىپ، ئۈرۈمچىگە شېڭ شىسەيگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، تۈرمىدە ۋەھشىيانە ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى.

ئۇيغۇرنىڭ ئىنقىلابى روس بىلەن خىتاينىڭ قولىدا بوغۇلدى، ئۇيغۇرنىڭ قەھرىمانلىرى روس بىلەن خىتاينىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇيغۇرلار قۇرغان دۆلەتلەر روس بىلەن خىتاينىڭ قولىدا مۇنقەرز قىلىندى.

12) شېڭ شىسەينىڭ شەخسى كاتىپى ۋە تەرجىمانى شى يۈەن پۇنىڭ ئەسلىمىلىرىگە ئاساسلانساق: شېڭ شىسەي قۇرغان تۈرمىدە، شېڭ شىسەينىڭ جاللاتلىرى بىلەن بىرلىكتە موسكۋادىن ئەۋەتىلگەن سېمېنوۋ بىلەن قادىر ھاجى، ياقۇپ ھاجى قاتارلىق" ن. ك. ۋ. د "(ھازىرقى" ك. گ. ب") خادىملىرىمۇ بىللە ئىشلەيتتى. خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى 108 نەپەر ئۇيغۇر سىياسى ئادەملىرى ئۈستىدىن سوئال - سوراق ئاخىرلاشقاندا، 1938 - يىلى كۈزدە سېمېنوۋ بىلەن ياقۇپ ھاجى "جىنايەت دېلولىرىنى" سومكىغا قاچىلاپ موسكۋاغا ئېلىپ باردۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھاشىمھاجى موسكۋاغا بېرىپ، 108 نەپەر ئۇيغۇر سىياسى مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بېرىش توغرىسىدا موسكۋانىڭ قارارىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ شېڭ شىسەيگە تاپشۇرىدۇ. 1938 - يىلى12 - ئايدا شېڭ شىسەي بىلەن ستالىننىڭ جاسۇسى ھاشىمھاجىنىڭ نازارىتى ئاستىدا، خوجىنىياز ھاجىم باشچىلىقىدا 108 نەپەر ئۇيغۇر سىياسى مەھبۇس بىر - بىرلەپ ئاغامچا بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدى. دېمەك، ئارغامچىنىڭ

بىر ئۇچى مىللىتارىست خىتاي شېڭ شىسەينىڭ قولىدا، ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچى ستالىننىڭ جاسۇسى ھاشىمھاجى ئارقىلىق ستالىننىڭ قولىدا بولدى. ئۇيغۇرىستاندا ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى خىتاي مىللىتارىست بىلەن ستالىننىڭ قولىدا ئەنە شۇنداق پاجىئەلەرگە داخىل ئاياغلاشتى. ئەمدى ئۇيغۇر دۆلىتى مۇنقەرز بولۇشىنىڭ 13 ـ سەۋەبىگە نەزەر ئاغدۇرايلى:

13) ستالىن 1944 ـ يىلى ئىسھاقبەگنى ئۇيغۇرلارغا گېنېرال قىلىپ تەيىنلەپ بەرگەن. بۇ كىشى 1930 ـ يىللاردا قەشقەردە نېمە ئىشلارنى قىلغان ئىدى؟ تۆۋەندە ستالىننىڭ ئۇيغۇرنىڭ دۆلەت قۇرۇش پائالىيەتلىرىگە قايسى دەرىجىدە، قانداق يوللار بىلەن ئارىلىشىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىپ كەلگەنلىكىنى، ئۇيغۇرنى شېڭ شىسەيگە قانداق تۇتۇپ بەرگەنلىكىنى تېخىمۇ چۇڭقۇر كۆرۈپ يېتەلەيسىلەر. تارىخچىمىز سابىت ئۇيغۇرى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئىسھاقبەگ مۇنونوۋ 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ 40 ـ يىللىرىدا ئۇيغۇرىستاندا مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۇيغۇرنىڭ تارىخىدا ئىز قالدۇرغان مۇھىم شەخس ئىدى. 1944 ـ 1949 ـ يىللار ئارىلىقىدا "شەرقىي تۈركىستان" مىللىي ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، باش قوماندانى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغانلىقىنى كۆپچىلىك كىشىلەر ئوبدان بىلسىمۇ، 1935 ـ 1937 ـ يىللار ئارىلىقىدا شېڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قول چوماقى بولۇپ، قەشقەردە ئۇيغۇر مىللىي قوشۇنلارنى يوقىتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىدىغان كىشىلەر بەك ئاز.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، شېڭ شى سەي بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتى قەشقەردە تۇرۇشلۇق مەھمۇت مۇھىتى قوماندانلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بېقىنىغا ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى پىلانلىدى. مۇشۇ مەقسەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى ئوفىتسېرلىرىنىڭ قولى بىلەن قەشقەردە يېڭى ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى تەشكىل قىلىندى. بۇ پولكنىڭ جەڭچىلىرى پۈتۈنلەي قىرغىز ياشلىرى بولۇپ، كوماندىرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن تۇرغانباي، جۇماغۇل، موللا ساۋۇر ۋە قاشاڭ دېگەن قىرغىز ئوفىتسېرلا ئىدى. پولك كوماندىرى يەرلىك قىرغىز ئىسھاقبەگ بولۇپ، ئۇمۇ

ياش ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فرونزى شەھرىدە 3 يىل ئوقۇغان. بۇ پولك پۈتۈنلەي سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ زامانىۋى قوراللىرى بىلەن قوراللانغان بولۇپ، ئاتاقتا شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكەرلىرى دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. بۇنى بىلىۋالغان قەشقەر خەلقى ئۇ ئەسكەرلەرنى "تۆتىنچىلەر" دەپ ئاتايتتى.

قىزىقى شۇ يەردىكى بۇ ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنى، "ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بىز" دېيىشەتتى. لېكىن ناخشا ئېيتىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدە بىرمۇ ئۇيغۇر يوق ئىدى.

1936 ـ يىلى يەرلىك قىرغىزلاردىن يەنە 300 نەپەر ئەسكەر ئېلىپ، پولك ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 800 گە يەتكۈزۈلدى. قىسىم ئەمدى بىرىگادا ئاتىلىپ 2 پولكقا بۆلۈندى. ـ 1پولك كوماندىرى ـ پولكوۋنىك شىرمەت، ئۇنىڭ مۇئاۋىنى سىدىقبەگ، شتاپ باشلىقى قۇربان تېۋەنپۇ قاتارلىق قىرغىزلار ئىدى. بۇ پولك قەشقەر يېڭىشەھەر كۆل بېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 2 ـ پولك كوماندىرى پولكوۋنىك مەۋلانوۋ بولۇپ، بۇ كىشىمۇ قىرغىز ئىدى. بۇ پولك خوتەن ۋىلايىتىگە مەسئۇل قىلىندى. مۇشۇ ئىككى پولكنىڭ ئۈستىدە بىرىگادا كوماندىرى بولۇپ، ئىسھاقبەگ مۇنونوۋ تۇراتتى. ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى سوۋېتلەردىن ئەۋەتىلگەن كوشكىن، باغداساروۋ دېگەن كىشىلەر بولۇپ، بۇ بىرىگادا بىر قاتار تەييارلىقلاردىن كېيىن ئەمەلى ھەرىكەت قىلىشقا ئۆتتى. شىڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقى بىلەن 1935 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ قەشقەرىيىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەر خىل ھەربىي كۈچلەرنى بىر ـ بىرلەپ يوقىتىشقا كىرىشتى. ئالدى بىلەن خەنبەگ قازى قوماندانلىقىدىكى قاچقۇن ئەسكەرلەر قىسمىنى (سوۋېتتىن قېچىپ كىرگەن قىرغىز قوشۇنلىرى بولىشى مۇمكىن)، ئاندىن كېيىن ئوراز قوماندانلىقىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى يوقاتتى. (ئوراز سابىت داموللامنىڭ ھۆكۈمەت قورۇشىغا ياردەملەشكەن ئوراز شۇ بولسا كېرەك). ئاخىرىدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بىۋاستە ئارىلىششى بىلەن مازىخۇي (ماجۇڭيىڭ) باشچىلىقىدىكى تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى تامامەن يوقىتىپ، قەشقەرىيىدە شىڭ شىسەي مىللەتارىست ھاكىمىيىتىنى قارار تاپقۇزدى. شۇنىڭدىن

كېيىن تىغ ئۇچىنى مەھمۇت سىلىك قوماندانلىقىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەرگە قاراتتى. قىسقىسى، ئىسھاقبەگ قوماندانلىقىدىكى قىرغىز بىرگادىسى شىېك شىسەي بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدىكى، ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرىغا قارشى، ئۇيغۇرنىڭ دۆلەت قۇرۇشىغا قارشى قىلىچ بولۇش رولىنى ئوينىغان ئىدى.

مۇشۇلار يەيدىغان كاۋابنى كىم ئېتىپ بېرەتتى، مۇشۇلار يەيدىغان ئاش ـ تاماقنى كىم تەييارلاپ بېرەتتى. ستالىن بۇ ئەسكەرلەرنى يەرلىك قىرغىزلاردىن تەشكىللەپتۇ. ئەسكىرى قىسىملارغا كېرەكلىك لاۋازىمات ۋە ھەربىي راسخودنى ستالىن سوۋېتلەردىن ئەۋەتىپ بەردىمۇ ياكى يەرلىك ئۇيغۇرلاردىن يىغىپ ئالدىمۇ؟ نېمىشقا ستالىن يەرلىك قىرغىزلاردىن شۇنداق جەڭگىۋار قوشۇن تەييارلاپ چىقالىدى، نېمىشقا ئۇيغۇرلارنى جەڭگىۋار قوشۇن بولۇشقا تەشكىللىمىدى؟ نېمىشقا ستالىن قىرغىزنى ئۇيغۇر غاقارشى قويالىدى؟ نېمىشقا ستالىن ئۇيغۇرغا شۇ دەرىجىدە شۇنداق ئۆچمەنلىك قىلىدۇ؟ ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن قانداق تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئىگە بولىدى؟ يەنە ستالىن **1944** ـ يىلى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىدە ئىككىنچى قېتىملىق قوراللىق ئىنقىلابنى قوزغىغاندا ئۇيغۇر خەلقى يۇقىرىقى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئېسىگە ئالمىغان بولغىمىدى؟ ئەمدى ئۇيغۇر دۆلىتى مۇنقەرز بولۇشىنىڭ **14** ـ سەۋەبىگە نەزەر ئاغدۇرايلى:

**14**) ئەسكەرلەر ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىپلا يۈرۈيدىغان ياۋايى ھايۋانلار ئەمەس. ئۇلار تۈرلۈك تۈرلۈك كېرەك، كىيىم ـ كېچەك كىيىشى كېرەك، قاتناش ۋاستىلىرى ئات ـ ئۇلاغتىن پايدىلىنىشى كېرەك. بۇلارنى ئەسكەرلەرگە كىم تەييارلاپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە ئۇيغۇر خەلقى تەييارلاپ بېرىدۇ. سوۋېتلەر تەشكىللىگەن، ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇشقا سالىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ ئىقتىسادى راسخوتىنى تەييارلاپ بېرىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەندىن باشقا، شىېك شىسەي ئۇيغۇرنىڭ ئىنقىلابچىلىرىنى، زىيالىيلىرىنى، بايلىرىنى قولغا ئېلىپلا توختاپ قالماي، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلاتتى. مۇسادىرە قىلىشنى شىېك شىسەيگە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۆگەتكەن. ھەتتا ستالىن ”ن ك ۋ د “، (”ك گ ب“) جاسۇسلىرىنى ئۇيغۇرىستان «شىنجاڭ» غا ئەۋەتىپ ئۇيغۇر

ئىنقىلابچىلارنى قولغا ئېلىش، سوراق قىلىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئىشلىرىغا بىۋاستە قاتناشتۇرغان. دېمەك ئەسلىدە ئۇيغۇرىستان روسىيىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى مۇستەملىكىسى، پەقەت خەلقئارا جەمئىيەتتە چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈنلا، باشقا جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ گەپ ـ چۆچەكلىرىگە پاكىت تېپىپ بەرمەسلىك ئۈچۈنلا، ختاي شىڭ شىسەينى ئۆلكىنى باشقۇرۇشقا ئولتۇرغۇزۇپ قويغان ئىكەن دېيىشكە بولىدۇ! ئەمدى، ئۇيغۇر دۆلىتى مۇنقەرز بولۇشىنىڭ 15 ـ سەۋەبىگە نەزەر ئاغدۇرايلى:

15) ھىندىستاننى مۇستەملىكە قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى، ھىندىستان مۇستەملىكە ھۆكۈمىتى ئارقىلىق ئۇيغۇرىستاندا قۇرۇلغان ھۆكۈمەتكە تەسىر كۆرسىتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆرەشلىرىگە ياردەم بېرىپ بۇ قېتىم مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنى قولللىغۇچى بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1933 ـ يىلى تۆمۈر سىلىڭنىڭ دادىسى ئەمەت ھاجى ئارقىلىق تۆمۈر سىلىڭغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇيغۇرىستاندا دۆلەت قۇرغۇچىلارغا يېقىنلاشماقچى بولدى. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇۋاتقان مەزگىلدە، ھىندىستاندىن مەخسۇس ۋەكىللەرنى ئەۋەتىپ، ئەنگلىيە ئۇيغۇرنىڭ دۆلەت قۇرۇش ئىشلىرىغا بۇ قېتىم ياخشى نىيەت بىلەن ئارىلاشماقچى بولدى. بىراق، شۇ ۋاقىتتا تۆمۈر سىلىڭ ۋە باشقا ئۇيغۇر قورالللىقلىرى "ناسارالاردىن ياردەم ئالمايمىز" دېدى، ئەنگلىيىنىڭ ياردىمىنى رەت قىلدى. مەسىلەن، 1933 ـ يىلى تۆمۈر سىلىڭنىڭ دادىسى ئەمەت ئاخۇن مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھاجى بولۇپ قايتتى. ھەرەمدىن قايتقان ۋاقتىدا ھىندىستان ھۆكۈمىتى بۇ ھاجىلاردىن پويىز بىلىتى، ياتاق پۇللىرىنى ئالمىغاننىڭ ئۈستىگە، ئۇزىتىش زىياپىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەمەت ئاخۇن ھاجىغا بىر پەتنۇس تىللا بەرگەن ھەم تۆمۈر پادىشاغا ئالغاچ كەتسىلە دەپ بىر پارچە مەكتۇپ بەرگەن. بۇ خەت ئەنگلىيە ئايال پادىشاسىنىڭ نامىدىن يېزىلغان خەت بولۇپ، خەتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق جۈملىلەر بار ئىدى:

ھۆرمەتلىك تۆمۈر سىلىڭ! سىز پادىشا بولدىڭىز، قەشقەرىيىدە ئىسلام ھۆكۈمىتىنى قۇردىڭىز، كېلىڭ سىز بىلەن دوست بولايلى، ئەگەر سىزگە

ھەربىي كۈچ لازىم بولسا، يەتكۈزۈپ بېرىمىز... تۆمۈر سىلىك خەتنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر بارمىقىنى چىشلەپ ئولتۇرۇپ: ئۇلار ناسارا دىنىدىكىلەر تۇرسا، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق بولۇپ ياردەم تىلىگەندىن كۆرە خۇدادىن نۇسرەت تىلىسەك بولىدى، دەپ جاۋاب بەرگەن. ("شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى" 4 ـ سان 258 ـ بەت)، (بىزنىڭ ھازىرقى زامان قارىشىمىزچە، تۆمۈر سىلىك شۇ چاغدا ئەنگلىيىدىن ھەربىي ياردەم ئالغان بولسا، ئەمەلىيەتتە بۇ، خۇدانىڭ تۆمۈر سىلىڭغا نۇسرەت بەرگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىناتتى.)

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب ئۇيغۇرىستاندا ئۈچىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلىشى

20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا ئۇيغۇر خەلقى 3 ـ قېتىم قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مىللەتنىڭ ئازادلىقى يولىدا يەنە بىر قېتىم ئۇرۇشقا كىردى. بۇ ئىنقىلاب تارىختا "ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى" دەپ ئاتالدى. ئىنقىلابقا بۇنداق ئىسىم قويۇشنى ئورۇسلار قويدىمۇ ياكى خىتاينىڭ گومىنداڭ ھاكىمىيىتى قويدىمۇ ۋە ياكى خىتاينىڭ كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتى شۇنداق ئىسىم قويدىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. بۇ ئىنقىلابقا ئەگەر ئورۇسلار شۇنداق ئىسىم قويغان بولسا، ئۇنداقتا ستالىننىڭ كۆڭلىگە يامان غەرەز ئۇستىگە يەنە يامان غەرەز يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئەگەر خىتايلار بۇ ئىنقىلابقا "ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى" دەپ ئىسىم قويغان بولسا، بۇ ئىنقىلابنىڭ پۈتۈن ئۇيغۇرىستان بويىلاپ كۆتۈرۈلگەن "ئۇيغۇر مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابى" ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، ئىنقىلابنى كۆلەم جەھەتتىن كىچىكلەشتۈرۈپ رايون خاراكتېرلىك ئىسيانغا ئايلاندۇرۇپ ئىسىم قويماقچى بولغانلىقىدىن ئىبارەت خىتايچە دانالىقىنى ئاشكارىلاپ قويغان بولىدۇ.

خىتاينىڭ كېيىنكى نۆۋەتلىك داھىسى ماۋزېدۇڭ "ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمىدۇر" دېگەندە، بىرىنچىدىن، خىتاينىڭ تەبىئىتىنى ئاشكارىلىغان بولدى. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرىستاننى مۇستەملىكە قىلىشتىن ئىبارەت سىياسى مەقسەتلىرىنى ئاشكارىلىغان بولدى.

ئۇيغۇرىستاندا كۆتۈرۈلگەن "ئۇيغۇر مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابى" نېمىشقا خىتاي ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدىكەن؟ ئەلۋەتتە مۇنداق سوئال قويغۇچىلار ساددا ئۇيغۇرلاردۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرىستاندا ئىنقىلاپ قوزغىماقچى بولغان ستالىن، ئىنقىلاب ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇيغۇرىستاننى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ماۋزېدۇڭغا ۋەدە بەرگەن بولسا، ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ياكى ئۇيغۇرنىڭ مىللىي ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پايتەخت ئۈرۈمچىگە كىرىشىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، بۇ ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈپ ئالغان ستالىن، ئىلگىرىلەش ئىچىدە كېتىۋاتقان ئۇيغۇرنىڭ مىللىي ئازادلىق ئارمىيىسىنى ماناس دەرياسىنىڭ بويىدا توختىتىپ، گومىنداڭ خىتايلىرىغا ۋە كوممۇنىست خىتايلارغا ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى كۆرسەتكەن بولىدۇ.

ئىنقىلابىنى ستالىن ـ روسىيىلىكلەرنىڭ قوزغىغانلىقى بۇ ئېنىق. سوئال قويۇپ باقايلىكى، تېخى تونۇگۈن قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىنىڭ قولى بىلەن يوقاتقان ستالىن، **1937** ـ يىلى قاراقول بىدىل داۋنى ئارقىلىق **200** ھەربىي ماشىنىدا، تاجاۋۇزچى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى ئەۋەتىپ قەشقەردە قۇرۇلغان دۆلەتنى، دۆلەت قۇرغۇچىلارنى ئۆز قولى بىلەن يوقاتقان ستالىن، يەنە نېمىشقا **1944** ـ يىلى بۇ قېتىم ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىدە ئىنقىلاب قوزغىماقچى بولدى، نېمىشقا ئۇيغۇرلارنىڭ قولى بىلەن ئىنقىلاب قوزغىماقچى بولدى؟

**1931** ـ يىلى ياپونىيە مانجۇرىيىدە قۇرۇقلۇققا چىققاندىلا ستالىننىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەشكە باشلىغان ئىدى. بۇ ئۇرۇش يىراق شەرقتە بەلكى ستالىن زېمىن تەلىپى قويالايدىغان ۋە زېمىن تەلىپى قويۇشقا ھوقۇقلۇق مانجۇرىيىدە پارتلىغان بۇ ئۇرۇش ئەندىشىگە سالغاندا، ستالىن دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ شەپىسىنى كۆرۈپ يەتكەن.

**1943** ـ يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ھەل قىلغۇچ دەۋرگە كىرىپ

كەلگەنــدە چــوڭ دۆلەتلــەر ئامېرىــكا، ئەنگلىيــە، فرانســيە، ســوۋېتلەر ئىتتىپاقــى پاشــىزىمغا قارشــى ئىككىنچى فرونت ئېچىش توغرىســىدا ئويلىشىشــقا باشــلىغان. ئىككىنچــى فرونــت ئېچىلىدىغانــلا بولســا، ئــۈچ چــوڭ دۆلــەت ئەنگلىيــە، روســيە، ئامېرىــكا ئوتتۇرىســىدا، دۇنيانــى قايتــا تەقســىم قىلىدىغان بىــر يىغىننىڭ ئېچىلىشــىمۇ تۇرغانــلا گــەپ ئىدى. مەســىلەن، 1945 ـ يىلــى ئېچىلىدىغان ”يالتا يىغىنى“نىــڭ تەييارلىقــى 1944 ـ 1943 ـ يىللاردىــلا باشــلانغان ۋە چــوڭ دۆلەتلــەر ئوتتۇرىســىدىكى دىپلوماتىــك بېرىــش ـ كېلىشــلەر شــۇ ۋاقىتتىــلا باشــلانغان.

1) ئۇيغۇرىســتاندا ئۇيغــۇر مىللــى دېمۇكراتىــك ئىنقىلابىنــى قوزغاشــنىڭ خەلقئــارا ۋەزىيــەت تەقەززالىقــى.

1943 ـ يىلــى ئىككىنچــى دۇنيــا ئۇرۇشــىنىڭ ۋەزىيىتىدە نېگىزلىــك ئۆزگىرىش يــۈز بەرگــەن بىــر يىــل بولــدى. ســتالىنگراد ئۇرۇشــىدا ســوۋېتلەر ئارمىيىســى هــەل قىلغــۇچ غەلىبىگــە ئېرىشــكەندىن كېيىــن، ئومۇمىيۈزلــۈك قايتارمــا هۇجــۇم قىلىــش باســقۇچىغا كىــردى. شــىمالى ئافرىقــا ئــۇرۇش مەيدانىــدا ئامېرىــكا بىلــەن ئەنگلىيىنىــڭ مەشــئەل پىلانــى غەلىبــە قىلغاندىــن كېيىــن، گېرمانىيــە، ئىتالىيىنىڭ شــىمالى ئافرىقىدىكــى ئەســكىرى كۈچىنــى تامامــەن يوقىتىــپ، بــۇ ئىــش ئوتتــۇرا شــەرقنىڭ ۋەزىيىتىنــى ئاساســى جەھەتتىــن ئۆزگەرتىۋەتتــى. ئىتتىپاقــداش ئارمىيــە ئىتالىيىنىــڭ جەنۇبىــدا قۇرۇقلۇققــا چىقتــى، مۇســولىنى تەختتىــن چۈشــتى. ئىتالىيــە ئۇرۇشــتىن چېكىنىــپ چىقىــش بىلەنــلا، ئىتالىيــە، گېرمانىيــە ئــوق مەركىــزى پارچىلانــدى. ۋەزىيەتنىــڭ يېڭــى تەرەققىياتــى ۋە يېڭــى ئۆزگىرىشــىنى نەزەرگــە ئېلىــپ، ئورتــاق كۆڭــۈل بۆلىدىغــان بارلىــق مەســىلىلەر بويىچــە ئــۆز ئــارا پىكىــر ئالماشــتۇرۇپ، يېڭــى ئىســتراتېگىيىلىك پــىلان تۈزۈشــنىڭ ئېھتىياجــى فاشــىزىمغا قارشــى ئىتتىپاقــداش دۆلەتلەرنىــڭ ئالدىغــا قويۇلغــان جىــددى مەســىلە بولــۇپ قالــدى. بۇنىــڭ ئۈچــۈن 1943 ـ يىلــى 10 ـ ئاينىــڭ 19 ـ كۈنىدىــن 30 ـ كۈنىگىچــە موســكۋادا ســوۋېتلەر ئىتتىپاقــى، ئامېرىــكا، ئەنگلىيــە قاتارلىــق ئــۈچ چــوڭ دۆلەتنىــڭ تاشــقى ئىشــلار مىنىســتىرلىرى يىغىنــى ئېچىلىــپ، ئــۈچ چــوڭ دۆلــەت باشــلىقلىرىنىڭ خەلقئــارا يىغىــن ئېچىشــىغا تەييارلىــق قىلدى. بــۇ قېتىمقى يىغىــن تــۆت پارچــە خىتابنامــە ئېــلان قىلــدى. بۇنىــڭ ئىچىــدە «ئومۇمىيۈزلــۈك

بىخەتەرلىك خىتاپنامىسى» ئىمزالىنىدىغان چاغدا، جۇڭگو ئۇرۇشقا قاتناشقان تۆتىنچى دۆلەت سۈپىتىدە خىتاپنامە ئىمزالاشقا تەكلىپ قىلىندى. بۇ يىغىنغا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى فۇبىن چاڭ تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

2) ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇر مىللىي دېمۇكراتىك ئىنقىلابىنىڭ قوزغىشىنىڭ ئىچكى ۋەزىيەت تەقەززالىقى.

شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يارىدىمىگە تايىنىپ، تۇڭگان ماجۇڭيىڭ كۈچلىرىنى تارمار قىلىپ، خوجىنىياز ھاجىمنى ئۆزى بىلەن ھەمكارلىششقا مەجبۇرلىدى. شۇنداق قىلىپ قىسقىغىنا بىر يىل ئىچىدە پۈتۈن ئۇيغۇرىستان «شىنجاڭ»نى 1937 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. شېڭ شىسەي تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىللەردە بەزىبىر «ئىلغار» سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، «شىنجاڭ»نىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد ساھەلىرىدە بەلگىلىك تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈردى. بىراق، كېيىن ئۆزىنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى بىراقلا ئاشكارىلاپ، ھۆكۈمرانلىقنى زوراۋانلىق بىلەن يولغا قويۇپ، ئۇيغۇر، قازاق خەلقلىرىگە دەھشەتلىك زۇلۇم سالدى.

«توپىلاڭ دېلولىرى»نى ئويدۇرۇپ ياساپ چىقىپ، ئۇيغۇر، قازاق خەلقلىرىدىن بىر نەچچە يۈزمىڭ ئادەمنى قولغا ئېلىپ، مەخپىي ئۆلتۈرۈپ يوقاتتى. ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇر، قازاق خەلقلىرىنىڭ ھاياتى كاپالەتكە ئىگە بولالماي، دەككە ـ دۈككە ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، چېگرىنى تاقىغاندىن كېيىن، سودا ـ تىجارەت يوللىرى ئۈزۈلۈپ، تۇرمۇش بۇيۇملىرى قىس بولۇپ، مال باھاسى ئۆرلەپ ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە قىيىنلىشىپ، خەلقنىڭ نارازىلىقى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ، غەزەپ ـ نەپرەت ئاخىرقى چەككە يەتتى.

شېڭ شىسەي 1933 ـ يىلى تەختكە چىقىپ، دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىپ، بارلىق سىياسەتلىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل يول تۇتتى

ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زور مىقداردا ئادەم كۈچى ۋە ماددى كۈچ بىلەن ياردەم قىلىشىنى قولغا كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن «شىنجاڭ»دا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى ئېشىپ، «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى رايون، يەنى بىر سىياسى ئىبارە بىلەن ئاتىغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېرىم مۇستەملىكىسى بولۇپ قالدى. شۇ دەۋردە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەممە تارماقلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئىشلەيتتى. ھوقۇق شۇلارنىڭ قولىدا ئىدى. شېڭ شىسەي باھانە تېپىپ "توپىلاڭ قوزغىماقچى بولدى" دەپ ئۇيدۇرۇپ چىققان دېلولار ۋە ئۇيغۇر، قازاق جىنايەتچىلەر موسكۋادىن تەستىق كەلگەندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىناتتى.

**1942** ـ يىلى ستالىنگراد ئۇرۇشىدىن كېيىن، ستالىن تۈگەشتى دەپ ئويلىغان شېڭ شىسەي، ستالىندىن يۈز ئۆرۈپ **1943** ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقلىق خادىملارنى، مەسلىھەتچىلەرنى ئۇيغۇرىستاندىن قوغلاپ چىقىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شىنجاڭ»دىكى تەسىر كۈچىنى پۈتۈنلەي تازىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچىدە شېڭ شىسەينىڭ «شىنجاڭ» دىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، «شىنجاڭ»نىڭ ئەسلىدىكى ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇددىئاسى قوزغالدى. مەرھۇم سەيدۇللا سەيپۇللايوف ئەپەندىنىڭ "مەن شاھىد بولغان ئىشلار" ماۋزۇلۇق كىتابىدا يېزىشىچە، ئىلى ۋىلايىتىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ چىققان پاتىخ مۇسلىموف (تاتار)، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، قۇربان بورھانىدىن (ئۇيغۇر) رەپىق بايچۇرىن (تاتار) قاتارلىق **10**نەچچە نەپەر ياشنى ئالمۇتا ئەتراپىدىكى بىر ساناتورىيىدە تەربىيەلەپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پۇرسەت تۇغۇلغاندا چېگرىدىن كىرگۈزۈپ ئىلى ۋىلايىتىدە ئىنقىلاب قوزغىماقچى بولغان. ("سەلكىن تور بىتى")

يۇقىرىدا نامدا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرىستان مىللى دېمۇكراتىك ئىنقىلابى ئاتىلىپ پۈتۈن دۇنياغا پور كەتكەن، ئۇيغۇر ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىچكى، تاشقى ۋەزىيەتلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى تۆۋەندە ئىنقىلابنىڭ جەريانى توغرىسىدا

توختىلىپ ئۆتىمىز.

3) سوۋېت ئىتىپاقىنىڭ، ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىنىڭ غۇلجا شەھرىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى دۇباشىن، ئەلىخان تۆرە (ئۆزبېك)، ھېكىمبەگ غوجا قاتارلىق يەرلەشكەن كۆچمەنلەرنىڭ يۇقىرى قاتلام زاتلىرى بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنى قوزغىلىپ شىېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا دەۋەت قىلغان. نەتىجىدە ئەلىخان تۆرە (ئۆزبېك) باشچىلىقىدا ”ئازادلىق تەشكىلاتى“ قۇرۇلۇپ مەسچىتلەردە تەشۋىقات خىزمەتلىرى ئىشلىنىپ، ئىنقىلاپقا تەييارلىق قىلىش ئىشلىرى باشلاندى.

يۇقىرىقىدەك، تەييارلىقلاردىن كېيىن، 1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا پاتىخ مۇسلىمۇف (تاتار)، باشچىلىقىدىكى 7 كىشىلىك كىچىك ئەترەت قورغاس چېگرىسىدىن كىردى ۋە نىلقا ناھىيىسىدىكى ئۇلاستاي يايلىقىغا بېرىپ، تاغ تۇراغا كىرىپ كەتتى. ئەكبەر (قازاق) قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ قوزغىلاڭ باشلاش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى.

4) 1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۇلاستاي تېغىدا پاتىخ مۇسلىمۇف (تاتار)، ئەكبەر (قازاق)، سىيىت (قازاق)، قۇربان بورھانىدىن (ئۇيغۇر)، رەپىق بايچۇرىن (تاتار)، غېنى مەھەممەتباقى (ئۇيغۇر)، نۇر ئوبۇلوف (ئۇيغۇر)، ئوسمان ئىبراھىمۇف (ئۇيغۇر) ھوشۇر مامتوف (ئۇيغۇر)، خەمىت مۇسلىمۇف (تاتار)، مولداجان(قازاق)، سېرىيوژا لاپشىن (روس) قاتارلىق كىشىلەرنى يادرو قىلغان پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇلدى ۋە ۋاقىتلىق قۇماندانلىق شتابى تەسىس قىلىندى. پاتىخ مۇسلىمۇف باش قۇماندان، ئەكبەر، سېرىيوژا لاپشىن مۇئاۋىن باش قۇماندان بولدى. ئۇلارنىڭ تۆۋىنىدە 3 تارماق ئەترەت تەشكىل قىلىندى. 1 ـ چوڭ ئەترەتكە ئەكبەر باتۇر، سىيىتلار قۇماندان بولدى. ئۇلارنىڭ ئادەم سانى تەرەققى قىلىپ، ئازادلىق، مۇستەقىللىق ئۈچۈن تەشنا بولۇپ تۇرغان ئۇيغۇرلار قوشۇلۇپ، 11 ـ ئايغا بارغاندا تەخمىنەن 600 ئادەمگە يەتتى. 2 ـ چوڭ ئەترەتكە غېنى باتۇر، ئوسمان ئىبراھىمۇف قۇماندانلىق قىلدى. ئۇلارنىڭ ئادەم سانى تەرەققى قىلىپ 11 ـ ئايغا بارغاندا تەخمىنەن 1800 ئەدەمگە يەتتى. 3 ـ چوڭ

ئەترەتكە شۇتۇۋ ئىۋان، خەمىت مۇسلىمۇۋ قوماندانلىق قىلدى. ئۇلارنىڭ ئادەم سانى تەرەققى قىلىپ **11** ـ ئايغا بارغاندا تەخمىنەن **700** ئادەمگە يەتتى. پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، **8** ـ ئاينىڭ **17** ـ كۈنى بۇ پارتىزانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن نىلقا ناھىيىسىدىن خىتاينىڭ ساقچىلىرى يولغا چىقتى. خىتاي ساقچىلىرى يېتەر جايىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇيغۇر، قازاق، تاتاردىن تەشكىللەنگەن پارتىزانلار خىتاينىڭ ساقچىلىرىنى ئۇرۇش بىلەن يوقىتىپ تۈنجى غەلىبەنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر نەچچە قېتىملىق غەلىبىلىك جەڭلەرنى قىلىپ، پارتىزانلارنىڭ كۈچى بارغانسېرى ئۆلغايدى. پارتىزانلار **10** ـ ئاينىڭ **5** ـ كۈنى نىلقا ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، بىر كېچە ـ كۈندۈز جەڭ قىلىش ئارقىلىق **7** ـ كۈنى ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلدى ۋە غۇلجىدىن كەلگەن گومىنداڭنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى.

بىر نەچچە كۈنلۈك كەسكىن جەڭ ئارقىلىق **11** ـ ئاينىڭ **12** ـ كۈنىگە كەلگەندە، غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەرەمباغ، ئايرودروم، لەڭشاڭ بۇتخانىسى، قاتارلىق ئورۇنلاردىن باشقا جايلىرى پارتىزانلار تەرىپىدىن ئازاد قىلىندى. بۇ جەرياندا گومىنداڭنىڭ **400** دىن ئارتۇق ئەسكىرى يوقىتىلدى. **150**دىن كۆپرەك ئەسكىرى ئەسىرگە ئېلىندى. پارتىزانلار ھەرەمباغ قاتارلىق جايلارغا كىرىۋالغان دۈشمەنلەرنى قورشاپ داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ، كەسكىن كۆرەشلەر ئارقىلىق **1945** ـ يىلى **2** ـ ئاينىڭ **1** ـ كۈنىگە كەلگەندە غۇلجا شەھىرىنى تولۇق ئازاد قىلدى.

**5) 1944** ـ يىلى **11** ـ ئاينىڭ **12** ـ كۈنى غۇلجىدا ”مىللى ھۆكۈمەت“، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلدى. ئەلىخان تۆرە (ئۆزبېك) بۇ ھۆكۈمەتكە رەئىس بولدى.

**1945** ـ يىلى **1** ـ ئاينىڭ **5** ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن **4** ـ قېتىملىق يىغىندا، ھۆكۈمەت ئىنقىلابنىڭ مېۋىسىنى ۋە تىنچلىقنى قوغداش ئۈچۈن ھەر مىللەت خەلقىدىن ئەسكەر ئېلىپ، قودرەتلىك قوشۇن تەشكىللەشنى قارار قىلدى.

**1945** ـ يىلى **1** ـ ئاينىڭ **12** ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت

ئەزالىرى يىغىنىدا 6 ـ نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، ھەربىي ئىشلار نازارىتى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. پېتىر روما نۇۋىچ ئالېكساندروپنى ھەربىي نازىرلىققا تەيىنلىدى. (ئۆزلىكىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇ. ئەسكىرى ئۇيغۇر، قازاقتىن، كوماندىرى ئورۇستىن تەشكىللەنگەن بۇ ئارمىيىنىڭ ئاخىرى نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى ئۆزىدىن ئۆزگە مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ.)

1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت، مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن غۇلجا شەھىرىدە داغدۇغۇلۇق مۇراسىم ئۆتكۈزدى. مۇراسىم تۇغ مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى، ئەلىخان تۆرە مۇراسىمدا سۆز قىلدى ھەمدە ھەربىي قىسىملارغا ئاي يۇلتۇز بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن "مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئالغا" دېگەن شوئار يېزىلغان ھەربىي بايراق ۋە ئايەت يېزىلغان ئاق رەڭلىك ئىسلام بايرىقى تەقدىم قىلدى. مۇراسىمدا مىللىي ئارمىيىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

غۇلجا شەھىرىدە مىللىي ئارمىيە باش شتابى قۇرۇلدى. باش شتاپ قارمىقىدا ئوپېرەتىپ بۆلۈمى، ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمى، رازۋېتكا بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، سىياسىي بۆلۈم، ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

ئىۋان ياكوۋلوۋىچ پالىنوف (روس) مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قۇماندانلىقىغا، ئىسھاقبېك مۇنۇنوف (قىرغىز) زۇنۇن تېيىپوف (ئۇيغۇر) مۇئاۋىن باش قۇماندانلىققا، م. مازاروف (روس) شتاپ باشلىقلىقىغا، ئەھمەتجان قاسىمى (ئۇيغۇر) ھەربىي بۆلۈم مۇدىرلىقىغا، ئابدۇكېرىم ئابباسوف (ئۇيغۇر) سىياسىي بۆلۈم مۇدىرلىقىغا، رەسۇلۇپ پەخرىدىن خۇجا (ئۆزبېك) ئارقا سەپ تەمىنات مۇدىرلىقىغا، غېنىي مەھەممەتباقى (ئۇيغۇر) ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ئابدۇغوپۇر سابىر ھاجى (ئۇيغۇر) ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، داموللا رازىيوف (ئۇيغۇر) دىنى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. ("سەلكىن تورى")

1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئادەم سانى 29 مىڭ 650 كىشىگە يەتكەن دېيىلدى. يەنە بەزى تارىخ ماتېرىياللاردا

مىللىي ئارمىيىنىڭ ئادەم سانى 60 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن دېيىلدى.

مەلۇم بولدىكى، دېمەك ستالىن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ھوقۇقىنى ئۇيغۇرغا بەرمىدى. ئورۇس پالىنوف ئۇيغۇر مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن ئىكەن، ستالىن، ئۇيغۇرىستاننى ئىككىنچى بىر خىل شەكىلدە سابىق سوۋېتلەرنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغان بولدۇ، خالاس.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە يالتا سىستېمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاشنىڭ سىياسى سەۋەبلىرى:

1) «ۋېرسال ـ ۋاشىنگتون سىستېمىسى» نىڭ تىكلىنىشى.

تۆت يىل داۋاملاشقان بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى، گېرمانىيە، ئاۋستورىيە دۆلەتلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاش ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپىنى تىكلەشنى دەۋر قىلغان ھالدا ھارقايسى جاھانگىر دۆلەتلەر ئارا پارىژدا يېڭى كۆرەش باشلاندى.

1919 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كۆلىمى زور تىنچلىق يىغىنى فرانسىيىنىڭ ۋېرسال سارىيىدا ئېچىلدى. غەلىبە قىلغان 27 دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى ۋە تۆت ئاپتونومىيىلىك رايوننىڭ، ھىندىستاننىڭ ۋەكىللىرى بۇ يىغىنغا قاتناشتى. ئۇرۇشتا يېڭىلگەن گېرمانىيە ۋە گېرمانىيىگە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر يىغىنغا قاتناشتۇرۇلمىدى. روسىيە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، ئىچكى قىسمىدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپ سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇلغانلىقتىن، يىغىننىڭ سىرتىغا قېقىۋېتىلدى.

يىغىن باشقۇرۇش ھوقۇقى ئامېرىكا، ئەنگىلىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە قاتارلىق بەش دۆلەتنىڭ قولىدا بولدى. ھەر بىر دۆلەتنىڭ قورسىقىدا جىن بولغانلىقتىن، كۆرەش كەسكىن بولدى. ئامېرىكا ئۇرۇش جەريانىدا زور نەپكە

ئېرىشىپ، ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى قەرزدار دۆلەتلىك ئورنىدىن بىر سەكرەپلا قەرز بەرگۈچى دۆلەت ئورنىغا ئۆتتۇالدى. دۇنيا بويىچە 40% تىن ئارتۇق ئالتۇن زاپىسى توپلاپ، ئەنگلىيىنىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. ئامېرىكا ئىقتىسادىي ئۇستۇنلۇككە تايىنىپ، ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياۋروپاغا كىمنىڭ رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىپ، دۇنياغا رەھبەرلىك قىلغۇچى دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتكە ئايلاندى. ئەنگلىيە ئۇرۇشتا نۇرغۇن تالاپەت تارتقان بولسىمۇ لېكىن چوڭ دۆلەتلىك ئورنى ئۇقەدەر ئاجىزلاپ كەتمىدى. ئەنگلىيە گېرمانىيىنى پارچىلاشقا قارشى تۇراتتى. فرانسىيە بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرگۈچىلىك رولىنى ئويناپ، گېرمانىيىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ فرانسىيىنى چەكلىمەكچى، سوۋېتلەرگە تاقابىل تۇرماقچى بولاتتى. فرانسىيە ئۇرۇشتا ئېغىر تالاپەت تارتقان بولسىمۇ، ياۋروپا بويىچە يەنىلا قۇدرەتلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە ئىگە ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ نىشانى گېرمانىيىنى زور چەكتە ئاجىزلاشتۇرۇپ، ياۋروپاغا خوجايىن بولۇش ھوقۇقىنى تىكلىمەكچى ئىدى. ياپونىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيىلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىگە سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ، ئارزۇلىرى يۈكسەك، ئالىقاچان ئېرىشكەن مەنپەئەتنى قوغداپ قېلىشقا، ئىتالىيە ئوتتۇرا شەرقتە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن، ياپونىيە يىراق شەرقتە قۇدرەتلىك دۆلەت ئورنىغا چىقىشقا ئۇرۇناتتى.

ئۇزۇن دەتالاشلاردىن كېيىن، 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى "ۋېرسال كېلىشىمى" ئىمزالىنىپ، كېلىشىم بويىچە گېرمانىيىنىڭ مۇستەملىكىلىرىنى تارتىۋېلىپ، گېرمانىيىنىڭ چېگرىسىنى بېكىتىپ، گېرمانىيە 8.1% تېررىتورىيىدىن، 10.1% نوپۇستىن، 65% تۆمۈر كانىدىن، 45% كۆمۈر كانىدىن ئايرىلىپ قالدى. كېلىشىم بويىچە گېرمانىيىنىڭ ھەربىي ئىشلار تەرەققىياتىمۇ چەكلىنىپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە سانىنىڭ 100 مىڭدىن ئاشماسلىقىنى بەلگىلىدى.

"ۋېرسال ـ ۋاشىنگتون سىستېمىسى"نى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن دۇنيانى قايتا تەقسىم قىلىۋېلىش سىستېمىسى دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن بۇ سىستېمىنىڭ ئاساسى مۇستەھكەم بولمىغاچقا، غەلبە قىلغان دۆلەتلەر

ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئىتتىپاقداشلىق يىمىرىلدى. ھەر قايسى دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قورساق سوقۇشى قىلىشىپ، تالاش ـ تارتىشنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان گېرمانىيە غالجىرلىق بىلەن قول قىلىشقا، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا ئۆچرىدى. بىراق، گېرمانىيىنىڭ مونوپول بۇرجۇئازىيىسى مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەيتتى، قايتىدىن باش كۆتۈرەتتى. يىراق شەرقتە ئامېرىكا بىلەن ياپونىيىنىڭ زىددىيىتى كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە كۆتۈرۈلدى.

بۇ زىددىيەتلەر ۋە كىرىزىسلەر ”ۋېرسال ـ ۋاشىنگتون سىستېمىسى“نى يىمىرىلىشكە يۈزلەندۈرۈپ، جاھانگىر دۆلەتلەر دۇنيانى قايتىدىن بۆلۈشۈۋالىدىغان بىر مەيدان ئۇرۇش ـ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى مەيدانغا چىقاردى.

2 ـ ئۇرۇش دەۋرىدە چاقىرىلغان تۆت قېتىملىق خەلقئارا يىغىنلار

1) قاھىرە يىغىنى

1943 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، جۇڭگو، ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى روزۋېلت، چېرچىل، جياڭ جېشى قاتارلىق دۆلەت باشلىقلىرى مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرەدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. بۇ يىغىن تارىختا قائىرە يىغىنى دەپ، ئاتالدى. يىغىن، بىرلىشىپ ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان ھەربىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن ياپونىيىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك سىياسى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى. يىغىندىن كېيىن روزۋېلت بىلەن چېرچىل ئىراننىڭ پايتەختى تېھرانغا ئۆچۈپ بېرىپ ستالىن بىلەن كۆرۈشۈپ، ستالىننىڭ قوشۇلىشىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن 1943 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ”قاھىرە خىتاپنامىسى“ نى ئېلان قىلدى.

قاھىرە يىغىنى مەزگىلىدە روزۋېلت بىلەن جياڭ جېشى ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلىدىغان سىياسى مەسىلىلەر بويىچە كەڭ ـ كۇشادە پىكىر ئالماشتۇردى.

جۇڭگونىڭ خەلقئارا ئورنى مەسىلىسىدە روزۋېلت: جۇڭگو تۆت چوڭ دۆلەت قاتارىغا كىرىشى ۋە بۇ دۆلەتلەر قاتناشقان ئورگانلارغا قاتنىشىپ،

بىردەك قارار ۋە سىياسەت بەلگىلىشى كېرەك دەپ، كۆرسەتتى.

تېررىتورىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىسىدە روزۋېلت بىلەن جىياڭ جېشى، ياپونىيە جۇڭگودىن قورال كۈچى ئارقىلىق تارتىۋالغان شەرقىي شىمالدىكى 4 ئۆلكە، (مانجۇرىيە)، تەيۋەن، فىڭخو تاقىم ئاراللىرى، ئۇرۇشتىن كېيىن جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىلىشى كېرەك، دېگەن پىكىرگە قوشۇلدى. بۇ تېررىتورىيىلەر لىياۋدۇڭ يېرىم ئارىلى ۋە لۈيشۈن پورتىنىمۇ، دالىيەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

روزۋېلت يەنە ئالاھىدە ئەھۋالدا تۆۋەندىكى مەسىلىنى جىياڭ جېشىدىن سوراپ كۆردى. ئۇ بولسىمۇ تاڭ نۇتۇۋا مەسىلىسى ئىدى. (تاڭ نۇتۇۋا ھازىرقى روسىيىگە قاراشلىق ئالتاينىڭ شىمال تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان تۇۋا جۇمھۇرىيىتىنى كۆزدە تۇتىدۇ.)، بۇ توغرىدا جىياڭ جېشى: بۇ زېمىن روسىيىلىكلەر قورال ئىشلىتىپ تارتىپ ئېلىشتىن بۇرۇن، جۇڭگو ـ تاشقى موڭغۇلىيىسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. كەلگۈسىدە موڭغۇلىيە مەسىلىسى بىلەن بىرلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. ئامېرىكا، جۇڭگو ھەربىي ئىشلار جەھەتتە، ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، قايسى تەرەپ تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرايدىغان بولسا، ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا ياردەم بېرىشكە كېلىشتى.

جىياڭ جېشى يانا جۇڭگونىڭ ھاۋا، قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيىلىرىنى ئامېرىكىنىڭ قوراللاندۇرۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

كورىيە، ھىندىچىنى دۆلەتلىرى، تايلاند مەسىلىسىدە روزۋېلت تەكلىپ بېرىپ: ئامېرىكا، جۇڭگو مۇشۇ رايوننىڭ كەلگۈسى ئورنى مەسىلىسىدە ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشى كېرەك، دېدى. جىياڭجېشى قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىككى تەرەپ بىردەك كورىيە مۇستەقىل بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلىدى. ئىككى دۆلەت ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ھىندىچىنى دۆلەتلىرىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن مۇستەقىللىققا ئېرىشىشىگە ياردەم بېرىشنى توغرا تاپتى. تايلاندنىڭ مۇستەقىللىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

2)تېھران يىغىنى

1943 ـ يىلى11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈندىن 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە روزۋېلت، چېرچىل، ستالىن تېھراندا فاشىزىمغاقارشى ئىتتىپاقداش 3 دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، 3 دۆلەت باشلىقلىرى تۇنجى قېتىم سۆھبەتلەشتى. يىغىندىن كېيىن، ”ئۈچ دۆلەت تېھران خىتاپنامىسى“نى ئىمزالىدى. بۇ قېتىملىق يىغىن فاشىزىمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتلىك يىغىن بولۇپ قالدى.

تېھراندا 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈندىن 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ئۇمۇمى 3 قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. ـ 1قېتىمدا ئۈچ تەرەپ سىياسى يىغىن ئاچتى، كېيىنكى 3 قېتىمدا ئۈچ دۆلەتنىڭ ئۈچ نەپەر باشلىقى شەخسى ئۇچرىششلاردا بولدى. يىغىندا، گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش يۈنىلىشىنى، ـ 2ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭ ۋاقتىنى قارار قىلىش، يىراق شەرق مەسىلىسى (مۇشۇ مەسىلىنىڭ ئىچىدە ئېھتىمال ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىمۇ بار)، گېرمانىيىنى پارچىلاش، پولشانىڭ چېگرىسىنى بەلگىلەش، پىنلاندىيە، بالقان يېرىم ئارىلى، فرانسىيە، ئۇرۇشتىن كېيىن خەلقئارا تەشكىلات قاتارلىق مەسىلىلىرى بويىچە كەڭتاشا پىكىر ئالماشتۇردى.

ئىككىنچى ئۇرۇش مەيدانى ئېچىش مەسىلىسىدە تالاش ـ تارتىش ئىنتايىن كەسكىن بولدى. چېرچىل ئەنگلىيىنىڭ «ئوتتۇرا شەرق ئىستراتېگىيىسى»دە چىڭ تۇرۇپ، ”زوراۋان خان پىلانى“ نى كېچىكتۈرمەكچى بولدى. (شۇ ۋاقىتتا ئەنگلىيىگە يان باسىدىغان بىرسى چىققان بولسا، بۇ پىلان ھېچ بولمىغاندا 5 ئاي كېچىككەن بولسا ھە؟)، ستالىن چېر چىلنىڭ غەرىزىنى ئىنتايىن ئېنىق بىلگەچكە، ئىككىنچى فرونتنى تېز ئېچىپ، ”زوراۋان خان“ پىلانىنى تېز ئەمەللەشتۈرۈشتە چىڭ تۇراتتى. روزۋېلتنىڭ پوزىتسىيىسى دەسلەپتە مۇجمەل بولدى. چېرچىل يەنە ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرغاندىن كېيىن، ستالىن ئورنىدىن تۇرۇپ دۆلىتىگە قايتماقچى بولدى. بۇ ۋاقىتتا روزۋېلت ئالدىراپ قالدى. 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چېرچىل يول قويۇشقا

مەجبۇر بولـدى. ئاخـىرى ”زوراۋان خـان“ پىلانىنى 1944 ـ يىلـى 5 ـ ئايدا يولغا قويۇشـقا قوشـۇلدى. بـۇ دېگەنلـىك ئـۈچ دۆلـەت رەھبەرلـىرى ئىككىنچـى ئـۇرۇش مەيدانـى ئېچىـش مەسلىسـىدە بىـردەك پىكىرگـە كەلـدى، دېگەنلـىك بولاتتـى.

ياپونىيىگـە قارشـى ئـۇرۇش قىلىش مەسلىسـىدە سـتالىن: گېرمانىيـە مەغلۇپ بولغاندىـن كېيىـن سـوۋېتلەر ئارمىيىسـى ياپونىيىگـە قارشـى ئۇرۇشـقا قاتنىشـىدۇ، دەپ كۆرسـەتتى. لېكىن سـتالىن يىغىندا، ياپونىيىگە قارشـى ئۇرۇشـقا قاتناشـقاندا نېمـە مەنپەئەتكـە ئىگـە بولىداقچـى بـۇ توغرىـدا بىـر نېمـە دېمـىدى. چېرچىـل بىلـەن روزۋېلـت بـۇ نۇقتىنـى ئېنىـق كۆزىتـىپ تۇراتتـى. سـوۋېت ئارمىيىسـى جۇڭگونـىڭ دالىيـەن پورتىغـا كىرسـە بولىـدۇ، دېـدى ـ روزۋېلـت بـۇ مەسـىلىنى تەشەببۇسـكارلىق بىلـەن ئوتتۇرىغـا قويـدى. سـتالىن بـۇ لايىھەدىـن گۇمـان قىلىـپ: جۇڭگـو قارشـى ئالمايـدۇ، دېـدى. لېكىـن روزۋېلت قارشـى ئالىدۇ، دەپ مۇقىملاشـتۇرۇپ جـاۋاب بـەردى. چۈنكـى، دالىيەننـى ئەركىن پورتقـا ئايلاندۇرۇش مەسلىسـىدە روزۋېلـت قاھىـرە يىغىنىـدا جىيـاڭ جېشـىنىڭ قوشۇلىشـىنى قولغـا كەلتۈرگـەن. سـتالىن روزۋېلتنىـڭ پىكرىنـى مەدھىلەپ ماختاپ: ”ئۇنداق بولسـا يامـان ئەمەسـكەنغۇ“ دېـدى.

3) يالتا يىغىنى

1945 ـ يىلـى 2 ـ ئاينـىڭ 4 ـ كۈنىدىـن 11 ـ كۈنىگىچـە، ئامېرىـكا، ئەنگلىيـە، سـوۋېتلەر قاتارلىـق ئـۈچ چـوڭ دۆلەتنـىڭ باشـلىقلىرى روزۋېلـت، چېرچىـل، سـتالىن، ئـۈچ نەپـەر مۇھىـم ئەرباب تاشـقى ئىشـلار مىنىسـتىرلىرى ۋە باشـقا ئەمەلدارلارنـىڭ ھەمراھلىقىدا، سـوۋېتلەرنىڭ بەلكى ھازىرقـى ئوكرائىنانىڭ قىرىمدىكـى يالتـا شـەھىرىدە، ئەينـى چاغـدا چـار پادىشـاھ دەم ئالىدىغـان ۋاجىيـە سـارىيىدا خەلقئـارا يىغىـن ئۆتكـۈزدى. بـۇ يىغىـن ئىككىنچـى دۇنيـا ئۇرۇشـى مەزگىلىـدە، ئىتتىپاقـداش دۆلـەت باشـلىقلىرىنىڭ ئىككىنچـى قېتىملىـق ئۇچرىشىشـى بولـۇپ ھېسـابلانغاندا، يەنـە بىـر تەرەپتىـن بـۇ يىغىـن دۇنيـاۋى ئەھمىيەتلـىك يىغىـن بولـۇپ قالـدى. بـۇ يىغىـن ئىتتىپاقـداش دۆلەتلەرنـىڭ، ئۇرۇشـنىڭ ئاخىرقـى باسـقۇچىدىكى ئۇرۇش پىلانىنـى تەرتىپكە سېلىشـتا، بولۇپمۇ، سـوۋېتلەرنىڭ ياپونغا قارشـى ئۇرۇشـقا قاتنىششـى مەسلىسىدە، ئۇرۇشـتىن كېيىنكى

دۇنيا ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە، ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن بولۇپ قالدى.

يالتا يىغىنى ئاۋۋال مۇھاكىمە قىلغان مەسىلە، ئۇرۇشتا يېڭىلگەن گېرمانىيىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ئىدى. ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى، فاشىزىمنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىش، گېرمانىيە مىللىتارىزىمى تېرىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈنىڭ ئۈچۈن گېرمانىيىنى شەرتسىز تەسلىم قىلىپ، گېرمانىيىنى پارچىلاش، بارلىق ھەربىي ئەسلىھەلەرنى سۆكۈۋېتىپ، ناتسىستلار پارتىيىسىنى تازىلاش جەھەتتە بىردەك پىكىرگە كېلىشتى. لېكىن، گېرمانىيىنى قانداق پارچىلاش، فرانسىيە، گېرمانىيىنى پارچىلاشتىن بىر ئۈلۈشكە ئېرىشىپ، ئىگىلىگەن رايونىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشامدۇ، قاتناشمامدۇ؟ دېگەن مەسىلە بويىچە چېرچىل بىلەن ستالىن ئوتتۇرىسىدا كەسكىن دە تالاش يۈز بەردى. چېرچىل ئەنئەنىۋى ”قۇرۇقلۇق قۇرۇلمىسى“ سىياسىتىنى ئاساس قىلىپ، فرانسىيىگە بىر پارچە باشقۇرۇش رايونى ئايرىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلدى. ستالىن، فرانسىيە ئۇرۇشتا ھېچ قانداق تۆھپە قوشمىدى. فرانسىيىگىمۇ ئىشغال قىلىنغان رايون بۆلۈپ بېرىدىغان بولساق، گېرمانىيە خانى-ۋەيران قىلىۋەتكەن باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭمۇ، ئوخشاش تەلەپ قويىشىنى رەت قىلالمايمىز، دەپ قارايتتى.

يىغىندا پولشانىڭ دۆلەت چېگرىسىنى بېكىتىش مەسىلىسى كەسكىن تالاش-تارتىش پەيدا قىلدى.

سوۋېتلەرنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش بۇ، روزۋېلتنىڭ يالتاغا بېرىپ، يىغىنغا قاتنىشىپ يەتمەكچى بولغان نىشانلىرىنىڭ بىرى ئىدى. يىغىندىن بۇرۇن ئامېرىكا بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى مۇشۇ مەسىلىدە بىردەك چۈشەنچە ھاسىل قىلدى. (نۆۋەتتە كەلگەندە قوشۇپ قويای، ئامېرىكا 1944 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مۇئاۋىن پرېزىدېنت ۋاللىسنى موسكۋاغا ئەۋەتىپ، ستالىننىڭ قولىدىن، روسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىپ قالغان ئۇيغۇرىستاننى ياكى «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان بۇ زېمىننى سۆھبەت ئارقىلىق تارتىپ ئېلىپ، خىتايغا قوشۇپ بەرگەنلىكى، يالتا يىغىنى ئېچىلىشتىن

بـۇرۇن سۆزلىشـىپ هـەل قىلىنىپ بولۇنغان مەسـىلىلەر ئىدى دېـسـەك، مەقسـەتتىن يىراقلىشـىپ كەتكـەن بولىمىزمـۇ ياكـى تېخـى مەقسـەتكە يېقىنـلاپ كېلەلمىگـەن بولىمىزمـۇ؟ سـتالىن ياپونغـا قارشـى ئۇرۇشـقا قاتنىشىشـنىڭ شـەرتلىرى مىسـالىدا روزۋېلتنىـڭ ئالدىغـا قانـداق تەلەپلەرنـى قويغـان ئىـدى؟ روزۋېلـت جاۋابـەن سـتالىننىڭ ئالدىغـا قانـداق تەلەپلەرنـى قويغـان ئىـدى؟)

روزۋېلت بىلەن سـتالىننىڭ، سـوۋېتلەرنىڭ ياپونغا قارشـى ئۇرۇشقا قاتنىشىش مەسىلىسـى بويىچـە بـىردەك چۈشـەنچە هاسـىل قىلغانلىقـى مەسلىسـى، يىغىـن جەريانىـدا رەسـمى مۇهاكىمـە قىلىنمىـدى. پەقـەت 2 ـ ئاينىـڭ 8 ـ كۈنـى چۈشـتىن كېيىـن، روزۋېلـت بىلەن سـتالىن مەخپى خۇسۇسـى سـۆهبەت قىلغاندا مەسـىلە هـەل بولـدى. (بـۇ ئىككىسـىنىڭ خۇسۇسـى سـۆهبىتى هازىرغىچـە يۇرۇق دۇنياغـا ئاشـكارىلانغان بولغىمىـدى؟) 2 ـ ئاينىـڭ 10 ـ كۈنـى مولوتـوف، "مارشـال سـتالىننىڭ، سـوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ياپونغا قارشـى ئۇرۇشـقا قاتنىشىشـى توغرىسـىدا، بەلكـى بـۇ مەسـىلىگە مۇناسـىۋەتلىك ئوتتۇرىغـا قويغـان سىياسـى شـەرتلەر لايىھەسـى"نى ئامېرىـكا تەرەپكـە تاپشـۇردى. 2 ـ ئاينىـڭ 11 ـ كۈنـى ئۆزگەرتىشـتىن ئۆتكـۈزۈپ، كېلىشـىمگە ئـۈچ چـوڭ دۆلـەت باشـلىقلىرى ئىمـزا قويـدى. مانـا بـۇ كېلىشـىم «مەخپـى يالتـا كېلىشـىمى» دەپ، ئاتالـدى. كېلىشـىمدە، گېرمانىيـە تەسـلىم بولـۇپ ئىككـى ياكـى ئـۈچ ئـاي ئىچىـدە، سـوۋېت ئىتتىپاقـى ياپونغـا قارشـى ئۇرۇشـقا قاتنىشـىدۇ، بۇنىـڭ شـەرتلىرى: 1) تاشـقى موڭغۇلىيىنىـڭ هازىرقـى هالىتىنـى سـاقلاش؛ 2) 1904 ـ يىلـى ياپونىيـە كورىيـە دېڭىزىـدا چـار روسـىيىنىڭ دېڭىـز ئارمىيىسـىگە هۇجـۇم قىلىـپ، ئاياغ ئاسـتى قىلغـان سـوۋېت ئىتتىپاقىنىـڭ هوقـۇق ـ مەنپەئەتلىرىنـى ئەسـلىگە كەلتـۈرۈش يەنـى كورېـل ئاراللىرىنـى روسـىيىگە قايتـۇرۇپ بېرىـش، دالىيەن سـودا پورتىنـى خەلقئارالاشـتۇرۇش؛ لۈيشـۈن دېڭىـز ئارمىيە بازىسـىنى ئىجارىگـە ئېلىش؛ جۇڭگـو ـ شـەرقىي شـىمال تۆمـۈر يولـى ۋە جەنۇبـى مانجۇرىيـە تۆمـۈر يولىنـى، سـوۋېت، خىتـاي هەمكارلىشـىپ قۇرغـان شـىركەتلەرنىڭ باشقۇرۇشـىغا ئۆتكـۈزۈپ بېرىـش؛ سـوۋېتلەرنىڭ ئـەۋزەل هوقـۇق مەنپەئەتلىرىنـى كاپالەتكـە ئىگـە قىلىـش، لېكىـن جۇڭگـو، مانجۇرىيىگـە ئىگىلىـك هوقـۇق يۈرگۈزۈشـنى سـاقلاپ قېلىـش.

3) شكوتان تاقىم ئاراللىرىنى سوۋېتلەرگە قايتۇرۇپ بېرىش.

بۇ مەخپىي كېلىشىم، يەنى يالتا كېلىشىمى 1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگە كەلگەندە جىياڭ جېشى ـ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئۇختۇرۇلغان. بۇ توغرىدا خىتاي يازغۇچىلار نېمە دەيدۇ: ئامېرىكا بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدا جۇڭگوغا ئۇختۇرماي ئىمزالانغان يالتا مەخپىي كېلىشىمى، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان سېلىپلا قالماستىن، بۇ مەخپىي يالتا كېلىشىمى ئوخشاشلا چوڭ دۆلەتلەر زوراۋان سىياسىتىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالدى. بۇ توغرىدا ئۇيغۇر يازغۇچىلار نېمە دەيدۇ: مەزلۇم مىللەتلەرنىڭ دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش، دۆلەت قۇرغان بولسا مۇنقەرز قىلىپ باشقا جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ تېررىتورىيىسىگە قوشۇپ بېرىش ـ بۇ ھەم جاھانگىرلىك ھەم ئەخلاقسىزلىق ھەم زوراۋانلىق، چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا شەرمەندىلەرچە سودىلىشىشنىڭ مەھسۇلىدۇر، ئىپادىسىدۇر، دەيدۇ.

يالتا يىغىنى يەنە يۇگوسلاۋىيە، ئىران، بالقان يېرىم ئارىلى مەسىلىلىرىنىمۇ مۇھاكىمە قىلدى. يىغىن 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى "ئازاد قىلىنغان ياۋروپا خىتاپنامىسى"نى ماقۇللىدى. خىتاپنامىدا: ئازاد قىلىنغان ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەر خەلقلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا مۇۋاپىق ھۆكۈمەت شەكلىنى تاللاپ ئېلىشقا ھوقۇقلۇق، تاجاۋۇزچىلىق ئارقىلىق ئىگىلىك ھوقۇقى تارتىپ ئېلىنغان، ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقلىرى تارتىپ ئېلىنغان ياۋروپا ئەللىرى خەلقلىرى ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە ئاپتونومىيىلىك ھۆكۈمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھوقۇقلۇق دەپ، قەيت قىلىندى. يالتا يىغىنى دۆلەت قۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلىتىنى ھەرقانداق كىشىنىڭ مۇنقەرز قىلىش ھوقۇقى يوق دەپ، خىتاپنامە ئېلان قىلمىدى. چۈنكى، ئەكسىچە ئۇيغۇرنىڭ ئىگىسى يوق ئىدى. ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇرنىڭ دۆلىتى يىراق شەرق ئورۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ يەمچۈكى قىلىنىشى كېرەك ئىدى.

4) پوتسدام يىغىنى

يالتا يىغىنىدىن كېيىن 1945 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن، 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت

باشلىقلىرى ۋە بۇ دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى بېرلىن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى پوتسىدام شەھىرىدە خەلقئارا يىغىن ئاچتى. بۇ يىغىن، دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۈچ چوڭ دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئۇچرىشىشى ھەم يالتا يىغىنىنىڭ داۋامى، يالتا يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى، بەلگىلەنگەن پرىنسىپلارنى كونكرېتلاشتۇرۇش، بۇ يىغىننىڭ ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى.

پوتسىدام يىغىنى مەزگىلىدە ئامېرىكا ئاتوم بومبىسىنى سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. پرېزىدېنت ترۇممېن، 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ۋە 24 ـ كۈنى ئىككى قېتىم ئاتوم بومبىسىغا ئائىت دوكلات تاپشۇرۇپ ئالغاندا، قانائەت ھاسىل قىلغان ھالدا چېر چىل بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئامېرىكىنىڭ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرى ئىنتايىن يۇقىرى بىر قورالغا ئېرىشكەنلىكىنى ستالىنغا ئېيتىپ بېرىپ، ستالىننىڭ يول قويىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بېسىم ئىشلەتمەكچى بولدى. ستالىن مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ، شۇ قورالدىن پايدىلىنىپ ياپونىيىگە تاقابىل تۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن دېدى. بۇنىڭدىن، ترۇممېن بىلەن چېرچىل بەك ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتى. يىغىن جەريانىدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، جۇڭگو ئۈچ دۆلەت (بۇ يىغىن ئەسلىدە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېتلەر، ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى قاتناشقا يىغىن ئىدى، جۇڭگو قانداق قاتنىشىپ قالدى، ماتېرىيالدا بۇ توغرىدا بىر گەپ يوق)، 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئىمزا قويۇپ، «ياپونىيىنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش توغرىسىدا پوتسىدام ئاخباراتى»نى ئېلان قىلدى. خىتاپنامىدا «قاھىرە خىتاپنامىسى» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرتلەرنى ئىجرا قىلىش تەكىتلىنىپ، ياپونىيە "ئىگەللىۋالغان" جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال (مانجۇرىيە) تەيۋەن، پىڭخو تاقىم ئاراللىرى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىلىشى كېرەك، دېيىلدى.

سوۋېتلەر ھۆكۈمىتى ئاخبارات ئىمزالانغان كۈنىلا "ئاخبارات" نىڭ نۇسخىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا كىرگەندە "ئاخبارات"قا قاتنىشىپ ئىمزا قويدى. ("ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى خاتىرىسى" خىتايچە نەشرى، جۇڭچىڭ نەشرىياتى)

”يغىنـدا ئاشـكارىلانغان مەلۇماتلارغـا قارىغانـدا 1945 ـ يىلـى ئېچىلغـان پوتسـدام يىغىنىـدا ، ئاساسـلىق غەلىبـە قىلغۇچـى دۆلەتلـەر سـوۋېت ئىتتىپاقى ـ سـتالىن ، يىغىـن ئىشـتىراكچىلىرى بولغـان روزۋېلىـت بىلـەن چېرچىـل قاتارلىقلارغـا: تۈركىيە ، ئىران ۋە جۇڭگونىڭ غەربىدىكى رايونلارنى (ئۇيغۇرىسـتاننى دېمەكچـى) قوشـۇۋېلىش تەكلىپىنـى بەرگـەن. چېرچىل بۇ تەكلىپنـى ھەتتا تەكرار ئاگاھلاشـنى رەت قىلغـان (ئەنگىلىيـە ياقـۇپ بـەگ دەۋرىدىـن تارتىـپ روسـىيىنىڭ ئۇيغۇرىسـتانغا قـول ئۇزارتىشـىنى چەكلـەپ كېلىۋاتقـان بىـر دۆلـەت بولغاچقـا بـۇ قېتىـم چېرچىـل سـتالىننىڭ تەلىپىنـى يەنـە رەت قىلـدى. تۈزگۈچىدىـن) شـۇ ۋەجىدىـن سـتالىن ئوتتۇرىغـا قويغـان تەكلىـپ رەسـمى لايىھەگـە ئايلاندۇرۇلمىغـان ئىكـەن“ ، (”تۈركىيـە ھازىرقـى زامـان تارىخـى“ ئۇيغۇرچـە نەشرى ، 112 ـ بەت)

## يىگىرمە بەشىنچى باب بىرىنچى قېتىملىق «جۇڭگو- سوۋېت شەرتنامىسى» نىڭ ئىمزالىنىشى

1945 ـ يىلـى 2 ـ ئاينىـڭ 11 ـ كۈنىدىـن 14 ـ كۈنىگىچـە ، قىرىـم ئۆلكىسـىنىڭ پايتەختـى يالتـادا ئـۈچ چـوڭ دۆلـەت ئامېرىـكا ، ئەنگىلىيە ، سـوۋېت ئىتتىپاقـى دۆلـەت باشـلىقلىرى روزۋېلىـت ، چېـر چىـل ، سـتالىن ئـۈچ نەپـەر كىشـى بـاش قوشـقان ھالـدا خەلقئـارا يىغىـن يالتـا يىغىنـى ئېچىلىـپ ، خەلقئـارا جەمئىيەتتـە ، ياۋروپـا ئىسستراتېگىيىسـى ، يىـراق شـەرق ئىسستراتېگىيىسـىنى ئـۆز ئىچىگـە ئالغـان ”يالتـا سىستېمىسـى“ تۈرغۈزۇلغاندىـن كېيىـن ، 1945 ـ يىلـى 8 ـ ئاينىـڭ 14 ـ كۈنـى موسـكۋادا جۇڭگـو بىلـەن سـوۋېتنىڭ ئوتتۇرىسـىدا ”جۇڭگو ، سـوۋېت دوسـتلۇق ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسـى“ ئىمزالاندى. ”جۇڭگو ، سـوۋېت شەرتنامىسـى“ ، ”يالتـا سىستېمىسـى“ نىـڭ رامكىسـى ئىچىـدە ، ”يالتـا سىستېمىسـى“ بەلگىلىگـەن پىرىنسـىپلارنى ئىزچىللاشـتۇرۇپ ، يىـراق شـەرقتە ياپونىيىنـى ئۇرۇشـتىن چېكىنـدۈرۈش مەسىلىسـىنى ، ياپونىيىنىڭ شـىمالىدىكى تۆت ئارالنـى سـوۋېت ئىتتىپاقىغـا كېسـىپ بېرىـش مەسىلىسـىنى ، مانجۇرىيە مەسىلىسـى ۋە مانجۇرىيىگـە مۇناسـىۋەتلىك سـوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىـڭ مەنپەئەتـى مەسىلىسـىنى ، ”تاشـقى موڭغۇلىيىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى سـاقلاش“ مەسىلىسـىنى ، ئۇيغۇرىسـتاندا

قوْرۇلغـان دۆلەتنـى موْنقـەرز قىلـىپ ختايغـا قوشـۇپ بېرىـش مەسلىسـىنى، كورىيـە مەسىلىسـىنى ۋە شـۇلارغا موْناسـىۋەتلىك نوْرغـوْن مەسـىلىلەرنى ئاخىرىـدا شـوْنداقلا روسـىيە ـ سـتالىننىڭ يىـراق شـەرقكە ئەسـكەر چىقىرىـپ، شـەرقىي شـىمالدا توْرۇۋاتقـان ياپونىيىنـىڭ كانتـوْن ئارمىيىسـىگە ئـوْرۇش ئېـلان قىلىـش مەسىلىسـىنى، موْهاكىمىنـىڭ ماۋزۇسـىغا ئايلانـدوْردى.

ئامېرىكىنـىڭ پرېزىدېنتـى روزۋېلـت هەر ئىككى قېتىملىـق خەلقئارا يىغىندا، سـوۋېتلەر بىلـەن جوْڭگونـى، سـتالىن بىلـەن جياڭ جېشـىنى ئىتتىپاقلاشـتوْرۇپ، ئـۈچ دۆلـەت بىرلىكتـە ئامېرىـكا، سـوۋېتلەر ئىتتىپاقـى، جوْڭگـو بىرلىكتـە ياپونغـا قارشـى بېرلىكسـەپ قوْرۇپ، ئاسـىيا ـ تىنـچ ئوكيان ئوْرۇشـىنىڭ غەلىبىسـىنى قولغا كەلتوْرۇشـنى ئويلايتتـى. بـوْ مەقسـەت ”يالتـا يىغىنى“نىـڭ موْهـم مەزموْنـى ۋە موسـكۋادا ئېچىلىدىغـان جوْڭگـو، سـوۋېت سـۆهبىتىنىڭموْ موْهـم، بەلكـى ئـەڭ موْهـم مەزموْنـى بولـۇپ قالغـان. ئوْنىڭدىـن باشـقا گومىنـداڭ جوْڭگوسـى، جيـاڭ جېشـىنىڭ ياپونىيىگـە تەسـلىم بولـۇپ كېتىـش مەسلىسـى، روزۋېلتنـى ئالدىرىتىـپ قويغـان ئـەڭ جـددى مەسـلە بولـۇپ قالغـان موْشـوْنداق پەيتتـە، سـوۋېتلەر بىلـەن جوْڭگونـى ئىتتىپاقلاشـتوْرۇپ، ئاسـيا ـ تىنـچ ئوكيـان ئوْرۇشـىدا غەلىبـە قىلىـش، ياۋرۇپـادا گېرمانىيىنـىڭ ئۈسـتىدىن غەلىبـە قىلىـش، ئامېرىـكا، ئەنگلىيـە، سـوۋېتلەر ئىتتىپاقـى قاتارلىـق ئـۈچ چوڭ دۆلەتنىـڭ دىپلوماتىيىسـى، تاشـقى سىياسـىتى ۋە ئـوْرۇش سياسـىتىنىڭ ئاساسـلىق مەقسـىتى بولـۇپ قالغـان ئىدى.

جيـاڭ جېشـىنىڭ ياپونىيىگـە تەسـلىم بولـۇش ئېھتىمالـى بـار ئىـدى. روزۋېلـت جيـاڭ جېشـىنىڭ ياپونىيىگـە تەسـلىم بولۇشـىغا يـول قويمايتتـى. چۈنكـى، گومىنـداڭ، جيـاڭ جېشـى ياپونىيىگـە تەسـلىم بولىدىغـان بولسـا، ئاسـيا تىنـچ ئوكيـان ئوْرۇشـى ئاخىرلىشـاتتى. ياپونىيىنـىڭ جوْڭگـو قوْرۇقلىقىغـا، شـەرقىي شـىمالى ئاسـياغا هەتتـا ئوتتـوْرا ئاسـياغىموْ هۆكۈمرانلىـق قىلىشـى موْمكىـن بولاتتـى. بوْنـداق ئەهۋالـدا سـوۋېتلەرنىڭ ئاسـيادىكى مەنپەئەتىمـوْ، ئامېرىكىنـىڭ ئاسـيادىكى مەنپەئەتىمـوْ تامـام توْگەشـكەن بولاتتـى. شوْڭلاشـقا روزۋېلـت 1943 ـ يىلدىـن باشـلاپ، جيـاڭ جېشـى ۋە گومىنـداڭ ختايلىرىغـا

كۆڭۈل بۆلۈشكە كىرىشكەندە، جىياڭ جېشى بىلەن ستالىننى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش مەسىلىسىگە ئارتۇقتىن ـ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. مۇشۇنداق كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇيغۇرىستاندا ئىككىنچى قېتىم قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلماي مۇنقەرز قىلىپ خىتايغا قوشۇپ بېرىشتىن ئىبارەت ئاقىۋەتنى، تاشقى موڭغۇلىيىنى سوۋېتلەرگە بېقىندى دۆلەت قىلىپ ئايرىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بىزنىڭ بۇ ئەقلى خۇلاسىمىزدىن، ئەقلى يەكۈن چىقىرالمىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ چۈشىنىشىگە ياردىمى بولۇدۇ، دېگەن نىيەتتە تۆۋەندە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا يولغا قويۇلغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردە ئۇيغۇرىستاننىڭ قانداق دىققەتكە قويۇلغانلىقىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەقلى بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرىمىز.

1) ”شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى“ دىن ئۈزۈندىلەر

1944 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى روزۋېلت جىياڭ جېشىغا تېلېگراممىا يوللاپ، ئۇنىڭغا دۇنيا بويىچە فاشىزىمغا قارشى تۇرۇش ئىتتىپاقىنىڭ ئومۇملىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى جىددى مۇناسىۋىتىنى پەسەيتىپ، خەلقئارالىق كۈچلەرنىڭ يېڭىباشتىن تەشكىللىنىشى داۋامىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى تەۋسىيە قىلدى“ (”شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى“ 11 ـ بەت)

1944 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ستالىن ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خارىماننى قوبۇل قىلغاندا: جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شېڭ شىسەينى شىنجاڭدىكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، دېدى. (يۇقىرىقى كىتاب 16 ـ بەت)

1944 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ باشلىرى ستالىن، موسكۋادا ئامېرىكىنىڭ

مائاۋــن پرېزىدېنتــى ھېنــرى ۋاللــس بىلــەن كۆرۈشــكەندە، شــاڭ شىســەينىڭ موڭغۇلىيــە ـ جۇڭگــو «شــىنجاڭ» چېگرىســىدا توقۇنــۇش پەيــدا قىلغانلىقىنــى ئەيىپلــەپ، شــېڭ شىســەينى ئۇيغۇرىســتاندىن «شــىنجاڭ»دىن يۆتكــەپ كېتىــش ســوۋېت ـ جۇڭگو مۇناســۋىتىنى ياخشــىلاش يولىدىكــى ئىجابــى تەدبىــر، دېــدى. (يۇقىرىقــى كىتــاب ـ 16 بــەت)

1944 ـ يىلــى 6 ـ ئاينــىڭ 18 ـ كۈنىدىــن 24 ـ كۈنىگىچــە موســكۋانى ئالتــە كــۈن زىيــارەت قىلغــان ئامېرىكىنىــڭ مۇئاۋىــن پرېزىدېنتى ھېنىــرى ۋاللس، ســوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۇيغۇرىســتان «شــىنجاڭ» ئارقىلىق (گومينداڭ) ھۆكۈمىتىنىڭ پايتەختــى چۇڭچىڭغــا بېرىــپ، جيياڭ جېشــىغا ئۇيغۇرىســتاننىڭ ئۆلكىســى ئالتايدا يــۈز بەرگــەن ”مالىمانچىلىــق“ ۋەقەســى بىلــەن ســوۋېت ئىتتىپاقىنىــڭ مۇناســۋىتى بارلىقىنــى، ســتالىن ئىنــكار قىلىپ، شــېڭ شىســەي ئۇيغۇرىســتاندىن «شــىنجاڭ» يۆتكــەپ كېتىلســىلا ئالتايدىكــى ”مالىمانچىلىــق“ ئۆزلىكىدىــن بېســىقىدۇ، دېگەنلىكىنــى ھەمــدە ســوۋېت ئىتتىپاقــى بىلــەن جۇڭگونىــڭ قوشــنىدارچىلىق مۇناســۋىتىنى ياخشىلاشــنى ئۈمىــد قىلىدىغانلىقىنــى ئېيتتــى. (يۇقىرىقــى كىتــاب 17 ـ بــەت)

1944 ـ يىلــى 10 ـ ئاينــىڭ 26 ـ كۈنــى ۋۇجــۇڭ شــىن جيــاڭ جېشــىغا تېلېگرامــا يوللاپ، تاشــقى ئىشــلار مىنىســتىرلىكىنىڭ ئۇيغۇرىســتاندا «شــىنجاڭ» ئۆلكىســىدە تۇرۇشــلۇق پەۋقۇلئــاددە دىپلوماتىيــە خادىمــى، ئامېرىكىــدا ئوقۇغــان ۋۇزې شــياڭنىڭ ئورنىغــا جۇڭگونىــڭ ســوۋېت ئىتتىپاقىــدا تۇرۇشــلۇق بــاش ئەلچىخانىســىنىڭ خادىمــى ھــەم ســوۋېت ئىتتىپاقىــدا ئوقۇغــان، روس تىلىنــى پىششــىق بىلىدىغان ليۇ زېرۇڭنى ئۇيغۇرىســتانغا «شــىنجاڭ»غا تېزرەك ئەۋەتىشــنى تەلــەپ قىلــدى. (يۇقىرىقــى كىتــاب 35 ـ بــەت)

ئامېرىكىــدا ئوقۇغــان خىتــاي دىپلوماتــى بىلــەن ســوۋېتلەردە ئوقۇغــان خىتاي دىپلوماتلىرىنى، ئالماشــتۇرۇپ «شــىنجاڭ»غا ئەۋەتىلگىنىدىن قارىغاندا «شــىنجاڭ» دەپ ئاتىلىــپ قالغــان بــۇ زېمىــن، ئامېرىــكا بىلەن ســوۋېتلەر ئوتتۇرىســىدا قايســى شــەكىلدە، قانــداق ۋەدىلەرگــە ئاساســەن خىتــاي دۆلىتىگــە قوشــۇپ بېرىلگــەن؟ خىتايىنىــڭ گومىنــداڭ ھۆكۈمىتى نېمشــقا مۇســتەملىكە ئۇيغۇرىســتاندا «شــىنجاڭ»

دا تۇرۇشقا، خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن خادىم تەيىنلىگەن؟ ئۇنداقتا، ئۇيغۇرىستان، «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان بۇ زېمىننىڭ شۇ چاغدا خەلقئارا جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى زادى قانداق ئورۇن ئىدى؟

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى فاتىي ئىۋانوۋىچ لېسكىن پارتىزانالارنى باشلاپ كەڭساي رايونلۇق ساقچى ئىدارىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. رايون باشلىقى، ساقچى باشلىقى ۋە ساقچىلار بولۇپ نەچچە ئادەمنى ئېتىپ تاشلاپ، 53 تال مىلتىق غەنىمەت ئېلىپ، غۇلجا كەڭساي رايونىنى ئىشغال قىلدى. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي، ناھايىتى تېزلا نەچچە يۈز ئادەمگە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن موگۇنتوپ(1) لېسكىن قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى كەڭ ساي پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللەندى.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئوفىتسېرى پېتىر رومانوۋىچ ئالېكساندوروپ(2) بىلەن بىرلىكتە بىر قوراللىق قوشۇننى باشلاپ يوشۇرۇن ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورغاس ئارقىلىق غۇلجىغا كىرىپ، "غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى" بىلەن بىرلىكتە ھەربىي ئىشلار قوماندانلىق شتابى قۇردى. ئالېكساندوروپ ئۇنىڭغا مەسئۇل بولدى. ئۇنىڭ ئەزالىرى رەھىمجان سابىر ھاجى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، ۋ. مازاروپ(3) قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپتى. ھەربىي قوماندانلىق شتابى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شەھەر بويىچە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى، نىلقا پارتىزانلىرىنىڭ غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىشىغا ماسلىششىنى قارار قىلدى. (يۇقىرىقى كىتاب ـ 40بەت)

(1) موگۇنتوپ: 1899 ـ يىلى تۇغۇلغان، سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى مۇھاجىر، رۇس، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، كەڭ ساي پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىلگىرى كېيىن قورغاس ناھىيە بازىرى، سۈيدۈڭ ناھىيە بازىرىنى ئېلىش جەڭلىرىگە قوماندانلىق قىلغان. ئۇيغۇر مىللىي ئارمىيىسىدە پولكۋنىك، بىرىگادا كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. خىتاي جۇڭگوسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىگە مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولغان. 1955 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ

كەتكەن.(2) پېتىر رومانوۋىچ ئالېكساندروۋ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى مۇھاجىر، رۇس، 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىلىغا كېلىپ، غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە قوماندانلىق قىلغان. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلىرىنىڭ باش قوماندانى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1945 ـ يىلى 1 ـ ئايدا دۆلىتىگە قايتقان.

(3) ۋ. ماژاروپ: 1887 ـ يىلى تۇغۇلغان، سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى مۇھاجىر، رۇس، روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، «شىنجاڭ»غا كەلگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئۇيغۇر مىللىي ئارمىيىسىنىڭ شتاب باشلىقى بولغان. 1951 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كەچتە ساۋرىلىك، جۇشاۋلىياڭغا ”غۇلجا ۋەقەسى“نى تېلېگرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلدى. ھەمدە تۆۋەندىكىچە ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.(1) قىسىملارنىڭ كۈچىنى ئۆزلۈكسىز كۆپەيتىپ، دۆلەت كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۇرۇشۇش، نامدا «باندىتلارنى تازىلاش» دەپ، ئەمەلىيەتتە خەلقئارا ئۇرۇش قىلىش؛(2) دىپلوماتىيە ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، مۇرەسسە قىلىش، ئۇلارنىڭ دوستانە ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىش، لېكىن سوۋېت روسىيىسىنىڭ قوشۇن كىرگۈزۈشىگە يول قويماسلىق. (يۇقىرىقى كىتاب 42 ـ بەت)

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى»، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز كۆلۈبىدا يىغىن ئېچىپ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. دۆلەت بايرىقىنىڭ تېگى يېشىل، ئوتتۇرىسى سېرىق، ھىلال ئاي ۋە يۇلتۇزلۇق بولىدىغانلىقىنى بېكىتتى. يىغىندا ئەلىخان تۆرە(ئۆزبېك)، ھاكىمبەگ خوجا، ئابدۇروپ مەخسۇم، رەھىمجان سابىر ھاجى، مۇھەممەتجان مەخسۇم، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، خەبىب يونىچېپ، ئەنۋەر مۇسابايوپ، پاۋېل پاپولوۋىچ، موسكالىيوپ، ئوبۇلخەيرى تۆرە، پوجە، جانى يولداش، سالىجانباي باباجان،

ئابدۇلموتەئالى خەلپەت (ئۆزبېك)، پېتىر رومانوۋىچ ئالېكساندروپ، غېنى باتۇر قاتارلىق 16كىشىدىن تەركىب تاپقان «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت كومىتېتى» سايلاپ چىقىلدى. ئەلىخان تۆرە رەئىسلىككە، ھاكىمبەگ خوجا مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئابدورۇپ مەخسۇم باش كاتىبلىققا كۆرسىتىلدى. يىغىندا «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» قارمىقىدىكى ئاپپاراتلارنى قۇرۇش، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» ئورگان گېزىتى چىقىرىشقا تۇتۇش قىلىش، ھەربىي قوماندانلىق شتابىنى "ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت" پارتىزانلىرى باش قوماندانلىق شتابى قىلىپ ئۆزگەرتىش، ئالېكساندروپ باش قوماندانلىقنى ئۈستىگە ئېلىپ، جايلاردا ئۇرۇش قىلىۋاتقان بارلىق كۈچلەرگە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىش قارار قىلىندى. (يۇقىرىقى كىتاب 46 ـ بەت)

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى جياڭ جېشى ۋۇجۇڭشىنغا تېلېگراممىا ئەۋەتىپ لىيۇ زېرۇڭنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئۈيغۇرىستاندا «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان زېمىندا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى قىلىپ تەيىنلەشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. (يۇقىرىقى كىتاب 48 ـ بەت)

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئىسھاقبېك مونونوپ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئوفېتسىر ئالېكساندىر (تەخۇللىسى ئىسكەندەر)، ئىۋان ياكوۋلىۋىچ پالىنوپ(1) قاتارلىقلار تاتار، قىرغىز، قازاقلارنى ئاساس قىلغان بىر باتالىيون ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ (سوۋېتلەردە ئۈيغۇر يوقمىدى)، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن غۇلجىغا كېلىپ، ھەرەمباققا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى. (يۇقىرىقى كىتاب ـ 49 بەت)

1944 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى لىيۇ زېرۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، مىللىي ھۆكۈمەت دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ، ئۈيغۇرىستان، «شىنجاڭ» ئۆلكىسىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى بولدى. (يۇقىرىقى كىتاب ـ 62بەت)

1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ۋاررېد ۋۇجوڭشىننى زىيارەت قىلىپ، ئامېرىكا گېزىتلىرىدە خەۋەر ئېلان قىلىپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈن، "غۇلجا ۋەقەسى"

نىڭ تەپسىلى ئەھۋالىنى بىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. (يۇقىرىقى كىتاب 72 ـ بەت)

دېمەك، يالتا يىغىنى ئېچىلىشقا بىر ئاي ۋاقىت قالغان كۈنلەردىن باشلاپلا ئامېرىكا ئۇيغۇرنىڭ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىغا، شۇ ۋاقىتتا سوۋېتلەرنىڭ، ستالىننىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئۇيغۇر ئىنقىلابىغا، يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇيغۇرىستاندا ئىنقىلاب قوزغاپ ستالىن، يالتا يىغىنىدا ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنى سىياسى تاۋىكاغا مەخپىي قويۇپ، موسكۋا يىغىنىدا ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنى سىياسىي تاۋىكاغا ئاشكارە قويۇپ، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە بىلەن بولغان دىپلوماتىك كۆرەشلەردە ئوتتۇۋېلىش ئۈچۈن، ستالىن ئۇيغۇرىستاندا قوزغىغان ئىنقىلابقا ئامېرىكا، خىتاي گومىنداڭى جىياڭ جېشى تەرەپتە تۇرۇپ ئارىلاشتى....

1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ۋاررېد"غۇلجا ۋەقەسى"گە دائىر ئەڭ يېڭى ئەھۋاللارنى ئىگىلەش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ۋۇجوڭشىننى زىيارەت قىلدى. (يۇقىرىقى كىتاب 77 ـ بەت)

يالتا يىغىنى ئېچىلىشقا 11كۈن قالدى. جانابى كونسۇل ۋاررېد ئەپەندىنىڭ، ستالىن بىلەن روزۋېلت يالتادا ئېلىشقاندا، ستالىننىڭ ئالدىغا قويۇشقا تېگىشلىك ماتېرىيال تەييارلاپ، روزۋېلتقا ئەۋەتىپ بېرىشىنىڭ غەرىزىدە،"غۇلجا ۋەقەسى"گە مۇناسىۋەتلىك 10 كۈن ئىچىدە ئىككى قېتىم ۋۇجوڭشىن بىلەن كۆرۈشكەنلىكى يۇقىرىقى يازمىلاردا مەلۇم بولدى.

1945 ـ يىلى ـ 1ئاينىڭ 30 ـ كۈنى غۇلجا قولدىن كەتكەندىن كېيىن، ۋۇجوڭ شىن "غۇلجاۋەقەسى"نى ھەل قىلىش توغرىسىدا تۆۋەندىكى كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى: جوڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى ياخشىلانسا، مەسىلىنى يېرىم ھەربىي، يېرىم سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشقا بولىدۇ؛ ئەگەر جوڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى ياخشىلانمىسا ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ كۆز بويامچىلىق قىلىپ ئاستىرتىن قۇتراتقۇلۇق قىلسا، پۈتكۈل ئۇيغۇرىستان شىنجاڭنىڭ

ۋەزىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ كېتىدۇ؛ مەركەز ئارمىيىسى غۇلجىدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئالدىدا ئىناۋىتى زور دەرىجىدە چۈشۈپ كەتتى. (يۇقىرىقى كىتاب 79 ـ بەت)

1945 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرى روزۋېلت، چېرچىل ۋە ستالىن يالتادا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، يالتا مەخپىي كېلىشىمىنى ئىمزالىدى. (يۇقىرىقى كىتاب 81 ـ بەت)

1945 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى (مۇشۇ كۈنى بەلكىم ئۇيغۇرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەقدىرى پىچەتلەنگەن بولىشى مۇمكىن)، ستالىن موسكۋادا، ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترومىننىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى جۇنس خوپكىنسقا، ئەگەر جۇڭگو يالتا مەخپىي كېلىشىمىدىكى شەرتلەرگە ماقۇل بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ، شەرقىي شىمالدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ يەنە جىياڭ جېشى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىن، مەيلى ئۇيغۇرىستان، «شىنجاڭ»دا ياكى باشقا جايلاردا زېمىن تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. (يۇقىرىقى كىتاب 103 ـ بەت)

1945 ـ يىلى ـ 6ئاينىڭ ـ 9 كۈنى جىياڭ جېشىنىڭ دىپلوماتىيە ۋەكىلى لىيۇ زېرۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇۋەققەت باش كونسۇلى يېۋسېيېپقا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن "ئىلىدىكى مالىمانچىلىق"نى تىنجىتىشقا دوستانە ياردەم سوراش تەلىپىنى ئۇتتۇرىغا قويىدى. يېۋسېيېپ بۇ ئىشقا موسكۋادىن يوليورۇق سوراش كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. (يۇقىرىقى كىتاب 105 ـ بەت)

1945 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى خىتاي مىللىي ھۆكۈمەت مەمۇرى كېڭەشىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى، قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سۇڭ زىۋېن چۇڭچىڭدا نۆۋەتتە مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا «شىنجاڭ» دا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە ۋۇجۇڭ شېن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، لىيۇ زېرۇڭنى تېلېگراممىا

ئارقىلىق چوڭ چىڭغا چاقىرتىپ موسكۋاغا بىللە بېرىشىنى بېكىتتى. (يۇقىرىقى كىتاب 107 ـ بەت)

مۇشۇ كۈنلەردە موسكۋادا جۇڭگو، سوۋېت خەلقئارا يىغىنى ئېچىلماقچى، يىغىندىن كېيىن "جۇڭگو، سوۋېت شەرتنامىسى" ئىمزالانماقچى ئىدى.

گومىنداڭ خىتايلىرىنىڭ دىپلوماتىيە ۋەزىرى سۇڭ زىۋېن، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا «شىنجاڭ» دا تۇرۇشقا بەلگىلەنگەن دىپلوماتىيە خادىمى لىيۇ زېرۇڭنى نېمىشقا موسكۋاغا بىللە ئېلىپ بارماقچى بولغاندۇ؟

1945 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ۋاررېد ۋۇجوڭ شىننى يەنە بىر قېتىم زىيارەت قىلىپ، ئىلىنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردى ھەمدە ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترومىننىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى جۇنس خوپكىنسىنىڭ موسكۋاغا كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، "ئىلى ۋەقەسى" نىڭ يەنە كېڭىيىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. (يۇقىرىقى كىتاب 108 ـ بەت)

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىم! مۇشۇ ئابزاسنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلسە نېمە دېيىشىمىز كېرەك.

ئارىلىقتا "ئۇيغۇر مەسىلىسى يالتا يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان" دەيدىغان پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ھەتتا خەلقئارا جامائەتنى ئالداش ئۈچۈن "يالتا مەخپى كېلىشىمى" نامىدا ئېلان قىلىنغان غەلدە ـ غەش كېلىشىملەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ تور بەتلىرىگە چاپلاپ قويۇپ، نېمە دەيدۇ؟ ـ مانا بۇ كېلىشىمدە ئۇيغۇر مەسىلىسى يوققۇ، دېيىشتى. بۇ كىشىلەر سىياسەتتە شۇنداق پىكىر قىلىدىغان بولسا، قىزىق بىر ھال شۇكى، ئېلىش ـ سېتىشنى مەزمۇن قىلغان خەلقئارا يىغىنلاردا مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى شۇ مەسىلىنىڭ ئىگىسى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ مۇئەييەن مەسىلىنىڭ تالاش ـ تارتىشقا ئايلىنىشى يەنە شۇ مەسىلىنىڭ ئىگىسى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ مۇئەييەن مەسىلىنىڭ خەلقئارا يىغىندا كونكرېت كېلىشىمگە بىر مەسىلە بولۇپ يېزىلىشى يەنە شۇ مەسىلىنىڭ ئىگىسى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنىڭ ئىچىدە قايسى

بىر مەسىلىنىڭ تالاش ـ تارتىشقا ئايلانماسلىقى ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ بۇ مەسىلىدە پىكرى ئوخشاشلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بەلكى يالتا يىغىنىدا ئۇيغۇر مەسىلىسى ئەنە شۇنداق ئۈچ دۆلەت داھىلىرىنىڭ نەزىرىدە مۇھاكىمە قىلىنمىسىمۇ، تالاش ـ تارتىش قىلىنمىسىمۇ بولىدىغان، خىتايغا قوشۇۋېلا بەرسە بولىدىغان بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

بىراق سىز ۋە بىز دىققەت قىلىدىغان بىر مەسىلە، خەلقئارا يىغىنلاردا چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ۋەتىنى سېتىۋېتىلگەن ئۇيغۇر، سىز بىلەن بىز مەسىلىگە ئۇنداق ئاددى قارىماسلىقىمىز كېرەك. مەسىلەن، ئامېرىكا پرېزىدېنتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋەكىلى جون خوپكىنس موسكۋاغا بېرىپ ستالىن بىلەن سۆھبەتلىشىدىكەن، ئۇنداقتا بۇ سۆھبەتنىڭ "ئىلى ۋەقەسىنىڭ يەنە كېڭىيىپ كەتمەيدىغانلىقى" بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ قېنى تارىخشۇناس پەيلاسوپ، دوكتور ئەپەندىم، بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ كۆرسىڭىزچۇ"، "ئىلى ۋەقەسى"، ئۇيغۇر ئىنقىلابى، ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىقىنى مۇنقەرز قىلىپ، ئۇيغۇرىستاننى خىتايغا قوشۇپ بېرىدىغان مەسىلە ياكى ئېنىق ئېيتقاندا ئۇيغۇرىستان «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان بۇ زېمىننىڭ مەسىلىسى نېمىشقا جون خوپكىنس بىلەن ستالىننىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇھىم سۆھبەت تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى، ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق ئامېرىكا كونسۇلى ۋاررېدنىڭ، خىتاينىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق ئارمىيە ۋەكىلى ۋۇجوڭ شىنغا يەتكۈزگەن خەۋرىدە، ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنىڭ ئاشكارىلىنىپ تۇرغانلىقى ساڭا نېملەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشى مۇمكىن ئەپەندى؟

شۇڭا نۆۋەتتە ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلىرى خەلقئارا دەۋاغا چىققاندا، كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن ئېلان قىلىنغان ئەسلىدە يالغان يېزىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقئارا جەمئىيەتكە ئاشكارا ئېلان قىلىنغان غەلدە ـ غەش كېلىشىملەرنى دەستەك قىلىپ ئولتۇرماي، قولىمىزغا چۈشكەن يالتا يىغىنى، موسكۋا يىغىنى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى سېتىنزلاپ، تەھلىل قىلىپ ئۆزىمىز بىر قوللۇق ماتېرىيال تەييارلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. پاكىت دېگەن يۇقىرىقىلاردىن ئارتۇق بولمايدۇ.

ئـەڭ مۇھىمـى رەسـمىيەت ئۈچـۈن خەلقئـارا جەمئىيەتكـە ئېـلان قىلىنغـان كېلىشـىملەر ئەمـەس، بەلكـى ئـەڭ مۇھىمـى، 1944 ـ يىلـى موسـكۋاغا بېرىـپ سـتالىن بىلـەن سۆھبەت ئۆتكۈزگـەن، پرېزىدېنـت روزۋېلتىنـىڭ مۇئاۋىنـى يەنـى مۇئاۋىـن پرېزىدېنـت ۋاللىسـنىڭ سـتالىن بىلـەن نىمـە دېيىشـكەنلىكى، سـتالىن بىلـەن ۋاللىـس سۆھبىتىنىڭ سۆھبەت خاتىرىسـى، سـتالىن بىلـەن خوپكىنىـس سۆھبىتىنىڭ سۆھبەت خاتىرىسـى مەسـىلىنىڭ ھەقىقىتىنـى ئاشـكارىلايدىغان ئـەڭ مۇھىـم تارىخـى ھۆججـەت ۋە ئـەڭ مۇھىـم تارىخـى ماتېرىيالدۇر. بـۇ ھۆججەت، بـۇ تارىخـى ماتېرىيالـلار نـەدە؟ بىزنىـڭ قولىمىزغـا يېتىـپ كېلەلەمدۇ؟ سـوۋېتلەر ئاشـكارا قىلامـدۇ؟ ئامېرىـكا ئاشـكارا قىلامـدۇ؟ مەسـىلىنىڭ يېشـىمى مانـا مۇشـۇ يەردىدۇر!

1945 ـ يىلـى 6 ـ ئاينىـڭ 30 ـ كۈنـى گومىنداڭنىـڭ تاشـقى ئىشـلار ۋەزىـرى سـۇڭ زىۋېـن، جىيـاڭ جىڭگـو (جىيـاڭ جېشـىنىڭ ئوغلـى)، لىيـۇ زېـرۇڭ (ختـاي گومىنـداڭ ھۆكۈمىتىنـىڭ ئۇيغۇرىسـتان «شـىنجاڭ» دەپ ئاتىلىـپ قالغان بـۇ زېمىنـدا تۇرۇشـقا تەيىنلەنگـەن تاشـقى ئىشـلار مىنىسـتىرلىكىنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋەكىلـى) قاتارلىقـلار ئايروپـىلان بىلـەن موسـكۋاغا بېرىـپ، "يالتـا مەخپـى كېلىشـىمى" توغرىسـىدا سـتالىن قاتارلىـق سـوۋېت ئىتتىپاقـى رەھبەرلىـرى بىلـەن سۆھبەت ئۆتكـۈزدى. (يۇقىرىقـى كىتـاب 108 ـ بـەت)

ئـىلاۋە: "يالتـا مەخپـى كېلىشـىمى"نى ئىمزالاشـقا گومىنـداڭ ختايلىـرى قاتناشـتۇرۇلماي يىغىنىنـىڭ سـىرتىغا قېقىۋېتىلگـەن. شـۇڭا جىيـاڭ جېشـى ختـاي ھۆكۈمىتىنـىڭ يالتـا يىغىنـى توغرىسـىدا ئۇنـداق، مۇنـداق دېيىـش ھوقۇقـى يـوق بولۇپـىلا قالماسـتىن، ھەتتـا يالتـا يىغىنـدا بەلگىلەنگـەن پرىنسـىپلارنى ئىجـرا قىلمايمـەن دەپ، بويـۇن تاۋلىـق قىلىـش ھوقۇقىمـۇ يـوق ئىـدى. ختـاي ۋەكىللىرىنـىڭ موسـكۋاغا يېتىـپ كېلىشـى بىرىنچىدىـن، يالتـا شەرتنامىسـىنىڭ ئاسـىياغا مۇناسـىۋەتلىك قىسـمىدىن خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن، ئىككىنچىدىن، يالتا شەرتنامىسـىدا بەلگىلەنگـەن پرىنسـىپلار بويىچـە "جۇڭگو، سـوۋېت شەرتنامىسـى" نـى ئىمـزالاش ئۈچـۈن، ختـاي ۋەكىللـىرى موسـكۋاغا يېتىـپ كەلگـەن.

1945 ـ يىلـى 7 ـ ئاينىـڭ 5 ـ كۈنـى جىيـاڭ جېشـى چۇڭ چىڭـدا يىغىنغا

رىياسەتچىلىك قىلىپ، موسكۋادا ئۆتكۈزۈلىدىغان جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبىتىگە ئالاقىدار ئىشلارنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندا مۇنداق قارار چىقىرىلدى: سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال ۋە ئۇيغۇرىستان «شىنجاڭ» زېمىنىغا ۋە مەمۇرى ھوقۇقىغا كاپالەت قىلالىسا ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ۋە ئۇيغۇرىستان، "شىنجاڭ توپىلىڭى"غا ھېچ قانداق ياردەم بەرمەيدىغان بولسا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە (يەنى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى) گە ئالاقىدار تەلەپلىرىنى ئويلىشىدۇ. (يۇقىرىقى كىتاب 110 ـ بەت)

بۇ ئابزاس پىكىرنىڭ مەزمۇنىدىن، سەن ستالىن، مۆڭغۇلىيىنى يالتا كېلىشىمنى ئىمزالاش ئارقىلىق ئېلىۋالدىڭ، ئەمدى نۆۋەتتە "موسكۋا يىغىنى" ئارقىلىق ماڭا ئۇيغۇرىستاننى «شىنجاڭ» نى بېرىۋەت دېگەن مەنا چىقامدۇ، چىقمامدۇ؟ يۇقىرىقى پىكىرنىڭ مەزمۇنىدىن، موڭغۇلىيە مەسلىسى بىلەن، شىنجاڭ" ئۇيغۇرىستان مەسلىسى يالتا يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇيغۇرىستان، «شىنجاڭ» گومىنداڭ خىتايلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، موڭغۇلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېقىندى دۆلەت قىلىپ تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، دېگەن مەنا چىقامدۇ، چىقمامدۇ؟ ئىشەنمىسەڭلار جىياڭ جېشىنىڭ چۈڭ چىڭدىكى يىغىندا سۆزلىگەن سۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇۋېتىڭلار!!! تۆۋەندىكى ئابزاسلارغا دىققەت!

1945 ـ يىلى7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى جىياڭجېشى، موسكۋادا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان سۇڭ زىۋېنغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى پارچە مەخپى تېلېگرامما ئەۋەتىپ، مۇنداق يوليورۇق بەردى: "تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئۆزرۇشتىن كېيىن مۇستەقىل بولۇشىغا يول قويۇش"قا بولىدۇ،لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ "شەرقىي شىمال زېمىنىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مەمۇرى جەھەتتىكى پۈتۈنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇيغۇرىستان، «شىنجاڭ» توپىلىڭى"غا قايتا ياردەم بەرمەسلىكى كېرەك. (يۇقىرىدىكى كىتاب 112 ـ بەت)

1945 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سۇڭ زىۋېن، جىياڭ جېشىنىڭ

تېلېگراممىدا يولىيورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ستالىنغا مۇنداق دېدى: سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئەگەر جۇڭگونىڭ ئۇيغۇرىستان، "شىنجاڭ توپىلىڭى"نى تىنجىتىشقا ياردەم بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەردە ۋەدە بەرسە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە يول قويىدۇ. ستالىن: مەيلى يەنئەن، شىنجاڭ بولسۇن بىردەك ۋېيۈەنجاڭ جياڭ جېشىنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇرىستان، شىنجاڭ ۋە يەنئەننى بىردەك ۋېيۈەنجاڭ جياڭ جېشىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى جاي دەپ قارايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى پەقەت گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىلا قوللايدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بايانات ئېلان قىلىشقا بولىدۇ، دەپ ئىپادە بىلدۈردى ھەمدە سۇڭ زىۋېننىڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇرىستان، شىنجاڭغا ئوغرىلىقچە قورال يۆتكىشىنى توسۇش توغرىسىدىكى تەلىپىگە ماقۇل بولدى. (يۇقىرىقى كىتاب 112 ـ بەت)

1945 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى جىياڭ جېشى جۇشاۋلياڭ، ۋۇجۇڭ شىنلارغا ئۆكتەبىردە ئىلىنى "قايتۇرۇۋېلىش" ئىشىغا تۇتۇش قىلىشقا بۇيرىدى. جۇشاۋلياڭ بىلەن ۋۇجۇڭشىن ئەگەر بۇ قېتىم سۇڭ زىۋېن بىلەن ستالىننىڭ سۆھبىتى نەتىجىلىك بولسا، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىدۇ. ئۇيغۇرىستان، شىنجاڭغا ئالاقىدار ئىشلاردا جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى چۈشىنىش ھاسىل قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىلىنى ئۆكتەبىردە سىياسىي يول بىلەن قايتۇرۇپ كەلگىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. (يۇقىرىقى كىتاب 113 ـ بەت)

1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۇيغۇرنىڭ مىللىي ئارمىيىسى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى، پايتەخت ئۈرۈمچىگە 150 كىلومېتىرلا قالدى. ئەينى چاغدا گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە قالغان ھەربىي كۈچى 6 بىرىگادا بولۇپ، جۇشاۋلياڭ 8 سائەت ئىچىدە جىياڭ جېشىغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم جىددىي تېلېگرامما ئەۋەتىپ، جىددىي ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى . تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنىدا مۇنداق سۆزلەر بار ئىدى: "ئىچكى جەھەتتە كارغا كېلىدىغان قوشۇن كەمچىل،

سىرىتتىن يارىدەم بەرگۈدەك بىرەر ھەربىي قوشۇنمۇ يوق. ... ئۇرۇمچى خەۋپ ئىچىدە قالدى. پىرقىمىزگە ۋە دۆلىتىمىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن دۆلەت زېمىنى بىلەن ھايات ـ ماماتتا بىللە بولۇپ، (دۆلەت زېمىنى دېگۈچە مۇستەملىكە زېمىنىمىز دېسە بولمامدۇ؟)، شۇ يولدا ئۆزۈمنى قۇربان قىلماقتىن باشقا چارە قالمىدى.... ئالىيلىرىنىڭ تېزلىكتە ئاقىلانە تەدبىر كۆرسىتىشىنى سەممىي ئۆتۈنىمەن" (يۇقىرىقى كىتاب 143 ـ بەت)

توسۇن ئايغىرلارنى مىنىپ تەشكىللەنگەن ئۇيغۇرنىڭ مىللىي ئازادلىق ئارمىيىسى پايتەخت ئۈرۈمچىگە مۇستەملىكىچى گومىنداڭ خىتايلىرىنىڭ ئاخىرقى قورغىنىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقاندا كىم توختىتىپ قويىدى؟ ستالىنمۇ؟ ستالىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەنپەئەتى ۋە تاشقى موڭغۇلىيىدىكى مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تېزگىنىنى تارتىپ ماناس دەرياسى بويىدا توختىتىپ قويدىمۇ؟

ۋاشىنگتوندا پىرېزىدېنت تىرومىن، ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان رايوندىكى مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇرۇشتىن كېيىن ياپونىيىنى بېقىندى دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش ۋە تەيۋەننى ئامېرىكىنىڭ ھامىلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈنلا، پەقەت ئەنە شۇنداق دۆلەت مەنپەئەتلىرى ئۈچۈنلا چوڭ دۆلەتلەر ئۆز ئارا بىرلىشىپ ئۇيغۇرىستاندا قۇرۇلغان ـ 3قېتىملىق جۇمھۇرىيەتنى مۇنقەرز قىلىپ، ئۇيغۇرىستاننى تۇنجى قېتىم خىتايغا مۇستەملىكە قىلىپ بەردىمۇ؟ دەۋاغا تۇر ئۇيغۇر، قازىنىڭ ئالدىغا بار! قازى كىم؟ كۆلكە!

1945 ـ يىلى9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جياڭ جى جۇڭ (جياڭ جېشىنىڭ ئوغلى) ئۇيغۇرىستان، شىنجاڭ ئۆلكىسىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن دىپلوماتىيە خادىمى لىيۇ زېرۇڭنىڭ ھەمراھلىقىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەلچىسى يېۋسىيېۋ بىلەن كۆرۈشۈپ، "غۇلجا ۋەقەسى" توغرىسىدا ئۇنىڭدىن پىكىر ئالدى. يېۋسىيېۋ مۇنداق ئىپادە بىلدۈردى: بۇ پۈتۈنلەي ئۇيغۇرىستان، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىچكى ئىشى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو موسكۋادا شەرتنامە ئىمزالىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئۇيغۇرىستاننىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى رەسمىي بايان قىلغان ئىدى. (يۇقىرىقى

كىتاب 146 ـ بەت)

1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىرلەشمە يىغىن چاقىرىپ مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان، شىنجاڭ مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. بەي چۇڭ شى يىغىندا مۇنداق كۆرسەتتى: ھازىر ”باندىتلار قوشۇنى“ شىخونى ئىگىلەپ، ئۈرۈمچىگە قىستاپ كەلدى، جەنۇبىي ئۇيغۇرىستاندا شىنجاڭدا تاش قورغان، باي ناھىيىسى قولدىن كەتتى. شىمالىي ئۇيغۇرىستاندىكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ”باندىتلار“ ئىگىلىۋالدى، گەنسۇغا تۇتىشىدىغان يولدىكى يەتتە قۇدۇقتا (تۇرپان باغرىدىن شىمال تەرەپكە قاراپ ماڭسىڭىز تاغ بويىغا جايلاشقان يەتتە قۇدۇق كەنتىگە كېلىسىز) «باندىتلار» كىرىپ ـ چىقىپ يۈرىدۇ. ئۈرۈمچى قولدىن كەتمىگەن تەقدىردىمۇ يېتىم قالدى. پۈتۈن مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان، شىنجاڭ ئىنتايىن خەۋپ ئىچىدە قالدى. بۇ ئىش كىشىنى قاتتىق ئەندىشىگە سالىدۇ! جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالانغىنىغا ئۇزۇن بولماي تۇرۇپلا، (ئۇيغۇرىستاننى بىزگە قوشۇپ بەرگىنىگە ئۇزۇن بولماي تۇرۇپلا) ئەھۋالدا مۇنداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. (يۇقىرىقى كىتاب 148 ـ بەت)

يالتا شەرتنامىسى 1945 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە چاقىرىلدى، خىتاي بىلەن ستالىننىڭ موسكۋا يىغىنى ـ 1945يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چاقىرىلدى ۋە جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامىسى ئىمزالاندى، ئۇيغۇرنىڭ مىللىي ئازادلىق ئارمىيىسى ھېچ بولمىغاندا 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگىچە بولغاندىمۇ، ماناس دەرياسى بويىغا يېتىپ كېلىپ ئۈرۈمچىگە تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. نېمىشقا ستالىن شۇنچىلىك ۋاقىت بېرىۋەتتى بۇ ئارمىيىگە ؟ گومىنداڭ جىياڭ جېشى ھۆكۈمىتىنىڭ مىجەزىنى تەڭشەپ باقماقچى بولدىمۇ؟ ياكى ستالىن، يالتا يىغىنىغا قاتناشقان ئەنگىلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقماقچى بولدىمۇ ياكى يىراق شەرقتە ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش مەسىلىسىدە ئىككىلىنىپ قالدىمۇ؟ ستالىن يالتا يىغىنىدا ۋە يالتا يىغىنىنىڭ رامكىسى ئىچىدە موسكۋادا

ئىمزالانغـان جۇڭگـو ـ سـوۋېت شەرتنامىسـى ئارقىلـىق ياپونىيىگـە قارشـى ئۇرۇشـقا قاتنىشــش بەدىلگــە پەقــەت تاشــقى موڭغۇلىيىگــە ۋە ياپونىيىنــىڭ شــىمالىدىكى تــۆت ئارالغــىلا ئېرىشــتى. شــۇنداق بولغانلىقــى ئۈچــۈن ســتالىن، ئۇيغۇرىســتان «شــىنجاڭ» دەپ ئاتىلــىپ قالغــان بــۇ زېمــىن مەسلىســى بويىچــە روزۋېلتقــا، چېرچىلغــا بەرگــەن ۋەدىســىدىن يېنىۋالماقچــى بولدىمۇ؟ نېمىشــقا جىياڭ جېشــىنى ۋە بــەي چــۇڭ شــىلارنى ئەنسىرىتىپ، ئۇيغۇرنــىڭ مىللــى ئارمىيىســى ئۇرۇمچىگــە تەھدىــت ســالغىچە قــاراپ تــۇردى؟ بــۇ مەســىلىگە بــەي چــۇڭ شــىنىڭ ئەقلــى يەتمىگەنــدەك، مېنىڭمــۇ ئەقلىــم يەتمــىدى.

1945 ـ يىلـى 9 ـ ئاينىـڭ 17 ـ كۈنـى سـوۋېت ئىتتىپاقىنىـڭ جۇڭگـودا تۇرۇشــلۇق بــاش ئەلچىســى پېتىــروپ ســوۋېت ئىتتىپاقــى ھۆكۈمىتىنىــڭ بۇيرۇقىغــا بىنائــەن، گومىنــداڭ ھۆكۈمىتــى تاشــقى ئىشــلار مىنىســتىرلىكىگە مۇنۇلارنــى ئۇقتــۇردى: يېقىنــدا بىــر مۇنچــە مۇســۇلمانلار ئۆزلىرىنــى ئۇيغۇرىســتاندىكى «شــىنجاڭ» دەپ ئاتىلــىپ قالغــان زېمىندىكــى قوزغىلاڭچــى خەلقىنىــڭ ۋەكىلــى دەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا ئىلتىماس سۇنۇپ، سـوۋېت ئىتتىپاقـى تەرەپنىـڭ ئوتتۇرىغـا چىقىپ ۋاسـتىچى بولـۇپ، ئۆزلىرى بىلەن جۇڭگــو دائىرىلــىرى ئوتتۇرىســىدا يۈزبەرگــەن توقۇنۇشــنى ياراشــتۇرۇپ قويۇشــنى ئۈمىــد قىلىدىغانلىقىنــى ئاســتىرىتىن بىلــدۈردى ھەمــدە قوزغىلاڭچــى خەلقىنىــڭ ئەســلىدىلا جۇڭگودىــن ئايرىلــىپ كېتىــش نىيىتــى يــوق. ئۇلارنىــڭ مۇددىئاســى مۇسـۇلمانلار ئۇيغۇرىسـتاندا «شـىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان بـۇ زېمىندىكى كۆپ سـاننى ئىگىلىگـەن جايـلاردا ئاپتونومىيىنـى يولغـا قويـۇش مەقسـىتىگە يېتىشـتىن ئىبــارەت دەپ ئىزھــار قىلــدى. پېتىــروپ مۇنۇلارنــى بىلــدۈردى: ســوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتــى ئۇيغۇرىســتانىنىڭ، خىتــاي تىلــىدا «شــىنجاڭ» دەپ ئاتىلــىپ قالغــان بــۇ زېمىنىنــىڭ ســوۋېت ئىتتىپاقــى بىلــەن چېگرىــداش بولغــان رايونلىرىنىــڭ تىنــچ بولۇشــى ۋە تەرتىپلىــك بولۇشــىغا كۆڭــۈل بۆلــىدۇ. شــۇڭا جۇڭگــو ھۆكۈمىتــى خالىســا، ئۇيغۇرىســتانىنىڭ «شــىنجاڭ» دەپ ئاتىلــىپ قالغــان بــۇ زېمىنىنــىڭ ۋەزىيىتىنــى ئوڭشاشـقا قولايلىـق بولسـۇن ئۈچـۈن، سـوۋېت ئىتتىپاقىنىـڭ غۇلجىدا تۇرۇشـلۇق كونسـۇلىنى جۇڭگـو ھۆكۈمىتىگـە ئىمكانىيـەت يـار بەرگـەن ئاساسـتا

ھەمكارلىششىقا ئەۋەتمەكچى. (يۇقىرىدىكى كىتاب 150 ـ بەت)

كىم، كىمگە شۇنداق دەپتۇ. كىم قايسى ئۇيغۇر، قايسى ئورۇس كۆك كۆزگە قاچان قەيەردە شۇنداق، ”جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىش نىيىتىمىز يوق“ دەپتۇ؟ ھۆججەتلىك ئاساسى بارمۇ بۇ گەپنىڭ، تارىخى ئاساسى بارمۇ بۇ گەپنىڭ، ئۇيغۇر بىلەن خىتاينى ياراشتۇرۇپ قويۇش توغرىسىدا ئۇيغۇرلار سوۋېت كونسۇلىغا ئەلچىجا قىلدى دېگەن بۇ گەپ، گومىنداڭ خىتايلىرى دىپلوماتلىرى بىلەن ستالىننىڭ ئەتراپىدىكى سىياسەتۋازلار بىرلىشىپ ئويدۇرۇپ چىققان بۇ ئويدۇرما، ھازىرغىچە سىياسى تاۋكادىن يوقالغىنى يوق. بۇ ئويدۇرما سەپسەتەنىڭ يەنە بەزى ساۋاتسىز ئۇيغۇرلارنىڭ قەلىمى ئارقىلىق تور بەتلىرىدە يامراپ يۈرگىنى تېخىمۇ قىزىق. قولىغا قورال ئېلىپ قان تۆكۈپ ئۇرۇشقا كىرىپ، دۈشمىنى خىتاينى تىرە ـ پىرەن قىلىپ، يەنە خىتاي بىلەن يارىشىپ قالىدىغان ئۇيغۇر بارمىكەن دۇنيادا، ھەتتا ئۇيغۇرنىڭ خائىنلىرىمۇ مۇنداق يارىشىپ قېلىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. پەقەت تۆت دۆلەت ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، خىتايدىن ئىبارەت تۆت دۆلەت بىرلىشىپ، خەلقئارا يىغىنلار ئارقىلىق بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇيغۇرلارنى قولىدىكى قورالنى تاشلاشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى، ئۇيغۇر مىللى ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى روسىيىنىڭ ”ك گ ب ”جاسۇسلار ئورگىنى قولىغا چۈشۈرۈپ ئالدى.

1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تاش قورغان ئىنقىلابى ئارمىيىسى يېڭىسارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، قەشقەر خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقتىن، خىتاي مۇستەملىكچى ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ۋۇجۇڭ شىن، لىيۇزېرۇڭنى، روسىيە كونسۇلى يۈسىپيوپ بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشۈشكە ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمەت غۇلجا تەرەپ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغدا، پۈتكۈل سۆھبەتكە تەسىر يېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئامال قىلىپ جەنۇبى شىنجاڭدىكى ۋەقەلەرنى كېڭەيتىۋەتمەسلىكنى ئۈمىد قىلدى. يۈسىپيوپ بۇ ئىشنى دەرھال موسكۋاغا يەتكۈزۈدىغانلىقىنى بىلدۈردى. (يۇقىرىقى كىتاب 151 ـ بەت)

1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىسترى ۋاڭ شى جې (موسكۋادا جۇڭگو سوۋېت شەرتنامىسىغا قول قويىدىغان چاغدا خىتاينىڭ ئەسلى تاشقى ئىشلار مىنىسترى سۇڭزىۋېن، شەرتنامە ئىمزالاشنى“ ۋەتەن سېتىشقا باراۋەر“ دەپ بىلىپ، دەرھال ئىستىپا بېرىپ، سىياسى قاقۋاش ۋاڭ شىجېنى شەرتنامىغا قول قويۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئەگەر بۇ شەرتنامە ئىمزالانمايدىغان بولسا، بەلكى شۇ چاغدا «شىنجاڭ» (مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان) مەسىلىسى ھەل قىلىنماي ئېسىلىپ قالغان بولاتتى) ئەنە شۇ ۋاڭ شىجې بۇ قېتىم ئەنگلىيىنىڭ لوندۇن شەھرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىسترى مولوتوپ بىلەن ”شىنجاڭ غۇلجا ۋەقەسى“نىڭ كۈنسايىن كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ (سەۋەبلىرى ۋە كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش) ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. مولوتوپ، مۇنداق ۋەقە بولۇش ۋاقىتلىق ھادىسە، ئۇزۇن ئۆتمەي بېسىقىدۇ، دېدى. (يۇقىرىقى كىتاب 152 ـ بەت)

1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يېۋسېيېپ، لىيۇزىپرۇڭ بىلەن ئۇچرىشىپ مۇنداق دېدى: موسكۋادىن تېلېگىرامما كەلدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ سۆھبەتكە بارىدىغان ۋەكىللىرىنى بېكىتىپ بوپتۇ. ئۈچ ۋىلايەتتىن سۆھبەتكە بارىدىغان ۋەكىللەرنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىش ۋاقتى ۋە لىنىيىسىنى بېكىتىسەڭلار. (يۇقىرىقى كىتاب159 ـ بەت)

1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى جىياڭجېشى رادىئو نۇتقى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇرىستان، «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان بۇ زېمىننىڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى. (يۇقىرىقى كىتاب 160 ـ بەت)

1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنگىچە جاڭ جىجۇڭ (ئەنگلىيىلىك خالىدەي بىلەن خوتۇنى جىياڭ رۇڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يېزىپ چىققان ”ماۋزېدۇڭ توغرىسىدا بىلىۋېلىنمىغان ھېكايىلار“ ماۋزۇلۇق كىتاپتا، جاسۇس بولۇپ ستالىنغا خىزمەت قىلغان جىياڭ جىجۇڭ توغرىسىدا توختالغان ئىكەن، شۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچى سۆھبىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا ستالىن

يەنە شۇ جىياڭ جىجۇڭنى بەلگىلىگەن) شۇ جاڭ جىجۇڭ ئۈچ ۋىلايەت سىۆھبەت ۋەكىللىرىنىڭ ـ بىز ”شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى“ نىڭ ۋەكىلى، مەركىزى ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇشىمىز كېرەك. جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئىككى دۆلەت سۆھبەت ۋەكىللىرى ئۆز ئارا گۇۋاھنامە ئالماشتۇرىمىز، بولمىسا سۆھبەت ئۆتكۈزمەي ئىلىغا قايتىمىز دېگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال يۈسۈپبېيوپ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرىگە ئۇنداق سالاھىيەتتىن ۋاز كېچىشنى ئۇختۇرۇپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى. يۈسۈپبېيوپنىڭ ئوتتۇرىدا كېلىشتۇرۇشى ئارقىلىق، ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرى ۋاقتىنچە ”خەلق ۋەكىلى“ سالاھىيىتى بىلەن سۆھبەتكە قاتنىششقا قوشۇلدى. (يۇقىرىقى كىتاب 163 ـ 162 ـ بەتلەر)

دېمەك، ستالىن، موسكۋا ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ياكى پۈتۈن ئۇيغۇرىستان دېموكراتىك ئىنقىلاب سۆھبەت ۋەكىللىرىنىڭ ھۆكۈمەتكە، يېڭى مۇستەقىللىق جاكارلىغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» گە ۋەكىل بولۇپ، خىتاي بىلەن سۆھبەتكە ئولتۇرۇشىغا يول قويمىدى.

1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرىدىن رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىق ئۈچ نەپەر كىشى، لىيۇزېرۇڭنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇرۇمچىدە يېڭى بىنادا جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشتى. دېڭ ۋېنيى، پىڭ جىياۋشەن، ۋاڭ زېڭ شەن، چۇۋۇ قاتارلىق خىتايلار بىللە بولدى.

جاڭ جىجۇڭ ئاۋۋال قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىق ۋە ئائىلىۋى ئىتتىپاقلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئاساسى مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ سۆز قىلدى. ئارقىدىنلا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرىنى ئىلى قوزغىلاڭچىلار خەلقىنىڭ ۋەكىلى دەپ تونۇشتۇرغانلىقىدىكى سەۋەبنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. ئاخىرىدا رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىق ئۈچ نەپەر كىشىدىن مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدا پىكىر ئالدى. رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىق ئۈچ نەپەر كىشى مۇنداق ئىپادە بىلدۈردى: ”شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىمىز“نى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تېخى ئېتىراپ قىلمىغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى

بىزنى ئىلى قوزغىلاڭچىلار خەلقىنىڭ ۋەكىلى دەپ تونۇشتۇرغان، مەسىلىنى تىنىچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر ۋە لايىھەنى قولىمىزغا بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. (يۇقىرىدىكى كىتاب 163 ـ بەت)

1945 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى موسكۋادا ئېچىلغان يىغىندا ”جۇڭگو مەسىلىسى توغرىسىدا ئاخبارات“ ئېلان قىلىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگودا ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان سىياسەتنى قايتا تەكىتلىدى. (يۇقىرىقى كىتاب 183 ـ بەت)

1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شەرقىي شىمالنىڭ ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى جياڭ جىڭگو(جياڭ جېشىنىڭ ئوغلى بۇ كىشى نېمىشقا شەرقىي شىمالنىڭ ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى دەپ ئاتالدى؟) سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ۋۇجۇڭشىنغا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتكە ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئۇقتۇردى. جياڭ جىڭگو ۋۇجۇڭشىنغا مۇنداق دېدى: بۇ قېتىم موسكۋادا ئۇيغۇرستان «شىنجاڭ»مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغاندا سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىلى تەرەپتىن مەركەزنىڭ «شىنجاڭ»دا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتىشنى تەلەپ قىلغانلىقى مەسىلىسىگە كەلگەندە ستالىن بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوپتىن سوراپ ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئىشنىڭ بارلىقىنى بىلدى ھەمدە بۇنداق قىلماسلىق كېرەكلىكىنى ئېيتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە ئۇيغۇرستان، «شىنجاڭ» بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەمكارلىشىشنى، بولۇپمۇ مايتاغ نېفت كېنى، ۋولفىرام كېنى شۇنىڭدەك تۆمۈر يول قاتارلىقلاردا بىرلىكتە ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. (يۇقىرىقى كىتاب 191 ـ بەت)

دېمەك، خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇرستاننى خىتايغا سېتىپ بېرىش، سېتىپ ئېلىش رەسمىيىتىنى خەلقئارا يىغىن ئارقىلىق موسكۋادا

تاماملىغاندىن كېيىن، ھەتتا ئۇيغۇرىستاننىڭ يەر ئاستى بايلىقىدىن ئورتاق پايدىلىنىشنىمۇ قولغا كەلتۈردى. بۇ بەلكى موسكۋادا ئىمزالانغان شەرتنامىنىڭ مەخپى كېلىشىمگە بىر ماددا سۈپىتىدە كىرگۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۇيغۇرىستاندا «شىنجاڭ» ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى ئۈرۈمچىدىكى غەربىي بىنادا ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئېلىپ قەسەم بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى رېۋزىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يۈي يۇرېن قەسەم بېرىشكە نازارەتچىلىك قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇللىرى مۇراسىمغا قاتناشتى. (يۇقىرىدىكى كىتاب ـ 235 بەت)

كۆرۈۋاتىمىزكى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى يالتا، موسكۋا يىغىنىدا شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستان) نى خىتايغا سېتىپ بېرىپلا، قوشۇپ بېرىپلا قالماي، يەنە 1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۇيغۇرلارنى زاڭلىق ئەتكەندەك خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلغان كۈنىگە توغرىلاپ، ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇپ، شىنجاڭ (ئۇيغۇرىستان)نى خىتاينىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەننىڭ سىرتىدا، خەلقئارا كۈزەتكۈچى دۆلەتلەر ئورنىدا ئۈرۈمچىدە خىتايچە ھۆكۈمەت قۇرۇش مۇراسىمغا قاتنىشىپ، تارىخى پاكىت تەييارلىدى. بۇ پاكىت ئۇيغۇرلار خەلقئارادا دەۋا قىلىدىغان پائالىيەتلەردە بۈگۈن پايدىلىنىشقا تېگىشلىك تارىخىي پاكىت بولۇپ قالدى.

1947 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئامېرىكا «تۇرمۇش ژورنىلى» نىڭ ئايال مۇخبىرى ھېنىس تونىس بابالا ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تەكشۈردى ۋە چۈشەندى. (نېمىنى چۈشەندى؟ خىتاي سەن بۇ مۇخبىرغا نېمىنى چۈشەندۈرۈپ قويدۇڭ، ئۇيغۇرىستاننىڭ قانداق سېتىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويدۇڭمۇ؟)، ھاكىمبېك خوجا، ئەنۋەر مۇسابايوپ، غېنى باتۇر قاتارلىقلارنى زىيارەت قىلدى. (يۇقىرىقى كىتاب 280 ـ بەت)

ئامېرىكىلىق مۇخبىر، ئۇيغۇرنىڭ دۆلەت رەھبەرلىرىنى نېمىشقا زىيارەت

قىلغانىدۇ؟ مۇخبىر خانىم بۇ رەھبەرلەرگە يالتا يىغىنىنىڭ قانداق يىغىن ئىكەنلىكىنى، موسكۋا يىغىنىنىڭ قانداق يىغىن ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ چۈشەندۈرۈپ قويغانمىدۇ، ئامېرىكا دىپلوماتلىرىنىڭ، روسىيە، ستالىن دىپلوماتلىرىنىڭ، ئەنگلىيە دىپلوماتلىرىنىڭ ئۆز ئارا قاتراپ يۈرۈپ ئۇيغۇرىستاننى خىتايغا قوشۇپ بېرىشتە قانچىلىك خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ئارا دۆلەت مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىنى قانداق تەشكىللىگەنلىكىنى، قانداق تەڭشىگەنلىكىنى ئۇيغۇرنىڭ دۆلەت رەھبەرلىرىگە ئېيتىپ بېرەلىگەنمىدۇ؟ ياكى ئۇيغۇر دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ يىغىرىغا تۇز سەپكىلى بارغانمىدۇ؟

1947 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنان ئىلى ـ غۇلجا شەھىرىنى ئېكىسكۇرسىيە، زىيارەت قىلدى، ئەسئەت ئىسھاقوپنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى دۇباشىننى زىيارەت قىلدى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى. (يۇقىرىقى كىتاب 300 ـ بەت)

1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە ئامېرىكىلىق ئايال مۇخبىر فاگ فارىگىر ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بېرىپ ئىسھاقبېك مونونوپ، ھاكىمبەگ خوجا قاتارلىق كىشىلەرنى زىيارەت قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ياردەم بېرىش، مەدەت بېرىش ئەھۋاللىرىنى تەكشۈردى ھەم ئىگىلىدى. (يۇقىرىقى كىتاب ـ 322بەت)

1947 ـ يىلى 7 ـ ئايدا... جاڭ جىجۇڭ ئۆز قولى بىلەن ستالىنغا يازغان بىر پارچە خەتنى خىزمەتلەرنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن ۋەتىنىگە قايتىش ئالدىدا تۇرغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ساۋلىيىپىنىڭ ئالغاچ كېتىشىگە ھاۋالە قىلدى. خەتنىڭ ئاساسى مەزمۇنىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشتا ياراشتۇرغۇچى ئورۇندا تۇرۇپ بەرگەن ياردىمىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈلگەن ھەمدە ئۇيغۇرىستاندا ھازىر ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ باشتىن ـ ئاخىرغىچە ئالاھىدە ھالەتنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىق مەسىلىسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنىلا ئوتتۇرىغا

چۈشۈپ مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ قويۇشى ئۈمىد قىلىنغان. (يۇقىرىقى كىتاب 325 ـ 324 ـ بەتلەر.)

1948 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مائاۋىن كونسۇلى ماكنانىنىڭ پىلانلىشى ۋە تەشكىللىشى ئارقىسىدا، ئوسمان ئىسلام باشچىلىقىدا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى. (يۇقىرىقى كىتاب 361 ـ بەت)

بۇ ئىش راست شۇنداق يۈز بەرگەن ئىش بولغىمىدى ياكى بۇ، خىتاي شۇ ۋاقىتتا تەشۋىقات ئۈچۈن مەقسەتلىك تەييارلىغان ماتېرىيالمىدى؟ ئۇيغۇرىستاننى خىتايغا قوشۇپ بەرگەن موسكۋا يىغنى ئەمدىلا ئاياقلاشقان تۇرۇقلۇق، موسكۋا شەرتنامىسى ئەمدىلا ئىمزالانغان تۇرۇقلۇق، ئامېرىكا كونسۇلى ماكنانىنىڭ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىشى مۇمكىنمىدى؟

1948 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ دوكلات بېرىش ئۈچۈن ۋەتىنىگە قايتىپ كەتكەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ساۋلېيېپ، 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا يەنە ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن (باش كونسۇللۇق ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ كەتكەن بۇ سابىق كونسۇل يەنە نېمىشقا ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى؟)، ئارقا ـ ئارقىدىن گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى تاۋسىيۇ، ئۇنىڭدىن باشقا لىيۇ مىڭ چۈن، چۇۋۇ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى قايتىدىن ياراشتۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە 5 تۈرلۈك كونكرېت پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇنىڭ پىكرىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى مۇنداق: (1) سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرىستان ئۆلكىسىدە نۆۋەتتىكى بىر قانچە مەسىلىنىڭ گېنېرال جاڭ جى جۇڭنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا بىردەك ھەل بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. (جاڭ جى جۇڭ ستالىنغا ئىشلەيدىغان جاسۇس بولغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئىشلىگەن ئىشلىرىغا ئىشىنىدۇ ـ دە)(2) ئۇيغۇرىستان ئۆلكىسىدە مەسىلىلەر ئاساسلىقى دىپلوماتىيە ۋە مىللەتلەر

مەسلىسىدۇر. دىپلوماتىيە جەھەتتە ھېچ قانداق چوڭ مەسىلە يوق. لېكىن مىللەتلەر مەسلىسى ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىبارنى قوزغاش لازىم. ھازىر ئەۋج ئېلىۋاتقان بۈيۈك تۈركىزىمچىلارنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىپ كېتىش ھەرىكىتىگە ھەرگىز ھېسداشلىق قىلمايمەن. چۈنكى، ھەر قانداق بىر دۆلەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىشتەك مۇنداق ھەرىكەت يول تاپالمايدۇ. ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىشتەك مۇندا ھەرىكەت ئازسانلىق مىللەتلەرگە زىيانلىق؛ لېكىن دۆلەتمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا مۇۋاپىق سىياسەتلەرنى قوللىنىپ، ئۇلار بىلەن دۆلەتنى ئايرىلماس بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.(3) ھازىر، ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەقىقى تۈردە ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنى ھەل قىلىش ۋاقتىنى ئەمدى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا ئۇچىنچى تەرەپ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالىدۇ ـ دە، مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى بارغانسېرى تەسكە توختايدۇ.(4) ئىلى مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككى تەرەپنىڭ بىۋاستە سۆھبەتلىشىپ، ھازىرقى ئۆزئارا تىركىشىش ۋەزىيىتىنى تېزدىن ئۆزگەرتىشنى سەممىي ئۈمىد قىلىدۇ. مۇبادا ئىككى تەرەپنىڭ پىكرىدىكى پەرق چوڭ بولۇپ يېقىنلاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالغاندا، ئەگەر ئىككى تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ياراشتۇرۇپ قويۇشىنى ئىلتىماس قىلسا، مەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن. ئەھۋالنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە دوكلات قىلىمەن. بۇ جەھەتتە پېقىر خىزمەت قىلىشقا تەييارمەن.(5) باش كاتىپ لىيۇ مىڭ چۈننىڭ پېقىر بىلەن قىلىشقان گېپىگە كەلسەك، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئىلى تەرەپكە يەتكۈزدۇم. پېقىر بۇ قېتىم ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىدە، غۇلجىدىن ئۆتكەندە، غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلغا، پەۋقۇلئاددە تاشقى ئىشلار خادىمى لىيۇزېرۇڭ قايتىش سەپىرىدە غۇلجىدىن ئۆتكەندە ئۇنى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنى تاپىلاپ قويدۇم. (يۇقىرىقى كىتاب ـ 372بەت)

**1948** ـ يىلى **10** ـ ئاينىڭ باشلىرىدا لىيۇزېرۇڭ (گومىنداڭ خىتايلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستاندا تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە خادىمى) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالمائاتا

شەھرىگە بېرىپ جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ئاۋىئاتسىيە شىركىتى مۇدىرىيىتى يىغىنىغا قاتنىشىپ قايتىش سەپىرىدە غۇلجا ئايرودرومىدا ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆرۈشتى. ئەخمەتجان قاسىمى لىيۇزىرۇڭغا مۇنۇ ئۈچ تۈرلۈك پىكرىنى ئېيتتى: (1) ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ھەرگىز جۇڭگودىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىش ئويى يوق. (2) بارلىق مەسىلىلەرنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى خالايمىز؛ (3) بۇنىڭدىن كېيىن جاڭ جى جۇڭنىڭ ئۇيغۇرىستان مەسىلىسى ئۈستىدە كېڭەشكەندە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. (يۇقىرىقى كىتاب ـ 372بەت)

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىم! يۇقىرىدىكى ئىككى ئابزاس پىكىرگە دىققەت ئاغدۇرايلى! ساۋلىيېپ ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ موسكۋاغا قايتىپ كەتكەن سابىق باش كونسۇل ئىدى، ئۇ يەنە نېمىشقا مۇشۇنداق جىددى پەيتتە ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى؟ ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنىڭ ئىچىدە بەزى پىكىرلىرىنىڭ ئۇزايغا قارىساق، ئەگەر ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ سۆھبەت ئارقىلىق يارىششقا ماقۇل بولمايدىغان بولسا، قورال ئىشلىتىمىز دەپ، ئاشكارە تەھدىت سالمىغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ سۆزىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە قورال ئىشلىتىشتىن يانمايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئابزاسنىڭ مەزمۇنىغا دىققەت ئاغدۇرساق، ئەخمەتجان قاسىمى رەخمەتلىك، جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتمەيمىز، دېگەندەك گەپنى قىلىپتۇ. بۇ خىتاينىڭ ئۇيدۇرمىسىمۇ ياكى ئەسلى تارىخ شۇنداقمىدۇ. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى بۇ كىتاب خىتايلار تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنداق سۆزلەرگە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ.

1949 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ـ ستالىن، ئامېرىكىنىڭ غەربىي شىمالدىكى ما فامىلىلىك بەش كىشىنى شىنجاڭغا چېكىنىپ كىرىپ، شىنجاڭنى مۇستەقىل ئىسلام دۆلىتى قىلىپ قۇرۇشقا قۇترىتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ستالىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولىۋاتقان لىيۇشاۋچىغا مۇنداق تەكلىپ بەردى: شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۈچلىرى گومىنداڭ بىلەن تىركىشىپ تۇرىۋاتىدۇ. جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئاۋۋال ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقىلىشىپ، (خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدا كىم بىلەن ئالاقىلىشىدۇ؟) ئاندىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇسا، شىنجاڭنى بالدۇر ئازاد قىلغىلى بولىدۇ. (يۇقىرىقى كىتاب 401 ـ بەت)

1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى دىڭ لىچۈن موسكۋا، ئالمائاتا ئارقىلىق غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. (لىيۇشاۋچى بىلەن موسكۋاغا بىللە بارغان خىتاي دىڭ لىچۈن نېمىشقا 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈننى تاللاپ ئالدى، بۇ كۈن 1945 ـ يىلى جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامىسى ئىمزالانغان 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئەمەسمىدى؟) 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەتتىكىلەر مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بىلەن كېڭىشىپ (ئېھتىمال سوۋېت كونسۇلى بىلەن كېڭىشىپ)، ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، دەللىقان سۈگۈرباييوپ، لوجى(خىتاي) بەش كىشىنىڭ شىنجاڭ ۋەكىلى بولۇپ، يېڭى سياسى مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا (بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ سياسى كېڭەش يىغىنىغا) قاتنىشىشىنى بېكىتتى. (يۇقىرىقى كىتاب 408 ـ بەت)

1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى (بېيجىڭدە ئېچىلىدىغان) يېڭى سياسى مەسلىھەت يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىركوتىسكى تاشقى بايقال كۆلى رايونىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا بارغاندا، ھاۋانىڭ ناچار بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئايروپىلان تاغقا سوقۇلۇپ كېتىپ، ئايروپىلاندىكى ھەممەيلەن بەختكە قارشى قازا قىلدى. (يۇقىرىقى كىتاب 419 ـ بەت)

سوۋېت ـ ستالىن، لىيۇشاۋچى، ماۋزېدۇڭ، دىڭ لى چۈن بىرلىشىپ پىلانلىغان، سوۋېتلەرنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ۋە غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى قول سېلىپ تەشكىللىگەن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۇيغۇرنىڭ دۆلەت رەھبەرلىرىنى ئۆلتۈرۈش پىلانى ئەنە شۇنداق ئىجرا قىلىندى. بۇ دەردىمىزنى كىمگە ئېيتىمىز، بۇ دەردىمىزنى كىم ئاڭلايدۇ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 40

21 ـ يىللىرىدا ئۇيغۇرىستانغا كىمنىڭ ئېھتىياجى چۈشكەن بولسا، ئىشىنىمەنكى 21 ـ ئەسىردىمۇ ئۇيغۇرىستانغا يەنە شۇ كىشىنىڭ ئېتىياجى چۈشىدۇ. ئۇيغۇرىستانغا ئېھتىياجى چۈشكەن بىر دۆلەت بەلكىم كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىز ئۇيغۇرلارنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ قويار!!!

2 ـ ”رىقىپلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار“ ماۋزۇلۇق كىتابتىن ئۆزۈندىلەر

... 1924 ـ يىلى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى نورماللاشقاندا بۇنداق ۋاز كېچىش تېخىمۇ تەن ئېلىندى. 1935 ـ يىلى جۇڭگو شەرقى قىسمىدىكى تۆمۈر يولنى ياپونىيىگە سېتىپ بەردى ۋە شۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيىدىكى ئىمتىيازىنىڭ ئاخىرقى ساقىندىلىرىنىمۇ پاك ـ پاكىز تازىلىۋەتتى. ئەمما، جىياڭ جېشىنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگونىڭ تالاي زېمىنى يەنىلا سوۋېتلىكلەرنىڭ قولىدا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى ئۇيغۇرىستان، «شىنجاڭ»دەپ ئاتىلىپ قالغان بۇ زېمىن بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە ئىدى. (يۇقىرىقى كىتاب 15 ـ بەت)

... گەرچە جىياڭ جېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە توقونۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىغا قارشى تۇرمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇشتا بىتەرەپلىكنى ساقلاپ قېلىش غەرىزىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. جىياڭ جېشى نەسەھەت قىلىپ ستالىننى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونىڭ داۋاملىق ھەمكارلىشىشىنىڭ قىممىتى بارلىقىغا ئىشەندۈرمەكچى بولدى. جىياڭ جېشىنىڭ ئامالى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چۈشچىنىڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇرىستان «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان بۇ زېمىندىكى مەنپەئەتىنى تەن ئېلىشنى خالايدۇ، دەپ ئېيتىپ قويۇشتىن ئىبارەت ئىدى. (”رەقىپلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار “ ئۇيغۇرچە نەشرى 284 ـ بەت . ئاپتورى جۇن گارۋېر . ئامېرىكا)

... 1941 ـ يىلى ـ 4ئايدا ئىمزالانغان سوۋېت ـ ياپونىيە بىتەرەپلىك كېلىشىمى، جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىدە غايەت زور تەسىر پەيدا قىلدى.

بىتەرەپلىك كېلىشىم سۆھبىتى جەريانىدا توكيو ئەسلىدە جۇڭگوغا

ئالاقىدار ھەر تۈرلۈك مەسىلىلەردە موسكۋا بىلەن بېردەك كېلىشىم ھاسىل قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ياپونىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن ئۇيغۇرىستان «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان بۇ زېمىندىكى ئورنىنى تەن ئالاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ياپونىيىنىڭ شىمالى جۇڭگو(مانجۇرىيە) بىلەن ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى ئورنىنى تەن ئېلىشى كېرەك ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىرى بار رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو بەلگىلىشى، ياپونىيىنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىرى بار رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىمۇ ھەم شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى... ئەگەر ئاخىرىدا بىتەرەپلىك كېلىشىمى ئىمزالىنىدىغان چاغدا، بىتەرەپلىك كېلىشىمى "مانجۇرىيە دۆلىتى" ۋە "موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى" گە نىسبەتەن پەقەت "تەسىرى بار ئورۇنلار" دېگەن سۆزلەرلا ئىشلىتىلگەن ئىدى. موسكۋا بىلەن توكيونىڭ ھەر ئىككىسىمۇ باشقا دۆلەتلەرنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى بىلەن چېگرا پۈتۈنلىكىگە ھۆرمەت قىلىشقا كاپالەت بېرەتتى. كېلىشىمدە ئۈلارنىڭ (سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، ياپونىيىنىڭ) شىمالى جۇڭگو، (مانجۇرىيە) ئىچكى موڭغۇل ۋە ئۇيغۇرىستان «شىنجاڭ»دەپ ئاتىلىپ قالغان زېمىندىكى ئورنى بەلگىلەنمىگەن ئىدى. (يۇقىرىقى كىتاب 285 ـ بەت)

... سوۋېت ياپونىيە بىتەرەپلىك كېلىشىمى ئىمزالىنىپ ئىككىنچى كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە ۋەزىرى ۋاڭ چۇڭ خۇي ئاشكارا نارازىلىق بىلدۈردى... ۋاڭ چۇڭ خۇي يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيە دۆلىتىگە ھۆرمەت قىلىش دەيدىغان كۆز قاراشلىرىغا، ياپونىيىنىڭ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش دەيدىغان كۆزقاراشلىرىغا نارازىلىق بىلدۈردى. ۋاڭ چۇڭ خۇي نارازىلىق بىلدۈرۈپ: "شەرقىي شىمالدىكى تۆت ئۆلكە بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ۋە مەڭگۈ جۇڭگوغا تەۋە بولغان جۇڭگونىڭ زېمىنى، بۇ قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت"، ئۈچىنچى دۆلەت ئارىلاشقان ھەر قانداق كېلىشىم، جۇڭگونىڭ زېمىن پۈتۈنلىكىگە زىيانلىق بولىدىكەن، جۇڭگو تەن ئالمايدۇ، دېگەن ئىدى... ۋاڭ چۇڭ خۇينىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈشتىكى ئاساسلىق مەقسىتى جۇڭگونىڭ مانجۇرىيە دۆلىتى

بىلەن تاشقى موڭغۇلغا بولغان ئىگىلىك هوقۇقىنى تەكىتلەش ئىدى. ئەگەر جۇڭگو نارازىلىق بىلدۈرمىسە، جۇڭگونىڭ بۇ رايونلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى جىم-جىملا تەن ئالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا 1941-يىلى 4-ئايدا چۇڭچىڭنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان نارازىلىقى، كېيىنكى چاغدا، جياڭ جېشىنىڭ قاهىرەدە (قاهىرە يىغىنىدا دېمەكچى) ئامېرىكىنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت-ياپونىيە كېلىشىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مانجۇرىيىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئاساس سېلىپ بەردى. (يۇقىرىقى كىتاب 287-بەت)

... ئۈرۈشنىڭ (ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ) ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى بىر قانچە يىل ئىچىدە، موسكۋا بىلەن ياپونىيە باشقا بىر مۇنچە جەھەتلەردە هەمكارلىشىپ جۇڭگوغا قارشى تۇردى. تۆۋەنكى بابتا بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قاراتقان سايىستى، بولۇپمۇ، شىنجاڭ"دەپ ئاتىلىپ قالغان زېمىن ئۇيغۇرىستانغا قاراتقان سىياسىتى بىلەن جياڭ جېشىنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش نىشانىنىڭ بىردەك ئەمەسلىكىنى كۆرەلەيمىز. 1939-يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1940-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقئارا ئىتتىپاققا قاراتقان سىياسىتىنى يېڭى باشتىن تەرتىپكە سالدى. بۇ موسكۋانى ماۋزېدۇڭنىڭ ئىنقىلاب مەسىلىسىگە كەڭرەك پوزىتسىيە قوللىنىشقا مەجبۇر قىلدى. موسكۋا «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان زېمىن ئۇيغۇرىستاننى جۇڭگونىڭ زېمىنىدىن (ختاينىڭ نېمە هەققى بار ئىكەن بۇ زېمىندا)، ئايرىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغان ئىدى. جياڭ جېيشى موسكۋانىڭ بۇ سىياسىتىنى بار كۈچى بىلەن ئۆزگەرتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ قىلچە نەتىجىسى بولمىدى. پەقەت جۇڭگو، ئامېرىكا ئىتتىپاقى ۋە سوۋېت، ئامېرىكا ئىتتىپاقى شەكىللەنگەندىن كېيىنلا (مەسىلەن، ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونىدا ياپونىيىگە قارشى تۇرۇش ۋەجىدىن تەشكىللەنگەن ئىتتىپاق)، پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇش ياكى مۇنقەرز بولۇشىغا ئالاقىدار بولغان ناتسىستلار گېرمانىيىسىگە قارشى ئۇرۇشقا كىرگەندىن كېيىنلا ئاندىن جياڭ جېيشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى باشتىن قوللىشىغا ئېرىشتى. (يۇقىرىقى

كتاب 294 ـ بەت)

... سوتسىيالىزىمنىڭ زېمىنىنى فرانسىيىگىچە كېڭەيتكىلى بولاتتى. بىرىنچى باپتا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، جۇڭگونىڭ «شىنجاڭ»رايونى (جۇڭگوغا تەۋە بولمىغان، ئۇيغۇرىستان رايونى دېگەن تۈزۈك) 1941 ـ 1940 ـ يىللىرى يىراق شەرقتە قىزىل ئارمىيە (سوۋېت ئارمىيىسى) تەرىپىدىن ئازاد قىلىنغان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن ئىدى. (يۇقىرىقى كىتاب 300 ـ 299 ـ بەت)

... پوتكۇل ئۇرۇش مەزگىلىدە (ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە دېمەكچى)، جۇڭگونىڭ غەربى قىسمىدىكى «شىنجاڭ»دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستان، جۇڭگو ـ سوۋېت رىقابىتى ۋە ھەمكارلىقىنىڭ ئاساسلىق سەھنىسى بولدى. جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستان مەسىلىسى، چۇڭ چاڭ، موسكۋا ۋە يەنئەنلەرنىڭ سىياسىتىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەق ـ ناھەق مەسىلىسىنى ئايرىم تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا، بىر تەرەپتىن، «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستان مەسىلىسى، جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىدە گەۋدىلىك ئورۇن تۇتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگونىڭ ئۆزىنى كوچەيتىش يولىدىكى كۆرەشلىرىدە «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستانىنىڭ مول يەر ئاستى بايلىقى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. 30 ـ يىللاردا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىزىقىشى ئاساسەن «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستانغا مەركەزلەشكەن. ئوخشاشلا، پوتكۇل ئۇرۇش مەزگىلىدە «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستان يەنە بىر تەرەپتىن،جۇڭگو ـ سوۋېت مىللى مەنپەئىتىنىڭ بىۋاستە توقۇنۇشىدىغان رايونغا ئايلانغان ئىدى. قىسقىسى مۇبادا «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستان تاشقى موڭغۇلىيىگە ئوخشاش مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغان بولسا، جۇڭگونىڭ قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش چوشى بىراقلا تۇگەشكەن بولاتتى. (يۇقىرىقى كىتاب 363 ـ بەت)

ستالىن، جياڭ جېيشى ۋە ماۋزېدۇڭلار «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستانىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆزىگە خاس كۆزىتىش بويىچە بىر تەرەپ

قىلىشنى ئۆيلايتى.

جىياڭ جېشى، «شىنجاڭ»دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستان بىر مەھەل قۇدرەت تاپقان جۇڭگونىڭ بىر قىسمى پەقەت مەنچىڭ ـ مانجۇ ھۆكۈمىتى زاۋالغا يۈزلەنگەندىن كېيىنلا چار روسىيە جاھانگىرلىكى بۇ زېمىننى تىزگىنلىگەن، دەپ قارايتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاننى تىزگىنلىشى خۇددى ياپونىيە مانجۇرىيىنى تىزگىنلىگەندەك، غەرب كاپىتالىزمى جۇڭگونىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلاردا كونسىنسىيىلەرنى مەجبۇرى قۇرغاندەكلا بىر ئىش ئىدى. گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، مۇستەقىللىقى، تېررىتورىيە پۈتۈنلىكىنى ھۆرمەت قىلىمىز دەپ، داۋراڭ قىلسىمۇ، لېكىن ئۇ «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاندا زور ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. جۇڭگونى قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاندىكى قۇدرەتلىك نوپۇزىنى قايتىدىن تىكلەش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنى «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاندىن قوغلاپ چىقىرىشىنىڭ (كىمنىڭ كۈچىگە تايىنىپ؟ ئامېرىكىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ دېسەڭچۇ؟ ئامېرىكا بېسىم ئىشلەتمىگەن بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنى «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاندىن قانداق قوغلاپ چىقىرالايتتىڭ؟) زۆرۈرلىكىنىمۇ جىياڭ جېيشى ئوبدان بىلەتتى. (يۇقىرىقى كىتاب 364 ـ بەت)

(جىياڭ جېيشىنىڭ پىكىر قىلىشى) بۇ، ستالىننىڭ نىشانى بىلەن بىۋاسىتە قارىمۇ ـ قارشى ئىدى. ستالىن «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاننى ئۆزىنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇش خىيالىدا ئىدى. ئەمما ستالىن جۇڭگو ـ سوۋېتنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش ئىتتىپاقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستانغا قاراتقان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭدەك، ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ رايوندا سىياسى، ھەربى زومىگەرلىكىنى تۇرغۇزۇشقا ئۇرۇنۇش بىلەن بىرگە، ئىقتىسادىي جەھەتتە سىڭىپ كىرىشنى جىددىيلەشتۈرۈپ، بۇ جەھەتتە زور نەتىجىگە ئېرىشتى. جۇڭگو بىلەن ھەمكارلىشىپ ياپونىيىگە قارشى تۇرۇش

موسكۋا ئۈچۈن ئانچە زورۇر بولمىغاندا، (مەسىلەن، 1940 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئوق مەركىزى دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلاشقان مەزگىلدىكىدەك)، موسكۋا، جۇڭگونىڭ «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستانغا قاراتقان ئاتالمىش ئىگىلىك ھوقۇقىنى مەنسىتمىگەن ئىدى. (يۇقىرىقى كىتاب 365 - بەت)

موسكۋا، چۇڭچىڭ، يەنئەننىڭ «شىنجاڭ»دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاندىكى تالاش - تارتىشى ۋەھشى مىللەتچى شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قانات يايدۇرۇلدى. 1933 - يىلدىن 1944 - يىلغىچە شېڭ شىسەي «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئۇستىلىق بىلەن ستالىن ۋە جياڭ جېيشى ئوتتۇرىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى مۇستەھكەملىدى. شېڭ شىسەي ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئادەتلەنگەن، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئىنتايىن قالاق ھالەتتە تۇرغان بىر ئۆلكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، تاشقى ياردەمگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن؛ ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقى ھۆكۈمرانلارغا ئوخشاش، دائىم تاشقى كۈچلەردىن ياردەم سوراپ، ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىققان ئىسيانلارنى باستۇرغان. ياپونىيە، ھىندىستان ۋە جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىن كېلىدىغان خىلمۇ - خىل تەھدىتلەرگە قارىتا دائىم ھوشيار تۇرغان. (يۇقىرىقى كىتاب 365 - بەت)

... ئۇرۇش مەزگىلىدە ھەر خىل كۈچلەرنىڭ «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاندىكى رىقابىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاننى تىزگىنلەش دەرىجىسىنى چۈشىنىش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. 30- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى «شىنجاڭ»دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستانغا سىڭىپ كىرىشنى كېڭەيتتى. سىڭىپ كىرىش سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش بولغان، تارىختا روسىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان رايونلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. ئاللېن. س. ۋىختىڭنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا 30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان

ئۇيغۇرستانغا تۆت خىل يول بىلەن سىڭىپ كىرگەن: (1) ھەربىي ئارىلىشىش. 1933 ـ 1934 ـ ۋە 1937 ـ يىللىرى سوۋېت قوشۇنلىرى «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئۇرۇمچى ۋە باشقا جايلاردىكى ئىسيانلارنى باستۇرۇپ، شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالغان ئىدى. (2) ئىقتىسادىي جەھەتتە سىڭىپ كىرىش. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇرۇمچىنى تەشەككۇر ئېيتىپ قەرز قوبۇل قىلىدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرستاننىڭ ئىقتىسادىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېچىۋەتتى. 1934 ـ يىلى موسكۋا شېڭ شىسەيگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەربىي ۋە سانائەت ئەسلىھەلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن، بەش يىللىق مۇددەت بىلەن 5 مىليون روبلى قەرز بەردى. ئىككىنچى يىلى ستالىننىڭ ئايالىنىڭ تاغىسى ئا. س سىۋانىدىزى باشچىلىقىدىكى سوۋېت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۇرۇمچىگە كېلىپ، «شىنجاڭ»دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرستاننىڭ ئىقتىساد تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈشكە ياردەملەشتى. (3) ئىدىيە جەھەتتە سىڭىپ كىرىش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى ئىدى. بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىمى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي دوستلۇق سىياستى تەشۋىق قىلىناتتى. (4) مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتىپ سىڭىپ كىرىش، بىۋاستە ئارىلىشىش ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي، مالىيە ـ ئىقتىساد مەسلىھەتچىلىرى ۋە مۇتەخەسسىلەرنى ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەينىڭ مەمۇرى باشقۇرۇشىغا ياردەملەشكەن. مەسلىھەتچىلەر ياردەملىشىپ «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرستاندا ”ك گ ب“نىڭ ئەندىزىسى بويىچە سىياسى تۈزۈلمە بەرپا قىلغان ئىدى. مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ قەتلى قىلىنىشى بۇ سىياسى تەشكىلاتنىڭ ئۈنۈمى ۋە شەپقەتسىزلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شاڭ شىسەينىڭ بىر ئاخبارات ئەمەلدارىنىڭ ئېيتىشىچە، 30 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرستاندا كوممۇنىستىك 3 ـ ئىنتېرناتسىئونالنىڭ مەخپى ئاخبارات ئورگىنىنى قۇرغان ئىكەن. (يۇقىرىقى كىتاب 368 ـ بەت)

... 1937 ـ يىلى «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرستان رۆشەنكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگەن ئىدى، (ئەسلىدە 1911

ـ يىلدىن باشلانغان ياكى 1871 ـ يىلدىن باشلاپ، ئۇيغۇرىستان روسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگەن دېيىش كېرەك.) گەرچە «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستان شەكىل جەھەتتە جۇڭگونىڭ تەركىبى قىسمى بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىناۋىتى (بۇ يىللاردا گومىنداڭ تېخى ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرمىگەن تۇرسا.) بۇ يەردە ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈپ قېلىپ، موسكۋانىڭ «شىنجاڭ»دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاندىكى تەسىرى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن... نەنجىڭنىڭ «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاندا ھېچ قانداق ئەمەلى ھوقۇقى يوق ئىدى. (يۇقىرىقى كىتاب 368 ـ بەت)

... سۇنكېي 1938 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ستالىن بىلەن سۆھبەتلەشكەندە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاندىكى ئورنىنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ... ستالىننىڭ تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن «شىنجاڭ»دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستانغا قارىتا تەڭ ئۆلچەملىك قاراشتا بولۇشى جۇڭگولۇقلاردا بولۇۋاتقان «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستان ئەڭ ئاخىرى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ يولى بويىچە ماڭىدۇ، ئەمەلىيەتتىكى مۇستەقىللىق ـ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قانىتى ئاستىدىكى مۇستەقىللىققا ئايلىنىدۇ، دېگەن ئەندىشىسىنى شۈبھىسىز ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرغان ئىدى. 1939 ـ يىلى ستالىن بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتتە سۇنكېي يەنە «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنى ئۈچىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. (يۇقىرىقى كىتاب 373 ـ بەت)

... ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 30 ـ يىللاردا ستالىن، «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستانغا بېرىپ خىزمەت قىلىدىغان سوۋېتلىكلەرگە ئۆلارنىڭ بۇ يەردىكى 3 ـ ئىنتېرناتسىئونالنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ، «شىنجاڭ»دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاننى جۇڭگونىڭ ـ 3خىل سىياسى كۈچىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەكلىكىنى، بۇ خىل سىياسى كۈچنىڭ گومىنداڭغىمۇ، كومموۇنىستلارغىمۇ مەنسۇپ بولماسلىقى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. (يۇقىرىقى كىتاب 376 ـ بەت)

. . . ستالىننىڭ «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستان تۇغرىسىدىكى ھۆكمى، ئىزچىل رەۋىشتە، «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستان ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىست پارتىيىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ ھەم ئىككى تەرەپ بىلەن مۇۋاپىق ئۇچرىشىشنى ساقلاپ، ئوخشاشلا ئىككى تەرەپنى ئارمانى يوق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. بۇنداق ئەھۋالدا جۇڭگولۇقلارنىڭ «شىنجاڭ»دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاندىكى تەسىرى ئاجىزلاپ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشەتتى ـ دە، سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ قالغان بولاتتى. (يۇقىرىقى كىتاب 384 ـ بەت)

. . . شىڭ شىسەي «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاننىڭ تەرەققىيات پىلانىنى بايان قىلىپ، «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاننى سوتسىيالىستىك ئۆلكىلىك رايونغا ئايلاندۇرۇشنىڭ مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ بەردى. ستالىن دەرھال ئۇيغۇرىستاننىڭ ئۈچ يىللىق تەرەققىيات پىلانىغا كېرەكلىك سانائەت ئەسلىھەلىرىنى ئىمكانقەدەر ئۇيغۇرىستانغا تېز يەتكۈزۈش توغرىسىدا مولوتوپقا بۇيرۇق بەردى. شېڭ شىسەيدىن بۇرۇن «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلار بەش ـ ئالتە يىل ئىلگىرى ھەربىي ئىشلارغا ئائىت مال بۇيرۇتۇش توختىمىغا قول قويغان ئىدى. شېڭ شىسەي توختام قىلىنغان بۇ ئەشيالارنى ئىككى ئاي ئىچىدە ئۇيغۇرىستانغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا مولوتوپ دەرھال قوشۇلدى. «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاننىڭ ئورنى ئۈستىدە توختالغاندا شېڭ شىسەي، ئۇزۇندىن بېرى كېلىۋاتقان ئۆلكە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. مەيلى شېڭ شىسەي بولسۇن، ياكى ستالىن بولسۇن، «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت بولۇشى ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىرىشى توغرىسىدا بىر نېمە دېيىشمىدى. شېڭ شىسەينىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرىش مەسىلىسىدە، ستالىننىڭ قارارى ۋە كۆرسىتىشىگە ئاساسەن، شېڭ شىسەينىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەمەس، بەلكى

بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىشى توغرا تېپىلدى. شېڭ شىسەي: سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىشتىن ئىنتايىن قورقىمەن، لېكىن ستالىننىڭ بۇ قارارىغا قوشۇلماقتىن باشقا چارە يوق، دېگەنىدى. شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەنلىكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەسىرىنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى بىر غەلىبىسى ئىدى. (يۇقىرىقى كىتاب 386 ـ بەت)

شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىشى قانداقتۇر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى مەسىلىسىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاننىڭ ئورنى مەسىلىسى، ئۇيغۇرىستان خىتايغا تەۋە بولىدىمۇ ياكى سوۋېتلەرگە تەۋە بولىدىمۇ، ئۇيغۇرىستان سوۋېتلەرگە مۇستەملىكە بولىدىمۇ ياكى ئۇيغۇرىستان خىتايغا مۇستەملىكە بولىدىمۇ دېگەن مەسىلىدۇر. قارىغاندا شېڭ شىسەي خالىسۇن، خالىمىسۇن 1938 ـ يىلى سوۋېت كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىشكە مەجبۇر بولغان كۈندىن باشلاپ، ئۇيغۇرىستان تولۇق مەنىدە سوۋېتلەرگە قارام مۇستەملىكە ئۆلكە بولۇپ قالدى، دېگەن سۆز.

...1941 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، سوۋېت ـ ياپونىيە بىتەرەپلىك شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ستالىن، «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاننى روشەن هالدا ئۆزىنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى. (يۇقىرىقى كىتاب 390 ـ بەت)

... 1939 ـ يىلدىن 1941 ـ يىلغىچە موسكۋا، شېڭ شىسەي ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەت ۋە ئۇلارنىڭ تۇراقسىز ئۆزگىرىپ تۇرغان ئىستىراتېگىيىسى «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنى بارغانسېرى تۇراقسىزلاندۇرۇۋەتتى. ئاددى قىلىپ ئېيتقاندا بۇنىڭدا مەسىلىنىڭ ماهىيىتى، «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستان جۇڭگونىڭ خەرىتىسىگە كىرەمدۇ ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قاتارىغا كىرەمدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. روشەنكى، ستالىن «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاننى ئۆزى تەرەپكە تارتىشنى ئويلىسا، ماۋزېدۇڭ بىپايان كەڭ زېمىن «شىنجاڭ»

ئۇيغۇرىستاننى جۇڭگو ئىنقىلابىنى ئۇلغايتىشنىڭ كۈچىگە ئايلاندۇرۇشنى ھەمدە بۇ بۆرچنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەدىتى ئاستىدا ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. (يۇقىرىقى كىتاب 392 ـ بەت)

... 1941 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئامېرىكا ـ ياپونىيە ئۇرۇشى پارتلاپ، جىياڭ جېشىنى «شىنجاڭ»دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاندا تېخمۇ قاتتىق ھەرىكەت قوللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.... 1942 ـ يىلدىن 1943 ـ يىلغىچە چوڭ چاڭ «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى تەسىرىنى تۈپتىن تازىلىماقچى بولدى... موسكۋا ئەپلەپ ـ سەپلەپ چوڭ چىڭنىڭ نەزىرىنى بۇرىماقچى بولغان بولسىمۇ، ئۈتۈق قازىنالمىدى. 1943 ـ يىلى باھاردا موسكۋا قولىنى بوشىتىپ، ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلماقچى بولغاندا، ئۇيغۇرىستاننىڭ ئەھۋالى بۇرۇنقى ئىككى يىلغا تۈپتىن ئوخشاشماي قالغان ئىدى. (يۇقىرىقى كىتاب 395 ـ بەت)

... جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشقا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ھەربىي ئەمەلدارى گودېچىۋەن 1941 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۇ موسكۋاغا كېتىۋېتىپ ئۈرۈمچىدىن ئۆتكەندە،شېڭ شىسەي ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئۆزىنىڭ جىياڭ جېشىنى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. بۇنىڭغا جاۋابەن گودېچىۋەن جىياڭ جېشىنىڭ يېقىندا ئامېرىكا، ئەنگلىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىنىڭ مۇھىملىقىنى ھەدەپ كوككە كۆتۈردى... سوۋېت ئىتتىپاقىنى «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاندىن قوغلاپ چىقىرىش ئىستراتېگىيىسى مەسىلىسىدە جۇشاۋلىياڭ بىلەن شېڭ شىسەي تېزلا بىردەك كۆز قاراشقا كەلدى... (يۇقىرىقى كىتاب 396 ـ بەت)

... شېڭ شىسەي 1934 ـ يىلى «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاندا سوۋېت ھۆكۈمىتى قۇرۇش توغرىسىدا سوۋېت ھۆكۈمىتىگە تەكلىپ قويغان، 1941 ـ يىلى «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستاندا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن مۇستەقىل سوۋېت دۆلىتى قۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن... (يۇقىرىقى كىتاب 399 ـ بەت)

... ئاخىرىدا شىڭ شىسەي تەھدىت سېلىپ: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاندىن چېكىنىشىنى رەت قىلغانلىقىنى «پۈتۈن دۇنيا»غا جاكارلايمەن، موسكۋالىق ئەمەلدارلار بۇنداق ئاشكارىلاشنىڭ سوۋېت ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىگە قانداق ئاۋارىچىلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىشى كېرەك، دېدى. (يۇقىرىقى كىتاب 417 ـ بەت)

1942 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئامېرىكا بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى كىرالىنسى گائوسقا ئۈرۈمچىدە ئامېرىكا كونسۇلخانىسى ئېچىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. گائوس بۇنداق قىلىش موسكۋانىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى تەسىرىنى تۈگىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ، دەپ قارىدى. ۋاشىنگتون چوڭ چېنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، 1943 ـ يىلى 4 ـ ئايدا (ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن خىتاي گومىنداڭىنىڭ ئارمىيىسى 1943 ـ يىلى 2 ـ 1 ـ ئايدا ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە ـ 4ئايدا ئامېرىكا ئېرمۇند كىلوبىنى ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى قىلىپ تەيىنلىدى...) 9 ـ ئايدا سوۋېت ئارمىيىسى گېرمانىيىنىڭ ئۈستىدىن قەدەممۇ ـ قەدەم غەلىبە قىلىشقا باشلىغاندا، جياڭ جېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شىنجاڭ»، ئۇيغۇرىستاننى قايتا ئىشغال قىلىشىنى چەكلەش مەسىلىسىدە ئامېرىكا، ئەنگلىيىنىڭ پوزىتسىيىسى ھالقىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلە، دەپ قارىغانىدى. (يۇقىرىقى كىتاب 419 ـ بەت)

...1943 ـ يىلى 3 ـ ئايدا موسكۋا «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستاندىن چېكىنىپ چىقىشنى قارار قىلدى. روشەنكى، موسكۋانىڭ بۇنداق قارار چىقىرىشى، ئىنتايىن كەسكىن ھەربى ۋەزىيەت ئۇنىڭ «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىدە يېنىكلىك قىلىپ، جۇڭگو بىلەن ماجىرا تۇغدۇرۇشىغا ئىمكان بەرمىگەنلىكىدىن ئىدى... 1944 ـ يىلى باھاردا سوۋېت ئىتتىپاقى «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستاندىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. (يۇقىرىقى كىتاب ـ 425بەت)

... 1941 ـ يىلى ياز ۋە كۈزدە ... روزۋېلىت خارلى خوپچىنسىنى، چېرچىل ئانتونى ئايدىننى ستالىن بىلەن مەخپى سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن

موسكۋاغا ئەۋەتكەن ئىدى. (يۇقىرىقى كىتاب 451 ـ بەت) ھەممىسىنىڭ گېپى بىر دېگەنلىكمۇ ـ بۇ؟

... 1942 ـ 1943 ـ يىللاردا جىياڭ جېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى توغرىسىدىكى سىياسىتىگە توختالغاندا مۇنداق بىر نەچچە مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ: جىياڭ جېشى راستىنلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى ئارزو قىلامدۇ؟ مۇشۇ سەۋەپ تۈپەيلىدىن، ئۇ سوۋېت ـ ياپونىيە بىتەرەپلىك شەرتنامىسىنى چارە تېپىپ بۇزۇش نىيتىگە كەلگەنمۇ ھەمدە «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستاندا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۇرۇشىمىز دەپ، تەھدىت سالغانمۇ؟ (يۇقىرىقى كىتاب ـ 456بەت)

... جۇڭگو ئۆزىنىڭ مىللى غورۇرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىششى كېرەك دېگەن مەسىلە مۇھىم ئىدى. لېكىن بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن جۇڭگونىڭ مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرەتتى.

جىياڭ جېشى «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستان، تاشقى موڭغۇلىيە، مانجۇرىيىدىن ئىبارەت «قولدىن كەتكەن يەر» (بۇ يەرلەر تارىختا چار روسىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان)نى قايتۇرۇۋېلىشى كېرەك ئىدى. بۇلارنى موسكۋانىڭ ئاسانلىقچە ئىككى قوللاپ قايتۇرۇپ بېرىشى مۇمكىنمۇ؟ (يۇقىرىقى كىتاب ـ 461بەت)

... جىياڭ جېشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان دىپلوماتىيىسىدە ئامېرىكىنى تارازا تېشى قىلىشنى ئويلىغانىدى... ئامېرىكىنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. (يەنى جۇڭگوغا مۇناسىۋەتلىك ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىگە ئوخشاش مەسىلىلەردە ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېسىم ئىشلىتىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ دېمەكچى) بۇنىڭدا، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۆز ئالدىغا يارىشىدىغان(ئەپلىشىپ قالىدىغان)، ئېھتىماللىقتىن قورقۇشى جىياڭ جېشىنىڭ ئاساسلىق پايدىلىنىش ۋاستىسى ئىدى. ئىككى سەپتە ئۇرۇش قىلىش ھەمدە تىنچ ئوكياندا كەڭ كۆلەمدە قايتارما ئۇرۇش قوزغاش گىرۋىكىگە كېلىپ قالغان ئامېرىكا، جۇڭگونىڭ رولىنى ئويلاشمىسا بولمايتتى. چۈنكى، جۇڭگو ھېچ بولمىغاندا ياپونىيىنىڭ

1 مىليون كىشىلىك ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئالالايتتى. جىياڭ جېشى دەل مۇشۇ پىشانىنى تۇتۇۋېلىپ، ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېسىم ئىشلىتىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقى ئاندىن ئۆزىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالايتتى. (يۇقۇرىقى كىتاب 463 ـ بەت) مەسىلىنىڭ تۈگۈنى، ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشىنىڭ تۈگۈنى مانا مۇشۇ يەردە.

دېمەك، جىياڭ جېشى: مۇبادا مېنىڭ تەلەپلىرىمنى قاندۇرۇشقا ماقۇل بولمىساڭ مەسىلەن، مانجۇرىيە، «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستان، تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىلىرىدە مېنىڭ تەلەپلىرىمگە ماقۇل بولمىساڭ ئامېرىكا، مەن ياپونىيىگە تەسلىم بولىمەن، ياپونىيە بىلەن جۇڭگو ئۆز ئالدىغا ئۇرۇش توختىتىش شەرتنامىسى ۋە تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالايدۇ. دېگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئامېرىكا، پرېزىدېنتى روزۋېلت جىياڭ جېشىنىڭ تەلەپلىرىگە ماقۇل بولۇپ، ئۇيغۇرىستاننى، مانجۇرىينى، دىپلوماتىك سۆھبەت ئارقىلىق ستالىننىڭ قولىدىن قايتۇرۇپ ئېلىپ، خىتاي گومىنداڭىنىڭ تېررىتورىيىسىگە قوشۇپ بەرگەنمۇ؟ ئۇرۇش دەۋرىدە ئىككى سەپتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئامېرىكا ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق يول بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

... بۇنداق جىددى كەيپىياتنىڭ كۈچىيىشى جۇڭگو ـ سوۋېت توقۇنۇشىنى پەيدا قىلىپ «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى... كونا ئاداۋەتلەر يەنە بىخ سۈرۈشكە باشلىدى. ستالىن جۇڭگونىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن ياپونىيە ياكى ئامېرىكىنىڭ سوۋېتكە قارشى بازىسىغا ئايلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتى؛ جىياڭجېشىنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېقىندىكى مانجۇرىيە بىلەن «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستان توغرىسىدىكى باياناتى ۋە تاشقى موڭغۇلىيە توغرىسىدا قويغان تەلىپى ئىدى. (يۇقىرىقى كىتاب 466 ـ بەت)

... 1944 ـ يىلى باھاردا شىنجاڭنىڭ (ئۇيغۇرىستان) تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدىغان ئالتاي رايونىدا جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە توقۇنۇشى يۈز بەردى. بۇ ئىش تۈپەيلى جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئارقىمۇ ـ ئارقا پىكىر ئالماشتۇردى. بۇلارنىڭ ئەمەلى سەۋەبلىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جىياڭ جېشى

بـۇ تالاش ـ تارتىشـقا قاتتىـق پوزىتسـىيە تۇتتـى. (يۇقىرىقى كىتـاب 479 ـ بەت)

... سـوۋېت ئىتتىپاقى بولسـا «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاننى ۋە جۇڭگونىـڭ غەربـى رايونىنـى تەسـىر دائىرىسـىگە كىرگۈزۈۋالـدۇ. بۇنـداق ئۇرۇنـۇش ئىشـقا ئاشـىدىكەن، نەپكـە ئېرىشـىدىغىنى توكيـو، موسـكۋا بولـدۇ. زىيـان تارتىدىغىنـى ۋاشـىنگتون ۋە چـۇڭ چـاڭ بولـدۇ. (يۇقىرىقـى كىتـاب 481 ـ بەت)

... بۇنىڭدىـن بـۇرۇن روزۋېلـت جىيـاڭ جېشـىغا ئىككـى قېتىـم تېلېگراممىا يولـلاپ، جۇڭگودىـن «شـىنجاڭ» دەپ ئاتىلىـپ قالغـان ئۇيغۇرىسـتاندىكى توقۇنۇشـنى ئازايتىشـنى تەلـەپ قىلغـان ئىـدى. (يۇقىرىقـى كىتـاب 483 ـ بـەت)

... 1944 ـ يىلـى ـ 4ئاينىـڭ ـ 8 كۈنـى روزۋېلـت جىيـاڭ جېشـىدىن «شـىنجاڭ» دەپ ئاتىلىـپ قالغـان ئۇيغۇرىسـتاندىكى ۋەقەلەرنـى توختىتىـپ، ئۇرۇشـتىن كېيىـن ھـەل قىلىشـنى تەلەپ قىلـدى. (يۇقىرىقى كىتـاب 486 ـ بەت)

... 1944 ـ يىلـى يـاز ۋە كـۈز ئايلىرىـدا سـوۋېت ئىتتىپاقىنىـڭ قوللىشـى ئاسـتىدا غەربـى ئۇيغۇرىسـتان، جەنۇبـى ئۇيغۇرىسـتاندا كۆتۈرۈلگـەن توپـىلاڭ جـىددى ئۇلغىيىشـقا باشـلىدى. 11 ـ ئايغـا كەلگەنـدە، تەشـكىلى مۇكەممـەل، ياخشـى قوراللانغان توپىلاڭچى ئۇنسـۇرلار ئىلىنى ئىشـغال قىلدى. بۇ «شـىنجاڭ» دەپ ئاتىلىـپ قالغـان ئۇيغۇرىسـتاننىڭ بـاي، ئـاۋات، بەلكـى ئىسـتىراتېگىيىلىك ئورنـى ئىنتايـىن مۇھـىم رايونـى بولـۇپ، توپىلاڭچـىلار بـۇ يـەردە ئىلىنىـڭ مۇسـتەقىللىقىنى (ئەمەلىيەتتـە ئۇيغۇرىسـتاننىڭ مۇسـتەقىللىقىنى تەرجىمـان خىتاي جۇملىنـى يۇقىرىقـىدە قىسـقارتقان بولۇشـى مۇمكىـن) جاكارلاشـقا تەييارلانـدى. (491 ـ بـەت يۇقىرىقـى كىتـاب)

... ـ 1944يىلـى ئامېرىكىنىـڭ مۇئاۋىـن پرېزىدېنتـى ۋاللىـس موسـكۋانى زىيـارەت قىلىـپ سـتالىن بىلـەن مۇھـىم سۆھبەتلەردە بولغـان. بەلكـى مۇشـۇ سۆھبەتتە شـىنجاڭ ـ ئۇيغۇرىسـتاننىڭ كەلگۈسـى تەقدىـرى بىـر تـەرەپ قىلىنغـان بولۇشـى مۇمكىـن. جىيـاڭ جېشـىنىڭ خوتۇنـى سـۇڭ مېيلىـن 1942 ـ يىلىنىـڭ ئاخىرىدىـن 1943 ـ يىلـى 8 ـ ئايغىچە بىر يىل دېگۈدەك ۋاشـىنگتوندا دىپلوماتىك

پائالىيەتتــە بولــدى. شۇنڭدىن كېيــن ۋاللىس موسكۋاغا زىيارەتكــە بــاردى. ۋاللىسـنىڭ موسـكۋادىن قايتارىـدا ئەسـلى هـاۋا يولـى چـۇڭ چـاك، يېڭـى دېهلـى، موسكۋا هـاۋا يوللـىرى بىلـەن چـۇڭ چىڭغا قايتماي، قايتارىدا موسـكۋا، ئۇرۇمچـى، چـۇڭ چـاك هـاۋا يوللـىرى بىلـەن قايتىـپ چۇڭچىڭغـا كەلگەنلىكـى، چـۇڭ چـاك ـ گومىنـداڭ هۆكۈمىتىگـە: سـتالىن بىلەن سۆهبەتلىشـىپ شىنجاڭ دېگـەن بـۇ زېمىننـى سـتالىننىڭ قولىدىــن ئېلىـپ جۇڭگونـىڭ تېررىتورىيىسـىگە قوشۇپ بېرىدىغـان ئىشنى بېجىرىـپ قايتىـپ كەلدىـم، دەپ بىشـارەت بېرىـش ئۈچـۈن ئىـدى. بـۇ هەرىكەتنـى ئاپتـور جـۈن گارۋېـر «دىپلوماتىـك جىلـۋە» دەپ تەسۋىرلىگەن).

... 1944 ـ يىلىنــىڭ ئوتتۇرىلىرــدا ســتالىن، ئامېرىــكا ۋەكىلللــرى بىلـەن مۇزاكىـرە ئېلىـپ بارغانـدا، ئاللىقاچـان بېكىتىلگـەن دالىيـەن پورتىنـى خەلقئارالاشتۇرۇش پىرىنسىپىغا سـەل قاراپ، دالىيەن، لۈيشـۈن ۋە مانجۇرىيە تۆمۈر يولىنـى بىۋاسـتە ئىجارىگـە ئېلىشـنى تەلـەپ قىلـدى. سـتالىن يەنـە قوشـۇمچە شـەرتلەرنى ئوتتۇرىغـا قويـۇپ، جۇڭگونـىڭ تاشـقى موڭغولىيىنـى ئېتىـراپ قىلىپ، تاشـقى موڭغۇلىيىنىــڭ هازىرقــى هالىتىنــى ســاقلاپ قېلىشــنى تەلــەپ قىلــدى. (يۇقىرىقـى كىتـاب 491 ـ بـەت)

... سـوۋېت ئىتتىپاقىنــىڭ بېســىمغا تاقابــل تــۇرۇپ، ئۇنــىڭ چــوڭ دۆلەت قىياپىتىــدە يىــراق شــەرقتە قايتــا پەيــدا بولۇشــنى چەكلــە ش ئۈچــۈن، جىيــاڭ جېشـى ئالدىـراپ ـ تېنـەپ سـوۋېت ئىتتىپاقـى بىلـەن مۇناسـۋەتنى ياخشىلاشـقا كىرىشـتى. بۇنـداق قىلمىغانـدا ئاقىۋىتىنى تەسـەۋۋۇر قىلغىلـى بولمايتـى.

مانجۇرىيــە ۋە ئۇيغۇرىســتاندىن ئايرىلىــپ قالاتتــى. (يۇقىرىقــى كىتــاب 493 ـ بەت)

... ئۇرۇشـتىن كېيــن ئامېرىكىنــىڭ ئــۆزى دۇچ كېلىدىغــان خىلمۇ ـ خىــل مەســىلىلەرمۇ روزۋېلتنــى جۇڭگو ـ ســوۋېت مۇناســۋىتىنى يېقىنلاشتۇرۇشــقا مەجبۇر قىلــدى. روزۋېلــت ئۆزىنــىڭ دىققىتىنــى ئۇرۇشــتىن كېيىنكــى مۇقــم تەرتىپنــى قانــداق بەرپــا قىلىــش كېــرەك دېگــەن مەســىلىگە يۆتكەشــكە باشــلىغاندا، ئــۇ ئــاۋۋال دۇچ كەلگــەن مەســىلە جۇڭگو ـ سوۋېت مەسىلىســنى ياخشىلاشنى قانداق

ئىلگىرى سۈرۈش بولدى. روزۋېلت: ئۇرۇشتىن كېيىن قۇدرەتلىك ۋە بىرلىككە كەلگەن جۇڭگو ۋا منگونىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ياپونىيە تەسلىم بولغان ۋە ئەنگىلىيە ـ فىرانسىيە ـ گوللاندىيە مۇستەملىكچىلەر گورۇھى ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن پەيدا بولغان بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ، دەپ قارىغانىدى.

بىرلىككە كەلگەن بۇ جۇڭگو ئەركىن، ئامېرىكىغا مايىل يولنى تۇتۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئامېرىكا جۇڭگو بىلەن بىرلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. لېكىن روزۋېلت بۇ خىل زۆرۈر پەيتنىڭ يۈز بېرىشىنى ئۈمىد قىلمايتتى. بەلكى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى بىلەن سوۋېت ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ يانمۇ ـ يان ھالدا، باشتىن ـ ئاخىر دوستانە، مۇقىم تەرەققىي قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. روزۋېلتنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى تىنچلىق، بىخەتەرلىك ئىدىيىسى تۆت چوڭ دۆلەتنىڭ ھەمكارلىقى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدى. جۇڭگو ـ سوۋېت توقۇنۇشى بۇنداق پىكىرنى بۇزۇۋېتەتتى، شۇنداقلا ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا تىنچلىقىغا تەھدىت پەيدا قىلاتتى. (يۇقۇرىقى كىتاب 495 ـ بەت)

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، روزۋېلتنىڭ مۇشۇنداق سىياستى، مانجۇرىيىنى سوۋېتنىڭ قولىدىن يۇلۇپ ئېلىپ جۇڭگوغا قوشۇپ بېرىپ، ئۇيغۇرىستاننى سوۋېتلەرنىڭ تەسىر دائىرىسىدىنلا ئەمەس ھەتتا سوۋېتلەرگە يېرىم مۇستەملىكە بولۇپ تۇرغان ئۇيغۇرىستاننى سۆھبەت يولى ئارقىلىق ستالىننىڭ قولىدىن يۇلۇپ ئېلىۋېلىپ، خىتاينىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قوشۇپ بېرىشتىن ئىبارەت بالايىئاپەتلىك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سىياسەت ئىدى.

... 1944 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن پىرېزىدېنتى ھېنرى خاللىس (ۋاللىس) ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگونى زىيارەت قىلدى. بۇ، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو ـ سوۋېت يېقىنلىششىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ۋاللىس جۇڭگونىڭ تەكلىپى بىلەن، موسكۋادىن جۇڭگوغا دائىمى يول لىنيىسى بولغان ھىندىستان بىلەن ئەمەس، بەلكى «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغا ئۇيغۇرىستان بىلەن كەلگەن ئىدى. بۇ ئەسلىدە

چوڭ چېكىشقا قىلىنغان دىپلوماتىك جىلۋە ئىدى. ۋاڭ شىجيې ئۆرۈمچىگە كېلىپ ۋاللىسنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە ۋاللىسنىڭ ئالدىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەيىپلىمەسلىك توغرىسىدا شېڭ شىسەينى ئاگاھلاندۇردى. (يۇقىرىقى كىتاب 495 ـ بەت)

... جياڭ جېشىنىڭ ستالىن بىلەن ئۇچرىشىشىنى خالىمىغانلىقى «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستان ۋەقەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قۇرۇلغانلىقى رەسمىي جاكارلاندى. جياڭ جېشى بۇنى ستالىننىڭ پىت ئۇچەيلىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىدى. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا دوستانىلىك كۆرسەتكەن ھەمدە ئامېرىكىنى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىۋاتقانلىقىغا ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاندا بىر ئاز يول قويغانىدى. ئەمدى بولسا ئامال قىلىپ بۇ زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالماقچى ئىدى. (504 ـ بەت يۇقىرىقى كىتاب)

... 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جياڭ جېشى بىر پىلانغا تەستىق سالدى. بۇ پىلان بويىچە تاللانغان ئىككىنچى ئارمىيىدىن 40 مىڭ نەپەر ئەسكەرنى «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستانغا ئەۋەتىپ، ئىسيانىنى باستۇرماقچى بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇز چىلىق قىلىش پاكىتىنى قولغا چۈشۈرۈپ، پاكىتنى ئامېرىكىغا تاپشۇرۇپ، ئامېرىكىغا، «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاندىكى ئىسيانىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ئىدى. جياڭ جېشى، «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستان ۋەزىيىتىنىڭ يامانلىشىشى سوۋېت ئىتتىپاقى كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ئىسپاتى، ئامېرىكا بۇ پاكىتقا ئېرىشكەن ھامان چوقۇم جۇڭگوغا ياردەم بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى چەكلەيدۇ، دەپ قارىدى. بۇنداق چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ستالىن بىلەن كۆرۈشۈش ئۆز پۇتىنى ئۆزى چۈشەپ بەرگەنلىك ئەمەسمۇ؟ بۇنداق ئۇچرىشىش پەقەت جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى يوشۇرۇپ، ئامېرىكىنى جۇڭگوغا ياردەم بېرەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. لېكىن قانداق سەۋەبنى چىقىش قىلمىسۇن، جياڭ جېشىنىڭ ستالىننىڭ

تەكلىپىنى رەت قىلىشى، كەلگۈسىدىكى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى بۇ ئىككى كىشى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى چوقۇم روزۋېلت بىلەن ستالىن تەرىپىدىن يالتادا ھەل قىلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. (يۇقىرىقى كىتاب 505 ـ بەت) دېمەك، كەلگۈسى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى يالتادا روزۋېلت بىلەن ستالىن تەرىپىدىن بەلگىلەندى. مۇشۇ يەردە ئۇيغۇرىستان ئىغىزغا ئېلىنمىدى دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئىككى جۈملە سۆز قىستۇرۇپ قويۇشۇمغا رۇخسەت قىلىڭلار! ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرى موسكۋادا تۈنجى قېتىم 1945 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىمزالانغان «جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامىسى» ئارقىلىق بەلگىلەنگەن، ئۇيغۇرنىڭ مۇستەملىكە بولۇش تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان جۇڭگو ـ سوۋېت خەلقئارا يىغىنى ۋە بۇ يىغىندا ئىمزالىنىدىغان «جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامىسى» 1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يالتادا ئېچىلغان يالتا يىغىنى ۋە يالتا يىغىنىدا ئىمزالانغان «يالتا شەرتنامىسى» تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن دېسەم ھېچ كىم ئىشەنمەيدۇ. ئىشەنمەيدىغان ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ دۇنيادا يالتا يىغىنى دەپ بىر خەلقئارا يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى، دۇنيادا جۇڭگو ـ سوۋېت خەلقئارا يىغىنى دەپ بىر يىغىننىڭ موسكۋادا ئېچىلغانلىقىنى، يىغىندىن كېيىن «جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامىسى» ئىمزالانغانلىقىنى بىلىدىغان، بىلمەيدىغانلىقى ئەلبەتتە گۇمانغا تەئەللۇقتۇر.

ئۇيغۇرلار 20 ـ 19 ـ ئەسىر ئىچىدە 3 قېتىم جۇمھۇرىيەت قۇردى. ئۇيغۇرلارغا يېقىن ـ يىراق قوشنا بولغان ھەر قانداق بىر دۆلەت ئۇيغۇرلار قۇرغان دۆلەتنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك ئىدى. ئېتىراپ قىلىش شۇ دۆلەتلەرنىڭ ئەخلاقى مەجبۇرىيىتى ئىدى. مەسىلەن، ئۇيغۇرنىڭ بۈيۈك ھەزرىتى ياقۇپبەگ قۇرغان دۆلەت ئەنگلىيە ئىمپېراتورلىقى، چار روسىيە ئىمپېراتورلىقى، مانجۇ ـ مەنچىڭ ئىمپېراتورلىقى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشى كېرەك ئىدى. بىراق، بۇ دۆلەتلەر ئېتىراپ قىلمىدى، ئېتىراپ قىلماسلىقنىڭ سەۋەبى پەقەت بىرلا ئىدى ـ جاھانگىر ۋە جاھانگىرلىك، كېڭەيمىچىلىك ۋە تاجاۋۇزچىلىق!

«يالتا شەرتنامىسى»، «موسكۋا شەرتنامىسى» دېگەنلەرمۇ جاھانگىر

دۆلەتلەرنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن دۇنيانى تەقسىم قىلىشىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مۇقەررەر رەسمىيەت ئىدى، خالاس! مېنىڭ بۇنداق تەھلىلىمگە قوشۇلمايدىغان كىشىلەر يەنە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بولسا، ئۇ كىشىلەر بۇ بىر جۈملە سۆزنى ماڭا ۋە سىزگە چۈشەندۈرۈپ قويۇشلىرى كېرەك: «كەلگۈسىدىكى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى بۇ ئىككى كىشى تەرىپىدىن ئەمەس (جياڭ جېشى بىلەن ستالىن تەرىپىدىن ئەمەس)، بەلكى چوقۇم روزۋېلت بىلەن ستالىن تەرىپىدىن يالتادا ھەل قىلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.» (يۇقىرىقى كىتاب) دېگەن بۇ بىر جۈملىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشلىرى كېرەك بولىدۇ.

... يالتا يىغىنىدا ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبەت ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ قۇرۇلمىسىنى لايىھەلىدى ھەمدە سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىنى جۇڭگوغا ئۇختۇردى. جياڭ جېشى دۆلەت ئىچىدىكى سىياسى بېسىم تۈپەيلىدىن يالتا يىغىنى كېلىشىمىدىن چۆچۈپ كەتتى ۋە غەزەپلەندى. لېكىن ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇزۇندىن بېرى جياڭ جېشى باشتىن ـ ئاخىر ئامېرىكىنىڭ كېلىشتۈرۈشى ۋە ياردىمىگە موھتاج بولۇپ كەلگەن ھەمدە روزۋېلتقا يالتا يىغىنىدا تالاش ـ تارتىش قىلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئاساسى جەھەتتىن قوشۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا كاپالەت بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يالتا كېلىشىمىدە بەلگىلەنگەن جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى 1940 ـ يىلى جياڭ جېشى تۈزگەن جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقداشلىقىغا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ۋارىسلىق قىلغان ئىدى. (يۇقىرىقى كىتاب 506 ـ بەت)

ئەمدى نېمە دەيمىز روزۋېلت بىلەن ستالىن يالتا يىغىنىدا كەلگۈسىدىكى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ قۇرۇلمىسىنى لايىھەلىگەندە، تاشقى موڭغۇلىيىنى سوۋېتلەرنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇپ ھازىرقى مۇستەقىل ھالىتىنى ساقلاپ قالدىغان، يېڭىلا دۆلەت قۇرغان ئۇيغۇرىستاندا قۇرۇلغان ئۇيغۇر دولىتىنى مۇنقەرز قىلىپ خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە «شىنجاڭ» نامىدا قوشۇپ بېرىدىغان لايىھەنى لايىھەلەپ ستالىن بىلەن روزۋېلت، جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى قۇرۇلمىسىنى ۋۇجۇتقا چىقارغانمىدى، ئۇنداق

بولمىسا، ئەمسە نېمە؟

... 6 ـ ئاينىڭ (1945) 15 ـ كۈنى خېرلى (ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى) ئاخىرى يالتا كېلىشىمىنىڭ پۈتۈن ماددىلىرىنى، شۇنداقلا يەنە ترۇممېن تاپشۇرۇپ بېرىشكە ھاۋالە قىلغان بىر پارچە ئەسلەتمىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنىمۇ (جىياڭ جېشىغا) تاپشۇرۇپ بەردى. ئەسلەتمە، ستالىن 1945 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى خوپچىنسقا بەرگەن قوشۇمچە كاپالەتنامە ئىدى. (خارلى خوپچىنس 1945 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى موسكۋاغا بېرىپ سوۋېت ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش پالىيىتى ئېلىپ بارغان، پرېزىدېنت ترۇممېننىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى ئىدى) بۇ ئەسلەتمىگە ئاساسلانغاندا، ستالىن جىياڭ جېشى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشىنى بار كۈچ بىلەن قوللاشقا قوشۇلغان ھەمدە جىياڭ جېشى رەھبەرلىكىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەۋرگىچە داۋاملىشىشىنى ئۈمىد قىلغان؛ ستالىن يەنە جۇڭگونىڭ «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستان ۋە مانجۇرىيە توغرىسىدىكى باياناتىغا قوشۇلغان. جۇڭگونىڭ مانجۇرىيىدە قايتا مەمۇرى ئاپپاراتلار قۇرۇشىنى قوللىغانىدى. (يۇقىرىقى كىتاب 516 ـ بەت)

ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنىڭ يالتا، موسكۋا يىغىنلىرىدا ئوخشاشلا ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى، مۇھاكىمە قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە ساغا، ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە قانداق پاكىت كېرەك؟

... 1945 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جۇڭگو سۆھبەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئامېرىكىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، موسكۋاغا يېتىپ باردى. ئايرودورۇمدا سوۋېتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوۋ، ئالى سوۋېت رەئىسى كالىنىن ھەمدە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي قوماندان ۋە بارلىق دىپلوماتىيە خادىملىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى... ستالىن قارشى ئېلىش نوتقى سۆزلىگەندە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا تۇتقان سىياسىتىنىڭ پرىنسىپلىرىنى شەرھلىدى. ئۇ: ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى چار روسىيە دەۋرىدىكى بىلەن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ چاغدا چار روسىيىنىڭ مەقسىتى ياپونىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ جۇڭگونى بۆلۈۋېلىش ئىدى؛ لېكىن

هازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەقسىتى جۇڭگو بىلەن بىرلىشىپ ياپونىيىنى چەكلەش دەپ، كۆرسەتتى. (يۇقىرىقى كىتاب 520 ـ بەت)

1945 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى جياڭ جېشى چۇڭ چىڭدا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم يىغىنىنى چاقىرىپ، موسكۋادىكى سۆھبەتنى مۇھاكىمە قىلدى. بەزى ئەمەلدارلار ستالىننىڭ تاشقى موڭغۇلىيىگە قويغان تەلىپىنى پۈتۈنلەي رەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. يەنە بەزىلەر ستالىننىڭ مانجۇرىيە ۋە «شىنجاڭ»دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىدە بەرگەن كاپالىتىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر چەكلەش شەرتنامىسى تۈزۈلمىسە سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى مانجۇرىيە، «شىنجاڭ»ئۇيغۇرىستان ۋە ئىچكى موڭغۇلىيىنى ئىشغال قىلىپلا قالماستىن، يەنە شەرقىي شىمالغىمۇ تاجاۋۇز قىلىشى مۇمكىن، دېيىشتى. (يۇقىرىقى كىتاب 528 ـ بەت)

... تېرومىن ـ گەرچە پوزىتسىيىسى ئانچە ئېنىق بولمىسىمۇ، جۇڭگونىڭ ئامېرىكىنى ئارىلاشتۇرۇش (موسكۋا سۆھبىتىگە ۋە جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامىسى ئىمزالاشقا) غەرىزىنى رەت قىلدى. (1945 ـ يىلى) 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئۇ خارىمانغا (ئامېرىكىنىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى) كۆرسەتمە بېرىپ، موسكۋا سۆھبىتىگە ئالاقىدار بولغان يالتا كېلىشىمىنىڭ ھەر قانداق ماددىلىرىغا ئامېرىكا ئارىلاشمايدۇ، دېدى. لېكىن تېرومىنىنىڭ بۇ پرىنسىپى، ئەمەلىيەتتە سۇڭ زىۋېنگە ئامېرىكىنىڭ يالتا يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ھازىرقى ھالەت» سۆزىنى مۇھاكىمە قىلىشنى رەت قىلدىغانلىقىنى «غەيرى رەسمى» ئېيتىش بىلەن باراۋەر ئىدى. يەنى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ھازىرقى «قانۇنى» ئورنىنى ساقلاشقا ئامېرىكىنىڭ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئىدى. (يۇقىرىقى كىتاب 529 ـ بەت)

دىققەت، ئوقۇرمەنلىرىمىز! بۇ يەردىكى بىر جۈملىنى تەپەككۇرنىڭ ئىلكىگە ئېلىڭلار! «موسكۋا سۆھبىتىگە ئالاقىدار بولغان يالتا كېلىشىمىنىڭ ھەر قانداق مادىلىرىغا ئامېرىكا ئارىلاشمايدۇ» دېگەن بۇ بىر جۈملە سۆز، «ئۇيغۇرلار مەسىلىسى يالتا يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان»، دەپ سەپسەتە تارقىتىۋاتقان، ئەسلى قورسىقىدا ئىلىم يوق، ئەمما، دوكتورلۇق دىپلومىنى پۇلغا سېتىۋالغان

كىشىلەرنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغان بىر كاچات ئەمەسمۇ؟! ئۇنىڭدىن باشقا يۇقىرىقى بىر جۈملە سۆز تاشقىرى دۇنياغا ئېلان قىلىنغان يالتا شەرتنامىسىنىڭ پەلە ـ پەتىش مادىللىرىدىن باشقا، يەنە چوڭ دۆلەتلەر ئارا ئىچكى جەھەتتە پايدىلىنىدىغان، يالتا يىغىنىدا ئىمزالانغان «مەخپى كېلىشىم»نىڭ بارلىقىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ يەردە يەنە دىققەت قىلىدىغان بىر مەسىلە شۇكى، موسكۋا يىغىنىدا ئىمزالانغان «جۇڭگو سوۋېت شەرتنامىسى» ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىگە، مانجۇرىيە مەسىلىسىگە، تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىگە، ياپونىيىنىڭ شىمالىدىكى تۆت ئارالنىڭ تەۋەلىكى مەسىلىسىگە يەنە دالىيەن پورتى، لۈيشۈن پورتى قاتارلىق مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

... جۇڭگو گەرچە تاشقى موڭغۇلىيىدىن ئىبارەت ھالقىلىق مەسىلىدە يول قويغان بولسىمۇ، ستالىن يەنە باشقا زۆرۈر مەسىلىلەردىمۇ ۋەدە بېرىشنى ئۆيلايتتى. سۆز زىۋېن سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى ئىسيانىنى باستۇرۇشقا قانداق ياردەم قىلىدۇ، دەپ سورىغاندا، ستالىن تەكلىپ بېرىپ: ئېھتىمال ئۇيناشقان بولۇشى مۇمكىن، سۆۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان زېمىن ئۇيغۇرىستانغا كىرگۈزسەك بولىدۇ، دېدى. (يۇقىرىقى كىتاب 535 ـ بەت)

... 1944 ـ يىلى جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنى چېكىنىشكە ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن جىياڭ جېشىنىڭ ئۇيغۇرىستان، مانجۇرىيە ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كاپالىتىگە ئېرىشىشىگە ھەرگىزمۇ توسقۇنلۇق قىلمىدى. (يۇقىرىقى كىتاب 556 ـ بەت)

... بەزى قوشۇمچە كېلىشىملەرنى ئىمزالاپ «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستاندا كان ئېچىش كارخانىسىنى ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى بەلگىلىدى.

8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ستالىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە، جۇڭگو تەرەپ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ شىجې بىلەن سوۋېت تەرەپ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوپ «جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق ـ ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» غا ئىمزا قويدى. (يۇقىرىقى كىتاب 555 ـ بەت)

... سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيىنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. ستالىن ھەقىقەتەن شۇنداق ئويلىغان ئىدى. ئەگەر جۇڭگو موسكۋا سۆھبىتىدە قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمىگەن بولسا، ئەگەر جىياڭ جېشى ئۇستىلىق بىلەن ئامېرىكا ئاتلىق كوزىرىنى چىقارمىغان بولسا، ستالىن ئارزۇ قىلغان نەرسىگە يەتكەن بولاتتى... ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ پەرقىنى ئويلىغاندا، جۇڭگونىڭ قولىدىن كەتكەن نەرسىسىنىڭ كۆپ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، بۈگۈنكى مانجۇرىيە جۇڭگونىڭ خەرىتىسىگە مەنسۇپ بولمىغان بولاتتى. (يۇقىرىقى كىتاب 558 ـ بەت)

(«رەقىپلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار» ماۋزۇلۇق، ئامېرىكىلىق ئاپتور جۇن گارۋېر تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ كىتاب ئاۋۋال ئىنگلىز تىلىدىن لىيۇ جەي فىڭ، ئەي نەن شىڭ قاتارلىق خىتاي كىشىلەر تەرىپىدىن خىتاي تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ‹ئىجتىمائى پەن ھۆججەتلەر نەشرىياتى› تەرىپىدىن 1992 ـ يىلى خىتاي تىلىدا نەشر قىلىنغان. بۇ كىتاب خىتاي تىلىدىن، ئوسمانجان ساۋۇت، سىدىقھاجى روزىلار تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1994 ـ يىلى ‹شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى› تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.)

## يىگىرمە ئالتىنچى باب ئىككىنچى قېتىملىق «جۇڭگو، سوۋېت شەرتنامىسى»نىڭ ئىمزالىنىشى

1950 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ماۋزېدۇڭ بىلەن ستالىن جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامىسىنى ئىمزالىغاندا، ماۋزېدۇڭ بىلەن ستالىن سۆھبىتىنىڭ ئېغىرلىق نوختىسى، ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك، «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستاننى ياخشى يېگىلى بولىدىغان، چىرايلىق كۆرۈنىدىغان ئۆلكىگە ئايلاندۇرۇشنى قانۇنىي جەھەتتە گەۋدىلەندۈرۈش، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ۋە دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر خەلقلىرىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئاغدۇرغان بۇ ئىشقا مەركەزلەشكەن، دەپ باشلايدۇ خىتاي ئاپتور.

ختاينىڭ ۋەزىرى جوئېنلەي 1950 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى موسكۋاغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلىكتە سوۋېت تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. جوڭگو ـ سوۋېت سۆھبىتى باشلانغان بىرىنچى كۈنى، كىرىمىل سارىيىدا كەيپىيات ياخشى، ئىككى تەرەپ رەھبەرلىرى دوستانە كەيپىيات ئىچىدە ئىككى تەرەپ ئىمزالايدىغان شەرتنامىنىڭ مەزمۇنلىرى توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەن. سۆھبەت جەريانىدا ماۋزېدۇڭ ئاۋۋال سۆز قىلىپ، خەلقئارا ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، يېڭى ئەھۋال ئاستىدا جوڭگو، سوۋېت ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى شەرتنامە ئىمزالاش شەكلىدە مۇقىملاشتۇرۇلىشى كېرەك؛ ياپونىيە يىراق شەرقتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىۋاتىدۇ، دېدى. ئىككى دۆلەت ئىقتىساد، سىياسەت، ھەربى ئىشلار، مەدەنىيەت، تاشقى ئىشلار بويىچە ھەمكارلىشىپ، ياپونىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ۋە ياپونىيە جاھانگىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ باشقا دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى ئورتاق چەكلىشىمىز كېرەك، دېدى. (باشقىلارنى تاجاۋۇزچى دېسە ئۆزىنى نېمە دەيدىغاندۇ، روس بىلەن ختاي)

ستالىن غاڭزىسىنى ئاغزىدا ئۆمەللەپ تۇرۇپ: ماۋزېدۇڭنىڭ سۆزلىرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى، جوڭگو ـ چاڭچۈن تۆمۈر يولى، لۈيشۈن ـ دالىيەن پورتى، سودا ـ تىجارەت ۋە سودا ـ تىجارەت كېلىشىمنى، پۇل قەرز ئېلىش، ئاۋئائىتسىيە ھەمكارلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك، دېدى.

ماۋزېدۇڭ تەكلىپ بىرىپ: جوڭگو ـ چاڭچۈن تۆمۈريولى، لۈيشۈن ـ دالىيەن بۇ ئۈچ مەسىلە بىر كېلىشىمگە كىرگۈزۈلىشى كېرەك، دېدى.

ستالىن قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: ”جوڭگو ـ سوۋېت شەرتنامىسى، يېڭى شەرتنامە بولۇشى، يالتا مەخپى كېلىشىمى بىلەن ئالاقىسى يوق بولۇشى كېرەك دېدى“، دەيدۇ ئاپتۇر قىپقىزىل يالغان سۆزلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ستالىن ختاينىڭ گومىنداڭ پارتىيىسى ـ جياڭ جېشىنىڭ سۆھبەت ۋەكىللىرى بىلەن بىرىنچى قېتىم ـ 1945يىلى ـ 8ئاينىڭ ـ 14 كۈنى موسكۋادا «جوڭگو سوۋېت

شەرتنامىسى»نى ئىمزالىغانلىقىنى ۋە نۆۋەتتە ماۋزېدۇڭ بىلەن يەنە موسكۋادا يېڭى «جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامىسى» ئىمزالاشقا كىرىشكەنلىكىنى ھېچ قاچان، جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامىسى ئىمزالاشتا، يالتا كېلىشىمىدە بەلگىلەنگەن پىرىنسىپتىن ۋاز كەچكەن ئەمەس. خىتاي ئاپتور نېمىشقا يالغان سۆزلەيدۇ؟ چۈنكى ئۇ خىتاي ـ دە! ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن سىياسى مۇددىئالىرى باشقا ـ دە!

ستالىن ماۋزېدۇڭغا مۇنداق تەكلىپ بەردى: ئۈچىنچى دۆلەت گىراجدانلىرىنىڭ شەرقى شىمال ـ مانجۇرىيىگە، «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستان رايونىغا كىرىپ ئولتۇراقلىشىشىغا رۇخسەت يوق، دېدى. چۈنكى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، سوۋېتلەر ھۆكۈمىتى ۋە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى جۇڭگوغا دىققەت قىلىشقا باشلىدى. ستالىن ئامېرىكىلىقلارنىڭ مانجۇرىيىگە ۋە ئۇيغۇرىستانغا كىرىپ ئولتۇراقلىشىشىغا سەزگۈر مۇئامىلە قىلاتتى.

ماۋزېدۇڭ ۋە ستالىننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 1950 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ماۋزېدۇڭ، جۇ ئېنلەي، ستالىن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. مولوتوپ، ۋىشىنىسكى، لىفۇ چۈن، ۋاڭ جىيا شاڭ قاتارلىقلار سۆھبەتتە بىللە بولدى.

سۆھبەت جەريانىدا، سوۋېتلەر «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستان چېگرىسىدا ساقلاپ قويغان نۇرغۇن ھەربىي قورال ـ ياراقنى جۇڭگوغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەسىلىسى، مانجۇرىيىدە سوۋېتلەرنىڭ كونسۇلخانىسىنى قۇرۇش مەسىلىسى ... قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

ئىلاۋە: «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستان چېگرىسىدا ساقلاپ قويغان قورال ـ ياراقلار مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇيغۇرىستاندا قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» يالتا يىغىنى ۋە يالتا مەخپى شەرتنامىسى، موسكۋا يىغىنى ۋە موسكۋادا ئىمزالانغان جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامىسى ئارقىلىق سېتىلىپ خىتاي گومىنداڭنىڭ تېررىتورىيىسىگە قوشۇپ بېرىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرنىڭ مىللىي ئازادلىق ئارمىيىسى ستالىننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ماناس دەرياسى بويىدا توختىتىلدى. ئاشلاشلارغا قارىغاندا قوراللىق ئۇيغۇرلار، نېمىشقا ئۇرۇمچىگە كىرمەيمىز، دەپ قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈپ، ۋەقە تۇغدۇرىدىغان

بولسا، ستالىن ئۇيغۇرنىڭ قوراللىق قوشۇنىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەسلى ئۇيغۇرىستانغا تەۋە يۇقىرىقى ئىلى، ھازىرقى قازاقىستانغا تەۋە يەركەت ناھىيىسىدە نۇرغۇن ئېغىر تىپلىق ھەربى قوراللارنى ساقلىغان ئىكەن. ماۋزېدۇڭ ستالىن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە ئەنە شۇ قوراللارنى جۇڭگوغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

سۆھبەتتىن كېيىن، جۇڭگو سۆھبەت ۋەكىللىرىنىڭ تەركىبىدىكى لى فۇ چۈن جۇڭگولۇق خىزمەتداشلىرى بىلەن بىرلىكتە، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن كونكرېت تەتقىق قىلىپ تۇرلۇك كېلىشىم ئىمزالاشنى كېلىشتى. «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئۇيغۇرىستانغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر بويىچە، ماۋزېدۇڭنىڭ، سەيپىدىن ئەزىزىنى چاقىرتىپ موسكۋاغا ئېلىپ كېلىشى، دەل مۇشۇ كېلىشىملەرگە ئىمزا قويدۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. ("ماۋزېدۇڭ ۋە ستالىن" ختاي مەركىزى كومىتتى پارتىيە مەكتىپى نەشرىياتى ختايچە نەشرى، 296 ـ 297 ـ 298 ـ 299 ـ بەتلەر) ئۇنداقتا، سەيپىدىن ئەزىزى، تۆۋەندە ئۇقۇرمەنلەرگە ئايان بولىدىغان "قوشۇمچە مەخپى كېلىشىم"گىمۇ ئىمزا قويغان بولامدۇ؟ "قوشۇمچە مەخپى كېلىشىم" نىڭ ـ17ماددىسىدا ئۇيغۇرلارغا، تىبەتلەرگە، ئىچكى موڭغۇللارغا دۆلەت قۇرۇپ بېرىش قەيت قىلىنغان ئىكەن، ستالىن 1950 ـ يىلى "جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامىسى" ئىمزالىنىپ 1953 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكىچە، يۇقىرىقى مىللەتلەرگە دۆلەت قۇرۇپ بېرىش پىلانىنى نېمىشقا ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى؟ كېلىشىمگە سەيپىدىن ئەزىزمۇ قول قويغان بولسا، بۇ كېلىشىم تارىخنىڭ ئۆچمەس پاكىتى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداقتا كىشىلەر سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ خائىنلىقى، مۇناپىقلىقى توغرىسىدا ۋالاقشىپ يۈرمەي، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بىرئۈلۈغ تارىخي شەخس ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەشكە ئادەتلىنىدۇ. ئاخىرىدا سەيپىدىن ئەزىزىنى موسكۋاغا ئېلىپ بارغان كىشى ماۋزېدۇڭ ئەمەس، ئەكسىچە ستالىن بولۇپ چىقىدۇ. تولۇق مەتبۇئات يۈزى كۆرمىگەن ئەمما شۇ چاغلاردا كوچىلاردا ئېقىپ يۈرگەن پاراڭلارغا ئاساسلانغاندا ستالىن، سەيپىدىن ئەزىزىنى ۋېيناغا ئەۋەتكەن ئىكەن. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مىللىي مەسىلىلەرگە

قاراپ چىقىدىغان ۋە مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان كومىتېتى (بۇگۈنكى ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىمۇ )شۇ چاغدا ۋېيناغا جايلاشقان ئىدى. ۋېينا شەھەر باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزىنى قوبۇل قىلىپ: 1912 ـ يىلى سىزنىڭ دادىڭىز تاش ئاخۇنۇم سودا ـ تىجارەت قىلىپ مۇشۇ شەھەرگە كەلگەن ئىدى، دېگەن ۋە بىر پارچە گىلەم سوۋغا قىلغان ئىكەن. مۇشۇ ئىشلارنىڭ راستلىقىنى بىر كۈنى تارىخ ئىسپاتلايدىغان بولسا، سەيپىدىننى موسكۋاغا چاقىرىپ كەلگەنمۇ ستالىن ۋە ۋېيناغا ئەۋەتكەنمۇ ستالىن بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى بۇنداق ئىشلارغا ماۋزېدۇڭنىڭ ھوقۇقى يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلارغا، موڭغۇللارغا، تىبەتلەرگە دۆلەت قۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا ستالىن بىلەن ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىسىدا شەرتنامە ئىمزالانغان ئىكەن، ستالىننىڭ سەيپىدىن ئەزىزىنى موسكۋاغا چاقىرىپ كېلىشى شەرتسىز بولىدۇ. ستالىن 1945 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئىمزالانغان «يالتا شەرتنامىسى»دىن، 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئىمزالانغان ”جۇڭگو ـ سوۋېت شەرتنامىسى“ دىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ ئىش نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ ئۇيغۇرلارغا، تىبەتلەرگە، ئىچكى موڭغۇلغا دۆلەت قۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا خىتاي ماۋزېدۇڭ بىلەن ئىمزالىغان كېلىشىمنى ستالىن، سەيپىدىننىڭ قولى ئارقىلىق ۋېينادا مىللەتلەر كومىتېتىغا تىزىملىتىشىمۇ يۇقىرىقى پاكىتلارغا مۇناسىۋەتلىك بولامدۇ ياكى مەن تاتلىق چۈش كۆرۈۋاتامدىمەن؟!

1994 ـ يىلى 4 ـ ئايلار بولسا كېرەك رابىيە خېنىم ئىككىمىز لوندۇنغا سەپەر قىلماقچى بولۇپ، بېيجىڭغا كەلگەندە سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن كۆرۈشۈپ كەلمەكچى بولۇپ ئۆيىگە باردۇق. ئايالى ئايىم ئەزىزى بىلەن رەھمەتلىك سەيپىدىن ئەزىزى بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. مەن سەيپىدىن ئەزىزىنى ”ئۆمۈر داستانى“نى ئوقۇپ چىققانلىقىمدىن خەۋەرلەندۇردۇم.

ـ سەيپىدىن ئەپەندىم، ئۇيغۇرنىڭ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە ئابدۇكېرىم ئابباسوپ راستىنلا ستالىن بىلەن كۆرۈشكەنمىدى، دەپ سوئال قويدۇم. سەيپىدىن ئەپەندىم ئويلىنىپ كېتىپ:

ـ ياق! دەپ جاۋاب بەردى ۋە كۆرۈشمىگەنلىك توغرىسىدا پاكىتلارنى

سۆزلەشكە باشلىدى. . . . ئۆرۈمچىدە رابىيە خېنىم ئىككىمىز سەيدۇللا سەيپۇللايوفنى يوقلاپ ئۆيىگە كىرىپ، خۇددى شۇنداق بىر سوئالنى سەيدۇللا سەيپۇللايوفقا قويغان ئىدۇق. سەيدۇللا سەيپۇللايوف:

- ياق، ئابدۇكېرىم ئاباسوپ ستالىن بىلەن كۆرۈشمىگەن، بىز جەمئىي 9 نەپەر كىشى ئىدۇق. شۇ چاغدا بىر-بىرىمىزنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقىنى بىر-بىرىمىز ناھايىتى ئوبدان بىلمىز دېگەن ئىدى. مەن:

9 - نەپەر ئادەم ھەممىسە بىر يەردە يۈرمەيسىلەر- دە، سەيپۇللايوف ئاكا دېدىم. . . . نېمىشقا مۇنداق سوئاللارنى قويغان ئىدۇق؟ شۇ چاغدا «قانغا بويالغان باياۋان قۇملۇق» ماۋزۇلۇق ختاي تىلدا نەشر قىلىنغان بىر كىتاب ئۆرۈمچىدە پەيدا بولدى. كىتابتا ستالىن بىلەن ئابدۇكېرىم ئاباسنىڭ كۆرۈشكەنلىكى شۇنداق دەبدەبىلىك تەسۋىرلەنگەن ئىدى. كىتابنىڭ ئاپتورى شىڭ شىسەي دەۋرىدە «شىنجاڭ گېزىتى»گە باش تەھرىر بولغان جاڭ بىر نېمە ئىدى. تولۇق ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالدىم. بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشقا شۇنچە تەقەززا بولساقمۇ نەشرىيات ئورۇنلىرى كىتابنى تەرجىمە قىلىشقا نەشر قىلىشقا ماقۇل بولمىدى. سىلەر ئۇيغۇر مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىغا قاتناشقا ھازىر ھايات ياشاۋاتقان رەھبەرلەرنىڭ پىكرىنى ئېلىڭلار دەپ يامان يەردىن مەسىلە چىقىرىپ تۇرۇۋالدى. شۇڭا مەن سەيپىدىن ئەزىزى ۋە سەيدۇللا سەيپۇللايوف بىلەن شۇ كىتاب توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەن ئىدىم. تىرىشچانلىقىمىز بىھۇدە تىرىشچانلىق بولۇپ قالدى. كىتابنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرالمىدۇق. بۇگۈن ئەمدى، 1950 -يىلى ستالىن بىلەن ماۋزېدۇڭ موسكۋادا سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ نەخ مەيداندا ھازىر بولغىنىدىن قارىغاندا، 1944 -يىلى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىدە ئىنقىلاب تەييارلاشنىڭ ھارپىسىدا ستالىننىڭ ئابدۇكېرىم ئاباس بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمۇ راست بولۇپ چىقىدۇ. باشتىكى پىكرىمىزگە كېلەيلۇق. مەن شۇ چاغدا سەيپىدىن ئەپەندىگە، سەيپىدىن ئەپەندىم:

1950 - يىلى ماۋزېدۇڭ بىلەن موسكۋاغا بىللە بارغان ئىكەنسىز. بالا ۋاقىتلىرىمىزدا ئاڭلىشىمىزچە شۇ چاغدا ۋېيناغىمۇ بارغان ئىكەنسىز. . . . دەپ

سوئال قويدۇم، لېكىن، سوئالنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدىم. چۈنكى، ئايىم ئەزىزى، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ جاۋاب بېرىشىنى چەكلەپ قويدى...

«جۇڭگو ـ سوۋېت ـ دوستلۇق ـ ئىتتىپاقداشلىق ـ ئۆزئارا ھەمكارلىق شەرتنامىسى»

ئىلاۋە يازغۇچى ختاي مۇنداق يازدى. «جۇڭگو ـ سوۋېت ـ دوستلۇق ـ ئىتتىپاقداشلىق ـ ھەمكارلىق شەرتنامىسى»، **1950** ـ يىلى **2** ـ ئاينىڭ **14** ـ كۈنى موسكۋادا ئىمزالاندى. بۇ شەرتنامىنى كۆرگەندە كىشىلەرنىڭ يۈرىكى تىترەيدۇ. جوڭگو ـ سوۋېت ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن مەخپى شەرتنامە ئارقىلىق شۇ ۋاقىتتىكى تارىخنىڭ ھەقىقى قىياپىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ شەرتنامە **1950** ـ يىلى **2** ـ ئاينىڭ **14** ـ كۈنى ئىمزالىنىپ **4** ـ ئاينىڭ **11** ـ كۈنىدىن باشلاپ كۈچكە ئىگە قىلىندى، ئۈنۈملۈك مۇددىتى **30** يىل. شەرتنامىغا، جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسىنىڭ ۋەزىرى جۇئېنلەي، سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋىشىنىسكى موسكۋادا، كىرىمىل سارىيىدا ئىمزا قويدى. بۇ شەرتنامە تاشقىرىغا رەسمى ئېلان قىلىندى، دېدى، ختاي ئىلاۋە يازغۇچى.

بۇ شەرتنامە ئىمزالىنىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن، يەنى **2** ـ ئاينىڭ **12** ـ كۈنى ختاي كوممۇنىستلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن "جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى، سوۋېت سوتسىيالىستىك رېسپوبلىكىلار ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇق ـ ئىتتىپاقداشلىقى توغرىسىدا «ئالاھىدە كېلىشىم»نى ئىمزالىدى. بۇ «ئالاھىدە كېلىشىم» ئەسلىدە مەخپى بولىشى كېرەك ئىدى. بىراق، **1950** ـ يىلى **7** ـ ئاينىڭ **16** ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسەت جەمئىيىتى تەرىپىدىن نيۇ ـ يورك شەھرىدە دۇنياغا ئاشكارىلاندى. «ئالاھىدە كېلىشىم» نىڭ جۇڭگو تەرەپ رىياسەتچىسى ماۋزېدۇڭ باشلىق، جۇئېنلەي تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل بولۇپ «ئالاھىدە مەخپى كېلىشىم»گە ئىمزا قويدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ رىياسەتچىسى ستالىن باشلىق، ۋىشىنىسكى «ئالاھىدە مەخپى كېلىشىم» گە ئىمزا قويدى.

**1** ـ «جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق ـ ئىتتىپاقداشلىق ـ ئۆز ئارا ھەمكارلىق

شەرتنامىسى»

1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭ موسكۋاغا يېتىپ كېلىپ زىيارەتنى باشلىۋەتتى. 1950 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ ۋەزىرى قوشۇمچە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى جۇئېنلەي موسكۋاغا يېتىپ كەلدى. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاياقلاشتى. 1950 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئىمزالانغان شەرتنامە شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كۈچكە ئىگە بولدى. ئۈنۈملۈك ۋاقىت 30 يىل بولدى. «جۇڭگو ـ سوۋېت ـ دوستلۇق ـ ئىتتىپاقداشلىق ـ ئۆز ئارا ھەمكارلىق شەرتنامىسى»نىڭ ئەسلى تېكستى تۆۋەندىكىچە:

«جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسى ـ سوۋېت سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكىلار ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇق ـ ئىتتىپاقداشلىق ـ ئۆزئارا ھەمكارلىق شەرتنامىسى»

جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسى مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكىلار ئىتتىپاقى ئالىي مىنىستىرلارمەھكىمىسى بىلەن ئىرادە باغلاپ، جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسى بىلەن سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇق ۋە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ؛ ئورتاق ھالدا ياپونىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىنىڭ ياكى باشقا ھەر خىل شەكىللىك تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىدە ياپونىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن دۆلەتلەرنىڭ، قايتا تاجاۋۇزچىلىق يولىغا مېڭىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ؛ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىشانى ۋە پىرىنسىپلىرىغا ئاساسلىنىپ، يىراق شەرق ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچلىقى ۋە ئومۇميۈزلۈك بەختەرلىكىنى مۇستەھكەملەپ؛ جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسى ۋە سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىق، بۇرادەرلىك، دوستلۇقنىڭ مۇستەھكەملىنىشىنىڭ جوڭگو ـ سوۋېت ئىككى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ نىگىزلىك مەنپەئەتىگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىپ؛ ئۈشبۇ مەقسەتتە، بۇ شەرتنامىنى تۈزۈشنى ئىرادە قىلدۇق، ھەمدە ھەر قايسى تەرەپلەر تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرىنى ئەۋەتتى:

جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى، جۇڭگو دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ ۋەزىرى، قوشۇمچە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى جۇئېنلەي؛ سوۋېت سوتسىيالىستىك رېسپوبلىكىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى،ئاندىرى. يانولىيۋىچ. ۋىشىنىسكى.

ئىككى نەپەر تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللەر ئۆزئارا سالاھىيەت داكومىتى ۋە ھۆججەتلەرنى ئالماشتۇرۇپ كۆرۈپ، مۇۋاپىق دەپ قارىغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى ماددىلارغا قوشۇلدى:

1) ماددا

شەرتنامە ئىمزالىغان ئىككى دۆلەت ئورتاق كۈچ چىقىرىشقا كاپالەت قىلىپ، زۆرۈرى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ياپونىيە ۋە باشقا بىۋاستە تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىدە ياپونىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ھەرقانداق دۆلەتنىڭ قايتىدىن تاجاۋۇزچىلىق يولىغا مېڭىپ، تىنچلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنى چەكلەيدۇ. شەرتنامە ئىمزالىغان ئىككى دۆلەتنىڭ قايسى بىرى ياپونىيىنىڭ ياكى ياپونىيە بىلەن ئىتتىپاقلاشقان ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراپ، ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغاندا شەرتنامە تۈزگەن لىكىن تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىمىغان ئىككىنچى دۆلەت پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ھەربىي ۋە باشقا جەھەتتىن ياردەم بېرىدۇ.

ئىككى تەرەپ سەممى ھەمكارلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى دۇنيا تىنچلىقىنى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان ھەر قانداق ھەرىكەتلەرگە قاتنىششىنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈدۇ ھەمدە بۇ مەقسەتنى تېزلىك بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ.

2)ماددا

شەرتنامە ئىمزالىغان ئىككى تەرەپ ئۆزئارا قوشۇلۇپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە باشقا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن ئىمكانىيەت يار بەرگەن قىسقا مۇددەت ئىچىدە ياپونىيە بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاشنى قولغا كەلتۈرۈشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

3)ماددا

شەرتنامە ئىمزالىغان ئىككى دۆلەتنىڭ بىرسىگە قارشى تۇرىدىغان ئۈچىنچى تەرەپ بىلەن ھەر قانداق شەرتنامە ئىمزالاشقا قاتناشمايدۇ. ئىككى دۆلەتنىڭ بىرسىگە قارشى تۇرىدىغان ھەرقانداق بىر گۇرۇھنىڭ ھەرقانداق ھەرىكەت ۋە تەدبىر ئېلىشلىرىغا قاتناشمايدۇ.

4)ماددا

شەرتنامە ئىمزالىغان ئىككى دۆلەت تىنچلىقنى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك بىخەتەرلىكنى مۇستەھكەملەش مەنپەئەتىگە ئاساسلىنىپ، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق زور مەسىلىلەردە ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىش ئېلىپ بارىدۇ.

5)ماددا

شەرتنامە ئىمزالىغان ئىككى دۆلەت دوستلۇق، ھەمكارلىشىش روھىغا كاپالەت قىلىپ، ھەمدە باراۋەرلىك، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقوقى ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىنى، ئىچكى ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق پىرىنسىپىنى ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇپ، مۇستەھكەملەپ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە مۇمكىن بولغان ئىقتىسادىي ياردەملەرنى بېرىپ، زۆرۈرى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشلىرى كېرەك.

6)ماددا

بۇ شەرتنامە ئىككى تەرەپ تەستىقلىغاندىن كېيىن دەرھال كۈچكە ئىگە بولىدۇ. تەستىقلانغان نۇسخىسى بېيجىڭدە ئالماشتۇرۇلىدۇ.

بۇ شەرتنامىنىڭ قەرەللىك ۋاقتى 30 يىل بولىدۇ. ئەگەر ۋاقىت توشۇشتىن بىر يىل بۇرۇن، شەرتنامە ئىمزالىغان ھەر قانداق بىر تەرەپ بۇ شەرتنامىنى بىكار قىلىدىغانلىقنى بىلدۈرگەندە، شەرتنامىنىڭ ۋاقتى يەنە 5 يىل ئۇزارتىلىپ، بۇ قانۇنغا ئەمەل قىلىسا بولىدۇ.

1950 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى موسكۋادا ئىمزالاندى.

ئومۇمىي ئىككى پارچە، ھەر بىر پارچىسى خىتايچە روسچە يېزىلغان. ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغان ماددىلار ئوخشاشلا كۈچكە ئىگە.

جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى مەركىزى خەلق ھۆكۈمىتى (ئىمزا)

سوۋېت سوتسيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى مىنىستىرلار مەھكىمىسى كابىنىتى (ئىمزا)

قوشۇمچە ئىمزالانغان مەخپىي كېلىشىم.

2 ـ «جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى، سوۋېت سوتسيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇق ـ ئىتتىپاقداشلىقى توغرىسىدا ئالاھىدە كېلىشىم» جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى مەركىزى خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت سوتسيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق ھەمكارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ھەر قانداق شەكىللىك تاجاۋۇزىدىن ھەمدە ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قايتا باش كۆتۈرۈشىدىن ئورتاق ساقلىنىپ، ئاسىيانىڭ يېڭى تەرتىپىنى تۈرغۈزۈپ، جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق ـ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن دوستلۇق ـ ئىتتىپاقداشلىق، ھەمكارلىق شەرتنامىسىنىڭ ئالاھىدە سىرتىدا، يەنە ئالاھىدە كېلىشىم ئىمزالايمىز.

ھەر قايسى تەرەپ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىپ قاتناشتۇرسا بولىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى مەركىزى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى، دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ ۋەزىرى قوشۇمچە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى جۇئېنلەي.

سوۋېت سوتسيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى مىنىستىرلار مەھكىمىسىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئاندېرى. (نوئالىيۋىچ) ۋىشنىسكى.

ئىككى تەرەپنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرى ئۆزئارا داكۇمېنت،

هۆججەتلەرنى ئالماشتۇرۇپ كۆرۈپ، مۇۋاپىق تاپقاندىن كېيىن تۆۋەندىكى ماددىلارغا قوشۇلدى.

1 ـ ماددا: شەرتنامە ئىمزالىغان ئىككى دۆلەت جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى ئورتاق چەكلەپ ھەمدە ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى، سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇشىغا يول قويىدۇ، دۇنيا تىنچلىقىنى ئورتاق قوغدايدۇ.

2 ـ ماددا: كېلىشىم ئىمزالىغان كۈندىن باشلاپ، جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى ئاۋۋال شەرقىي شىمال، جۇڭگونىڭ شىمال تەرىپىدە سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيە بازىسى بېرىدۇ. ھەمدە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى مەسئۇل بولۇپ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانى ئازاد قىلىش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، ئاسىيانى ئازاد قىلىش ئىشلىرىنى تاماملايدۇ.

3 ـ ماددا: شەرتنامە ئىمزالىغان ئىككى تەرەپ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ خەلقئارا قىزىل ئارمىيە قىلىپ قۇرۇشقا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئالىي قوماندانىنىڭ بىۋاستە قوماندانلىق قىلىشىغا قوشۇلىدۇ.

4 ـ ماددا: جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى، 10 مىليون ئادەم تەييارلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياردەملىشىپ، جۇڭگو ـ سوۋېت ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى ئورتاق قۇرۇپ، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرىدۇ.

5 ـ ماددا: جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى شەرقىي شىمالدىكى ھەر قايسى چېگرا ئېغىزلىرىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەبەدىي ئەسكەر تۇرغۇزۇشىغا ئېچىپ بېرىدۇ. سوۋېت ئارمىيىسى ئەركىن چىقىپ تۇرىدۇ. ئېچىپ بېرىشكە تېگىشلىك پورتلار جۈملىدىن چىڭ خۇاڭ داۋ، خەيجو، يەنتەي، ۋېي خەيۋېي، چىڭ داۋ، دالييەن قاتارلىق پورتلاردىن ئىبارەت.

6 ـ ماددا: جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن، 4 مىليون ئارمىيىنى تولۇقلاپ تەييارلاپ، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە

قارشى تەييارلىق قىلىدۇ.

7 ـ ماددا: جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسىنىڭ نوپۇسىنى، بايلىق مەنبەئەلىرى كەمچىل بولغانلىقتىن، 100 مىليون كىيمەيتمىسە بولمايدۇ. تەپسىلى چارىلىرىنى جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى ئۆزى بەلگىلەيدۇ.

8 ـ ماددا: جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى مەركىزى خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق ھەر قايسى ئىدارە ئور گانلار، ئۇمۇمى خەلق ئىگىلىكىدىكى سانائەت تارماقلىرى، سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ مەخسۇس خادىملىرىنى مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلەيدۇ.

9 ـ ماددا: كېلىشىم تۈزگەن ئىككى دۆلەت، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ تېخنىك خادىملارنى ئەۋەتىپ، جۇڭگونىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇھىم سانائەت ئورۇنلىرىدا باشقۇرۇشقا قاتناشتۇرىدۇ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەۋزەل مۇئامىلە قىلىش تۈزۈمى بويىچە، يۇقىرىقى خادىملارغا ئەۋزەل مۇئامىلە قىلىشقا قوشۇلىدۇ.

10 ـ ماددا: جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسىنىڭ دېڭىز بويلىرى سودا بازارلىرىنى، ئىچكى بازارلىرىنى، سوۋېتلىكلەرنىڭ ئەركىن سودا قىلىشىغا ئېچىۋېتىپ، 1 % پىرسەنت ئەۋزەل باھادا باج ئېلىشنى يولغا قويىدۇ.

11 ـ ماددا: شەرتنامە ئىمزالىغان ئىككى دۆلەت، جۇڭگو ـ سوۋېت ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش شەرتى ئاستىدا، ماددى بويۇملار بىلەن ماددى بويۇملارنى تېگىشىش شەكلىدە سودا قىلىپ، دوستلۇق مۇناسىۋەتنى تىكلەشكە قوشۇلىدۇ.

12 ـ ماددا: سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى، جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى دۆلىتى ئىچىدىكى تۆمۈر، خام ئەشيا كانلىرىنى باشقۇرۇش ئالاھىدە ھوقۇقىغا ئىگە. بۇنىڭ ئىچىدە قەلەي كېنىدا يىل بويى ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتنىڭ 20 % پىرسەنتنى جۇڭگو ئۆزىگە قالدۇرغانىنىڭ سىرتىدا، قالغىنىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنى تەمىنلەيدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئېغىر سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسىنىڭ سانائەت قۇرۇلۇشىغا ياردەملىشىدىغانلىقىغا

قوشۇلىدۇ.

13 ـ ماددا: جۇڭخـۇا خەلـق رېسپوبلىكىسىنىڭ بېيجىـڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، گـۇۋاڭ جـۇ، چـۇڭ چىـڭ، چـاڭ شـا، خـاڭ جـۇ، جيـۇ جيـاڭ، ۋۇخـۇ، شـامىن، شـەنتۇ، فۇجـۇ قاتارلىـق 15 شـەھىرىدە، شـەھەرنىڭ مەركـىزى رايونلىرىنـى سـوۋېتلەر پۇقرالىرىنىـڭ ئولتۇراقلىششـىغا ئايرىـپ بېرىـدۇ.

14 ـ ماددا: سـوۋېت سوتسيالىسـتىك جۇمھۇرىيەتلـەر ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى، جۇڭخـۇا خەلـق جۇمھۇرىيىتـى مەركـىزى خەلـق ھۆكۈمىتىنىـڭ تەلـەپ، ئىلتىماسـلىرىنى قانـدۇرۇش ئۈچـۈن، جۇڭگوغـا 3 مىليـون دولـلار قـەرز بېرىـدۇ. (قـەرز قايتـۇرۇش پىرىنسـىپى قـەرز بېرىـش كېلىشـىمى ئىمزالىغانـدا بەلگىلىنىـدۇ) بۇنىڭغـا جۇڭخـۇا خەلـق رېسپوبلىكىسـى شـەرقىي شـىمال، شـىمالى جۇڭگـو، (مانجۇرىيە)خـام ئەشـيا مەھسـۇلاتلىرىنى زاكالـەت قىلىـپ قويـىدۇ، قەرزنـى قايتۇرىدىغـان چاغـدا خـام ئەشيانىڭ تۈرلىرىگـە ئاساسـلىنىپ، ئەمەلـى ئېھتىياجغا كېـرەك دەپ، قارىغانلىرىنـى تاللىۋالـىدۇ.

15 ـ ماددا: شـەرتنامە ئىمزالىغـان ئىككـى دۆلـەت، سـوۋېتلەر ئىتتىپاقـى ھۆكۈمىتىنىـڭ چاكچـۈن تۆمـۈر يولـى ۋە تۆمـۈر يـول بويـىدا 15 خىتـاي ملـى (خىتايچـە 1 مـل، 1.609 كىلومېتىرغـا بـاراۋەر) ئىچـىدە ئورتـاق باشقۇرۇشـقا قوشـۇلىدۇ. ئىككـى تـەرەپ ۋەكىللىرىنىـڭ خىزمـەت ۋەزىپىسـى، مەسـىلەن، تۆمۈر يـول ئـىدارە باشـلىقى، دائىمـى ھەيئەتلـەر رەئىسـى دېگەنـدەك خىزمەتلـەردە نۆۋەتتىكـى ئېھتىياجغـا ئېتىبـار بېرىـپ، جۇڭگونىـڭ ۋەكىللـىرى مۇئاۋىنلىقنـى ئۈسـتىگە ئالـىدۇ.

16 ـ ماددا: بـۇرۇن، خىتـاي كوممۇنىسـتىك پارتىيىسـى بىلـەن سـوۋېت سوتسيالىسـتىك جۇمھۇرىيەتلـەر ھۆكۈمىتـى ئوتتۇرىسـىدا تۈزۈلگـەن مانجۇرىيـە كېلىشـىمگە (ئېھتىمال خارىبىن شەرتنامىسـى بولسـا كېرەك) ئاساسـلىنىپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقـى سـودا ـ تىجارەت ئىمتىيازىدىن داۋاملىق بەھرىمەن بولۇشـى، قايتۇرۇشـقا تېگىشـلىك قەرزنـى جۇڭخـۇا خەلـق جۇمھۇرىيىتـى ھۆكۈمىتـى دېھقانچىلىـق مەھسـۇلاتلىرى بىلـەن سـوۋېت ئىتتىپاقـى ھۆكۈمىتىگـە قايتۇرۇشـى كېـرەك.

17 ـ ماددا: كېلىشىم تۈزگەن ئىككى دۆلەت، ئىككى تەرەپ، ئىچكى موڭغۇلىيە، (شىنجاڭ) ئۇيغۇرىستان، شىزاڭ(تىبەت) قاتارلىق ئۆلكىلەردە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشىغا قوشۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىغا ئىككى تەرەپ ئورتاق مەسئۇل بولىدۇ.

18 ـ ماددا: كېلىشىمنامە ئىككى تەرەپنىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، دەرھال كۈچكە ئىگە بولىدۇ، تەستىقلانغان ماتېرىياللار چىتا شەھرىدە ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇلىدۇ.

19 ـ ماددا: كېلىشىمنامە ئىنتايىن مەخپىي بولۇش خاراكتېرىغا ئىگە، كېلىشىم ئىمزالىغان ئىككى دۆلەت، ئىككى تەرەپ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، ئاشكارىلىماسلىق مەسئۇلىيىتىگە ئىگە.

1950 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى موسكۋادا ئىمزالاندى.

ئومۇمىي ئىككى نوسخا، ھەر بىر نوسخا ئوخشاشلا خىتايچە، روسچە يېزىلدى. كېلىشىمنامەنىڭ ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغان نوسخىلىرى ئوخشاش كۈچكە ئىگە.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى جۇئېنلەي، (ئىمزا)

سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى ئالىي مەھكىمىسى رەئىسلەر كابىنىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى ئاندېرى. يانولىيۋىچ. ۋىشىنىسكى،(ئىمزا)

ماتېرىيال ۋە ماقالىنىڭ كېلىش مەنبىئى ـ خەينەن ئۆلكىسى جالەي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخى. ("جۇڭگوغا نەزەر "توربېتى)

يىگىرمە يەتتىنچى باب ختاي بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆھبەتكە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار

1 ـ ئۇيغۇرلار كىمدىن، نېمە ۋە ياكى قايسى شەكىللىك سىياسىي مەمۇرى بىرلىك تەلەپ قىلىدۇ؟ ئوچۇق ئېيتقاندا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ھاياتىغا، سىياسىي دېمۇكراتىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇيغۇرلار كىمدىن نېمە

تەلەپ قىلىدۇ، كىمدىن قاچان، قانداق تەلەپ قىلىدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلار خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىدىن ۋەتەن تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن ئاۋۋال ھوقۇق تەلەپ قىلماي تۇرۇپ، ۋەتەننى ئوڭايلا قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. ۋەتەن ئۇيغۇرىستاننى ھازىر خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى بېسىپ يېتىپتۇ، ۋەتەن ئۇيغۇرىستان خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا قالدى. مەسىلەن، خىتايدىن ھوقۇق تەلەپ قىلغاندا ھوقۇق بېرىلىدىغان نەرسىمۇ؟ قائىدە بويىچە بولغاندا ھوقۇق بېرىلىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى تارتىپ ئالىدىغان نەرسىدۇر. ھوقۇق بۇ كۈچ دېگەنلىكتۇر. ھوقۇقنى تارتىپ ئالماقچى بولغاندا، كۈچنى كۈچ بىلەن تارتىپ ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا ئۇيغۇرلار ھازىر قانداق كۈچكە ئىگە، ئۇيغۇرلارنىڭ نېمە كۈچى بار؟ ئۇيغۇرلارنىڭ ھېچ قانداق كۈچى يوق. ئۇيغۇرلار دەسلەپ تۇرغان زېمىننى گەرچە ئۇيغۇرلا مېنىڭ ۋەتىنىم دېسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار دەسلەپ تۇرغان بىر غېرىچ يەرمۇ ئۇيغۇرلارغا تەئەللۇق ئەمەس. خىتاي ئاللىقاچان بۇ زېمىن ئۇيغۇرىستاننى، شىنجاڭنى، شەرقىي تۈركىستاننى «جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىرقىسمى» دەپ ھۆكۈم قىلىپ، ئاساسى قانۇنغا «يەر زېمىن دۆلەتنىڭ» دەپ، يېزىپ بولغان ئىدى.

ئۇنداقتا ۋەتەنداشلىرىم! بىز ئۇيغۇرلار نېمىگە ئاساسلىنىپ ۋەتەن تەلەپ قىلىمىز. بىز ئۇيغۇرلار نېمىگە ئاساسلىنىپ ھوقۇق تەلەپ قىلىمىز ياكى ھازىرقى كۈندە كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگىنىچە بولغاندا نېمىگە ئاساسلىنىپ ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىمىز، نېمىگە ئاساسلىنىپ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىمىز؟

مېنىڭچە بولغاندا ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىدىغان بىرمۇ ئۇيغۇر يوق. بىراق، خەلقئارا نىزامنامىلارغا ئاساسلىنىپ، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى خەلقئارا ئېتىراپ قىلىشلارغا ئاساسلىنىپ، قوشنىمىز تىبەتلەرنىڭ خەلقئارا سىياسىي سەھنىلەردە ئوينىغان رولىغا ئېتىبار بېرىپ، دالاي لاما ئالىي ئاپتونومىيە تەلەپ قىلغاندەك، ئالىي ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىدىغان ئۇيغۇرلار ئارىمىزدا يوق ئەمەس.

2 ـ ئۇنداقتا ئاپتونومىيە، ئالىي ئاپتونومىيە دېگەن سىياسىي ئاتالغۇلارنى

قانـداق چۈشىنىشـىمىز كېرەك.

ئاپتونومىيىنىـڭ سىياسـى ئۇقۇملـۇق مېغىزىنـى، ئاپتونومىيىلىـك سىياسـى، مەمـۇرى، تەشـكىلى بىرلىكنـى، ئاپتونومىيـە دېگـەن سىياسـى ئىبارىنـى خىتـاي مۇسـتەملىكىچىلىرى قانداق خۇنۇكلەشتۈرگەن بولسا خىتاينىڭ نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارغا قـۇرۇپ بەرگـەن ئاپتونومىيـە سىياسى مەمـۇرى بىرلىكنـى ھـەم شـۇنداق خۇنـۇك سىياسـى مەمـۇرى بىرلـىك ھـەم شـۇنداق خۇنـۇك سىياسـى مەمـۇرى قۇرۇلمـا دەپ، چۈشىنىشـىمىز كېـرەك. مەسـىلىنىڭ تۈگـۈنى شـۇيەردىكى، ئاپتونومىيـە، ئالـي ئاپتونومىيـە ئېلـىش ئۇيغـۇرلار ئۈچـۈن مەقسـەت ئەمـەس، قانـداق ھوقـۇق ئېلـىش بـۇ ئاساسـلىق مەقسـەتتۇر. مۇبـادا خىتـاي ئۇيغۇرلارنىـڭ ئاپتونومىيىلىـك ھوقۇقىنـى بېرىشـنى لايىـق تاپىدىغانـلا بولسـا، خىتايلارنىـڭ ئۇيغۇرلارغـا قايسـى شـەكىللىك ئاپتونومىيـە بېرىشـى بـۇ مۇھـىم ئەمـەس، بەلكـى ئۇيغۇرلارنىـڭ قانـداق شـەكىللىك ئاپتونومىيـە تەلەپ قىلىشـى ۋە قانداق شـەكىللىك ئاپتونومىيە ئېلىشـى بـۇ مەقسـەتكە مۇۋاپىـق سىياسـي ھەرىكەتتـۇر.

ئۇيغۇرىسـتاننىڭ سىياسـي ھۆكۈمرانى نۆۋەتتە خىتاي ئىكەن، مۇستەملىكىچى خىتايدىـن ئۇيغـۇرلار ئەگـەر ئاپتونومىيـە ھوقۇقـى تەلـەپ قىلىدىغـان بولسـا، ئاپتونومىيـە ھوقۇقىنـى بېرىـش بىلـەن ئاپتونومىيە مەمـۇرى بىرلىكنـى ئېلىش تىنچ يـول بىلـەن، بەلكـى خەلقئـارا نـازارەت ئاسـتىدا ئېلـىپ بېرىلىدىغـان بولسـا، ئۇنداقتـا بېرىـش بىلـەن ئېلىشـنىڭ ئوتتۇرىسـىدىكى پەرقنـى يەنـى خىتـاي قانداق شـەكىللىك ھوقـۇق بېرىـدۇ، ئۇيغۇرلار قانداق شـەكىللىك ھوقۇق تەلـەپ قىلىدۇ، دېگـەن پەرقنـى كىم كېلىشـتۈرۈپ قويىدۇ؟ خەلقئارا جەمئىيەتتە سېنىڭ كىشـىلىك ھوقـۇق، سىياسـي ھوقـۇق دەۋالىرىڭغـا كىـم، قايسـى دۆلـەت ئىگـە بولغـان بولسـا، بەلكـى شـۇ دۆلـەت كېلىشـتۈرۈپ قويىشـى مۇمكىـن! ئەمـدى كېلەيلـۇق:

خىتـاي ئۇيغۇرلارغـا قـۇرۇپ بەرگـەن ئاپتونومىيىنىـڭ ھوقـۇق دائىرىسـى قەيەردىــن قەيەرگىچىلىــك؟

ئاپتونومىيـە بـۇ ئىسـمىنىڭ مەنىسـى ئۆزىنـى ئـۆزى باشـقۇرۇش دېگەنلىـك بولاتتـى، شـۇڭا خىتـاي تىلىـدا «زى جـى چـۈ» دەپ ئاتالـدى. ئەممـا، مۇسـتەملىكە ئۇيغۇرىسـتاندا 1955 ـ يىلـى خىتـاي مۇسـتەملىكىچىلىرى ئۇيغۇرلارغا

ئاپتونومىيە قۇرۇپ بەرگەندىن باشلاپ ھازىرغىچە، ئۇيغۇرلار بىر كۈنمۇ ھەتتا، بىر دەقىقىمۇ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇپ باقمىدى.

ئاپتونومىيە مەمۇرى بىرلىكنىڭ ھەربىي قوشۇن تەشكىللەش ھوقۇقى بارمۇ-يوق، ئاپتونومىيە مەمۇرى بىرلىكنىڭ ساقچى قوشۇنلىرى تەشكىللەش ھوقۇقى بارمۇ-يوق. ئالايلۇق، ساقچى قوشۇنلىرىنى تەشكىللەش «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ ھوقۇقى دائىرىسى ئىچىدە بولىدىغان بولسا، 1955-يىلىدىن تاكى ھازىرغىچە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دا تەشكىللەنگەن ساقچىلار قوشۇنىنىڭ مىللەت تەركىبى نىمە؟ دەپ سوئال قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلە يەنى ساقچىلار قوشۇنىنىڭ مىللەت تەركىبى بۇ، ئەڭ مۇھىم سىياسىي ئامىلدۇر. ساقچى قوشۇنى تەشكىللەش بويىچە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» غا، ئۇيغۇرلاردىن ساقچى قوشۇنى تەشكىللەش ھوقۇقى بېرىلگەن بولسا، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ بىرىنچى سكرېتارى ئۇيغۇردىن قويۇلغان بولاتتى.

خىتاينىڭ سىياسىي مەمۇرى تۈزۈمى كوللېكتىپ رەھبەرلىك، ھۆكۈمەت بۇ پارتىيە، پارتىيە بۇ ھۆكۈمەت. ئەگەر، ئۇيغۇرلارغا بېرىلگەن ئاپتونومىيە ھەقىقى ئاپتونومىيە بولۇپ قۇرۇلغان بولسا، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»غا ئۇيغۇرنى مەسئۇل قىلماقچى بولسا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن ئۇيغۇرلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدىغۇ؟! دېمەك، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا بەرگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقى قىپقىزىل يالغان ئاپتونومىيە ھوقۇقىدۇر.

نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار مۇبادا ئاپتونومىيە ھۇقۇقى تەلەپ قىلىدىغان بولسا، يەنىلا يۇقىرىقىدەك ئاپتونومىيە ھوقۇقى تەلەپ قىلامدۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس . بەزى كىشىلەر ئالىي ئاپتونومىيە دېگەن ئۇقۇمنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى. ئۇنداقتا بۇنداق ئاپتونومىيىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى قانداق بولۇشى كېرەك، ئالىي ئاپتونومىيىنىڭ ھوقۇق شەكىللىرى قانداق بولۇشى كېرەك؟

دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئاپتونومىيە شەكىللىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت جۇڭگونىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك، «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» سىياستى بويىچە شاڭگاڭ مەمۇرى رايونىغا بېرىلگەن ھوقۇق نىمە؟ دېگەن

سوئالنىڭ ئۆزىگىلا جاۋاب بېرەيلۇق.

شاڭگاڭنىڭ پۇل بىرلىكى شاڭگاڭنىڭ ئۆزىنىڭ پۇلى، شاڭگاڭنىڭ ساقچى قوشۇنلىرى شاڭگاڭلىق خىتايلاردىن تەشكىللەنگەن، شاڭگاڭ مەمۇرىيىتىنىڭ باشلىقىنى گەرچە مەركىزى ھۆكۈمەت تەيىنلەيدىغان بولسىمۇ، لېكىن شاڭگاڭلىق خىتايدىن تەيىنلەنگەن، ھەرگىز ياكى فۇجيەندىن ياكى جاڭسۇلۇق خىتايدىن تەيىنلەنمىگەن. شاڭگاڭنىڭ بايرىقچۇ؟ گەرچە رەڭگى، چوڭ قۇرۇقلۇق خىتايلىرىنىڭ بايرىقىغا ئوخشاش قىپقىزىل بولسىمۇ، بەش يۇلتۇزلۇق ئەمەس. چېتىر شەكىللىك بايراقتۇر. ھەممىدىن قىزىقى شۇ يەردىكى، چوڭ قۇرۇغلۇق خىتايلىرى شاڭگاڭغا ئۆز ئىختىيارى كىرىپ- چىقالمايدۇ. شاڭگاڭغا تۇرۇپ بېرىلگەن 23 ماددىلىق قانۇن زادى قانداق قانۇن ؟ (مەن بۇ قانۇننى ساقلاپ قالالمىدىم)

ئەمدى بۇگۇن ئۇيغۇرلار بولسۇن، موڭغۇللار، تىبەتلەر بولسۇن، زوراۋنلىق ئاستىدا ئۆزلىرى ئاتاپ كېلىۋاتقان ۋە ياشاپ كېلىۋاتقان ئاپتونومىينى شاڭگاڭنىڭ ئاپتونومىيىسىگە سېلىشتۇرۇپ باقسا بولىدۇ.

ئەگەر ئۇيغۇرلار خىتايدىن ئالىي ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىدىغان بولسا، ئالىي ئاپتونومىينىڭ سىياسى مەمۇرى بىرلىكى قانداق شەكىلدە بولىدۇ؟

ئالىي ئاپتونومىينىڭ مەمۇرى بىرلىكى مۇشۇنداق شەكىللىك بولۇشى كېرەك دەيدىغان خەلقئارا قانۇن بارمۇ-يوق، مېنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا شۇنداق ئالىي ئاپتونومىيلىك ھوقۇققا ئېرىشكەن مىللەتلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆگىنىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، قوشنىمىز روسىيە ئىمپېرىيىسى پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، قېلىپ قالغان يەنە باشقا مىللەتلەرگە، روسىيە پېدىراتسىيىسى ھۆكۈمىتى مېنىڭ بىلىشىمچە جۇمھۇرىيەت شەكلىدە ئالىي ئاپتونومىيە قۇرۇپ بەردى. ئالتايىسكى ۋىلايەتلىرىدە تۇۋۋا جۇمھۇرىيىتى، قازان ۋىلايەتلىرىدە تاتارىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ بەردى. يەنە مەسىلەن، كانادادا كۇبېكلەرنىڭ ئالىي ئاپتونومىيىسىنى دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت دېيىشكىمۇ بولىدۇ. يەنە مەسىلەن، كانادا، ھىندىستان، پاكىستان، يېڭى زېلاندىيە، ئاۋىستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەنگلىيە

بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتى پېدىراتسىيە شەكىللىك مۇناسىۋەتتۇر. بۇنداق دۆلەتلەر مۇناسىۋەتتىدىن ئەتراپلىق مەلۇماتىم يوق ئىكەن. بىلىدىغان باشقا ۋەتەنداشلار تولۇقلاپ قويسا بولىدۇ.

ئالىي ئاپتونومىيە نامىدا ھوقۇق تەلەپ قىلىش:

**1** ـ دۆلەت مۇداپىئە ھوقۇقى مۇستەملىكىچى دۆلەتنىڭ قولىدا بولىدۇ. مۇستەملىكىچى مۇستەملىكە ئەلنىڭ چېگرىلىرىدا قانچىلىك ساندا ئەسكەر تۇرغۇزىدۇ، بۇ قانۇن ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. ئەمما، مۇستەملىكىچى دۆلەت مەسىلەن خىتاي، ئۇيغۇرىستاننىڭ جاي ـ جايلىرىدا ۋىلايەتتىن تارتىپ ناھىيىلەرگىچە قانۇنسىز تۇرغۇزغان بارلىق ئەسكىرى، قوراللىق قىسىملىرىنى جۇملىدىن بىڭتۇەننى چېكىندۇرۇپ چىقىپ كېتىدۇ.

**2** ـ تاشقى مۇناسىۋەتلەر ھوقۇقى، دىپلوماتىيە ھوقۇقى مۇستەملىكىچى دۆلەتنىڭ قولىدا بولىدۇ. تاشقى سودا ھوقۇقىمۇ مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قولىدا بولامدۇ ـ بولمامدۇ، شۇ ۋاقىتتا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن قانۇندا بەلگىلىنىدۇ.

**3** ـ مەسىلەن، خىتايدىن ئالىي ئاپتونومىيە تەلەپ قىلغۇچى تىبەت، ئۇيغۇردەك مىللەتلەر بىلەن ئاساسلىق مىللەت خىتاي ئوتتۇرىسىدا ئالىي ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرى بىلەن مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقلىرىنى ماسلاشتۇرىدىغان، قەيت قىلىپ موقىملاشتۇرىدىغان، ھەر ئىككى تەرەپ ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان ئاساسى قانۇن بولۇشى لازىم.

**4** ـ ئالىي ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىلگەن مىللەت بىلەن مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرى ئاساسى قانۇن ئارقىلىق بەلگىلىنىشى لازىم بولىدۇ. مەسىلەن، مۇستەملىكىچى مەركىزى ھۆكۈمەتكە قاراشلىق مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاندا قۇرۇلغان كارخانا، شىركەتلەر جۈملىدىن بىڭتۇەن ۋە نېفىت شىركەتلىرى ئالىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئېرىشكەن مىللەتنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن سىرىت، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىقتىسادىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغانلىقتىن، ئۇيغۇرلارغا قانچىلىك ھەق تۆلەيدۇ،

دېگەن مەسىلىمۇ، ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان ئاساسىي قانۇننىڭ روھى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.

5 ـ ئالىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئېرىشكەن مىللەت بىلەن مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ باج ـ تۆلەم مۇناسىۋەتلىرى ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.

6 ـ كۆچمەنلەر مەسىلىسىدە ھەرقانداق ئېتىرازغا ئورۇن يوق، قەيەردىن كەلگەن بولسا، شۇيەرگە قايتىپ كېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن، ئالىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئېرىشكەن مىللەت ئۆزىنىڭ ئىچكى قانۇنلىرىغا ئاساسلىنىپ، چېگرىدىن كىرىپ ـ چىقىش رەسمىيەتلىرىنى قانۇن ئارقىلىق بەلگىلەيدۇ.

7 ـ ئالىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا قانچىلىك ساندا ساقچى ۋە قوراللىق ساقچى تەشكىللەش ھوقۇقىنى، ئالىي ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقىغا ئېرىشكەن مىللەت ئۆزىنىڭ ئىچكى قانۇنلىرىغا ئاساسلىنىپ بەلگىلەيدۇ ۋە مۇستەملىكچى مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشىغا يوللايدۇ.

8 ـ ئەڭ ھالقىلىق مەسىلە، ئالىي ئاپتونومىيىلىك مەمۇرىيەتنىڭ باشلىقى ياكى رەئىسىنى مەركىزى ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرمەسلىكى، ئالىي ئاپتونومىيىلىك ھوقۇق ئالغان مىللەتنىڭ رەئىس ۋە باشلىقنى قەرەللىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىرىش ھوقۇقلىرى ئوتتۇرىدا ئورتاق تۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇننىڭ ماددىلىرى بويىچە ۋە ئالىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قانۇنلىرى بويىچە بەلگىلىنىشى لازىم.

9 ـ ئالىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئېرىشكەن مىللەت ئەڭ ئاۋۋال مىللى پارلامېنت تەشكىللەيدۇ. مۇۋاپىق سان بېرىش ئارقىلىق يېتىمچى مىللەتلەرنى پارلامېنتقا جەلىپ قىلىدۇ. مىللى پارلامېنت ئوتتۇرىدىكى ئاساسىي قانۇن ئاساسىدا يەرلىك قانۇن چىقىرىدۇ ۋە قانۇننى شەرھلەش ھوقۇقىمۇ بولۇشى لازىم.

10 ـ ئالىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئېرىشكۈچى مىللەت بىلەن مۇستەملىكە

قىلغۇچى ئاساسلىق مىللەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاۋۋال ھەل قىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئەڭ ئاساسلىق مەسىلە شۇكى، «بۇ تېررىتورىيە كىمنىڭ» دېگەن مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسىنىڭ ئاساسى قانۇنى ۋە بۇ قانۇننىڭ 4 ـ ماددىسىغا كىرگۈزۈلگەن «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس قىسمىدۇر» دېگەن ساقتا قانۇننىڭ ساقتا ماددىسىنى ئاۋۋال بىكار قىلىش لازىم.

مەسىلەن، 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شۇۋىتسارىيىنىڭ جەنۋە شەھرىدە تىبەت، خىتاي زىيالىلىرىنىڭ يىغىنى بولۇپ ئۆتتى. يىغىنغا قاتناشقۇچىلار بىردەك: «جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى ئاتاپ كېلىۋاتقان، تىبەت ئەزەلدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ بىرقىسمى» دەيدىغان سۆز تارىخى پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس دەپ، ئورتاق پىكىرگە كېلىشتى.

11 ـ 1 مىليون 900 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق بۇ زېمىن، بۇ تۇپراق ئۇيغۇرىستان ئۇيغۇرنىڭ زېمىنىدۇر.

12 ـ ئۇيغۇرىستاندا ياشاۋاتقان باشقا مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىگە مۇۋاپىق 1920 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ماقۇللانغان تۈركىيە، «گىراجدانلار ئەھدىنامىسى» نىڭ ـ 5 ماددىسىدا: «دۆلەت ئىچىدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقى قوشنا دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان تۈركلەرنىڭ ھوقۇقى بىلەن ئوخشاش ئۆلچەمدە بولىدۇ» (‹تۈركىيە ھازىرقى زامان تارىخى» ئۇيغۇرچە نەشرى 23 ـ بەت) دېگەندەك، مەملىكىتىمىز ئۇيغۇرىستاندا ياشاۋاتقان قازاقلارنىڭ ھوقۇقى، قازاقىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقى بىلەن ئوخشاش ئۆلچەمدە بولىدۇ، مەملىكىتىمىز ئۇيغۇرىستاندا ياشاۋاتقان قىرغىزلارنىڭ، ئۆزبېكلەرنىڭ ھوقۇقىمۇ، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستانلاردا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقى بىلەن ئوخشاش ئۆلچەمدە بولىدۇ. تۇڭگانلار خالىسا قايتىپ بېرىپ نىڭ شىيادا دۆلەت قۇرۇۋالسا بولىدۇ.

. . . سوۋېتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سىياستى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ قولىلىشىغا ئېرىشەلمىدى. 5 يىللىق پىلاننىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى باستۇرۇشلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، 100 مىڭدىن 200 مىڭغىچە قازاق خەلقى

قېچىپ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىگە كىرىۋالدى.... (‹دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخى›، ئاپتورى لەپتىن ستاۋروس، ختايچە نەشرى 691 ـ بەت)

يۇقىرىقى پىكىرلەر لايىھەلەر پەقەت ئالىي ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى دەسلەپكى پىكىر ۋە دەسلەپكى لايىھە دەپ قارىلىشى لازىم.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرۇلغان دۆلەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى لازىم

بىز يۇقىرىدا ئۇشبۇ ماقالىغا ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان دۆلەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ خەلقئارا سىياسەت ئاساسلىرى دەپ، ماۋزۇ قويغان ئىدۇق. ماۋزۇ بۇنداق قويۇلغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا قۇرغان دۆلەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان خەلقئارا سىياسەت بار ئوقشايدۇ دەيدىغان تۇيغۇغا كېلىپ قالماسلىقىمىز كېرەك. بىراق، مەسىلە شۇ يەردىكى، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر دۆلەتلىرى تارىختا چوڭ دۆلەتلەرنىڭ تاشقى سىياسەتلىرى دائىرىسىگە كىرىپ قېلىپ، بۇگۈنگىچە بۇ شەكىلدە سېتىلغان بولسا، ئەتىسى ئۇ شەكىلدە سېتىلىپ كەلدى. باشتا يازغان يازمىلىرىمىزنى ئۆقۇغان ئوقۇرمەنلىرىمىز، تارىخىي پاكىتلارنى كۆرۈپ شۇنداق ھېسسىياتقا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

مەسىلەن، شۇنداق دەيلۇق. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى 1928 ـ يىلى گومىنداڭ جىياڭ جېشى ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلدى. 1933 ـ يىلى ئۇيغۇرىستاننىڭ قەشقەر ئۆلكىسى قەشقەر شەھرىدە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى كىم ئېتىراپ قىلدى؟ 1931 ـ يىلى ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىدا مانجۇرىيىدە قۇرۇلغان «مانجۇرىيە جۇمھۇرىيىتى»نى كىم ئېتىراپ قىلدى؟ تۇنجى بولۇپ ئېتىراپ قىلىشقا تېگىشلىك ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى، ئۇيغۇرنىڭ ياش جۇمھۇرىيىتىنى نېمىشقا ئېتىراپ قىلمىدى، مانجۇرىيە دۆلىتىنى نېمىشقا ئېتىراپ قىلمىدى؟ 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ختايدا «جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى» قۇرۇلدى. سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ختاينىڭ

جۇمھۇرىيىتىنى تونجى بولۇپ ئېتىراپ قىلدى. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسى غۇلجا شەھرىدە، جۇڭخۇا خەلق رېسپوبلىكىسى قۇرۇلۇشتىن 5 يىل بۇرۇن قۇرۇلغان، بەلكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە قۇرۇلغان، بۇ دۆلەت ئۇيغۇر دۆلىتىنى تونجى بولۇپ ئېتىراپ قىلىشقا تېگىشلىك سوۋېت ئىتتىپاقى نېمىشقا ئېتىراپ قىلمىدى؟ روسىيە ھۆكۈمىتى لېنىن ۋە چېچېرىنلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمەت ۋە دۆلەت قۇرۇپ بەرمەسلىك سىياسىتىگە ئەمەل قىلدىمۇيا؟! سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقئارا سىياسى تاۋىكىغا چۈشكەندە ئۇيغۇرىستاندا قۇرۇلغان دۆلەتنى مۇنقەرز قىلىش نىيىتىدە تاۋىكىغا قويغانمۇ، يا؟!

يۇقىرىدا «يالتا شەرتنامىسى» ۋە «موسكۋا شەرتنامىسى» توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەمدى خىتاي تارىخچىلىرىنىڭ، ئېنىق ئېيتقاندا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قىسمەن بولسىمۇ، «يالتا شەرتنامىسى»نى قانداق ئېتىراپ قىلغانلىقىنى؛ بۇيەردە دېمەكچى بولغىنىمىز شۇكى، ئۇيغۇر ـ ئۇيغۇرىستان مەسلىسىنىڭ يالتادا سىياسي سودىغا قويۇلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ماقالىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

1 ـ «يالتا يىغىنىدا تىلغا ئېلىنغان شىنجاڭ مەسلىسى»

ماۋزۇنى شۇنداق قويغان ئاپتور لى شىڭ ئەپەندى، «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخىي ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» ماۋزۇلۇق كىتابىدا مۇنداق باشلايدۇ:

(‹ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت›نىڭ ئۇيغۇرىستاننىڭ غۇلجا شەھرىدە قۇرۇلغان ئۇيغۇرنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى) ئوتتۇرا سەپتىن ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشى ھەربى پىلانىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىدى. مىللى ئارمىيە ئاساسى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا جىڭ ۋە شىخو جېڭىنى قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلان، بىرونېۋىكلىرى ۋە زەمبىرەكچى قىسمىنىڭ ماسلىششى ئارقىسىدا، 8 ـ سىنتەبىر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا جىڭ ۋە شىخو شەھرىنى ئىشغال قىلغان، (خىتاي گومىنداڭ ئارمىيىسى ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلغاندا ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ۋە روسىيە ھاۋا ئارمىيلىرىنىڭ ماسلىششى ئارقىسىدا قەيەر ـ قەيەرگە ھۇجۇم قىلغان؟ خىتاينىڭ

چەتتىن ياردەم ئېلىشى بىلەن ئۆيغۇرنىڭ چەتتىن ياردەم ئېلىشىنىڭ پەرقى نەدە؟) ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، گومينداڭنىڭ بۇ ئىككى شەھەرنى قوغداپ ياتقان 6 مىڭدىن كۆپرەك ئەسكىرىنى يوقىتىپ، نۇرغۇن قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى ئولجا ئالغان. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، مەركىزى شەھەر ئۈرۈمچىگە ئارانلا 150 كىلومېتىر كېلىدىغان ماناس دەرياسىنىڭ غەربى قىرغىقىغا قىستاپ كېلىپ، گومينداڭ ئارمىيىسى بىلەن دەريانى پاسىل قىلىپ تىركىشىپ تۇرغان. ئەينى چاغدا، گومينداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە ئاران 6 بېرىگادا ئەسكىرى كۈچى بولغاچقا ئۇلار ئامالسىز «بۈيۈك ئۈرۈمچىنى قاتتىق قوغداش»، («بۈيۈك ئۈرۈمچى» خىتايغا خاس مەنىسىدە شەرقتە قۇمۇلغىچە، جەنۇپتا قارا شەھەرگىچە، غەربتە ماناس ناھىيىسىگىچە بولغان دائىرىنى كۆرسىتىدۇ. تۆزگىچىدىن) تىن ئىبارەت جىددى تاقابىل تۇرۇش پىلانىنى تۈزۈشكە مەجبۇر بولغان. ھالبوكى بۇ چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاراتقان سىياسىتىدە ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىغان.

1945 - يىلى 2 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى يالتا شەھرىدە يىغىن ئېچىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مەخپى مۇزاكىرە قىلىدۇ. ئامېرىكا تەرەپ گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگىلا تايانغاندا ياپونىيىنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن يەنە بىر يېرىم يىل ۋاقىت كېتىدۇ؛ ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى «سوۋېت ئىتتىپاقى - ياپونىيە بىتەرەپلىك شەرتنامىسى»دىن ۋاز كېچىپ ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلسا، ياپونىيىنى مۇددەتتىن بۇرۇن مەغلۇپ قىلغىلى بولىدۇ، ئامېرىكا تەرەپتىن ئۇرۇشتا يارىلىنىدىغان، ئۆلىدىغانلارمۇ زور دەرىجىدە ئازىيىدۇ، دەپ قارايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ جۇڭگوغا تەۋە تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ، «ھازىرقى مۇستەقىل ھالىتى»نى ساقلاپ قېلىشنى ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشنىڭ بىر شەرتى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئامېرىكا بۇنى قوللايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

بىسىم ئىشلىتىشى ئارقىسىدا، جىياڭ جىشى ئامالسىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلىدۇ. لېكىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئالماشتۇرۇشنىڭ بىرىنچى شەرتى سۈپىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ، جۇڭگونىڭ «شىنجاڭ» ئۇيغۇرىستان زېمىنىغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مەمۇرى ھوقۇقىغا ھەمدە «شىنجاڭ توپىلىڭى» (ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى كۆرسىتىدۇ) غا ئەمدى ھەر قانداق ياردەم بەرمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىشىنى، شۇنىڭدىلا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقى توغرىسىدىكى تەلىپىنى ئويلىشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. (‹جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى› ئاپتورى لىشىڭ، ئۇيغۇرچە نەشرى 316 ـ 315 ـ بەت)

ختاي يازغۇچى لى شىڭنىڭ ئېتىراپ قىلىشى بىلەن ختاي مۇستەملىكىچىلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ يالتا يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئېتىراپ قىلىشى ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئېتىراپ قىلىشلاردىن گەرچە ئەسلى ماتېرىيال كەمچىل بولسىمۇ ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ يالتا يىغىنىدا بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويۇلماي ۋاستىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

پەلەكنىڭ چارقى چۆرگىلەپ 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، 1989 ـ يىلى بېرلىن تېمى ئۆرۈلۈپ، ئىككى بېرلىن بېرلىشىپ، ھېچ كىم دېمىسىمۇ، ھېچ كىم ئېيتمىسىمۇ تارىخ، «يالتا شەرتنامىسى»، «يالتا سىستېمىسى»نىڭ يىمىرىلگەنلىكىنى جاكارلىدى. دۇنيا تەنتەنە قىلدى، تارىخچىلار، سىياسىئونلار، گېرمانىيە خەلقى، پۈتۈن شەرقىي ياۋروپا خەلقى، قىسقىسى پۈتۈن دۇنيا خەلقى تەنتەنە قىلدى. شەرقى ياۋروپا خەلقى كىرىمل كوممۇنىزىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاسارەتلىرىدىن قۇتۇلدى. مۇستەقىللىقنى ئۆزىنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ كەلدى. بولۇپمۇ بالتىق بويىدىكى ئۈچ دۆلەتنىڭ تەنتەنىسى ھەممىدىن ئۈستۈن بولدى. چۈنكى، بۇ ئۈچ دۆلەت 1939 ـ يىلى روسىيە بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان «روسىيە ـ گېرمانىيە شەرتنامىسى»نىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، مۇستەقىللىقىدىن ئايرىلىپ قالغان دۆلەتلەر ئىدى. روسىيە كىرىمىل ئىمپېرىيىسى پارچىلىنىپ 15 مۇستەقىل دۆلەت دۇنياغا كەلدى. كوممۇنىزىم ئىمپېرىيىسى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دىدۇق، توغرىسىنى ئېيتقاندا،

مۇستەملىكچى سوۋېتلەر سىستېمىسى يىمىرىلدى. بۇنداق يىمىرىلىش پەقەت ياۋروپادا، ئۇنىڭدىن كېيىن روسىيىگە قاراشلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىلا نەتىجە كۆرسەتتى. يەنى مىللەتلەر مۇستەقىل بولدى.

يالتا سىستېمىسى دېگەندە بۇ سىستېما ياۋروپا ئىستراتېگىيىسى ۋە يىراق شەرق ئىستراتېگىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. يالتا سىستېمىسى يىمىرىلدى دېگىنىمىزدە ھازىرغىچە، بۇ سىستېمىنىڭ ياۋروپا ئىستراتېگىيىسى يىمىرىلدى. لېكىن تېخى ھازىرغىچە يالتا سىستېمىسىنىڭ يىراق شەرق سىستېمىسى يىمىرىلمىدى. يالتا سىستېمىسىنىڭ يىراق شەرق ئىستراتېگىيىسى ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنى، مانجۇرىيە مەسىلىسىنى، تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىنى، ياپونىيىنىڭ شىمالدىكى تۆت ئارال مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. يالتا سىستېمىسىدا يۇقىرىقى مەسىلىلەر كونكرېتلاشتۇرۇلۇپ، جۇڭگو ـ سوۋېت ئوتتۇرىسىدا ئىككى قېتىم ئىمزالانغان شەرتنامىلار ئارقىلىق بۇنىڭ ئىچىدە مانجۇرىيە ۋە ئۇيغۇرىستان خىتاينىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ۋە خىتاينىڭ كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتىگە قوشۇپ بېرىلدى.

ئۇيغۇرلار خەلقئارا دەۋاغا چىققان ئىكەن، چوقۇم يالتا يىغىنىدا ئۇيغۇرلار قانداق سېتىلدى، موسكۋا يىغىنىدا ئۇيغۇرىستان قانداق سېتىلدى، ئۇيغۇرلار قۇرغان دۆلەتلەر قانداق يوقىتىلدى، دېگەن مەسىلىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، قازىنىڭ، ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ ئالدىغا قويۇشلىرى لازىم بولىدۇ. لېكىن قازى كىم ؟ قازى ئامېرىكا، قازى ئەنگىلىيە، قازى سابىق سوۋېتلەر ـ ھازىرقى روسىيە پېدىراتسىيىسى، يالتا يىغىنىنى ئاچقان، موسكۋا يىغىنىنى ئاچقان مۇشۇ دۆلەتلەر. قازىنىڭ ئالدىغا كېلىش ئۈچۈن ئۇيغۇرنىڭ كۈچى بولۇشى كېرەك.......

2 ـ دەۋا قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن پاكىتلار

سابىق پىرېزىدېنت بۇش ياۋروپاغا بېرىپ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتناشماقچى بولدى.

لاتۋىيىنىڭ پايتەختى رىگا شەھىرى پىرېزىدېنت بۇشنىڭ بىرىنچى

بىكتى بولدى. ئۇ، ئۇ يەردە بالتىق بويىدىكى ئۈچ دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن پرېزىدېنت بوش روسىيە پېدىراتسىيىسىنىڭ پايتەختى موسكۋاغا بېرىپ، قىزىل مەيداندا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەش ۋە ھەربىي پارات مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ.

بىراق، پرېزىدېنت بوش ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىدىغان بىر چاغدا، بالتىق بويىدىكى دۆلەتلەر بىلەن روسىيە پېدىراتسىيىسىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىختىلاپلىرى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. لاتۋىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىپ، قىزىل مەيداندا ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەربىي پارات، گۈرەك قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتۇرماقچى بولدى، لېكىن بىر ئەركىن دۆلەت سالاھىيىتى بىلەن قاتنىشىدىغانلىقنى تەكىتلىدى. بالتىق بويىدىكى يەنە باشقا ئىككى دۆلەت ئازانىيە، لىتۋان ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتمەيدىغان، تەبرىكلەش مۇراسىمغا قاتناشمايدىغان بولدى. ئۇلار، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گەرچە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى، گېرمانىيە ئارمىيىسىنى ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقارغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنى ھەربىي ئىشغالىيەت ئاستىغا ئالدى، دېدى.

بۈگۈن بالتىق بويىدىكى ئۈچ دۆلەت ناتوغا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا بولدى. ئۇلار ئوخشاشلا روسىيە پېدىراتسىيىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەينى چاغدا بۇ ئۈچ دۆلەتنى ئىشغال قىلغانلىقىدىن ئەپۇ سورىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەركىتى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

لېكىن روسىيە پېدىراتسىيىسىنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن، ئۆتكەن ھەپتە گېرمانىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇ: بۇنىڭ ئۈچۈن ئەپۇ سوراشنىڭ ھاجىتى يوق، بەلكى روسىيە ئاللىقاچان ئەپۇ سورىغان ئىدى، دېدى.

ۋىلادىمىر پۇتىن: سابىق سوۋېتلەر ھۆكۈمىتى 1989 ـ يىلى بىر تۈرلۈك قارار نامە ئېلان قىلىپ، سابىق سوۋېتلەر ھۆكۈمىتى بىلەن گىتلېر گېرمانىيىسى

ھۆكۈمىتى 1939 ـ يىلى ئىمزالىغان، سوۋېتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوپ بىلەن گېرمانىيىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى دىمىنتىروپ قول قويغان «كېلىشىم» ستالىننىڭ شەخسىي قارارى، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىدى، دەپ جاكارلىدى. بۇنداق جاكارلاش سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ بالتىق بويىدىكى ئۈچ دۆلەتنىن ئەپۇ سورىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. (2005 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ‹ب ب س› خىتاي تىلى بۆلۈمى پىروگراممىسى.)

ئەمگەكمىز مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان، بەلكى يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۈچ قېتىم قۇرغان جۇمھۇرىيەت ـ دۆلەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تولۇق ھوقۇقلۇق مىللەتتۇر. ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان دۆلەتلىرىنى ۋە يەنە دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقىنى نۆۋەتتە خەلقئارا جەمئىيەتكە ئېتىراپ قىلدۇرۇشقا تولۇق ھوقۇقلۇق مىللەتتۇر. ئۇيغۇرلار خەلقئارا سىياسى پائالىيەتلەردە تارىختا قۇرغان دۆلەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشقا تولۇق ھوقۇقلۇق مىللەتتۇر.

ئۇيغۇرلار قۇرغان دۆلەتلەرنى ئەسلىدە، ئەينى چاغدا ۋاقتىدا ئېتىراپ قىلىشقا تېگىشلىك دۆلەتلەر مەسىلەن، ئامېرىكا، ئەنگىلىيە، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر نېمىشقا ئېتىراپ قىلمىدى؟ ئۇيغۇرنىڭ دۆلىتىنى نېمىشقا ئۈچ چوڭ دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي سودىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى؟ بۇ مەسىلە سەن بىلەن مەن سوئال قويۇش بىلەن ھەل قىلالايدىغان مەسىلە ئەمەس.

مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش ـ بىر دۆلەتتە باشقا مىللەتلەر بىلەن بىللە ياكى ھاكىم مىللەت بىلەن بىللە ياشاۋاتقان بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشى (قوراللىق ھەرىكەت قىلغان بولسا، بۇ باشقا بىر ئىش) ياكى مۇنداق ئېيتقاندا قانۇنلۇق بىر دۆلەتتىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى، قانۇنلۇق دۆلەت دېگەندە دۇنيادا يەنە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن بىر دۆلەتتىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلىشى، خەلقئارا نىزامنامە ۋە خەلقئارا قانۇنلارغا ئاساسلانغاندا يولسىزلىق ۋە قانۇنسىزلىق بولىدۇ.

1 ـ تارىختا قۇرۇلغان ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىش يوللۇق بولۇپلا قالماستىن ھەم قانۇنلۇق بولىدۇ. 1) ئۇيغۇرلار 1865 ـ 1933 ـ 1944 ـ يىللىرى دۆلەت قۇردى، ھەر قانداق باشقا بىر دۆلەت ئۇيغۇرنىڭ دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلسا يوللۇق بولاتتى ۋە قانۇنلۇق بولاتتى. ئۇيغۇر ھەم شۇ دۆلەتلەرنى شۇنداق ئېتىراپ قىلاتتى. 2) ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان دۆلەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغاندا خىتاي تاجاۋۇزچى ئورۇندا تۇرىدۇ. خىتاي ئۇيغۇرىستانغا تاجاۋۇز قىلغان ھەرىكەت مەنتىقى يوسۇندا ئىسپاتلىنىدۇ. 3) خەلقئارا «يالتا يىغىنى»، خەلقئارا «موسكۋا يىغىنى»، يالتا شەرتنامىسى ۋە ئىككى قېتىم ئىمزالانغان جۇڭگو، سوۋېت شەرتنامىلىرى ئۇيغۇرىستاندا قۇرۇلغان دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە قولدىن ـ قولغا سېتىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەن، پاكىتلار ئاساسىدا خەلقئارا دەۋاغا چىقىش، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يوللۇق ۋە قانۇنلۇقتۇر. 4) ئەگەر كىمدە ـ كىم، سېنىڭ قۇرغان دۆلەتلىرىڭنى كىم ئېتىراپ قىلغان دەپ، سوئال قويۇدىغان بولسا، 1974 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «تاجاۋۇزچىلىقنىڭ تەبىرى توغرىسىدا قارار» نى كۆتۈرۈپ چىقىپ، قۇرغان دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەلەپلىرىگە پاكىت ۋە دەستەك قىلىشقا بولىدۇ.

3 ـ «يالتا سىستېمىسى» ۋە بۇ سىستېمىنىڭ ياۋروپا ئىستراتېگىيىسى بېرلىن تېمى ئۆرۈلۈش بىلەن تەڭلا ياۋروپادا گۇمران بولدى. ئۇنداقتا «يالتا سىستېمىسى»نىڭ ئاسىيا ئىستراتېگىيىسى قاچان گۇمران بولىدۇ. ئۇيغۇرلار مۇشۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك.

4 ـ خۇدا بۇيرىغان ھەر قانداق بىر سىياسى سورۇندا، ئۇيغۇرنىڭ سىياسى پائالىيەتچىلىرى 1950 ـ يىلى روس بىلەن خىتاي، ماۋزېدۇڭ بىلەن ستالىن ئوتتۇرىسىدا ئۇيغۇرلارغا، تىبەتلەرگە، ئىچكى موڭغۇللارغا دۆلەت قۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا ئىمزالانغان «مەخپى كېلىشىم»نىڭ 17 ـ ماددىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي دەۋاسىغا دەستەك قىلىپ ھەم روسىيىنىڭ ھەم خىتاينىڭ مەسئۇلىيىتىنى، يالغانچىلىقىنى سۈرۈشتە قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

بىزنىڭ بۇ سۆھبەتتە پىكىر قىلىشىمىز خام خىيال بولۇشىمۇ مۇمكىن، بەلكى كەلگۈسىنىڭ رېئاللىقى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. تارىختا ھەر قانداق زور ۋەقەلەر ئاۋۋال خىيالدىن باشلىنىپ كېيىن ھەرىكەتكە ئايلانغان ئىدى.

خۇلاسە شۇكى، 1944 ـ يىلى ئاخىرقى قېتىم قۇرۇلغان دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش ھەر بىر ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇرنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى ۋە ئەخلاقى مەسئۇلىيىتىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن سابىق پىرېزىدېنت بۇش ئۇيغۇرنىڭ سىياسى دەۋاگەرلىرىگە قانداق يول ئېچىپ بەردى؟

2005 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سابىق پىرېزىدېنت بۇش خەلقئارا جەمئىيەتكە قارىتىپ: «يالتا يىغىنى ئىنتايىن زور تارىخىي خاتالىق بولغان ئىدى» دەپ كۆرسەتتى.

2010 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنگىچە ۋاشىنگتوندا يېزىلدى.

# پايدىلانغان كىتابلار ۋە ماتېرىياللار

«ياقۇپ بەگنىڭ تەرجىمھالى» ئەنگلىيە، ئاپتورى چارلىز بولگېر.

«شەرقىي تۈركىستان قوللانمىسى» ئاپتورى ئابلىكىم باقى، ئىستانبول نەشرى.

«ئۇيغۇرنامە» ئاپتورى سابىت ئۇيغۇرى، ئالمۇتا نەشرى.

«شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ئاپتورى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا، ئىستانبۇل نەشرى.

«بوشۇن تور بېتى»، «جۇڭگوغا نەزەر تور بېتى».

«ماۋزېدۇڭ ۋە ستالىن» ختايچە نەشرى، ئاپتورى لىيۇ جيې چېڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، مەركىزى پارتىيە مەكتىپى نەشرىياتى.

«ئۇيغۇرلار» ئاپتورى تۇرغۇن ئالماس، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نەشرى.

«شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» ئاپتورى ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق، مىللەتلەر نەشرىياتى.

«12 ـ 11 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» ئاپتورى ئا. گ. مالياۋكىن روسىيە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

«يەتتە سۇ تارىخى ئۆچېرىكلىرى» ئاپتورى، ۋ. ۋ. بارتولد روسىيە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

«قەشقەرىيە» ئاپتورى ئا. ن. كوروپاتكىن روسىيە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 27 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 23 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

«ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى خاتىرىلىرى» تۈزگۈچى شېن يۇڭ شىڭ قاتارلىقلار، ختايچە نەشرى، چۇڭچىڭ نەشرىياتى.

«دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخى» ئاپتورى لەپتىن ستاۋروس، ئامېرىكا، خىتايچە نەشرى. شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى.

«شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

«رەقىپلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار» ئاپتورى جون گارۋېر، ئامېرىكا. ئۇيغۇرچە نەشرى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى.

«قىزىق نۇقتىلار» ئاپتورى لى جىڭ لۇڭ قاتارلىقلار، خىتايچە نەشرى، جۇڭگو مۇھاجىرلار نەشرىياتى.

«تۈركىيە ھازىرقى زامان تارىخى» ئۇيغۇرچە نەشرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

«قانۇننىڭ پەلسەپە ئاساسلىرى» ئاپتورى گېگېل، گېرمانىيە، خىتايچە نەشرى، سودا نەشرىياتى.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قانۇنلار توپلىمى» ئۇيغۇرچە نەشرى، مىللەتلەر نەشرىياتى.

«شىنجاڭ - سوۋېت سودىسى» ئاپتورى لى شېڭ، خىتايچە نەشرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

«مەن كەچكەن كېچىكلەر» ئاپتورى سوپاخون سوۋۇروپ، ئۇيغۇرچە نەشرى، مىللەتلەر نەشرىياتى.

«مەن شاھىد بولغان ئىشلار» ئاپتورى سەيدۇللا سەيپۇللايوف، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى.

«دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىسى قوللانمىسى» سىچۈەن خەلق نەشرىياتى 1990 - يىل خىتايچە نەشرى.

«2005 - يىلى 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «ب ب س» خىتاي تىلى پىروگراممىسى.

www.uyghurbahari.org

Email: info@uyghurbahari.org

ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى